سادايى

# ئۈھسىنىش

(پوۋېستلار)

(ئەينەك تور بازىرى ئارقىلىق سېتىلىدۇ:
(www.eynek.biz

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى
2015-يىلى ـــ ئىستانبۇل

# نەشرىياتتىن

كىتاپخانىلار دىققىتىگە:

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپ ۋەتەن ئىچىدە، ۋەتەن ئىچىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىش كۆزلەنگەن هالدا يېزىلغان. بۇ نۇقتىنى كىتاپخان هەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتسا؛ كىتاپنىڭ نەشرگە هازىرلانغان نۇسقىسى ئىلگىرى ۋەتەن ئىچىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان («تارىم» ژۇرنىلى، «دىيارىم» ۋە «گۈلىستان» توربەتلىرىدە) بولۇپ، بۇ كىتاپ «دىيارىم» تور مۇنبىرىدىكى نۇسقىسىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىندى. كىتاپقا ئومۇمىي جەهەتتىن (ئاساسەن) هېچقانداق ئۆزگەرتىش، تەهرىرلەش ئېلىپ بېرىلمىدى.

# مۇندەرىجە


سۆز بېشى ..............................................................مەتىمىن ئەلا I
ئاسى بەندىلەر...............................................................................1
*بىرىنچى باپ ..............................................................................1*
*ئىككىنچى باپ ........................................................................20*
*ئۈچىنچى باپ..........................................................................45*
*تۆرتىنچى باپ..........................................................................55*
*بەشىنچى باپ...........................................................................70*
*ئالتىنچى باپ...........................................................................82*
*يەتتىنچى باپ ..........................................................................99*
*سەككىزىنچى باپ...................................................................117*
*توققۇزىنچى باپ.......................................................................143*
*خاتىمە ..................................................................................182*
سەھرالىق قىز.......................................................................... 184
ياشلىققا قايتىش ...................................................................... 240

# سۆز بېشى

قولىڭىزدىكى «ئۇھسىنىش» ناملىق توپلام يازغۇچى سادايىنىڭ «ئاسىي بەندىلەر»، «سەھرالىق قىز» ۋە «ياشلىقتا قايتىش» تىن ئىبارەت ئۈچ پوۋېستىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنى مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ خىلمۇ خىل كۆرۈنۈش نۇقتىلىرىدا سىزىلغان تېز سىزمىسى دېيىشكە بولۇدۇ.

«ئاسىي بەندىلەر» دە يازغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى سىياسىي تەقدىرى ھەققىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇر سىياسىيونلىرىنىڭ پىسخىك دۇنياسى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلۇنۇش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ نۇقتىدىن مەزكۇر ئەسەرنى سىياسىي-پىسخولوگىيىلىك تراگېدىيە دېيىش مۇمكىن. ئەسەردىكى مەمەتتۇرسۇننىڭ تراگېدىيىسى ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تراگېدىيىسىدۇر. ئۇنىڭدا كۆرۈلۈدىغان نۇرغۇن پىسخىك ئاجىزلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇنىۋېرسال مەنىسى بار.

ئەسەردىكى مەمەتتۇرسۇن كىچىككىدە بىر بەختسىز ئائىلىدە تۇغۇلغان ۋە كېيىنچە يېتىمچىلىكتە قازانغا بېرىپ ئۇ يەردە ئۆزىنى بېقىۋالغان تاتار زىيالىيسىنىڭ ياردىمىدە «كۆزىنى ئاچقان» بىر ئىنقىلابچىدۇر. كېيىن ئۇ ۋەتەننى سېغىنىش ئىستەكلىرى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ، ئاۋۋال تاغىسىنىڭ ھامىيلىقىدا بولۇدۇ؛ ئاندىن تاسادىپىي ئۆزى داڭقىنى قازاندا ئاڭلىغان ئابدۇقادىر داموللام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىلىم ھامىيلىقىغا ئۆتۈدۇ. دامولLAMنىڭ يەرلىك كۈچلەر تەرىپىدىن قەتل قىلىنىشى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھاياتىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسۈتۈدۇ. ئۇ قەشقەردىن پەيزىۋاتقا بېرىپ، ئۆزىنىڭ مەدرىستىكى ساۋاقدىشىنىڭ يېنىدا جان ساقلاش ئۈچۈن بىر مەزگىل پاناھلىنىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇدۇ. پەيزىۋاتتا ئۇ يەرلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغاندا، ئىنتىزامسىزلىق، شۆھرەتپەرەسلىك، خاملىق، قورقۇنچاقلىق، ساددىلىق ۋە سالاچىلىق سەۋەبىدىن مەغلۇب بولۇدۇ. نەتىجىدە، ئۇ جېنىنى مىڭ تەسلىكتە ئېلىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئاتۇشنىڭ قىرغىزىستانغا يېقىن جايىپەچچەم دېگەن يېرىگە بارىدۇ. ئۇ يەردە ئاتۇشتىن

چىققان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قاتتىق ھاقارەتلىنىپ ۋە ئۇرۇلۇپ، ئاخىرى نام- نىشانسىز ئۆلىدۇ.

مەمەتتۇرسۇن، تېگى- تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەھرىمانسىزلاشتۇرۇلغان قەھرىماندۇر — يەنى ئۇ ئانتى قەھرىمانلىق سۈپىتىگە ئىگە شەخستۇر. ئۇنىڭ «قەھرىمانلىقى» نىڭ زىددىيەتلىك نۇقتىسى شۇكى، ئۇ قەھرىمان بولۇشقا قانچە ئۇرۇنغانسېرى، شۇنچە قەھرىمانسىزلىشىدۇ. ئۇنىڭ «قەھرىمانلىقى» نىڭ ئېچىنىشلىق تەرىپى شۇكى، ئۇ ئۆزى ياراتماقچى بولغان قەھرىمانلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان توپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قەھرىمانلىق قىلىدۇ، گەرچە ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ئەمەلىيەتتە شەخسىي نام قوغلىشىشقا قانچىلىك بېرىلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.

ئەسەردىكى ئانتى-قەھرىمانلىق خاھىشى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىدە بىر خىل پاتالوگىيىلىك كەمتۈكلۈك شەكلىدە قايتا- قايتا ئىپادىلىنىدىغان ساددىلىق، كالتە پەملىك، ئېتىقادسىزلىق، يۇرتۋازلىق، مەنمەنچىلىك، ساتقىنلىق، باشباشتاقلىق قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. دەل مۇشۇ ئامىللار قەھرىمانلىقنىڭ ئەسەردە تېزلا ئانتى-قەھرىمانلىققا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەسەردە پەقەت بىرلا ھەقىقىي قەھرىمان بار — ئابدۇقادىر داموللام. بۇ يەككە قەھرىمان ئۆزىنىڭ ۋەزنىنى ئۆزى مۇشۇ پاتولوگىيىلىك كېسەللىك مەنسۇپلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىلا، تولۇقى بىلەن ئاشكارىلايدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىر قەھرىماننىڭلا ئەمەس، بەلكى بىر قەھرىمانلىق روھىنىڭ ئەسەردە ئۆلگەنلىكىنى جاكارلايدۇ. بۇ ئۆلۈم تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، قەھرىمانلىقتىن ياتلىشىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئۆلۈمىنى ئىشارىلەيدۇ.

قەھرىمانلىقنىڭ ياتلىشىشى ئەسەردە قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ خىتاي چېرىكلىرىنىڭ قورالىنى بۇلىغاندا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن قورقۇپ ئاخىرى ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدەك پاجىئەدە قارا يۇمۇر تۈسىگە كىرىدۇ. ئاپتور بۇ ئارقىلىق مۇنداق ئاچچىق ھەقىقەتنى دىققىتىمىزگە سۇنىدۇ — قەھرىمانلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقماسلىقلا ئەمەس، بەلكى يەنە دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قورقماسلىقتۇر. دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشتىن قورقۇش قەھرىمانسىزلىقنىڭ ماھىيەتلىك شەكلىدۇر. ئۇ دۈشمىنى تەرىپىدىن قورقۇنچ ئىچىدە ئۆلتۈرۈلۈش بىلەن ئاخىرلىشىشنى

ئـاللىبۇرۇن قارارلاشـتۇرغان بولـۇدۇ. دۈشـمەننىڭ ئۆلتۈرۈشـتىن قورقـقـان «قەھرىمـان» شەكسىزكى ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىغان «قەھرىمان»دۇر. ئـۇ مـاھىيەتتە ئۆزلۈكسىزلەشـكەن «قەھرىمان»دۇر، چۈنكى ئۇ دۈشمەنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال ئۆزىـدە ئۆلـۈپ بولغان «قەھرىمان»دۇر.

يۇقىرىقىلار 20-يىللاردا قەشقەردە دىنىي ۋە مەدەنىـي ئاقـارتىش بىـلەن شـۇغۇللانغان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تراگېـدىيىلىك ئۆلـۈمى بىـلەن 1980- يىللىرىنىـڭ باشـلىرىدا پەيزىۋاتتـا ھەقىقـىي يـۈز بەرگەن قورالـلىـق قارشـىلىق ھەرىكىتـى ئەسـەر پېرسـوناژى مەمەتتۇرسۇننىڭ ھايات كەچۈرمىشـلىرى بىـلەن يۇغـۇرۇۋېتىلگەن. بـۇ ئـارقىلىق ئـاپتور ئەسەرنىڭ رېئاللىق تۈسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ زامان بوشلۇقىنى مەقسەتلىك كېڭەيتكەن. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئۇسۇل تارىخىيلىقتىن ئاز تولا ھالقىغـان مۇنـداق بىـر سـېزىمنى ئىشـارىلەيدۇ — ئۇيغۇرلارنىـڭ سىياسىي ئەھۋالى ۋاقىتنىـڭ ئېقىنىـدىن مۇستەسـنا ھالـدا ئـادەمنى شـۈركۈندۈرگىدەك دەرىجىدە ئوخشاشلىقتا ئىگە: 1920- يىلى مەغلۇپ بولغان ئۇيغۇر قارشىلىقى 1980- يىلـىدىمۇ — گەرچە ئارىدىن 60 يىلدەك ئۆتكەنگە قارىماي — ئوخشـاش ئۇسـۇل بىـلەن مەغلۇپ بولۇۋاتىدۇ! دۈشمەن ئوخشاش بولغىنىدەك، مەغلۇبىيەتمۇ ئوخشاشـتۇر، چـۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ بـۇ كۆرەشـلەر داۋامىـدا ئىپادىلەۋاتقـان پىسـخىك توسـالغۇلىرى ھـېلىھەم ئوخشاشتۇر.

يەنە باشـقا بىـر نۇقتـا: باشـقەھرىمان مۇھەممەتتۇرسـۇننىڭ خـاراكتېرى ئـارقىلىق ئىپادىلەنگەن مىللىي خاراكتېرىمىز بولۇپ، مۇھەممەتتۇرسۇن گەرچە بەك ئارزۇ قىلىدىغان بولۇشىغا قارىماي، ئىرادىسـىزلىكى، ھورۇنلۇقى،ئىنچىـل بولماسـلىقى،... تۈپەيلىـدىن زىيالىمۇ بولالمايدۇ. گەرچە ئۆزى ئىنقىلاپچى بولسىمۇ، غايە يولىدا ئۆزلۈكسىـل ئەمەس؛ گەرچە بىر مۇسۇلماننىڭ پۇشـتىدىن بولغـان ۋە ئۆزىمـۇ ئـۆزىنى مۇسـۇلمان چاغلايـدىغان بولۇشىغا قارىمـاي، تـۈزۈكرەك مۇسـۇلمانمۇ بولالمايـدۇ؛ قەلبـى ئىللەتـكە، پەس-ئـارزۇ-ھەۋەسلەرگە، شەخسىي ھوزۇر-ھالاۋەت تاماسىغا تولغان. يەنە بىر نۇقتا، ئىنقىلاپ قوشۇنىدا تۇرۇپمـۇ يۇرتۋازلـىق قىلـىش خاھىشـى، خۇسۇسـىي زىـددىيەتنى، ئومـۇمىي مىللـىي زىددىيەتنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش خاھىشى، تار گورۇھنىڭ مەنپەئەتىنى ئومـۇمىي مىللـىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويۇۋېلىش خاھىشى ئەسـەردە تىلغـا ئېلىنغـان تـارىخىي دەۋردىـلا

ئەمەس، بۈگۈن ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە. بەلكى بۈگۈن بۇ ئاجىزلىقلىرىمىز تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ۋايىگە يەتكەن سەۋىيىدە ئىپادىلەنمەكتە.

ئىككىنچى پوۋېست «سەھرالىق قىز» كۆز ئالدىمىزغا ئۇيغۇر مەۋجۇتلۇقىنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى بىرخىللىقى، يۈزەلىكى ۋە زېرىكىشلىكىنى مۇنداق ئايان قىلىدۇ:

بىر تەرىپى چەكسىز كەتكەن شورلۇققا، يەنە بىر تەرىپى ئاچچىق ئاق بوز توپىلىق تاقىر دالىغا، يەنە بىر تەرىپى قاقاس تاغقا تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان بۇ يېزا نامراتلىق قوچىقىدا ئىڭراۋاتقاندەك ھۆۋۈلداپ تۇراتتى. ئادەملەرنىڭ رەڭگى روھىدىن، پەخشى تاملاردىن، ئەپلەپ سەپلەپ ياسىۋېلىنغان «ئۆيلەر» دىن، يوپۇرماقلىرى چاڭ توزان دەستىدىن رەڭگىنى يوقۇتۇپ ئاقىرىپ كۆرۈنىدىغان پاخماق ۋە شالاڭ دەرەخلەردىن، تىنجىق ئىسسىق ئۈستىگە قۇرغاقچىلىق دەستىدىن چاڭقاپ كەتكەن ئېتىزلار ۋە چوڭ مۇھىت تەسىرىگە ئۇچراپ ياۋىشىپ قالغان مال-ۋارانلار، ھەتتا پەخشى تاملار ئۈستىدە تۈۋكىنى ھۆرپەيتىپ، ھورۇنلۇق بىلەن چۈرۈقلاپ تۇرغان ئاققۇچقاچلارنىڭ ئەپتىدىنمۇ توپا-چاڭ، غېرىب، مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى.

بۇ يېزىدا ھايات، خۇددى ئاپتور ئېيتقاندەك، «قاڭسىق پۇرىغلى تۇرغان توختام سۇ» دەك ئۆتۈدۇ. بۇ «قارغىشتەككۈر» يېزىنىڭ ئۆزىنىڭ ئادەمنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان كۈچىنى كىتابخانلارغا ئەسەرنىڭ بىرىنچى قۇرىدىن تارتىپ تاكى ئاخىرقى قۇرىغىچە ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئەسەر پېرسوناژى گۈلئايشەم — خۇددى بىرىنچى پوۋېستتىكى مەمەتتۇرسۇنغا ئوخشاش — ئانتى قەھرىمانلىق خاراكتېرىغا ئىگە. ئۇ رەسىدە بولۇپ، دۇنياغا قىزىقىش بىلەن بېقىۋاتقاندا، دۇنيا ئۇنىڭغا تولىمۇ ئاددىي — گەرچە جاپالىق بولسىمۇ — بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى ئادەمنى پەرىشان قىلىدىغان ئاددىيلىققا تولغان — ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، تالادا غەيۋەت ئاڭلاش ۋە قىلىش، ئالىلىكىملەرنى يوشۇرۇن سېغىنىش، شەھەردە پەيزى سۈرۈشنى خىيال قىلىش، ۋەھاكازالار. ئۇنى ھايات بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان بىردىنبىر باغ

ئۇنىڭ توسۇۋالغۇسىز، نامەلۇم ۋە مۇجمەل جىنسىي ئىستىكىدۇر. مانا مۇشۇ بىردىنبىر، يوشۇرۇن ئەمما ئىنتايىن خەتەرلىك باغمۇ ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكلىرى داۋامىدا يوقاشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتكۈل ھايۋانلارغا ئورتاق بولغان بۇنداق قوزغۇلۇش (ئىنستىنكت) ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىپتىدائىيلىققا ئىگىلىكىنى ئاشكارا قىلىدۇ. زورلۇنۇپ قىلىنغان تويىدىن كېيىن ئاز- تولا قېنىش تاپقان بۇ ئىستەكلەر ئۇنىڭ ئەسلىدىلا ئاجىز بولغان ھايات قىزغىنلىقلىرىنى تېخىمۇ سۇسلاشتۇرىۋېتىدۇ. جىنسىي ئىستىكىنىڭ قۇترىشى ئارقىلىقلا ھاياتنى سېزىدىغان گۈلئايشەمنىڭ تۇيغۇلىرى شۇنىڭدىن كېيىن ھاياتقا قارىتا ھېچقانداق كۈچلۈك قىزىقىشنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئۇ ئاخىرى ھېچنېمىگە ئېرەن قىلماس، ھېچنېمىگە ئۈمىد باغلىماس ۋە ھېچنېمىگە تەۋەككۈل قىلالماس بىر قانائەتچان ئايالغا — تېخىمۇ توغرىسى بىر تىرىك موردىغا — ئايلىنىدۇ.

گۈلئايشەمنى رېئاللىق بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان يەنە بىر باغ ئۇنىڭ جىنسىي ئىستەكلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن تەسەۋۋۇرىدۇر. تەسەۋۋۇر ئۇنى رېئاللىق بىلەن ۋاستىلىق ئۇچراشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ئوغلىغا بولغان بىر مەزگىللىك جىنسىي ئىنتىلىشى ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئۆزى ياشاۋاتقان بېكىنمە يېزىدىن ھالقىتىپ، ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان شەھەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ شەھەر ۋە ئۇ يەردىكى ئاللىقانداق گۈزەل تۇرمۇش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى ئۇلغايغانسېرى، ئۇ خام خىيالغا شۇنچە پاتىدۇ. قېنىش تاپمىغان ھەم تاپالمايدىغان بۇ خام خىياللار ئۇنى رېئال ھاياتتىن بارغانسېرى ئايرىپ تاشلايدۇ.

گۈلئايشەم ياشاۋاتقان يېزىدىكىلەرنىڭ رېئاللىقى شۇ قەدەر بېكىنمىكى، ئۇلار تاشقىي دۇنيادا — بولۇپمۇ ئۆز ئەتراپىدا — نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. پەقەت تاشقى ھەم يات كۈچلەرنىڭ تەسىرى سېزىلەرلىك نۇقتىغا كەلگەندىلا، كىشىلەر نېمىنى يوقۇتۇۋاتقانلىقىنى خىرە- شىرە ھېس قىلىدۇ. يېزىدىكى سۇنىڭ كۈنسېرى ئاۋۇۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرىگە تولغان شەھەرگە تارتىلىشى ۋە يېقىن يەردە خىتاي ئىشچىلىرى ئىشلەۋاتقان بورۇۋاينىڭ كولىنىشى يېزىدىكىلەرنى ئاز- تولا ساراسىمىگە سالىدۇ. لېكىن، ئۇلار، خۇددى ھەر قېتىمقىدەك، سالاچىلارنىڭ نەسىھەتى ۋە يېزىدىكىلەرنىڭ بىغەملىكى بىلەن تېزلا ئۇنتۇلۇدۇ. بىغەملىك ئارقىلىق ھاياتنىڭ سىناقلىرىدىن خاتىرجەم ئۆتۈۋېلىشقا كۆنۈككەن بۇ خەلق ئۆزىنىڭ ياشاش بوشلۇقىغا سۇنۇلۇۋاتقان قارا قوللارغا ئىنتايىن ئاجىز،

بىلىنەر- بىلىمەس قارشىلىق كۆرسىتىپلا بولدى قىلىدۇ. ئۇلار ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان «ئاجايىپ تەرەققىيات»لاردىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئۈچىنچى پوۋېست «ياشلىققا قايتىش» يەنىلا ئانتى-قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئەسەردۇر. ئۇنىڭدىكى باش پېرسوناژ ياشلىقىدىكى «شاۋ- شۇۋلار»، «ھۆرمەت» ۋە «بەختلەر» نى قايتا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانچە كۈچىگەنسېرى، ئۇنىڭدىن شۇنچە ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى «سەلتەنەتلەرنى» ئەسەبىيلەرچە ئىزلەشتۈرۈشلىرى خۇددى بەزىلەرنىڭ ھازىرقى رېئاللىقتىكى بەختسىزلىكلىرىدىن ئۆتمۈشكە سېغىنىش ئارقىلىق قۇتۇلماقچى بولغانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. كوللېكتىپ ئاڭدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۇنىڭدىمۇ كۆرۈلىدۇ— ئۇ ئۆتمۈش ئارقىلىق رېئاللىقتا قانمىغان ئىستەكلىرىگە پىسخىك دەرمان ئىزدەشكە قانچە ئىنتىلگەنسېرى، ئۆتمۈش ئۇنىڭدىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ. ئۇ ئۆتمىشتىكى «ئۆز»ىنى ئىزدىگەنسېرى، ئۇنى رېئاللىقتا شۇنچە يوقىتىپ قويىدۇ.

مەزكۇر پوۋېستنى بىر پىسخولوگىيىلىك دراما دېيىش مۇمكىن— ئۇنىڭدا ئەسەر پېرسوناژىنىڭ كىچىكىدە ئۆيىدىكى يوتقان ئۆرۈلۈپ كېتىپ تېگىدە قالغان كىچىك بالا (ئۆزى)نىڭ قورقۇنۇچلۇق كەچمىشى يوشۇرۇن ئېڭىدا قالدۇرغان پىسخىك ئاسارەت ھەققىدىكى تەكرار بايانلار بار. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى مۇشۇ ئاڭسىز ئاسارەتنىڭ ئىلكىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ: ئۇ خۇددى مۇشۇ نامەلۇم ۋە ۋەيران قىلغۇچ ئاسارەتنىڭ ئۆزىنى قايتا- قايتا ئىپادىلىشىۋېلىشى ئۈچۈنلا ھايات ياشاۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن ئادەمنىڭ بىر خىل بىنورمال ئاسارەت سۈپىتىدە ياشاۋاتقانلىقىغا ئوخشايدۇ.

ئۇ تاشلىۋېتىش بەسى مۈشكۈل بولغان مەۋجۇتلۇقنىڭ ئېغىرلىقىنى يۈدۈپ، ئېغىر روھىي بېسىم ۋە نىشانسىزلىق ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇ ئۆزلۈكىنى ھېچنېمە بىلەن باغلىيالمايدۇ— ئۆتمۈش ئۇنىڭدىن خۇددى ئالۋۇندەك بارغانسېرى يىراقلىشىدۇ، رېئاللىق ئۇنى ئاستا- ئاستا قوينىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، كەلگۈسى ئۇنى بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان تۇتۇقلۇق ئىچىدە قالدۇرىدۇ. ساختا ئېتىقاد بىلەن ئاللاھنى ئالداشقا ئۇرۇنغىنى ئۈچۈن، گويا ئاللاھمۇ ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ؛ مۇئەييەن زامان قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشتىن ھالقىغان بۇنداق ھايات ئۇنى تۈرتۈپ ئاپىرىپ ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا— ئۇ مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغان ئاشۇ پىسخىك ئاسارەتنىڭ گىردابىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆتمۈشكە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق قايتىدۇ.

سادىيىنىڭ ئۇشبۇ پوۋېستلىرى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى خىلمۇ خىل كۆرۈش نۇقتىلىرىدىن ئىپادىلەيدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن، بۇ پوۋېستلار كوللېكتىپ گۇمران بولۇش تارىخىنى سۆزلەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئەمما، سىنچىلاپ قارىساق، ئەسەردىكى ئادەمنى پەرىشان قىلىدىغان مەغلۇبلۇق ئىچىدە ئىنتايىن سوغۇققان ۋە سەل قارىغۇسىز بىر ھەقىقەت بار. بۇ ھەقىقەت بىزنى يەڭگىلتەكلىك ۋە ساددىلىق ۋەدە قىلىدىغان خەتەرلىك ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرىدىن ساقلايدۇ. ئۇ نېمە قىلىشىمىز ھەققىدە سوغۇققان بولۇشقا ئۈندەيدۇ. قەھرىمانلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىزگە — مەيلى بىز قوبۇل قىلىشنى خالايلۇق-خالىمايلۇق — ئاچچىق تەرىزدە ئېيتىدۇ.

شۇ سەۋەب، بۇ پوۋېستلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقىغا قارىتا چوڭقۇر پسىخىك ئانالىز، سىياسىي ئىشارە ۋە ئىستېتىك سېزىم بار. ئۇنىڭ ئانتى قەھرىمانلىق خاھىشىغا ئىگە قەھرىمانلىرى ئۆز ھاياتىدىن ھالقىپ، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق كرىزىسىگە تولغان ھاياتىنى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭدا تارىخنىڭ توپا-توزانلىرى، رېئاللىقنىڭ پەردازسىز يۈزى ۋە كەلگۈسىنىڭ مۇزدەك ئىشارىسى بار. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر رېئاللىقىنى ئېستېتىك سېزىمچانلىقتا تۇرۇپ ھېس قىلغۇچىلار ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك بەدىئىي ئەسەر، ئۇنى تارىخىي نۇقتىدىن چۈشۈنۈشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن ياخشى دەرسلىك، ئۇنىڭغا سىياسىي ئىستىقبال نۇقتىسىدىن قارايدىغانلار ئۈچۈن سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھاكىمە ۋە ئۇنى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن كۆزەتمەكچى بولغانلار ئۈچۈن ئۆزگىچە پسىخىك ئانالىزدۇر.

# ئاسي بەندلەر

# بىرىنچى باپ

ۋەتەن سۆيمەك ــ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.
ــ ئاتىلار سۆزى.

يازنىڭ قوياشى غەرپكە قىشايغان بولۇپ، ئەمدى جاننى قاخشاتقۇچى ئىسسىق ئورنىغا تاغنىڭ ساپ ھاۋالىق سالقىنى ئالمىشىشقا باشلىغانىدى. چېگرا پونكىتىدا ئىككى ساقچى ئاددىي بىر يولۇچىنى ئاختۇرۇپ، قەغەزلىرىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. يولۇچى ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان، يىگىتلىكىنىڭ جۇشقۇن ھىسلىرى تېشىغا تېپىپ تۇرىدىغان مەزگىلىدىكى ياش يىگىت بولۇپ، ئۈچىسىدىكى كىيىم- كېچەكلىرى ئاددىي، ئەمما رەتلىك ئىدى. ئۆزىمۇ ئاشۇ مۇھىتقا نىسبەتەن خېلى مەدەنىي كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قولىدا كىچىككىنە تۈگۈنچەك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ سودىگەرمۇ ئەمەس، ئوغرىمۇ ئەمەس، ئاددىي ئىشلەمچى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ــئەنجانغا نېمىشقا بارغان؟

ــ سودا كارۋانلىرىغا ياللىنىپ باغانىتىم، كېيىن كۆپرەك پۇل تاپامەنمىكىن دەپ قېپ قالدىم. ئامما-زە، سايىزدا ئىنقىلاپ بولۇپ، ئاچارچىلىق ئېغىلاپ كەتتى، خۇدانى بىر دەپ، قەشقىرىمنى تېپىۋالاي يا، دېگەن نىيەتكە كەلدىم - دە، بۇيان ياندىم.

بىرنەچچە ئاددىي سوراق- جاۋاپلاردىن كېيىن ئۇنى بۇ تەرەپكە ئۆتكۈزۈۋەتتى. يىگىت ساقچىلاردىن يىگىرمە- ئوتتۇز قەدەم ئۆزىدى- دە، ئۆزىنى ئاي دالاغا تاشلاپ سوزۇلۇپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ بۇنداق يېتىشىدا ئۇزۇن يىل يېتىملىك زۇلمى چەككەن بالىنىڭ ئانىسىنى تاپقاندىكى

ئەركىلىكى بارىدى؛ جەنۇپ تەرەپلەردە زىرىكىشلىك قىش پەسلىنى ئۆتكۈزۈپ، باھاردا يۇرتىغا قايتقان قۇشلارنىڭ شوخلۇق بىلەن چۇرۇقلاپ، ئۆز تىلىدا تىنىماي ھېكايە قىلىشلىرىدەك قاناماسلىق بارىدى. ئۇ ئۇگدا يېتىۋېلىپ ئاسمانىنى، ئاسمانىنى يۆلەپ تۇرغاندەك بىلىنىدىغان چوققىلارنى تاماشا قىلىدى. بۇ تەرەپلەردىكى نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق دۆلەت چېگرىسى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك چېگرانى — تاغ چوققىلىرىنى ئاساس قىلاتتى. بۇ ئېپتىدائىي چېگرا ئايرىش ئۇسۇلى ئۆز زامانىسى ئۈچۈن بىر ئىجادىيەت، شۇنداقلا مۇداپىئەگە قولايلىق ئىدى. بۇ چېگرا بەدۆلەت چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە بېكىتكەن ئاخىرقى چېگرا ئىدى. چوققىلار ئارىسىدىكى بەزى تەكشىلىكلەردە، جىلغىلاردا چارۋىچىلارنىڭ مەھەللىلىرى، قوي پادىلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. ئەمما يىگىت بۇلارغا قىزىقىپ يېتىۋاتقىنى يوق، ئۇنىڭ ھېسسىياتىدا ھازىر ئۇ ئۆز ئۆيىگە، جانجان ئانىسىنىڭ باغرىغا قايتىپ كەلگەن، بۇ يەردە يېتىرقاش، خۇدۇكسىرەش يات. شۇڭا مەيلى تاغدا، مەيلى باغدا بولسۇن، «مېنىڭ» دېگەن خوجايىنلىق روھ بىلەن كېرىلىپ يېتىپ، ھاردۇق ئالۇدۇ. يۈرىكىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالۇدۇ. بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى، ئاللىقانداق شىپالىق تەركىپلەرگە ئىگە خۇشپۇراق ھاۋاسى ئۇنىڭ قۇۋۋانچى. چۈنكى بۇ — ئۇنىڭ ۋەتىنى! تاغ شىۋاقلىرىنىڭ پۇراقلىرى شۇ قەدەر خۇشبۇيكى، ئەتتارنىڭ دۇكىنىمۇ بۇنداق يېقىشلىق ئەمەس...

ئۇ دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتى. ئېيتىشلىرىچە، ئۇ شەھەردە ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ھۈنەرۋەن ئادەمكەنمىش. ئانىسى بولسا... جالاپ ئىدى. ئېتىراپ قىلىش ئۇ قەدەر كۆڭۈلسىز بولۇشىغا قارىماي، ئەمەلىيەت شۇنداق ئىدى! بۇ ئايالنى ئۇ ئىدى، بۇ ئىدى دەپ ئۇزاق سۆيەتلەشلەردىن كېيىن ئاخىرىدا بولغان يېرىنى دېمەي، مەسىلىنى بۇنداق توغرا دۇرۇست قويماقتىن مۇددىئا شۇكى، ئۇنىڭ پاجىئەسى ئەسلىدىكى بۇ بەختىيار ئائىلىگە قانداق تۈيۈقسىز زەربە ئۇرغان ۋە ئائىلىنى تىرە - پىرەن قىلىۋەتكەن بولسا، ئەينى شۇنداق بىر پىسخىك

ئۇنۇم قازانماق ئۈچۈن مۇشۇنداق دېمەكتىن باشقا چارە يوق، ئەلۋەتتە! ئۇ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىگە دەپنە قىلىۋەتكەن بۇ ئاتاق ھەرقانچە زورۇقۇپ ئۇنتاي دېسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ، خاتىرىسىگە كېلىپلا تۇراتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئاتاقنى ئۇنۇتقان چاغلىرى ئەڭ بەختلىك مىنۇتلىرى ئىدى. ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە ئۆچمەس جاراھەت قالدۇرغان «جالاپنىڭ بالىسى» دېگەن ئاھانەتنى ئۇ ئون ئىككى يېشىغىچە ئاڭلاپ كەلدى. ئۇ دەسلەپ ئۇزۇنغىچە بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى، ئاساسى بار - يوقلۇقىنى بىلمەي يۈردى. ئون ئىككى ياشقا كەلگەندە جىدەل ئۈستىدىكى «يېغىرى»نى تاتىلاشلاردا رەقىپلىرى ھەممە تەپسىلاتنى يۈزىگە سالدى.

ئۇنىڭ ئانىسى شەھەردىكى خېلى گۈزەل جۇۋانلاردىن بىرى بولۇپ، كەمبىغەلنىڭ قىزى بولغاچقىلا ھۈنەرۋەننىڭ قولىغا چۈشكەنىكەن، بولمىسا ئامبالغا يارىغۇدەك قىزكەنمىش. كېيىن دوتەيمۇ، تىتەيمۇ، ئىشقىلىپ «دارىن»لاردىن بىرسىنىڭ خوتۇن تېپىشتۇرىدىغان دەللىسى بۇ گۈزەل جۇۋاننى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ خېلىدىن بېرى تازا ئىشى ئەپلەشمەي، خوجايىنىدىن «خو» ئالالماي يۈرگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايالغا قاقۋاش دەللاللارنى سېلىپ، مەھكىمىگە ئالداپ ئېلىپ كەپتۇ ۋە مەجۇن- پەجۇن دېگەندەك سەرخۇش قىلغۇچى ۋاستىلەر بىلەن ئەيۋاشقا كەلتۈرۈپ، بۇ بەختسىز چوكاننى خوجايىنىنىڭ بىر «خو»سى ئۈچۈن تۇتۇپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش شەھەرگە مەلۇم دائىرىدە يېيىلىپ كېتىپتۇ. كوللىكتىپ نومۇسنى قوغداشتا ھېچ كارغا كەلمەيدىغان بۇ خەلق، نومۇس تۆكۈلگەندىن كېيىن لەنەتلەشتە غايەت ئۈيۈشقاقلىق بىلەن بىر ياقىدىن باش چىقىرىدىغان ئىتتىپاقلىقتا ئىگە بولغاچقا، چىدىغۇسىز ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىرىشىپتۇ. نومۇسسىزلىقتا بولغان نەپرەتلىنىش مەھسۇلى — ھېكايىلەر بىر كۈنلەردە رەھمەتلىك ئەرنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېرى ئۇنى ئۇرۇپ- دەسسەپ، رەڭگى- روخسارىدىكى گۈزەللىكىنىمۇ نابۇت قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىمەي، يەنىلا شەھەردە باش كۆتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ئىلاجىسى بولمىغاچقا ئەسلى

ئاتا يۇرتى ــــ شەھەر ئەتراپىدىكى مەلۇم يېزىغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتمەيلا ئالىلىقاناداق «ئالا قاغىلار» بۇ كوڭۇلسىز ئىشنى يېزىغىمۇ سۆرەپ كەپتۇ. ئەر نومۇس دەستىدىن بېشى ئېلىشىپ، بارا ـ بارا كېسەلدىن ئاجىزلاپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئايال بولسا كىچىك بالىسىغا چىدىمىغاچقا شۇنىڭغا تارتىشىپ، ئاھانەتلەر ئىچىدە تىرىشىپ ياشاپ كەپتۇ.

بۇ تەپسىلاتلار ئىنتايىن بۇرمۇلۇنۇپ، بەتتەرلەشتۇرۇلۇپ ئېيتىلغاچقا كىشىنىڭ چىداپ تۇرغۇچىلىكىنى قويمايتى. ئۇن ئىككى ياشلىق بالا خېلى ئەقىل توختۇتۇدۇغان بولغاچقا بۇ گەپلەرگە چىداپ تۇرالماي شەھەردىكى تاغىسىنى پاناھ تارتىپ كەتتى. تاغىسى كارۋان بېشى ئىدى. ئۇ بىر باينىڭ سودا كارۋىنىنى باشلاپ ئەل كېزەتتى. ئۇ تاغىسىغا يىراق ـ يىراق يەرلەرگە ئالغاچ كېتىپ، شۇ يەرلەرگە تاشلاپ كەلگەن دەپ يېلىندى. مانا شۇ كەچمىشلەرگە كۆرە تاغىسىنىڭ كارۋىنى بىلەن رۇسىيىگە بېرىپ قالدى. تاغىسى كىچىك بالىنى تاشلاپ كېتىشكە چىدىماي يەنە ئېلىپ كەتمەكچى بولغانىدى، ئۇ بىر كېچىسى تاغىسىنىڭ يېنىدىن ئون رۇبلى پۇل ئوغۇرلاپ توپتىن ئايرىلىپ كەتتى.

ئۇ قازاندا بىرنەچچە كۈن تەمتىرەپ يۈردى. ئىشلەي دېسە ئىش تاپالمىدى. پۇلى تۈگىدى. داۋاملىق ئوغۇرلۇق قىلىشنى ئار بىلىپ، ئاچ ـ زېرىن ھالدا ئۈچ كۈن يۈردى ۋە ئاخىرى قونالغۇسى بولغان مەسجىدتە ئۆرە تۇرغىدەك ھالى قالماي ياتقانچە يېرىم بىھۇش ھالدا ئەتىسى بامداتقا كەلگەن نامازخانلار تەرىپىدىن بايقالدى...

ئۇنى بىر تاتار موللىسى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بۇ كىشى قىرىقلارغا بارمىغان، يېڭىلىقپەرۋەر، ئوچۇق پىكىرلىك كىشى ئىدى. ئۇ بۇ مۇساپىر بالىغا خېلى ئوبدان ئاتىدارچىلىق قىلدى. ئۇنى ھويلا ـ ئارامنىڭ ئۇششاق ئىشىغا سېلىش ھېساۋىغا تاماق ۋە ياتىدىغان پاناھ بىلەن تەمىن ئەتتى.

بۇ ھويلىدا پات ـ پات بىر توپ پىكىرداشلار جەم بولۇپ ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ۋە مۇشائىرە، مۇتائىلە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى.

بۇنداق كۆڭۈللىرى بالا چارچىغىنىنى بىلمەي سورۇن ئەھلىگە خىزمەت قىلاتتى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چارچىمايتتىكى، بۇ سۆھبەتلەر ئۇنىڭغا بەكلا ياقاتتى. گەرچە ھەممىنى چۈشەنمىسىمۇ، بۇ سۆھبەتلەر ئاللىنەرى بىلەن ئۇنىڭ مەيلىنى تارتاتتى، خىياللىرىنى پەرۋاز قىلدۇرۇپ ئۇزاقلارغا ئېلىپ كېتەتتى؛ زامانىسىنىڭ كېسەلمەن چۈشەنچىلىرىدىن خۇددى قىشتىن قالغان قۇرۇق ئوتتىن، يېڭى چىققان ياپ - يېشىل كۆكات پەرقلەنگەندەك پەرقلىنىپ تۇراتتى. بالىمۇ چەككەن رىيازەتلىرىگە كۆرە جەزمەن كاتتا بىر كىشى بولۇمەن دەپ ئىرادە قىلىپ يۈرگەچكە بۇ سۆھبەتلەرگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئۇنىڭ غايىسىدىكى «كاتتا كىشى» كاتتا موللىمۇ؟ كاتتا ئەمەلدارمۇ؟ بۇنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى.

ئۇ دادىسىنى ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش ئىچىدە خاتىرىلەيتى؛ ئانىسىدىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. ئەمما ۋىجدانەن ئېيتقاندا يۈرىكىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە سىرلىق بىر ئوت ــ ئانىغا بولغان مۇھەببەت ئوتى يېلىنجاپ تۇراتتى. ئانىسىنى گۇناھسىز دەپ ئاقلايدىغان بىر شىۋىرلاش قۇلىقى تۆۋىدىن كەتمەيتى. ئەمما بۇ سىرنى گويا «ئۆزىدىنمۇ» يوشۇراتتى. خۇددى بىرسى «جالاپ خوتۇنىمۇ ئانا دەمسەن؟» دەپ سوراقچا تارتىۋاتقاندەك، ئۆزىدە نەپرەتنىڭ بارلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۇرمەك ئۈچۈن ئۇرۇناتتى ھەم بۇ نەپرەتنى ھەمىشە بىلەپ ئىتتىكلىتىپ تۇراتتى. بىراق ئۆتكۈرلەشكەن نەپرەت يەنىلا يۈرىكىنى كۆيدۈرەتتى. تىلغاپ تاشلايتى. «ئۇ بەرىبىر ئانىغۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار ئۇنى قىينايتى. بىراق ئانىسىنى سۆيۈشكە پۈتۈن دۇنيا، قانداقتۇر ناھايىتى قۇدرەتلىك ئەمما سېزىلمەس بىر كۈچ توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئارقىدىنلا ئۇ «جالاپنىڭ بالىسى» بولغىنىدىن، ئانىسىنى سۆيمىگىنىدىن ۋە سۆيەلمىگىنىدىن، ھەم يەنە نۇرغۇن- نۇرغۇن نەرسىلەر توغرىسىدىن ئۆز- ئۆزىنى ئەيىپلەپ، ئۆز- ئۆزىدىن يىرگىنىپ كېتەتتى. نېمىشكىدۇر ئۇنىڭ سەبى كۆڭلى بۇ نەپرەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى تاپالمايۋاتقانلىقىنى خۇددى يىراقتىكى قوڭغۇراق ئۈنىدەك ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئەمما، ھەقىقىي نەپرەتلىنىشكە تېگىشلىكى نېمە؟ نېمە ئەڭ رەزىل؟ ئۇ بۇنىڭغا جاۋاپ

بىرەلمەيتى... كىيىنكى زامانلاردىمۇ — ئۇ ئەڭ يېتىلگەن كۈنلىرىدىمۇ ئانىسىنىڭ نومۇسى تۆكۈلۈش ۋاقەسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ يالغۇز ئانىسىدا بولمايدىغانلىقىنى، بۇ تۆكۈلگەن نومۇسنىڭمۇ يالغۇز بىر ئايالنىڭ نومۇسى ئەمەسلىكىنى غۇۋا ھېس قىلدى - يۇ، ئەمما بۇلارغا توغرا ۋە تولۇق تەرىپ بېرىشكە ئەقلى يەتمىدى.

ئۇ بارا - بارا قۇلاق موللىسى بولۇپ قالدى. يېشىمۇ ئۇلغۇيۇپ بېرىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ بەزىدە مېھمانلارغا چاي قۇيۇۋېتىپ ئىختىيارسىزلا بىرە - يېرىم ئېغىز قوشۇق سېلىپ تاشلايتى.

— ئوھۇي، — دەيتى خوجايىن، — خېلى ھوشۇڭ جايىدىكەن جۇمۇ.

— كەچۈرسىلە، ئەدەپسىزلىك قىپ سالدىم... — دەيتى ئۇ ئېسىگە كېلىپ، ئالمان - تالمان.

مۇشائىرە كېچىلىرىدە ئۇ كۆڭلىگە يارىغان ۋە چۈشىنەلىگەن شېئىرلارنى بەكمۇ تېز خاتىرىسىدە قالدۇرۇۋالاتتى. ئەمما ئۇ خەت ئۆگىنىشكە ئىمكانىيەت تاپالماي تىت - تىت بولۇپ يۈرەتتى. مەكتەپكە كىرەي دېسە، بىر تىيىن پۇلى يوق، ئۆزى ئۆگىنەي دېسە ھەرپ تونۇمىغاچقا ئۇستاز بولمىسا بولمايتى. يوقسۇزچۇلۇق ئادەمنى جۈرئەتسىز، قورقۇنچاق قىلىپ قويسا كېرەك، ئۇ بۇ ئارزۇيىنى خوجايىنغا ئېيتىپ بېقىشنى شۇنچە ئويلىسىمۇ ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. «ئەمدى قورسۇقۇڭ تويۇپ تىلىڭ چىققىلى تۇردىمۇ؟» دەيدىغاندەك بىلىنىپ، ئىززىتىنى ساقلاپ يۈرگەننى خوپ كۆردى.

بىر قېتىم خوجايىن مېھمانلار كەتكەندە مېھمانخانىدا ئۇيىاقتىن- بۇ ياققا مېڭىپ، بايا مېھمانلاردىن بىرسى ئوقۇغان، ئارىدا كۆپ مۇناقىشىگە سەۋەپ بولغان شېئىردىن ئۈچ مىسرانى تەكرارلاۋەردى، تۆرتىنچى مىسرانى دېمەيلا باشتىن ئېيتاتتى، بۇنىڭدىن بىر تىت- تىتلىق چىقىپ تۇراتتى. «ئەجەبا، خوجايىن تۆرتىنچى مىسرانى ئېسىگە ئالالماي جىلە بولۇۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى مەزمۇنى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەك ئۈچۈن تەكرارلاۋاتامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئاخىرى، نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرغاچ قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، خوجايىن ئۈچىنچى مىسرانى دەپ

بولۇشغىلا تۆرتىنچى مىسرانى ئېيتىۋىدى، خوجايىن تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ مۈرىسىدىن كاپپىدىلا قامالىلىدى. دەسلەپ ئۇ قورقۇپ كەتتى. ئەمما خوجايىنىنىڭ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقىنىدا يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ، خوش بولۇپ كەتتى.

— يىگىت، جايىدا، ئېسىڭ جايىدا! — دېدى خوجايىن ماختاپ، — بۇ بەئەينى ناۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ بىر مىسرادىن كېيىن ئىلھامى قېچىپ تۇرغاندا ئابدۇراھمان جامىنىڭ روھى تۇغۇلۇقا كېلىپ كېيىنكى مىسرانى ئېيتىپ بەرگىنىدەكلا ئىش بولدى![1] ھاھا.... — ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن ئېچىلىپ كۈلدى، — خەت تونۇمسەن؟

— ياق...

— نېمە؟... مەن سېنى خەت بىلسە كېرەك دەپ يۈرۈپتىمەن، مۇنداق ئەسلىك بالىنىڭ ساۋاتسىز بولغىنى قانداق گەپ!؟ گۇناھ، ماڭا ئېغىر گۇناھى كېلىدۇ بۇنىڭ. بولماپتۇ، بولماپتۇ، خەت ئۆگەن، — دېدى ئۇ ئېچىنىش ئارىلاش ھاياجان بىلەن.

— بىراق...

— سەن قايسى چاغدا ۋاقت چىقىرالايسەن؟

— ئەگەر... كېچىسى ئۇخلىمىسامۇ مەيلىتى...

— ماڭا قارىغىنا، — خوجايىن ئۇنىڭ يەلكىسىدىن مەھكەم تۇتۇپ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى، — شۇنچىلا ئىشتىياقىڭ بارىكەنۇ... دۇرۇس، دۇرۇس، ئەيىپ مەندە. مۇنداق بولسۇن، كۈندۈزى ئىككى سائەت ئۆيدە دەرس ئالغىن، مەن بولسام ئۆزەم ئۆگىتىمەن، بولمىغان چاغلىرىمدا باشقا مۇئەللىم ئەۋەتىمەن. بىلەمسەن، بىز ھېلىقىلار بىلەن «شۇرا» دەيدىغان

---

[1] رىۋايەت قىلىنىشىچە ناۋايى بىر كۈنى كۈتۈپخانىسىدا «ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل كەئىسى ئەنۋەرۇلھۇدا» دەپ توختاپ قاپتۇمىش، قانچە قىلسىمۇ كېيىنكى مىسرا ئەپلەشمەپتۇ. شۇ چاغدا ئابدۇراھمان جامىنىڭ روھى ئۇنىڭ تۇغۇلۇقىدىن كېلىپ: «‹يار ئەكسىن مەيدە كۆر› دەپ جامدىن چىقتى سادا» دېگەن مىسرانى ئېيتىپ بەرگەنمىش. بۇ يەردە شۇ رىۋايەتكە ئىشارە قىلىنىۋاتىدۇ. — ئا.

ژۇرنالنى چىقىرىمىز. شۇ يەردە سەن بىلەن قۇرداش يىگىتلەرمۇ بار، شۇلاردىن بىرەرسى كېلىپ تۇرىدۇ.

— رەخمەت، ئاكا! خۇدا... مىنىڭ ياشقا كىرەلا...— ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن ئۇ ئوقۇشقا باشلىدى.

بىر قېتىم سۆھبەت ئۇستىدە ئابدىقادىر داموللا بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقىرى دېگەن ئىسىم ئۇستىدىكى بەس- مۇنازىرىگە دىققىتى قوزغالدى. ئۇنىڭغا «قەشقىرى» دېگەن ئىسىم شۇنداق سۆيۈملۈك ئاڭلاندىكى، كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. چۈنكى قەشقەر دېگەن بۇ سۆز شۇنداق تەسىرلىك ئىدىكى، ئۇنىڭدا دېڭىزلارنىڭ تىرەنلىكى، چوگىرىنىڭ يۈكسەكلىكى، تەكلىماكاننىڭ ئەزىملىكى، تارىمنىڭ ئۇيناقلىقى، بولۇپمۇ ئۇ ھېچ تېتىپ باقمىغان ئانا باغرىنىڭ ئىللىقلىقى باردى. بۇ سۆھبەتتە «قەشقىرى»نىڭ ۋە «شۇرا»نىڭ بۇرۇنقى سانلىرى تىلغا ئېلىنىپ تەرىپى قىلىندى. ئۇنى شۇنداق سۈپەتلەشتىكى، ئۇ گويا ئۆز ئاتىسى ھەققىدىكى ماختاشلارنى ئاڭلاۋاتقاندەك، دادىسىغا تەئەللۇق شەرەپ گۈلدەستىسىنى، مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىۋاتقاندەك ھاياجانلىنىپ، قەلبى ئېرىپ كەتتى؛ دىمىقى ئېچىشىپ، كۆزىگە ھاياجان يېشى قاپلىشىپلا تۇردى.

ئەتىسى ئۇ ئۆزىگە دەرس بەرگىلى كەلگەن تەڭتۇشىدىن «قەشقىرى» ھەققىدە سۈرۈشتۈردى.

— ئۇ كىشى قەشقەرلىك، ئالىم كىشى. ئىلگىرى بىزنىڭ «شۇرا»غا ماقالىلىرى بېسىلغانىكەن.

— ھازىر ئۇ كىشى مۇشۇ شەدە باما؟

— ياق، بۇ يەردە ئەمەس، ھازىر قەشقەردە بولسا كېرەك. بىر بولسا بۇخارادا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— «شۇرا»نىڭ ھېلىقى سانلىرى، شۇ كىشىنىڭ ماقالىلىرى با سانلا تېپىلاما؟

— ئىزدەپ باقساق تېپىلىپ قالار...

— سىلىدىن خوش بوپ كېتەي، ئاداش، ماڭا شۇلانى تېپىپ بەسىلە، بى ئوقۇپ باققىم باتى.

— ئىزدەپ باقاي.

شۇنداق قىلىپ ئۇ «شۇرا»نىڭ بىرنەچچە سانىغا ئىگە بولدى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى شەخسىي مۈلكى ئىدى.

بۇ يۇرتتا تۇرۇش كۇندىن- كۈنگە قىيىنلاشتى. رۇسىيە بۇ كەملەردە ئىنقىلاپ، دۇنيا ئۇرۇشى خارابىلىرى ئىچىدە ئىڭرىماقتىدى. ئاچارچىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىۋشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى بۇ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە تۇرغۇسى كەلمىدى. گەرچە ئۇ تېخى ئەمدىلا ساۋادىنى چىقارغان، تېخى كۆپ ئوقۇشى كېرەك بولسىمۇ، قالغىنىنى ئۆزى، «شۇرا»نى ئوقۇپ ئۆگىنىۋالسىمۇ بولاتتى. موھىمى ئۇنىڭ ۋەتىنىدە، يۇرتىدىمۇ كاتتا ئالىملار بارىكەن ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ يۇرتىنى سېغىندى، ئانىسىنىمۇ سېغىندى. ئۇ بۇ يەردىكى ئاجايىپ سۆھبەتلەر سايىسىدە ئاخىرى نەپرەت تېگىشلىك بولغان نەرسىنىڭ قارىسىنى تاپتى. گەرچە بۇ كۆلەڭگە تېخى ناھايىتى غۇۋا، چۈشىنىكسىزراق بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئانىسىدىن يىركەنمەيدىغان، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيدىغان بولدى. ھېلىقى «قارا» نېمىنىڭ قارىسى؟ كىمنىڭ قارىسى؟ ھازىرچە روشەن بولمىسىمۇ، ھېچقىسى يوق، ئۇ ئەمدى بارا- بارا چۈشىنىۋالىدۇ. ئۇ تام تۇتۇپ ماڭغان بالىغا ئوخشايدۇ، ئىنشائاللاھ ئەمدى ئولتۇرۇپ قالمايدۇ، بەلكى تېز - تېز يۈرۈشنى ئۆگىنىۋالىدۇ! ئۇنىڭ جانجان قەشقىرىدىمۇ يېتىشكەن ئالىملار بار تۇرسا، ئۇنىڭ قولىدا «شۇرا»بار تۇرسا... ئۇنىڭ كۆز ئېچىپ كۆرگىنى مۇشۇ ژۇرنال بولغاچقا بۇ خۇددى پۈتۈن ئالەم كۆرۈنۈدىغان جاھاننامىدەكلا ئىخلاس قىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئەمدى ۋەتەنگە قايتىدۇ. ئۇ ئۆزىمۇ مەكتەپ ئېچىپ باشقىلارنى ئوقۇتىدۇ. ئىنقىلاپ ھەققىدە سۆزلەيدۇ... ئاۋال بۇخاراغا بېرىپ «مىر ئەرەب» مەدرىسەسىدىن ئابدىقادىر داموللىنى، «قەشقىرى» تەخەللۇسلۇق زاتنى سۈرۈشتە قىلىدۇ، «قەشقەرگە كەتكەن» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىدىمۇ، بولدى، خۇدانى بىردەپ قەشقەرگە ئاتلىنىدۇ!

خۇددى شۇنداق بولدى. ئەنە ئۇنىڭ كىچىككىنە تۈگۈنچىكىدە بىرنەچچە سان «شۇرا»، بىر قۇر ئىچ كىيىم، بىر نەچچە نان. ئۇ ۋەتەندىن ھەسرەتنى يۇدۇپ قۇرۇق قول كەتكەندى، ئەمدى ئۇ بىر نەچچە پارچە ژۇرنالنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالەمشۇمۇل يېڭىلىقنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. كۆزى ئېچىلىپ، يىگىت بولۇپ يېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ...

— ھەي، ھەي! — بىرى ئۇنىڭ يۈتىغا بوش تېپىپ تۇۋلىدى، — نېمە بولدۇڭ؟ ئۆلۈپ قالمىغانسەن؟ — بۇ چېگرادىكى ساقچىلاردىن بىرىدى. ئۇلار يولۇچىنىڭ ئاسمانغا قاراپ دالىيىپ ياتقىنىچە ئورنىدىن تۇرمىغىنىنى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتسىمۇ كارى بولماي ۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ھەر خىل گۇمانلار بىلەن كېلىپ، ئۇنى تۇۋلاپ بېقىۋاتاتتى.

— ئۆلمىدىم.

— ئۆلمىگەن بولساڭ نېمىشكە بۇنداق ياتىسەن، دالىيىپ!؟

— ياتسام نېمە بوپتۇ؟ يەتتە- سەككىز يىل چەتئەلدە ژۈرۈپتىمەن، ۋەتىنىمنىڭ تۇپرىقىنى سېغىندىم، ئاران ئۆلگۈدەك، مانا. سېغىنچىمنى بېسىۋاتىمەن، دارىن.

— تاپقان گېپىنى كۆر بۇنىڭ! بولدى تۇر، يولۇڭغا ماڭ! تېز يوقال! ۋەتەننى بىلىپ كېتىپتىمىش تېخى!

— مۇشۇ يەدە تۈنەيمەن.

— بولمايدۇ، بۇ يەر چېگرا، بەش- ئون چاقىرىم مېڭىپ بىرەر بۆرە ئۇۋىسى ئۇچراپ قالسا شۇ يەردە تۈنەرسەن! يوقال!

— تۇۋا، سېغىنىپ كەلگەن ۋەتىنىم، بۇ نېمە ئىش؟ ئەتىگەندىلا بۇ قانداق كۆڭۈلسىز كۈتىۋېلىش؟ نېمىنىڭ بېشارىتىدۇ بۇ؟ — دەپ غۇدردى ئۇ ۋە تېخىمۇ پەس ئاۋازدا قاغىدى، — يانچۇقتا بارىنى قۇرۇقدىغىنى يەتمىگەندەك توڭگۇزلا!...

— قارشى ئالغىلى بىر ۋىلايەتنىڭ ئادىمى چىقىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ، ھاماقەت! چاپسان يوقال!

«ۋاي، ئاناڭنى!... يۇرت دەپ سېغىنىپ كەلگەن بىلەن مانا ماندااق

گەپ باـدە! ۋۇ، مۇشۇ خەقنىڭ دەستىدىن شۇ!...» دەپ ئۆيلىغاچ، يولنى داۋام قىلىشقا مەجبۇر بولدى...

ئۇ بىر جىلغىدا يامغۇردىن پاناھ بولغىدەك بىر يەرنى تېپىپ تۈنىدى. تاغلىق جايلاردا كېچىسى بەكلا سوغۇق بولاتتى. ھەتتا تومۇز كۈنلىرىدىمۇ كېچىسى سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. ئۇ بۇ يەردە سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ بەكمۇ تەستە تاڭنى ئاتقۇزدى. ئەتىسى «قاق[1]» سۈيىگە قاتتىق ناننى تۆگۈرۈپ ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن يولىنى داۋام قىلدى. ئەمدى ئۇ ئانچە ئالدىرىمىدى. چەتئەلدە يۈرگەن كىشىگە ۋەتەننىڭ ھەممە يېرى ئۆزىنىڭ ئۆيىدەكلا تۇيۇلسا كېرەك، ئۇ ئەركىن يايراپ، ئاز يول مېڭىپ، كۆپرەك دەم ئېلىۋېلىپ، تاغنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن راھەتلەندى. ئۇ شەرق تەرەپكە بەكرەك يانداپ كەتكەن بولسا كېرەك، تويۇن[2] تەۋەسىگە چۈشمەي، تۆگۈرمىتى[3] تەۋەسىگە چىقىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. يولمۇ ئۇزۇراپ كەتكەندەك قىلغانىدى. ئېزىپ قېلىپ يەنە ئورۇس تەۋەسىگە كىلىپ قالدىمۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئۇچرىغان قىرغىز ئوتاۋلىرىدىن سورىۋىدى، تۆگۈرمىتى تەۋەسى ئىكەن. ئۇ تۆگۈرمىتى تەۋەسىدىكى قىرغىز ئائىلىلىرىدا مىھمانمۇ بولدى. بوخچىسىغا بىرنەچچە كۆمەچ سېلىۋېلىشقىمۇ نېسىپ بولدى. نېنىمۇ تۈگەپ قالغاچقا بۇ تازا جايىدا ئىش بولدى. تاغ ئارىسىدىكى بىر نەچچە كۈندىن بېرىكى تۈگىمەس «ئىگىز چىق، پەسكە چۈش»لەردىن كېيىن ئەمدى بىر ئاز تۈز سايلارغا، شالاڭ ئۆسۈملۈك ئۆسكەن جەنۇپقا خاس يايلاقلارغا ئۇلاشقان ۋە تۆگۈرمىتىدىكى قىرغىز ۋەتەنداشلىرىنىڭ تەپسىلى تەرىپلەپ بېرىشى بىلەن بىر قەدەر توغرا يول يۆنۈلۈشىنىمۇ پەملىۋالغانىدى.

---

[1] قاق — يامغۇر سۈيى تۇرۇپ قالغان قىياتاش ئويۇقچىلىرى قاق دەپ ئاتىلىدۇ، — ئاپتور.

[2] [2] تويۇن ۋە تۆگۈرمىتى — ئاتۇشقا يېقىن جايلاردىكى قىرغىز يېزىلىرى. ھازىر ئاتۇش شەھرىگە تەۋە يېزا بولۇپ، تويۇن — غەرپ تەرەپتە، بوگۇنكى تورغات ئېغىزى يولى بويىدا، تۆگۈرمىتى شەرق تەرپتە، —ئا.

«تەڭگە تار[1]» جىلغىسىغا كىلىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا باشقىچە ھاۋا بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ قەشقەرگە كىلىپ قالغاندەك، نىمىدۇر ئۇنىڭغا تونۇشتەكلا قىلاتتى. جىلغىدىن چىققاندىلا ئوڭ تەرەپتە يوغان بىر تۈپ توغراق باردى. ئۇ قانچە ئەسىرنى باشتىن كەچۈردىكىن، شاخلىرىنى كەڭ دائىرىگە يىيىپ، گويا مۇشۇ «تەڭگە تار» كۆرىدورىنىڭ كىرىش ئىغىزىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان گىگانت ئادەمدەك ھەيۋەتلىك كۆرىنەتتى. ئۇ چارۋىچىلارنىڭ ئاللىقانداق تاۋاپگاھىمىكىن، شاخ- پۇتاقلىرىغا رەڭگا- رەڭ لاتا- پۇرۇچلار ئىسىۋىتىلگەنىدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇ ھەسرەتلىك تىنىپ: «ۋاي، بىچارە نادان خەلقىئەي، يالغۇز دەرەختىن پاناھ تىلىگەننىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ - دە!» دەپ پىچىرلىدى. چۈنكى ئۇ قازاندىكى ئۆيىدە بولۇنغان سۆھبەتلەر ۋە «شۇرا» دىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن بۇنداق قىلىقلارنىڭ ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ، مۇشرىكلىك قىلمىشى سانىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدى.

سول تەرەپتىكى گىگانت تاغ بىلەن تۇتاش تاش سۇپا ئۈستىدىكى كىچىككىنە بىر يىرىقتىن ئىككى تاشلىقچە سۇ ئىتىلىپ چىقىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈستىدە ئون مىتىرچە ئىگىزلىكتە يەنە بىر «پەللەمپەي» تەكشىلىكىدە ياقۇپبەگ زامانىنىڭ يالدامىسى بولغان بىر قاراۋۇلخانىنىڭ خارابىسى كۆرىنەتتى.

ئۇ سۇ بويىغا كىلىپ ئابى- كەۋسەردەك سۇدىن ئۇچۇملاپ ئىچىپ، بوخچىسىدىكى كۆمەچتىن ئازراق يىۋىلىپ، سۇنىڭ ئىقىشىنى بويلاپ يولىنى داۋام قىلدى. قىرغىزلارنىڭ تەرىپى بويىچە بۇ سۇ تاكى ئاتۇشقا بارغىچە ئۇنىڭغا يول باشلايتى. كۆن ئولتۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، جىلغا ئىچىگە كۆن نۇرى چۈشمەيتى، پەقەت ئوڭ تەرەپتىكى تاغلارنىڭ ھەرە

[1] تەڭگەتار — بەزىلەر تەڭگەتاغ دەپمۇ ئاتايدۇ. ئەسىرلەردىن بىرى ئاتۇشنى تەمىنلەۋاتقان سۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. بۇ يەردە تاغ چوققىسىدىن تۆۋەنگىچە كىسىلگەن بىر تار جىلغا بىلەن ئايرىلىدۇ. بۇ جىلغا تۆگۈرمىتىگە ئۆتۈدىغان يول بولۇپمۇ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ تارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قىيا تاشلىق قىرغاقنىڭ يىرىقىدىن سۇ ئىتىلىپ چىقىدۇ، — ئا.

چىشلىق ئاراچىلىرىدىن تارام - تارام نۇرلار چېچىلىپ، جىلغىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ، سول تەرەپتىكى تاغ چوققىلىرىدا قىزغۇچ شولىسىنى چاقنىتاتتى. ئۇ بىرەر قونالغۇ تېپىش ئۈچۈن قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى. تالادا يېتىش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر تۇيۇلۇپ قالغانىدى.

«تەڭگە تار» كارىدورىدىن چىققاندىن باشلاپ جىلغا گاھ كېڭىيىپ، گاھ تارىيىپ باراتتى. ئاندا- ساندا كىچىك ئەگىملەرنى ھاسىل قىلىسىمۇ چوڭ يۆنىلىش ھامان جەنۇپ ئىدى. ھاۋا يولى گاھ ئوڭ تەرەپتىكى تاغ باغرىدا روشەن ئىز قالدۇرغان بولسا، گاھىدا ئېقىن ئىچىدىكى كەلكۈن يالاپ تۇرىدىغان شېغىللىقتا ئىزسىز يوقۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ بىر ئەگىمدىن ئۆتۈشكىلا پىشانىسى تۇۋىدىلا ھەيۋەتلىك «تۆگە تاغ» پەيدا بولدى. بۇ چوققىنىڭ تىكلىكى، ئىگىزلىكى كىشىگە ئەنە شۇنداق تەسىر قىلاتتى. سۈرلۈك بىلىنەتتى.

— يا پەناھ! — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ چوققىنىڭ ئاسمان بىلەن سۆيۈشۈپ تۇرغان يېرىگىچە سۈزۈپ، — ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ بېسىۋالامدۇ نېمە! ھەر دۆڭنى تاغ دەپ ژۈرۈپتۇق، تاغ دېگەن بۇنداق بولىدۇكەن ئەمەسما!

ئەمما تۆگە تاغ بىر قاتار پاكار تاغلار ۋە ئىدىرلىقلارنىڭ ئارقىسىدا بولۇپ، بۇرۇنغا تېگىپ تۇرغاندەك بىلىنگىنى بىلەن تېخى خوپ يىراقتا ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ چوقچايغان ئۈستى تەرىپىدىن باشقا يېرى كۆرۈنمەيتى. كەچكى قوياش نۇرى ئۇنى چەكسىز كائىناتتەك ھاۋا رەڭدە كۆرسەتكەن بولسا، قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى قارا رەڭدە،... تۇم قارا رەڭدە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئېغىر ياتقۇ بىلەن ئۇ بىر كەڭلىككە چىقتى. ئەركىن يۇرگەن دالا شامىلى ياكى ئېزىققان سالقىن كۆكسىگە گۈپپىدە ئۇرۇلدى. ئوڭ تەرەپتىكى تاغ- ئىدىرلار باغرىدا بىر كىچىك يېزىنىڭ بارلىقى دەرھال بىلىندى. ئۇ يەردىن ئىتلارنىڭ قاۋىشى ئاڭلىناتتى، كۆيگەن تېزەكنىڭ دۇتىمۇ بىر مەھەللىنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇراتتى. تۆگە تاغ ئەمدى

ئېقىنىنىڭ سول تەرىپىدە قالغان بولۇپ، قەۋرىلەردەك بىلىنىۋاتقان يېزا بىلەن ئىككى قىرغاقتا روبىرو قارىشىپ تۇراتتى. بۇ ھەيۋەتلىك چوققا كۆك ئاسمان سەتھىدە غۇۋا ئەمما ھەيۋەتلىك بىلىنەتتى. ئۇنىڭدىن قانداقتۇر ئەجدەرھا ياكى چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان بەھەيۋەت مەخلۇقلار چىقىپ كېلىدىغاندەك، ئاللىقانداق شىۋىر- شىۋىر، غاۋۇر- غۇۋۇرلار كېلەتتى. ئالدى تەرەپ قۇشىمۇ قونالمىغۇدەك تىك ھالدا چوققىسىدىن تاكى ئېقىن تۈۋىگىچە چۈشەتتى. كەينى تەرىپى بولسا تەدرىجى پەسلەپ، دولقۇنسىمان سوزۇلۇپ قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىپ بولغاندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سويلاۋاتقان ئەجدەرھاغا ياكى رەسىمدىكى پويىز شەكلىگە ــ ئالدى تىك ۋە چوڭ، تەدرىجى ئىنچىكىلەپ كەتكەنگە ــ ئوخشايتى. ئەمما تاغ تېخى خېلى يىراقتا ئىدى...

ئۇ ئاخىر تۆگە تاغنىڭ روبىروسىدىكى يېزىغا يېتىپ كەلدى ۋە سەل ئىگىززاق ھەم شۇ مەھەللىگە نىسبەتەن راۋرۇسراق بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىككىلىنىش ئىلكىدە، ئىشەنچسىزلىك بىلەن قاقتى.

ئىشىكنى بىر ئايال ئاچتى. قىرغىز ئادىتى بويىچە «كىمنى ئىزدەيسىز؟ نېمە ئىشىڭىز بار؟» دەپ ئولتۇرماي، «ئۆزى كېلگەن قونوق، قۇداي بېرگەن قونوق»[1] دېگەن ئەنئەنىگە كۆرە مېھماننى ئۆيگە باشلىدى. تالادىن كىرگەن كىشىگە ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ بىلىنەتتى، ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتى. شۇنداق بولسىمۇ بىرنەچچە ئادەم بولسا كېرەك دېگەن پەرەز بىلەن:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ــ دەپ سالام قىلىپ بوسۇغىدىن ئاتلىدى.

ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋابەن بۇلۇڭ تەرەپتىن ھالسىز غىڭىلداش ئاڭلاندى. ئۇ ياقتا بىر بولسا سەكراتتا ياتقان قېرى ئادەم، بىر بولسا ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىمار كىشى ياتقان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدى. سەلدىن كېيىن مورا بېشىدا سېسىق ئىس چىقىرىپ يېنىپ

---

[1] ئۆزى كەلگەن مېھمان، خۇدا بەرگەن مېھمان، ــ ئا.

تۇرغان جىن چىراق بىر ئاز رول ئوينىغاندەك بولدى ۋە شۇ غۇۋا يورۇقتا ھەقىقەتەنمۇ بىر قىبىراق كىشىنىڭ ئورۇندا ياتقانلىقى كۆرۈندى. ئۆي ئەسلىدە خېلى ئەجىر قىلىپ سېلىنغان بولسىمۇ، دەرىزىنىڭ تايىنى يوق بولغاچمىكىن، ھاۋا ئالمىشالماي، غەلىتىلا بىر خىل پۇراق، زەي پۇرىقى ياكى بىلىپ بولمايدىغان مۇرەككەپ تەركىپلىك پۇراق ئۆي ئىچىنى بىر ئالغان، يورۇق چۈشۈدىغان يەر بولمىغاچقا كۈندۈزىمۇ بىر نەرسە ئىزدەشكە توغرا كەلسە جىن چىراق يېقىپ ئىزدىلىدىغان بولغاچقا تام ۋە تورۇسلار ئىسلىشىپ كەتكەندى.

ئۇ ئۆينىڭ كەڭلىكىدىن ئازراق پەگاھ قالدۇرۇلۇپ، ئۇزۇنىسىغا سېلىنغان شىرداقنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى. شۇندىلا ئۆيدە ھېلىقى بۇلۇڭدا ياتقان كېسەل كىشى بىلەن مۇشۇ ئاياللا بارلىقىنى بىلدى. كېسەل كىشىنىڭ يېنىغا سېلىنغان يوتقاننىڭ بىر تەرىپى سەل ئېچىلغان بولۇپ، ئايال ئىشىك ئېچىشقا چىققاندا شۇ يەردىن تۇرغانلىقى بىلىنەتتى. تۆر تەرەپتىكى تامغا يۆلەپ نۇرغۇن يوتقان - كۆرپىلەر تىزىلغان، بۇ ئۆيدە ئۇندىن باشقا تۈزۈكرەك مۈلۈك باردەك قىلمايتى.

ئايال، مېھماننىڭ تۇرقى ھالىغا قىزىقىپ سورىدى:

— قاياقتىن كەلدىڭىز؟

— ئورۇسلا تەرەپتىن.

— ھۇ...، ئەمدى قاياققا كېتىۋاتىسىز؟

— قەشقەگە، مەن قەشقەلىق، — دېدى ئۇ ئېپتىخار بىلەن، — قەشقە بۇ يەدىن ئۇزاقما؟

— ۋاي تاڭ، — دېدى ئايال، — مەن قەشقەگە بېرىپ باقمىسام.

— ئاتۇشچۇ؟ ئۇزاقما؟

— ياق، ئەتە يېتەلەيسىز.

— جوق گېپتى قىلۋاي، قونوقتۇن قۇرساغىن سوراۋايسىڭبوي!؟[①] —

---

[①] يوق گەپنى قىلماي، مېھماننىڭ قورسىقىنى سورۇمامسەنۋەي! (قىرغىزچە)، — ئا.

دېدى كېسەل خىرىلداپ تۇرۇپ.

— ھې، راسلې، ئۇنتۇپمېن، — دېدى ئايال. ئاندىن مېھمانغا قاراپ، — ھەقچان قورسىقىڭىز ئاچ،... — دېدى.

— قوسۇقۇم...، ئۇسسۇلۇق ئىچسەملا بولۇدۇ، — دېدى يىگىت شەھەرلىكلەرگە خاس ياسالما تۇرۇت بىلەن. ئەمما بۇنى راست دەپ بىلىدىغان ساھىپخان بولسا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بىر ھېجىر قېتىقلا ئېلىپ كەلدى. يىگىت «ئاپلا، يوقۇلاڭ تۇرۇتنى قىلمىسام بوپتىكەن» دەپ ئويلاپ ھېجىرنى قولىغا ئالدى ۋە قېتىقنى ئىچىۋېتىپ، — ئۇ كېسەل دادىڭىز ئوخشىمامدا؟ — دەپ سورىدى.

— توۋۋا دەڭ، — دېدى ئايال چۆچۈپ كېتىپ ۋە تەشۋىشلىك پىچىرلاپ.

— ھە...!؟ — ھەيران بولدى ئۇ. ئەمما كوچىلاپ سورىمىدى. ھاياتتا بۇنداق ئىشلار ئازمۇ؟ ئۇ يېزىدىكى ۋاقتلىرىدا ئۆلەرمەن بوۋايلارغا 13 — 14 ياشلىق قىزلارنى بەرگەننى كۆپ كۆرگەنىدى، — سىز بىزچە گەپنى بىلىدىكەنسىز. ھە؟ — دەپ سورىدى ئايالغا خوشامەتچىلىك قىلغاندەك تەرزدە.

— تېڭىم قىرغىز، — دېدى ئايال كۈلۈمسىرەپ، — دادام، — دەپ تولۇقلاپ قويدى ئۇ.

— ئانىڭىز؟...

— ئانام ئاتۇشنىڭ بىر يېزىسىدىن، شۇنداق تۇرۇپ، ئانا تىلىمنى بىلمەمتىم بۇنچىلىك، — دېدى ئۇ ئۆكۈنۈشكىمۇ، ماختىنىشقىمۇ ئوخشىمايدىغان ئاھاڭدا.

— ئانىڭىز ئەجەپ قىغىزغا ياتلىق بولاپتىكەنا؟

— تەقدىر،... يوقسۇزچۇلۇقنىڭ زورى. دادام چوڭ چارۋىداركەن...

— سىز... قانداق بولۇپ، ياش تۇرۇپ...

— يېتىملىك، ئانامنىڭ يوقلۇقى،... ئۇ بالدۇر تۈگەپ كەتكەن،... دادام تولىمۇ جاھىل ئادەمتى، ئاغزىدىن بىر گەپ چىقتىمۇ، بولدى، راست قىلماي قويمايتى... ھېرىپ كەلدىڭىز ھەقچان، يېتىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ

سۆزىنى ئۈزۈپ ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىدىن چوڭ بىر قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ، مېھمانغا تۆشەك سېلىپ بەردى. ئۆي بىر ئېغىز، بۇنىدىن باشقا مېھمان ئۈچۈن يەرمۇ يوق ئىدى. ئەسلى ئاق ئۆيدە كۆنگەن ئەنئەنىلەردە بىر ئۆيدە ئارىلاش يېتىش غەلىتە تۇيۇلماي كەلگەچكە ئۆي ئىگىسى خاتىرجەم ئورنىغا بېرىپ ياتتى، ئەمما مېھمان بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ، قۇرۇنۇپقىنا يوتقانىنىڭ ئۈستىگىلا سوزۇلدى.

ئۇ كۆڭۈلسىز سۆھبەتتىن قاچقان ياكى كېسەل ئېرىدىن قورققاندەك تېزلا داستىخانىنى يىغىشتۇرۇپ، جىن چىراقنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

مېھمان يىگىت ھېرىپ كەلگەن بولسىمۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. قول ئۇزاتسىلا يەتكۈدەك يەردە ياش بىر ئايال ياتقاچقىمىكىن، نازۇك ئۇھسىنىش ۋە يېنىك نەپەس تاۋۇشلىرى خۇددى قۇتراتقۇ تەشۋىقاتتەك ئۇنى ئېلىشتۇرۇشقا، تەلۋە ئىستەكلەرنى ئويغۇتۇشقا باشلىدى. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆز- ئۆزىگە نەسىھەت قىلدى، كۈچۈنۈپ ئۆزىنى باستى. ئېتىقادىنىڭ بۇيرۇقلىرى، دوزاق ئازابى، ئەخلاق مىزانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆزىنى ئەيىپلىدى. باشقا ئەسلىمىلەر ئارقىلىق ئۆزىنى گول قىلىشقا ئۇرۇندى. ئەمما ئۇنىڭ كاللىسى ھېچنېمىگە ئىشلىمەيدىغاندەك، پەقەت بىرلا چاقىرىق، بىرلا ئەكس سادا بىلەن بەند ئىدى. «ئۇئۇي ي! تازىمۇ خەقكەن، يات ئادەمگە باشقا بىر يەرگە جاي سېلىپ بەرمەي، تازىمۇ...» دەپ ئويلاپ، ساھىپخانىنى ئەيىپلىدى...

ئاخىرى ئۇ يوتقانىدىن قولىنى چىقىرىپ ئۇ تەرەپكە ئاستا ئۇزاتتى. ئەمما قولى يەتمىدى. ئۇ «قولۇم يەتمىگەندىكىن بولدى قىلاي» دېگەن باھانە بىلەن ئۆز- ئۆزىنى گول قىلدى. بىراق بۇمۇ ۋەسۋەسىلەر ھۇجۇمىغا بىردەملا دال بولدى. ئەمدى ئۇ كۆرپىنىڭ ئەڭ لېۋىگە سۈرۈلۈپ ياتقاندىن كېيىن قولىنى قايتا ئۇزاتتى. قولى يۇمشاق بىر نەرسىگە تەگدى! ئەمما بۇ شۇ ياقتىكى يوتقان ئىدى. ئۇ يەنە ئۆزىگە ھاي بەردى. كۆڭلىنىڭ ئاللىقەيىرگە قوغلىۋېتىلگەن ئەخلاق ۋە ئادىمگەرچىلىك سوتچىلىرىنى ئىزدەپ تېپىشقا ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى چەكلەشكە ئۇرۇندى. بىراق، ئۇنىڭ ئالدىنى ھايۋانى ئىستەكلەرنىڭ قۇترىغان

ساقچىلىرى توسۇۋالدى. ئۇ ئەمدى ئەخلاق ئەلچىلىرىنى «پەقەت قولۇمنى تەگدۈرۈپ باقسالىلا بولىدۇ، ئۇنىدىن نېرىغا ئۆتمەيمەن» دەپ ئالدىدى. دە، يەنە قول سۇندى. قولى ئىختىيارسىز ھالدا يوتقاننى مىجىقلاپ تۇتتى. دە، ئۆزى تەرەپكە تارتىشقا باشلىدى. بۇ ھەركەتنى شۇنچىلىك ئاستا قىلدىكى، ئۇخلاۋاتقان بولسا ئويغىتىۋەتمەستىن قېشىغا ئەكىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ ئىشى ئۇنۇم بەردى: قولى ئىسسىق تەنگە، «شەيتان ۋەسۋەسىسى»نى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتىدىغان ھارارەتكە ئىگە تەنگە، قۇتراتقۇلۇقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان تەنگە تەگدى! بۇ ئايالنىڭ قولىدى. بۇ ئايال سۈرەتلىك شەيتاننىڭ قۇتراتقۇ ئەلەڭگىسىدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنى چەكلەشكە بىر باھانە ئايال تەرەپتىن كېلىشىنى ــ قاتتىق سىلكىۋېتىلىشىنى، ئاندىن ئاھانەت چەككەن ھالدا رايى قايتىپ ئۇخلاپ قېلىشىنى ئىستىدى. ئەمما ئۇ ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى! ئۇ ئۇخلاپ قالغان بولسا شۇڭا قارشىلىق قىلمىغاندىمۇ يا؟ ياق، ئايالنىڭ پۈشۈلداشلىرى، چوڭقۇر- چوڭقۇر تىنىشلىرى ئۇنىڭمۇ بىر خىل قۇتراتقۇلۇققا تەسلىم بولۇش گىرداۋىدا تۇرغانلىقىنى، بۇنداق بىر ھالەتتە ئۇخلىيالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىندۈرۈپ تۇراتتى. سىلكىپ تاشلىنىش ئۈمىدى يوققا چىققاندىن كېيىن شەيتان تولۇق ھاكىم ئورۇنغا ئۆتتى ۋە ئىستەكلىرىنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى تاما قىلىشقا، شۇ تاما بىلەن قارشىسىدىكى ھارارەتلىك قولنى سىلاشقا باشلىدى. ئۇ مەستخۇش بولۇپ كەتكەنىدى. دۇنيادىكى ھەممە ئىشنى ئۇنۇتتى. ئېزگۈلۈكنى تەرغىپ قىلغۇچى كۆڭلى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. قاباھەتنى تەرغىپ قىلغۇچى تەرەپ غەلىبە قىلدى. شۇڭا ئۇ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ، مۇشۇ گۇناھى تۈپەيلى تەنلىرى پارە ـ پارە بولغان تەقدىردىمۇ پىسەنت قىلمايتى. ھەممىگە تەييارلىنىپ قويغانىدى.

بەختىگە يارىشا ئايال قولىنىڭ تارتىلىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى ئۇنىڭغا يېقىنداشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ بەدىنىنى سىلاشقىمۇ يېتەتتى. بىراق ئۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلىدىغان چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن

ئىدى. شۇڭا ئەسەبىيلىك بىلەن كۈچىنىپ ئۇنى تېخىمۇ يېقىن تارتىشقا باشلىدى. ئايالنىڭ كۆڭلىدىمۇ نۇرغۇن كۆرەشلەر بولغاندۇر بەلكىم. ئەمما ئۇ ھەم نورمال فىزىئولوگىيىلىك ئىستەكنىڭ ئېزىقتۇرۇشىنى يېڭەلمەي، ئۇزۇل- كېسىل تەسلىم بولدى...

ھاردۇقى چىققاندەك جىمىپ قېلىشقاندىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ ئايال ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئېتىڭىز نېمە؟

— مەمەتتۇسۇن. سىلىنىڭچۇ؟

— ئايجامال.

— جامالىلىرى راستىنلا ئايدەكمۇ يا؟ كۈندۈز بولغان بولسا...

— ئانچىلا ئەمەس، ئۆزەمگە چۇشلۇق. ئەتىلام كېتەمسىز؟

— ھەئە. يولۇچى دېگەن خەقنىڭ ئۆيىدە سەۋەپسىزلا تۇرامايدۇ - دە.

— سەھەردىلا ماڭامسىز؟

— يول ماڭىدىغان ئادەمگە سەھەر ياخشى، — ئۇ شەنى ئالغان نوچىدەك تەلەپپۇزدا، ئەرلىك ھۆكۈمرانلىقىنى نامايان قىلغۇچى ئاھاڭ بىلەن سۆزلەيتى.

— ...

— بۇ يەنىڭ ئىسمى نېمە؟

— كۆكتام.

ئايال قانداقتۇر ئىچكى ئازاپ بىلەن ئېغىر تىنىدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق ئىھتىراسلىرى بەختسىزلىكنى ھىكايە قىلىۋاتقاندەك ئىدى. مۇھەممەتتۇرسۇن ئۇنىڭ بەختسىزلىكنى چۈشۈنۈشىنىمۇ خاھلىمايتى، تەسەللى ئېيتىشىمۇ يادىغا كەلمەيتى. ئۇ ئەمدى خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى.

# ئىككىنچى باپ

## 1

قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلۈشى قىرائەت قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس،
بەلكى ياخشى ئەخلاقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈندۇر.
— شەيخ سەئىدى، «گۈلىستان»

ئۆستەڭ بويىدىكى قازىخانا ئالدىدا نۇرغۇن كىشىلەر توپلىشىۋالغان بولۇپ، هويلىدىمۇ نۇرغۇن ئادەم بارىدى. ئۇلار گۇۋاهچىلار، دەۋاگەرلەر ۋە بىكارچى تاماشابىنلار ئىدى. جامائەت ئارىسىدا نېمىگىدۇر قىزىقىش كەيپىياتى هۆكۈم سۈرەتتى.

— ئابدىقادىر داموللام ـ زە، خۇدا ئۆزى ئەۋەتكەن ئادەمكەن ـ دە...

— بەك ئادىل، مېنىڭ ئىشىم بولمىسىمۇ باكا بولۇپ قاساملا بۇ يەگە كېلىپ دامولامىنىڭ داۋا سورىغىنىنى كۆرىمەن، هاردۇقۇم چىقىپ قاغاندەك بولاپ قالىمە. مۇتىهەملەردىن قوقاپ قالمايدا، پۇلى با دەپ يان باسمايدا، خۇدا هەققى...

— خۇدا خاهلىسا هېلى كۆرىسلە، ئۇ ئادەم داۋا هەققى، موهۇر هەققى دېگەنلەگە كۆز قىرىنىمۇ سامايدا، سۆزلىرىدىن دىلىڭ ئېرىپ كېتىدا.

— مەنمۇ ئاڭلىغان، ئۇ يەنە هامام ئالدىدا كۇلدە ياتىدىغان يېتىمەك دىۋانىلەنىڭ هەممىسىنى كېيىندۇرۇپ، يېتىملا ئۆيى دەپ بىژ يەگە يىغىپتۇمىش، يەنە تېخى ئوقۇتۇدىكەن.

— پۇلى يوق يېتىملەنى قانداغ ئوقۇتىدىغاندۇ؟ ئىگىسىز يېتىملانىڭ ئوقۇشى دېگەن تازىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بىژ ئىش ـ تە!...

— ۋەز ئېيتقىنىنى ئاڭلىساڭ ئاجايىپ، هېچقانداق موللا

دىمەيدىغان، دەپباقمىغان، بىزمۇ ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەرنى قىلىدا...
— ئاينا، قازاخۇنۇم كەلدى!
جامائەت تەرتىپسىز پادىدەك تەۋرەپ كەتتى. سالام بېرىشلەر، خوشامەت ئارىلاش ئېيتىلغان تەكەللۇپ سۆزلىرى، كۇسۇلدىشىشلار ئومۇمىي شاۋقۇنغا ئايلاندى. كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دېۋانىلەرنىڭ مۈڭلۈق قوشاقلىرى، سېتىقچىلارنىڭ چوقانلىرى بىردەملىك كۆمۈلۈپ قالدى. داموللا قازاخۇنۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سىرتتىكىلەر ئىچكىرىگە بويۇندۇشۇپ بىر- بىرىنى قىستاشقا باشلىدى. بىردەملىك ئۆرە- تۆپىدىن ئاياقلاردىكى قاغجىراق يەرنىڭ توپىسى چىقىپ كەتتى.
ئابدىقادىر دامولla ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. ياردەمچى قازىلار ۋە مىرزىلارمۇ ئورۇن ئېلىشتى.
دامولla ئاتىلارچە مۇلايىملىق بىلەن كۆپچىلىككە قاراپ چىقىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:
— جامائەت، دەۋا بىلەن كەلگەنلەر، گۇۋاھچىلار بىر - بىرلەپ سۆزلىسۇن، باشقىلار بۇ يەردە تىقىلىشىپ تۇرغاندىن كۆرە، ئۆز تىرىكچىلىكىڭلار ئۈچۈن ھەركەت قىلساڭلار تېخىمۇ خەيرلىك بولماسمىدى؟ چۈنكى قۇرئانى كەرىمدە (ئەستايىزبىللاھ): «**بەندىنىڭ تىرىشچانلىقىغا يارىشا نەسىۋە باردۇر**» دېيىلگەن. تەرتىپسىزلىك ياخشى ئەمەس، ئىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ، — دېدى.
پۈتۈن ئەتراپ جىم بولۇپ كەتتى. چوڭ نەپەس ئېلىشمۇ ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق ھاسىل بولدى، ئەمما ھېچكىم بۇ يەردىن كېتەي دېمىدى. ئۇلارنىڭ دامولlaغا بولغان كۈچلۈك قىزىقىشى ئۇلارنى شۇ يەرگە كۈچلۈك تارتىپ تۇراتتى.
— دات!... — دەۋاگەردىن بىرى پەريات كۆتۈرۈشىدى، يەنە بىرى ئۇنى تۈرتۈۋەتتى:
— مەن بالدۇ كەگەن! نېرى ئۆت! ھارامدىن بوغان!
— نېمە دەيدۇ ما سەرالىق! — ئۈچىنچى بىرىمۇ تالاشقا قوشۇلدى.
— خەپ- شۇك! مۇسۇلمانلار، ئۇيات ئەمەسمۇ!؟ — دېدى دامولla

قازى يەنىلا شۇنداق مۇلايىملىق بىلەن. ئۇنىڭ ئاللىقانداق سېھرى كۈچكە ئىگە ئاھاڭى جىمجىتلىقنى ئەسلىگە كەلتۈردى، — ئەگەر سىلەرگە قويۇپ بەرسە بىر- بىرىڭلارغا يول بەرمەي كۈننى كەچ قىلىۋېتىشكە يارايسىلەر، قېرىنداشلىرىم. بۇنىڭ نېمە پايدىسى!؟ ئەدەپلىكراق بولساق، بىر- بىرىمىزگە ئادەملەرچە مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۆزئارا يول قويۇشساق، ئىززەت قىلىشساق يامان بولارمىدى؟ ئىشنى چوڭلاردىن باشلىساق قانداق دەيسىلەر؟

ئەمدى ھېچكىم ئاۋال سۆزلەشكە پېتىنالماي بىر ھازا سۈكۈت قىلىشتى. پەقەت داموللا بىر بوۋاينى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغاندىن كېيىنلا ئۇ تەسلىكتە گەپ باشلىدى...

دەۋالار بىر - بىرلەپ سورالدى، گۇۋاھچىلاردىن گۇۋاھلىق ئېلىنىپ، خۇلاسە — يەكۈن چىقىرىلىشقا، تېگىشلىكلىرىگە خەت پۈتۈلۈشكە باشلىدى.

دەۋاگەرلەر ئازىيىپ، تاماشا كۆرىدىغانلارمۇ شالاڭلاپ قالغان بىر مەھەلدە كىشىلەر توپى يارىلانغان ئەجدەرھادەك ئېغىر- ئېغىر لۆمشۈپ، چايقىلىش بىلەن، سىرتتىن توپنى يېرىپ بىرى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ باش - كۆزى قان، تۇرقى ئۆمسە بولۇپ، تېز - تېز نەپەس ئېلىپ، قايناپ سۆزلىگەچ كېلەتتى:

— جاھاندا ئادالەت بامۇ- يوق، مەن بى بىلەي! بوسا بوغىنىنى كۆدۈم، بومىسا ئۇ گورىدىن توڭگۇز قوپىدىغاننىڭ قاننى چۇۋۇپ، قېنىنى ئىچمەيدىغان بوسام! داموللا بولماي دوتەي بولسىمۇ جېنىمنى تىكتىم!

— ھېلى كۆرىسەن، ھېلى كۆرىسەن! ھەممە يەدە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، جىما! مەن ساڭا دەپ قويااي! سەندەك شۇمقۇشلانىڭ ھېچيەدە گېپىڭ ئۆتمەيدا، — دەپ سۆزلەپ كېلەتتى ئارقىدىن بىر ياشانغان ئادەم، — مەن كىم، سەن كىم؟ مەن بىلەن دەۋالىشىمەن دېگىنىڭ چۆچۈرىنى خام سانىغانلىقىڭ!... ھۇ ئۆزىنى بىلمەيدىغان!...

— بەس، بەس! — دېدى داموللا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سوراققا تەسىر يەتكۈزگەن يېڭى كەلگۈچىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بېسىق ئاۋازدا.

— يا، دەيمنا، موللا دېگەننىڭ مۇندىقىنى كۆمەپتىكەنمەن، ئىنساپ دېگەننى بىلمەيدىكەنغۇ؟! مېڭىسىنىڭ قېتىقىدا ئۆتۈكۈمنى مايلىمىسام چىقمايدا، ھۇ ئاناڭنى!...

— ئەدەپ! ئەدەپ! ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، ئىنىم، ئەدەپلىكراق بولۇپ، ئالدىرىمايراق سۆزلىسەكمۇ بىرگە ئۆتۈدۇ. ئاچچىق دېگەن شەيتان، ئۇنىڭغا ھاي بەرگۈلۈك، ئادەم دېگەن قۇچقاچ ئەمەس، ئۇنى ئۆلتۈرۈش شۇنداق ئاسانمۇ؟ — داموللا ئۇنىڭ قانغا بويالغان يۈز - كۆزىگە ئېچىنىش بىلەن قاراپ تۇرۇپ، — ئاۋال ئېچكىرى كىرسىلە، يۈز- كۆزلىرىنى يۇيۇۋالسىلا، باللار يارىنى تېڭىپ قويسۇن، ئاندىن ئەھۋاللىرىنى ئاڭلاپ باقايلى، بولامدۇ؟ — دېدى مۇلايىملىق بىلەن ۋە شۇ يەردە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان خىزمەتچىلەرگە ئىشارە قىلدى.

ئۇنى ئېچكىرىسىگە ئەكىرىپ قانلىرىنى تازىلاپ، يارىسىنى تېڭىپ چىققۇچە، دەۋاگەرلەرمۇ تۈگەپ قالغانىدى.

داموللا ئۇنىڭغا قاراپ:

— خوش، ئەمدى سىلى بىلەن سۆزلەشسەك بولۇدۇ... — دەپ گەپ باشلىۋىدى، ئۇنىڭ رەقىبى بولغان ياشانغان ئادەم گەپنى بۆلدى:

— بۇنداغ ئابدالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاۋارە بولامىلا، تەقسىر، مەندىنلا سورىسىلا! — دېدى بىر خىل خوجايىنلىق كىبىرى بىلەن.

— خەپ- شۈك! — دېدى داموللا ئۇنىڭ كۆرەڭلىكىنى يەرگە ئۇرۇپ، — سىلى بىلەن سۆزلىشىشكىمۇ ۋاقتىمىز يېتىدۇ، تەقسىر، — يەنە يىگىتكە قاراپ داۋام قىلدى، — خوش، ئاتلىرى نېمىكىن، يىگىت؟

— ئېتىم مەمەتتۇسۇن.

— مۇھەممەتتۇرسۇناخۇن، ئەمدى سۆزلىسىلە، نېمە ئەھۋال بولدى؟

— قازىئاخۇنۇم ئەيپكار بوۋاينىڭ سەۋرسىزلىك بىلەن ئېغىز ئۆمەللەشلىرىگە پىسەنت قىلماي، دەۋاگەرگە رىغبەت بەردى.

— مەن ئەسلى بەش- ئالتە ژىل چەتتە سەرسان بولۇپ ژۈرۈپ، قازاندا ئازراق ئوقۇپ قاغانتىم، شۇڭىزە ھەممە موللىنى تاتارنىڭ موللىسىدەك كۆڭلى يۇمشاق بولۇدۇ دەپ قالدىمىمۇ، بىلمىدىم، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ،

— موللىنىڭ خىزمىتىنى قىلغاچ ئاز - پاز بىلىم ئالاي دەپتىكەنمەن، نەدىكىنى، بىر يىل ئىشلىدىم، ئىلىپنى تاياق دەپ بىر ئىغىز بىر نىمە ئۆگۈتەي دىمەيدۇ، بىر نىمە ئۆگۈنۇمەن دىمىسەم خەقنىڭ هويلىسىدا غالچىلىقىنى قىلغىچە مەدىكا ئىشلىسەمىمۇ، كۆتىرە ئىش قىسامىمۇ راۋىرۇس ئىككى ئەركەكنىڭ ئىشىنى قىلغۇچىلىكىم با ئەمەسما! —ئۇ داموللىغا قاراپ سەل ئالدىرىدى. چۈنكى ئۇ تىخىچە مەخسەتكە يىقىنلاشماي، كىرەكسىز سۆزلەرنى قىلىپ ئولتۇرغىنىدىن داموللىنى زىرىكىپ قالامدىكىن، تەنبىھ بىرىپ، پەش قىقىپ كىتىپ قالامدىكىن دىگەن تەشۋىش بىلەن هودۇقۇپ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى تاپالماي، تىخىمۇ مۇناسىۋەتسىز سۆزلەرنى بىلجىرلاپ بوغۇلۇپ كەتمەكتىدى. بۇنىڭ تىخىمۇ موهىم سەۋەبى ئەيپكار موللا ئۇنىڭغا سەندەكلەرنىڭ هىچيەردە گىپى ئاقمايدۇ، دەپ ئىشەنچ بىلەن بىلدۈرگەچكە شۈنداق بولۇپ چىقىش ئىهتىمالى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەكتىدى.

— هودۇقمىسىلا، ئىنىم، ئالدىرىمىسىلا، نىمە بولسىمۇ ئاڭلايمەن، — دىدى قازى داموللا ئۇنىڭ چەتنەپ كەتكەن سۆزلىرىنى «موما تۈۋى»گە كەلتۈرىشكە ياردەم قىلىپ، — خوش، شۈنداق قىلىپ، ئىلىم ئىلىش نىيەتلىرى بار، موللىغا ئىشلىدىلە، بىراق، بىر يىلغىچىمۇ بىر خەت ئۆگىتەي دىمىدى، ئاندىنچۇ؟

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەمدى خىلى دىدىللىشىپ قالغاندەك بولدى. كاللىسىمۇ روشەنلىشىپ قالدى. كۆز ئالدىدىكى بۇ قازاخۇنۇم هەممە ئادەم تەرىپىنى قىلىدىغان، ئۆزىمۇ قازاندىن تارتىپ يادلاپ كەلگەن ئابدىقادىر داموللا بولمىغىيدى!؟

— ئاندىن، ئاندىن، بىر شەيتىنىم دىدىكى، بۇ يەدە ئىلىم ئالمەن دىگىنىڭ سۇغا چىلاشتى، قاچانغىچە بىر گىلىڭغا ئىشلەپ ژۈرۈۋىرىسە؟ موللىغا بىر كۈنى ئىپىنى تىپىپ با گەپنى دىگىن. دە، بەگىنىنى ئىلىپ خوش دىگىن، ئاندىن ئابدىقادىر داموللىنى ئىزدەمسەن، يا بومىسا قۇتلۇق هاجىم دىگەن ئادەمنى تاپامسەن، «توقام مەدرىسى» گە بارامسەن، ئىشقىلىپ بىلگىنىڭنى قىل. ئىشقىلىپ، بۇ يەدە ئۆمرۈڭنى

زايا قىلىشنىڭنى قوي! ــ مۇھەممەتتۇرسۇن بىردەم تىنىۋېلىپ، ئەتراپتىكىلەرگە ۋە سەۋرسىزلىك بىلەن قوللىرىنى ئىشقىلاۋاتقان ئەيپكار موللىغا قاراپ قويدى. دە، ئالدى تەرەپكە قاراپ داۋام قىلدى(ئەمما ئۇ قازىنىڭ كۆزلىرىگە قارىيالمىدى، نېمىشقىدۇر بىر خىل ھۆرمەت ھىسسى ياكى قورقۇنۇچقا ئوخشىغان ھېيىقىش ئۇنىڭدا بۇنداق جۇرئەتنى قۇرۇتىۋەتكەندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ داموللا تەرەپكە قارىغاندەك قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ يارىشىملىق ساقىلىغا، گاھ سەللىسىگە... قاراپ سۆزلەيتى)، ــ شۇنىڭ بىلەن، موللا بىر كۈنى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاپ كۆرۈۋاتقانىكەن، بىر چەينەك چاي دەملەپ، بىر پىيالا بىلەن كۆتەگەچ قېشىغا چىقتىم. چايدىن بىر پىيالا قۇيۇپ تەڭلىسەم قاراپ قوياپمۇ دېمەيدا، توختا، قورققانغا قوش كۆرۈنۈۋەمىسۇن، ئۇ بى ئەۋلىيا بوممىغانىدىكىن، دەيدىغىنىمنى دەي، دەپ ئۆزەمگە مەدەت بەدىم. دە، «موللىكا!» دېدىم. ھودۇقۇپ كەتكىنىمدىن ئاۋازىم پىچىلىغاندەك چىققانمۇ، موللام قاراي دېمىدى. گېلىمنى راس بى قىرتۇۋېتىپ، «تەقسىر!» دېدىم. ئاۋازىم بەك ئۆمسە چىققانمۇ، ئۇ بېشىنى ئىتتىك كۆتەدى.

ــ ھە، نېمە گەپ؟ نېمە بېزىرىپ تۇرىسە؟ ــ دېدى.

ــ مەن ئەمدى،... مەن دەيمەن، ئەمدى، كەتسەممىكىن دەپ...

ــ كېتىۋە، ــ موللام گېپىمنى چۈشەنمىگەندەك پەرۋايى پەلەك ھالدا شۇنداق دېدى ـ دە، يەنە ئۆز ئىشىغا بېرىلدى.

ــ مەن، ... ئەمدى كېتىپ باشقا بى ئىش قىسامىكىن دېگەنتىم، ــ بۇ گېپىمنى يەنە چۈشەنگىلى ئۇنىماي، ھويلىغا چىقىپ، باشقا بى ئىش قىلىشقا رۇخسەت سوراۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قامىسۇن دېگەن نىيەتتە ئالدىراپ تولۇقلىدۇم، ــ ياخشى بوسۇن، يامان بوسۇن بى ژىل خىزمەتلىرىنى قىپتىمەن، ئەمدى كېتىپ تىرىكچىلىكنىڭ باشقا يوللىرىنى ئىزدەپ باقسامىكى، شۇڭا...

ــ نېمە؟! ــ ئۇ ئەمدىلا گېپىمنى چۈشەنگەندەك قىلدى، ــ كېتىمەن دەمسەن؟ بىزنىڭ ئۆيدىنما؟!

ــ هه...ئه،... سىلىنىڭ ئۆيدىن...

ــ قوسۇقۇڭ تويۇپتۇ ـ ده!؟

ــ ئەسلىدىمۇ ئاچ قېلىپ كەممىگەنتىم، تۆت ئەزايىم ساق، ئۆزەم ياش تۇرۇپ ئاچ قاسامىۇ سەت تۇرا. سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلغاچ، ئازراق ئىلىم ئالامەنمىكىن دەپتىكەنمەن...

ــ هه، ئەمدى نېمه قوسۇقۇڭنى ئەستى؟

ــ هازىرغىچه ئېلىپنى تاياق دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ باقمىدىم، بۇنداق كېتىۋەسەم ئاۋاره بولۇدۇغاندەك قىلىمه،...هه، ياق، ... سىلىنى ئاۋاره قىممای دەيمەن...

ــ هىم...، بولاپتا، كەتكىڭ كەگەن بولسا كېتىۋە. «باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىمايدۇ»، دەپ سېنى زولاپ ئېلىپ قالامتىم، سەن ماڭا ئالتۇن چىچىپ بېرەمتىڭ، بىلگىنىڭنى قىل، ــ ئۇ يەنه ئۆز ئىشىغا چىرىشىپ، مېنى ئۇنتۇغىسى با، قارىسام. شۇنىڭ بىلەن، بۇنىڭ مۇللام دەپ ئېتى بوغىنى بىلەن، ئىنساپنى بىلمەيدىغان بىژ نېمه ئوخشايدۇ، بۇنىڭغا قەزدا بوممىغاندىكىن نېمانچه خۇدۇكسىرەپ، تاتىنىپ كېتىمەن، دېدىم ـ ده:

ــ تەقسىر، ماڭا قايلىسىلا، مەن مەيەده بىژ ژىل ئىشلىدىم، بىژ ژىل! نېمىلا بوممىسۇن، مەن بى ئادەم، بېجىرىم بى ئه كىشى. بىژ ژىل ئىشلەپ چاپىنىمنى دولامغا سېلىپ چىكەتسەم سىلىگه ياخشى بولاما؟

ــ ئوهـ! نېمه دەيدۇ بۇ!؟ ــ دېدى ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرەپ، ــ كۆتۈرەپ ئاچىقىپ قويامتىم ئەمىسه؟ يا بوممىسا خۇجۇن ئاتىپ قويامتىم؟ ئېلىشىڭ بادەك گەپ قىلىسەنغۇ؟

ــ ئېلىشىڭ بادەك!؟ نىمكا ئىشلىگەن ئادەممۇ بىژ كۈن- يېرىم كۈنلۈك ئىش هەققىگه بىژ تەڭگه بولمىسىمۇ بىره ياماق ئېلىپ ماڭىدۇ، بىژ ژىل ئىشلىدىم مەن، تەقسىر، بىژ ژىل!

ــ ئ ! مەن سېنى مەدىكا بازىرىدىن سودىلىشىپ ئەكىلىپ، ئەمدىزه، ئىش هەققىڭنى بەمەۋېتىپتىمەن- ده!؟ نەچچه پۇل بېرىمه دەپ سۆزلەشكەنتۇق، دەپپاقه، قېنى؟ ئۆزەڭ كەلدىڭ، ئېشىمنى يېدىڭ،

يوتقىنىمنى توڭرىلىرىڭ بىلەن مەينەت قىلىپ ياتتىڭ، ئەمدە كىتىمەن دەيسە، يەنە نېمە گەپ؟ نېمە دېسەم بولىتى؟ كەتسەڭ كېتىۋە دېمەي؟

ــ مانا شۇ، ــ دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن، ــ بولغان گەپ شۇ، شۇنىڭ بىلەن غىجىرىشىپ قالدۇق، ئاغزىمىز بۇزۇلدى، بىز كەمدە ئىككى ئوغلى غەۋغانىڭ ئۈستىگە چىرىپ قېلىپ، نېمە گەپ، نېمە سۆز، دېمەيلام كالىلىپاي ئۇرۇپلا كەتمەسما. باكاغا ئىشلەپ ئايغىدا ئىش ھەققىم بۇ بولدى، مانا!

ــ ئىش ھەققىلىرىنى ئوبدان بېرىپتا، ــ دەپ چاخچاق قىلدى بىرى.

ــ ۋاي نىجىس توڭگۇز، مۇشۇنداق خۇمسىلانىڭ چىشىنى تۆكۈپلاۋەتسە... ماللىمش، ۋۇ! سېنىڭ موللىقىڭ! ــ بۇنى دېگەن قاراساقال ئادەمگە ھەممە كىشى خەۋپسىرىگەندەك، خۇددى قان ئىچەر جاللاتقا قارىغاندەك ئەيمىنىپ قاراپ قويۇشتى. ئارقىدىراق بىرىنىڭ: «كىمۇ؟» دېگەن سوئالىغا يەنە بىرى تېخىمۇ ئېھتىياتلىق پىچىرلاش بىلەن: «ئارىپ ‹كۆكەمە› دېگەن شۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. سورۇندا دامولىنىڭ نوپۇزىدىن پەيدا بولغان جىم-جىتلىق جارى بولۇۋاتقاچقا، بۇ پىچىرلاشلارنى ھەممە ئاڭلىدى. شۇ قاتاردا ئارىپ «كۆكەمە»مۇ ئاڭلىغاچقا، ــ ھە، مەن كۆكەمە، ھەقنى دەپ كۆكۈرۈمە! كىم بىلەن ناھەق ئۇرۇشۇپتىمەن، قېنى؟ ــدەپ جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى.

ــ شۇنى دەيمەن، ھەققىمگە بېشىمنى يېرىپ بەدىمۇ دەيمەن،... ــ دېدى داۋاگەر سەل ئېچىلىپ، سۆھبەتنىڭ ئاخىرىنى ئۇلاپ.

ــ ھە، شۇمۇ؟ ــ دېدى قازىئاخۇنۇم، ــ كۆڭۈللىرىگە كىرىپ چىقسام، ئەگەر ئازراق ئىلىم بەرگەن بولسا، ھەقمۇ تەلەپ قىلمايتىم دەيدىكەنلا، شۇنداقمۇ؟

ــ بىللاھ! شۇنداغ قىلىتىم. ھەق ئالمايتىم، تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەپ بېرىتىم.

ــ مانا ياخشى نىيەت، ئۇلۇغ نىيەت، ــ دېدى دامولىلا ۋە ئۆز ئۆزىگە

دەۋاتقاندەك قوشۇپ قويدى، ــ كاشكى، ھەممە ياشلىرىمىز مۇشۇنداق روھتا بولغان بولسا...

ــ ئەمدى نىيىتىم بۇزۇلدى، جەھلىم قاتتى، ئۇ سولامچىنى ئۆلتۈرىۋەتمەي قويمايمەن!

ــ بەس! ئەدەپ، ئەدەپ، ــ دېدى داموللام يىگىتنى سەممىي ئەيىپلەپ، ئەمما ئۇنىڭ جۈرئىتىنى سۇندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇستىلەپ زەربە بېرىشنى خوپ كۆرمەي، ماۋزۇنى بۇرىۋەتتى، ــ مەن سىلىگە خالىس شۇنداق دەپ قوياي، سىلىنى ئۇنچىلىك جاسارەتتى يوق دەپ جەزملەشتۈرەلمىسەممۇ، ئەمما سىلى ئۆزلىرىدەك بىرەر ئىگە-چاقىسىزنى ئەرزىمىگەن بىر ئىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋېتىشلىرى مۇمكىن، ئەمما خوجايىن دېگەن باشقا گەپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەتلىرى بولۇشلىرى ناتايىن. بىز ھەممىمىزنىڭ قېنىدا مۇشۇنداق بىر ئالاھىدىلىك يوشۇرۇنغان. نېمىشقا دېسىلە، بۇنى پۇرسىتى كەلگەندە چۈشەندۈرۈپ قويارمەن، ھازىر ئۆز ئىشىمىزغا كېلەيلى، ئەيپكار كەلدىمۇ؟ ھە، تەقسىرنىڭ ئوغۇللىرى كەلمىگەن ئوخشايدۇ، كەلمىسە بولمايدۇ، دەۋاغا كىيىم قىلىشىمىز لىللا بولىشى ئۈچۈن ئۇلارمۇ كەلسۇن. ئۆيلىرى قەيەردە تەقسىر؟ بالىلارنى چاقىرىپ كەلسۇن، ــ دېدى.

بۇ سوئالغا مۇھەممەتتۇرسۇن جاۋاپ بېرىشكە ئالدىرىدى. ئۇ موللىنىڭ ئۆيىنى، دەرۋازىسىنىڭ بەلگىلىرىگىچە ئېيتىپ بەردى. قازى داموللا خىزمەتكارلاردىن بىرىنى جاۋاپكارنىڭ بالىلىرىنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار كەلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۈكۈت دەۋاگەرنى قورۇندۇرماسلىقى ئۈچۈن داموللا ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇرراق ھاللىشىشقا باشلىدى.

ــ ئەجەبا، سىلى جاھان تۇتقىدەك ياشقا كەلگەندە ئىلىم ئالماقنى ئويلاپ قاپلىغۇ، ئىنىم؟

ــ مەن قازاندا بىر موللىنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە زامان تۇدۇم، ئۇ كىشى «شۇرا» دېگەن مەجمۇئەنى چىقىرىدىغانلاردىن بىرسىتى. ئۇ مېنى ئاز- پاز ئوقۇتقان، «شۇرا»نى ئەپلەپ ئوقۇيالىغۇدەك بولۇپ قاغانتىم. كېيىن

ئانامنى كۆگۈم كېلىپ، قەشقەنى سىغىنىپ قايتىپ كەلدىم. كەسەم، كۆگۈم كەگەن ئانام ئاللىقاچان رەھمەتلىك بولاپ كېتىپتۇ. سىغىنغان قەشقىرىمنىڭ ئەھۋالىمۇ تايىنلىقكەن. يېنىپ كېلىشىمگە سەۋەپ بولغان يەنە بىر ئىش، مەن «شۇرا»دىن ئابدىقادىر داموللا دېگەن كىشىنىڭ يازغانلىرىنى كۆرەپ قاغانتىم. مەن ئىشلەيدىغان ئۆيدە ھەمىشە بىر توپ موللا سۆھبەتتە بولىتتى، ئۇلامۇ ھېلىقى قەشقەلىك موللىنىڭ تەرپىنى قىلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزەمنىڭ ماكانىمدا شۇنداق ئالىملىرىمىز تۇسا، نېمىشقا شۇلادىن تەلىم ئالماي، سەرسان بولۇپ، كىشىنىڭ شەرىدە ژۈرىمەن، دېدىم- دە، قايتتىم. بىراق، تىرىكچىلىكنىڭ غېمى ئاررۇيۇمغا ئارىلىشىپ كەلدى. تاغامنىڭ ئۆيدە داۋاملىق تۇرۇۋۋەگىم كەلمىدى. چوپ - چوڭ ئادەم بولۇپمۇ تەيياتاپلىق قىلسام سەت- تە! شۇڭا تاغامنى ئالدىرىتىپ بىرە ئوبدانىراق موللىغا تونۇشتۇرۇپ قوي، خىزمىتىنى قىلغاچ تەلىم ئالاي، دەپ تۇرۇۋالدىم. ھەم قوسىقىمنى باقاي، ھەم تەلىم ئالاي، دېدىم. ئەمما ئۇنىڭ ماڭا تېپىپ بەرگەن موللىسى مانا، — ئۇ ئەيپكارغا بىلىنەر - بىلىنمەس ئىما قىلدى، — ئايىغى ياخشى چۈشمىدى.

— نېمىشقا ھېلىقى «شۇرا»دا ئىسمى زىكرى قىلىنغان داموللىنى ئىزدەپ باقمىلا؟ — دېدى داموللا كۈلۈمسىرەپ.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەمدى ئەتراپتىكىلەرنىڭ پىچىرلاشلىرىدىن ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى سەل- پەل قىياس قىلىپ قالغانىدى. ئەمما ئۆزىنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىلمەس بولۇپ تۇرۇپ سۆھبەتنى داۋام قىلدى.

— نەدىن بىلەي، كېلىپلا تاغامنىڭ ئۆيدە تۇدۇم، لېكىن «تاغامدىن تاغا ياخشى» دېگەن گەپ با ئەمەسما، شۇڭا ئۇ يەدە تۇرۇۋۋەگىلى بومىغاچقا بەكلا ئالدىرىدىم، كىملا بولمىسۇن بىسىنىڭ ئۆيدە پانالانسام، ھەم تەلىم ئاسام، كېيىنچە ئابدىقادىر داموللىغا يولۇقۇپ، ئۇنىڭ تەلىمىگە لايىقراق بولاپ قاسام ئاندىن بىر نېمە قىلامەن، دەپتىمەن. ئاڭغىچە ھايت- ھۇيت دېگىچىلا بىر ژىل ئۆتەپ كەتتى.

ئىشىنىڭ تولىلىقىدىن جاھاندا نېمە بولاۋاتقىنىنىدىنمۇ خەۋەسىز ئۆتەۋەگەن گەپ.

— تازا ئەخمەق نېمىكەن- دە، قەشقەنىڭ قارىسى كىم، شۇنىمۇ بىلمەمدا؟

— شۇنى دەيمەن، ئابدىقادىر داموللا دېسە پۈتۈن جاھان بىلىدىغان تۇسا.

— بۇ بىچارە راستىنلا قەپەزدىكى قۇشتەك ئاشۇ موللىنىڭ ھويلىسىدىن چىقالماي، كۈننى ئۆتكۈزۈپ ژۈرۈپتۇ - دە، — ئەتراپتىكىلەر شىۋىرلىشاتتى.

مۇھەممەتتۇرسۇن شۇندىلا قازاخۇنۇمنىڭ دەل ئۆزى ئىخلاس باغلاپ كەلگەن داموللا ئىكەنلىكىنى رەسمىي بىلدى. ئۇ بۇ پەرىشتە سۈپەت كىشىنىڭ ئاياقلىرىغا يىقىلاي دەپ تۇرىشىغا، جاۋاپكارنىڭ باللىرى ئېلىپ كېلىنىپ، يەنە بىر دەم تەرتىپسىزلىك باشلاندى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئابدىقادىر داموللا ئاۋال سالام قىلىپ، — ھەربىرلىرىنى ئاۋارە قىلىشقا توغرا كەلدى، ئەيىپكە بۇيرۇشمىغايلا، بىراق، دەۋا ئىككىلىرىگىمۇ ئالاقىدار بولغاچقا كەمىنىلىرىنىڭ شۇنداق قىلماي ئىلاجى بولمىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، داموللام؟ — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ دادىسىغا، جاۋاپكارغا خىتاپ قىلدى.

— ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق،... — جاۋاپكار شۇنداق دېگىنى بىلەن، كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بىر خىل تەرزدە چاقناپ، غەزىپىنى يوشۇرالماي تۇراتتى. ئۇلار ئەسلىدىلا بىر بىرىنى بىلىشەتتى، ئابدىقادىر دامولىنىڭ تەرغىباتلىرى بۇ بىدئەت چېلىش موللىغا ياقمايتى. ئۇ خېلىدىن بېرى ئابدىقادىر داموللىغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇتىئەسسىپلەر گورۇھىدىكى موللىلارنىڭ بىرىدى. ئەمدى ئۇلار خۇددى «رەقىپلەر تار يولدا ئۇچراشتى» دېگەندەك بۇگۈنكى ئەپسىز سورۇندا روبىرو بولۇپ قېلىشماقتىدى. قازاخۇنۇم ئۇنىڭ ئۆزگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە ئىكەنلىكىنى بۇرۇندىن بىلگەچكە، ئۇنىڭ

بــــۇ يەردە مەۋجۇتلىقىغــــا ئــــانچە دىقــــقەت قىلمىغانــــدەك، ھە دەپ مۇھەممەتتۇرسۇن بىلەن پاراڭلىشىپ، ئـۇنى دىققەتكە ئالماسلىق بىلەن، سوراق ئالدىدىكى «پىسخىك يېمىرىش» تاكتىكىسى ئىشلەتكەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا قاراپ گەپ باشلىدى.

— مۇھەممەتتۇرسۇناخۇننىڭ دېيىشىچە ئۆيلىرىدە بىر ژىل ئىشلەپتۇ، بۇ راستمۇ، تەقسىر؟

— راست...

— ئۇ ئەمدى چىقىپ كەتمەكچىكەن، بۇنى ئۆزلىرىگە ئېيتتىمۇ؟

— ھە، ئېيتتى.

— بىر ژىل ئىشلىگىنى ئۈچۈن قانچىلىك ھەق بەردىلە؟

— بۇ... بۇ ئۆزى كەلدى، خىزمەتلىرىنى قىلماقچى دېدى، مەن چىللاپ كەممىدىم، يا سودىلىشىپ مەدىكار بازىرىدىن ئېلىپ كەممىدىم. ئەمدى ئۆزى كەتمەكچى بولدى، يەنە بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدۇم، «ئۆزى كەلگەن يارىيار، ئۆزى كەتكەن يارىيار» ـ دە!

— دېمەك، سىلى ئۆزى كەلگەندىكىن ھەق بەرمىسەممۇ بولىدۇ، دەپ قارايدىكەنلا ـ دە؟

— ئەمىسە،... تاغىسى بۇنى ھەق تەلەپ قىلمايدۇ، دېگەندەك قىلىۋىدى...

— مۇھەممەتتۇرسۇناخۇن، بۇ نېمە گەپ؟

— مەن بايا دېدىمغۇ، ئەگەر ماڭا ئازراق بىز نېمە ئۇگەتكەن بوسا ھەق تەلەپ قىلمايتىم. ئەمما ـ زە، ئېلىپنى تاياق دەپ بىر ئېغىز دېگەن بولسا كىمنىڭ دەردى، ئۆزى دەپ باقسۇن، ئاينا...

— ئابدۇللا داموللا، بىز ئاۋامنىڭ نەزىرىدە كۆپنى بىلىدىغانلارمىز، ئاۋامغا شۇنداق ئۈلگە بولامدۇق؟

— ئۇ مېنىڭكىدە يېدى، ئىچتى، پانالىق بەدىم، يېتىپ ـ قوپتى، ئەمدى ـ زە، «ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟ ئىزدىسە تېپىلار» بولۇدىكەن ـ دە!؟

— تەبىئىيكى، ئۇ يېمىكنى ئۆيىدە يەپ كېلىپ ئىشلەپ بەرمەيدۇ، پۇتۇنسۇرۇك بىر ئەركىشى ئاران ئۆزىنىڭ گېلىغا چۇشلۇق ئىشلەمدۇ؟

ئويلاپ كۆرسىلە... — ئابدىقادىر داموللا ئۇنىڭ ئىنكاسىنى كۈتۈپ سەل تۇرغاندىن كېيىن، — سەھىھ ھەدىسلەردە ئىشچىنىڭ ئىش ھەققى ئۇنىڭ ماڭلاي تەرى قۇرۇماستىن بېرىلىشى بۇيرۇلغان ئەمەسمۇ، تەقسىر؟ بۇ سىلىنىڭ ئىلمىلىرى داخىلىدىكى گەپ ئەمەسمۇ؟ سەئىدى شۇنداق دېگەن: «قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلىشى قىرائەت قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ياخشى ئەخلاقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈندۇر». ئويلاپ كۆرسىلە، بىز قۇرئاننى نېمىشقا ئوقۇدۇق؟ قىرائەت قىلىش ئۈچۈنلىما؟

— ئەجەپ كەلتۈردىيا! — ئەتىراپتىكىلەر شىۋىرلىشىپلا كەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن خۇددى ئاللىقانداق قىساسلىرى ئېلىپ بېرىلگەندەك تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.

ئابدىقاردىر داموللا دەۋاگەر بىلەن ئەيپكار ئارىسىدا بولغان جېدەلنىمۇ تەسبىت ئەتتى. موللىنىڭ ئىككى ئوغلىنى يولسىزلىق بىلەن ئادەم ئۇرغانلىقىغا ئىقرار قىلدۇردى. ئۇلار بارلىق ئەيىپنى بويىنىغا ئېلىشتىن باش تارتالمىدى. ئەمدى مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ ھەققى مەسىلىسىدە توختۇلۇپ، ئەيپكار موللىغا قاراپ:

— گەپ قىلسىلا، قانداق قىلساق ئادىل بولار؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بەمەيمەن دېمىدىم، تېخى نېمە گەپلىكىنى ئاڭقىرىپ بوغىچىلام تىل سەپ كەتكەنتى... — ئەيپكار خەلقى ئالەم ئالدىدا كاژلىق بىلەن تىرەجەپ تۇرغانسېرى قازاخۇنۇمنىڭ مەنتىقىلىق سۆز ھۇجۇمىدىن مىجىقى چىقىپ، نوپۇزى چۈشۈدۈغانلىقىنى، كىشىلىك پەزىلىتىنىڭ قانچىلىكلىكىلا ئەمەس، بىلىمىنىڭمۇ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىدىغانلىقىنى پەملىدى. ئۇ ئازراق بولسىمۇ موللىلىق ھۆرمىتىنى ساقلاش، «چالا موللىكەن» دېگەن تونۇشنى پەيدا قىلماسلىق ئۈچۈن، ھۆكۈملەرگە رازى بولۇپ، تېزرەك بۇ سورۇندىن قۇتۇلۇشنى لايىق كۆردى.

— بوپتۇ، سىلى دېگەن ئۇقۇمۇشلۇق داموللا، خۇدامۇ ئەپۇ قىلغۇچىلارنى دوست تۇتۇدۇغۇ؟ ئوقۇمىغان نادان بالىنى كەچۈرسىلە. دە، ئۇنىڭغا بىر يىللىق ھەققىنى بېرىپ، رەھمەت ئېيتىپ ئۇزىتىپ

قويسىلا، شۇنداق تۇگەشسەك بولارمۇ؟

ــ شەرىئەت قازىسىنىڭ ھۆكمى ۋاجىپ، بويۇنتاۋلىق قىلمايمەن، مەنمۇ شۇ...

ئابدىقادىر داموللا مىرزىلارغا بازاردا مەدىكارلارنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى قانچە پۇل ئىكەنلىكىگە قارىتا بىر يىللىق ئىش ھەققىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق شەكىلدە ھېساپ قىلىشقا، خەت پۈتۈشكە ئەمىر قىلدى. ئابدۇللا داموللا قىزىرىپ ـ تاتىرىپ، قولتۇقىنى بىر ھازا تىتكىلەپ، تەسلىكتە ھەمىيىنىنى چىقاردى. بۇ (بىرىش) بىر داموللا ئۈچۈن كەمدىن كەم بولۇدۇغان ئىش بولغاچقا بۇنىڭغا چىدىماقمۇ، كۆنمەكمۇ ئاسان ئەمەستى.

دەۋا خۇلاسىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئابدىقادىر داموللا جاۋاپكارنىڭ دەسلەپ بۇ سورۇنغا كىرىۋاتقىچە دېگەن گەپلىرىگە جاۋاپ بېرىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئادىل تەبىئىتىدە بۇنداق گەپلەرگە سۈكۈت قىلىش پىرىنسىپسىزلىق بولاتتى:

ــ تەقسىر، سىلى بىر ئەھلى ئىلمى ئادەم تۇرۇپ، بايا «سەندەك شۇمتۇقۇشنىڭ ھېچپەردە گېپىڭ ئۆتمەيدۇ، ھەممە يەردە قازىنىڭ قولىقى تۆرت» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغانتىلە، يىغىلىشمىغان بولسام، ماڭمۇ خىتابەن، «بۇنداق ئابدالالارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاۋارە بولماي، مەندىنلا سورىسىلا» دېگەندەكمۇ قىلدىلا، خاتا ئۇقۇۋالمىغاندىمەن؟

ــ ...يا... دېمەكچىدىمكى،...

ــ ئىسلام، ئادالەت دېمەكتۇر، تەقسىر. ئىسلام، ئىنسانلار ئارىسىدا تەڭسىزلىكنى يوق قىلماق ئۈچۈن، ئادالەت بەرپا قىلماق ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن دىندۇر. ئىسلام ئىنسانلار ئارىسىدىكى دەرىجە پەرقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە نېمە دېگەن، خاتىرىلىرىگە ئالدىلىمۇ؟ «ئىنسانلار (بارابەرلىكتە) بىر تاغاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشايدۇ». ئىسلام يەنە بارابەرلىك مىزانلىرىغا ئەمەل قىلماقنى شۇنداق مىساللار ئارقىلىق تەكىتلەيدۇكى، «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئېگىسىگە قايتۇرۇشقا،

كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ...»①. «ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا- ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن) ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار...»②. ھەتتا بىزگە بۇيرۇلغان ئادىللىق شۇ دەرىجىدىكى، ئاللاھ بۇنى شۇنداق بۇيرۇيدۇ: «...ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر...»③. سىلى دېگەن داموللا، شەھىرىمىزنىڭ بۇيۇك ئادەملىرىدىن بىرى، ئىلمىلىرى چوڭقۇر، كەمىنىلىرىنىڭ تەپسىرىگە ئېھتىياجلىرى يوق، ئەلۋەتتە. يەنە كېلىپ، ئايەتتە بۇيرۇلغىنىمۇ ئۇ قەدەر ئوچۇق، چۈشىنىشلىك. شۇنداق ئەمەسمۇ، تەقسىر؟

— شۇنداق، شۇنداق...

— ھېلىقىدەك سۆزلەردىن ساقلانماق سىلىگە تېخىمۇ يارىشىدۇ. ئىشلىرى بولسا كۆپ مالال قىلماي، ئەمىسە، مەرھەمەت قىلسىلا.

پېشىنىدىن سەل بۇرۇن ھەممە ئىش تۈگەپ، قازى ئورنىدىن تۇردى. جامائەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ھېيتگاھ تەرەپكە مېڭىشتى.

مۇھەممەتتۇرسۇن دامولliغا يانداشىپ كېلەتتى. ئۇ ئەمدى ئىزدىگەن ئادىمىنى تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

— ئەمدى نېمە قىلاي دەيلا، ئىنىم؟ دەپ سورىدى دامولla

① سۈرە ’’نىسا‘‘ 58 - ئايەت.
② سۈرە ’’نىسا‘‘ 135 - ئايەت.
③ سۈرە ’’مائىدە‘‘ 8 - ئايەت.

مېھرىبانلىق بىلەن.

— ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ شاگىرتى بولسامىكىن دەيمە، — دېدى ئۇ قورۇنۇپ تۇرۇپ، — ئەگەر سىلىگە مالال كەممىسە...

— نېمىشقا مالال كەلگۈدەك؟ مېنىڭ سىلىدەك باللىرىم نۇرغۇن، يېتىملار ئۆيىدىكى باللارنى دەيمەن، — دېدى دامولla كۈلۈمسىرەپ.

— مېنىڭ سىلىگە دەيدىغان نۇرغۇن- نۇرغۇن گەپلىرىم باردەك، ئەمما ھېچ تاپالمايمەن...

— بوپتۇ، ئويلانغاچ تۇرسىلا، ناماز پېشىندىن كېيىن پاراڭلىشىمىز.

مۇھەممەتتۇرسۇن شۇنچە سۆزلەشكۈسى بولسىمۇ، ئەمدى نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى ئاڭقىرالماي، سۈكۈتتە ماڭدى. ئۇلار ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بۇ يەردە ۋائىزلار، راۋاپ چېلىپ قوشاق قوشىدىغان دىۋانىلەر، سايايى چېلىپ ھۆكمەت ئېيتىدىغان سوپى - ئىشانلار توپ - توپ جامائەتنى ئەتراپىغا ئولاشتۇرىۋالغانىدى.

ۋائىزلار ھەزرىتى ئەلىنىڭ غالىپ جەڭلىرى ھەققىدە جەڭنامىلەرنى سۆزلەيتى. بىر نەچچە ھەمشېرىكى دوس تارتىشىپ بېرەتتى. تاماشابىنلارنىڭ ھاياجىنىنى باسالماي قالغانلىرى ئۇلارغا قوشۇلۇپ چوقان سېلىپ كېتەتتى. بەزىلىرى تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشاتتى.

— مەنىۋى قاششاقلىق!... — دېدى دامولla پەس ئاۋازدا، ئۇنىڭ چىرايى ئازاپلىق تۈس ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ دېگەن بۇ گېپىنىڭ مەنىسىنى مۇھەممەتتۇرسۇن چۈشەنمىدى، — جەڭنامىلەردىن تەسىرلەنگەندەك كۆز يېشى قىلىشىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ تەسىراتى ئادەت كۈچىدىن، خالاس! توغرا تەسىرلىنىش ئەمەس، جەڭنامىلەر نېمىنى سۆزلەۋاتىدۇ؟ نېمىنى تەرغىپ قىلىۋاتىدۇ؟ بۇلارنى بىلمەيدۇ! ئويلاپ باقايمۇ دېمەيدۇ!...

سەن - سەن دۇنيا، سەن دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن؟

مەن ـ مەن دېگەن يارەننى
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن.

ئومۇمىي شاۋقۇن ئىچىدە بىر پالەچ ئايال دىۋانىنىڭ زىل ئۈنىمۇ ئىشتىلەتتى:

پاتىمەمنىڭ كۆينەكى،
يەتمىش يەردە ياماقى...

**2**

كېرەكسىز، مۇستەھەپ ئىشلار ئۈچۈن جاننى پىدا قىلدۇق،
ۋە لېكىن ھەجگە باج ئالسا تۇزۇپ قاچقانىمىز باردۇر.

ــ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

ــ بايا سىلى قازان، «شۇرا» ھەققىدە گەپ قىلغاندەك قىلىۋىدىلە، ــ دېدى ئابدىقادىر داموللا مۇھەممەتتۇرسۇنغا ئۆزىنىڭ يېقىن مەسلەكداشلىرىغا سۆزلەۋاتقاندەك تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، پىيالىسىگە چاي لىقلىغاچ(ئۇلار داموللىنىڭ مېھمانخانىسىدا ئولتۇرۇشاتتى)، ــ مالال كەلمىسە كەچمىشلىرىنى تولۇق سۆزلەپ بەرسىلە، مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزەمگە تونۇش بىر نەرسىگە ئېرىشىدىغاندەكلا قىلىپ تۇرىمەن.

مۇھەممەتتۇرسۇن ساھىپخانىنىڭ شۇنچىلا ئىلتىپاتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا قانداق خىزمەت كۆرسۇتۇشنى ئويلاپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ بۇ كەچمىشلەرنى ئاڭلاش ساھىپخانىنى خوشال قىلىدىغانلىغىنى بىلگەندىن كېيىن، قەشقەردىن سودا كارۋىنى بىلەن بىللە كەتكىنىدىن باشلاپ، تاكى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەنگىچە بولغان

ھەممە ئىشنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى. ھەتتا قايتىپ كېلىش سەپىرىدە ئاتۇش بازىرىدىن ئۆتكىچە راسا يۈزى كۆكەرگىچە تاياق يېگەنلىكىنىمۇ قالدۇرمىدى. پەقەت كۆكتامدا ئايجامال بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كېچە ھەققىدىلا ھېچنېمە دېمىدى. بۇ ئىش ئېسىگە كېلىشى بىلەنلا ئۇلۇغ ئادەملەر قىزىقىپ ئاڭلايدىغان كەچمىشىگە ئاشۇنداق بىر ئىشنىڭ ئارىلىشىپ قالغانلىقىدىن ئىزا تارتتى. شۇڭا ئۇ ئەشۇ ھەيۋەتلىك تۆگە تاغنىڭ روبىروسىدىكى ئوندەك تۈتۈنلۈك كىچىك يېزىدا بولۇپ ئۆتكەن تۇزكورلۇقىنى ساھىپخان بىلىپ قېلىۋاتقاندەك خۇدۈكسىرەپ ساراسىمىگە چۈشكەنىدى. ئۇنىڭغا ھېلىلا «كۆكتامدا بولغان ئىشنى دېمەمسەن؟» دەپ سوئال بېرىلىدىغاندەك كۆزلىرىنى ئۇياق - بۇياققا ئېلىپ قاچاتتى.

بىراق، داموللا ئۇنداق سوئال قويمىدى. پەقەت قازاندىكى تونۇشلىرىنىڭ ئۇچۇرىغا ئېرىشكىنىدىن مىننەتدار بولدى. «شۇرا» ھەققىدىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى سورىدى. ئاخىرىدا بىر خىل ئالىجاناپ خىجىللىق بىلەن:

— شۇنداق قىلىپ ئاتۇشقا كېلىپلا تاياق يېدىم دېسىلە، — دېدى ئۇ، — بىلەملا، سىلىنى ئۇرغانلار مېنىڭ يۇرتلۇقلۇرۇم بولۇدۇ. ئۇلار شۇ كۈنى قايسى بىر شەنى ئالغاندەك خۇشال بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار جېدەلسىز ياشىيالمايدۇ. ئۆزىگە ئوخشاش ھوقۇقسىز، تىلى ۋە دىنى ئوخشاش كىشىلەرنى ئۇرۇشتىن نومۇس ھىس قىلمىغاندىن تاشقىرى بۇنى «نوچىلىق» دەپ ئويلاپ پەخىرلىنىدۇ، — داموللامنىڭ چىرايىنى ئەلەملىك ئېچىنىش چۈلغاپ ئالغانىدى، — ھېلىمۇ ياخشى ئۆلتۈرۈۋەتمەپتۇ، شۇنىڭدىمۇ سورىغى بولمايتى. بىلەملىكىن ھۆكۈمەت دەل ئاشۇنداق نادان نوچىلاردىن پايدىلىنىپ بىزنىڭ ئارىمىزغا ئاداۋەت ئۇرۇقى چېچىش، ئىتتىپاقىمىزنى بۇزۇش مەقسىدىگە يېتىدۇ. شۇڭلاشقا ھۆكۈمەت ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇھىم ۋەزىپىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا ئورۇنداپ بېرىۋاتقان قاپاق نوچىلارغا سوت يوق. ھەقلىق يۈسۈندا ئېيتالايمىزكى، ئۇلار ھۆكۈمەت بېقىۋاتقان لالما ئىتلار!

مۇھەممەتتۇرسۇن نىمىشقىدۇر خىجىل بولۇپ قالدى. داموللامنىڭ يۇرتلۇقلىرىدىن تاياق يىگەنلىكىنى دېيىش بىلەن ئۇ كىشىنى ئۇۋايسىزلاندۇرۇپ قويدۇممىكىن دەپ پۇشايمان قىلدى. شۇڭا گېپىنى بۇراش ئۈچۈن:
ــ بايا سىلى ماڭا بىرنىمىنى پۇرسىتى كەلگەندە چۈشەندورۇپ قويىمەن دېۋىدىلە...ــ دېدى.
ــ نىمە دېگەن بولغىيدىم ؟ قايسى گەپ ئارىلىغىدا بولغانىدى؟
ــ بايا سوراق ئۈستىدە. مەن ھېلقى ئابدۇللا دامولىلىنى ئۆتتۈرۈمەن دېگەندەك گەپلەرنى قىلغاندا...
ــ ھە، ــ دېدى دامولла پىشانىسىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ، ــ ئېسىمگە كەلدى. مەن ئەسلىدە بىرەر ئەپ پۇرسەتتە، جانلىق مىسال ئۈستىدە چۈشەندۇرۇپ قويارمەن دېۋىدىم. نىمىشكە دېسىلە، بونداق مىساللار بىزدە ئاز بولمايدۇ، ئانچە ھايالدىمايمىز ھەم نېرىغا بارمايمىز. بىراق، ئۆزلىرى سوراپ قالدىلا، چۈشەنچەمنى ئېيتاي ئەمسە،ــ دامۇللا چايدىن ئازراق ئوتلاپ قويۇپ سەل- پەل تۇرۇۋالدى، ــ مەن سىلىگە ئۆزلىرىدەك يالاڭتۆشتىن بىرەنى ئۆلتۈرۈشكە قۇربىلىرى يېتىدۇ، ئەمما خوجايىنلارغا نىسبەتەن بۇنداق جۈرئەت سىلىدە بولۇشىغا ئىشىنەلمەيمەن دېگەنمىدىم؟ شۇنداق. بىز ئويلىمايمىزكى، بىر ئىگىسىز دىۋانىنى ئۆلتەرسەكمۇ قاتىل بولۇمىز، ئادەم خۇنى. بىر خوجايىننى، زالىمنى ئۆلتەرسەكمۇ قاتىل بولۇمىز، يەنە ئادەم خۇنى. ئەمما زۇلۇم سالغۇچىنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ جۈرئەت قىلالمايمىز، كېلىشتۈرگىلى بولۇدۇغان زىددىيەت ئۈچۈن، پايدا - زىيان توقۇنۇشى بولمىغان بىر بىچارىنى ئاسانلا ئۆلتۈرۈپ قويىمىز. ئەمدى مەن سىلىگە بۇ سۆزلىرىمنى ئىسپاتلايدىغان بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، سىلى داستىخانغا باققاچ تۇرسىلا، ــ دامولла چايدىن يەنە بىر ئوتلاپ قويۇپ ھېكايىسىنى باشلىدى.
ــ ئانچە ئۇزۇن بولمىدى، قەشقەردە ھۆكۈمەت «خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن» تۆرت ئادەمنى ئاتتى. بۇنداق دېسەم ئۇلار ھۆكۈمەتكە

قارشى ئىنقىلابچىلاردىنمىكىن دەپ قالمىسىلا، ئۇلار تولۇمۇ ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن قاتىللىق قىلغانلار، ئاندىن شۇ جىنايىتى ئۈچۈن ئېتىلغانلار. ئىشنىڭ باشلىنىشى مۇنداق: ئىككى ئاتۇشلۇق يىگىت قەشقەرگە ئوينىغىلى كەپتىكەن، ئۇلار خۇددى «يەرنى كەشىم، ئاسماننى بۆكۈم» دەيدىغان مەغرۇرلۇق بىلەن قاڭقىپ يۈرۈپتۇ. كېيىن بىر تار كوچىدا يالغۇز كېتىۋاتقان جۇۋانغا ئۇچراپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ بەڭۋاشلارنىڭ بۇغرىسى تۇتۇپ، ئۇنىڭ پەرەنچىسىنى قايرىماقچى بوپتۇ. ناشايان چاقچاقلارنى قىپتۇ. ئايال ئۆزىنى ئۇيان ئېپقېچىپتۇ، بۇيان ئېپقېچىپتۇ، بولماپتۇ. يالۋۇرۇپتۇ، ئۆيەم مۇشۇ كوچىدا، ئۆيدىكىلەر چىقىپ قالسا ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەس، ھەر بىرلىرىنىڭمۇ ئاياللىرى، ئاچا - سىڭىللىرى باردۇ، ئۇنداق قىلىشمىسىلا دەپ نەسىھەت قىلسىمۇ بولماپتۇ. بىچارە ئايال بولالماي جار سالغانىكەن، بىر نەچچەيلەن ئۆيلىرىدىن چىقىپ، نىمە گەپ دەپ يۈگۈرۈپ كەپتۇ. ئايال بولغان ئەھۋالدىن داتلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆرت ئەر كىشى سەن - پەن دېيىشىپ قاپتۇ.

— ئاچاڭ يوقمۇ ھەقاسىڭنىڭ!؟

— بۇ سىنىڭ ئاچاڭمىتى، ئۇقماپتۇق.

— زاڭلىق قىلىۋاتىدا ما ئاتۇشلۇق! — ئۇلار گەپنىڭ تەلەپپۇزىدىنلا ئاتۇشلۇقلارنى تونۇۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مۇشتلاش، قىيا - چىيا باشلىنىپتۇ. ئاڭغىچە ئادەملەرمۇ كۆپىيىپتۇ. ھېلىقى ئايالنىڭ ئېرىمۇ چىقىپتۇ. ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماپتۇ. غورۇرى ئىسيان ئېتىپتۇ. بىز خەق ئۆزىمىزمۇ باشقا ئىشتا مەست كاللىدەك يۈرۈپ، غۇرۇرنىڭ نىملىكىنى بىلمىگەن بىلەن ئايال ئارىلاش ئىشلاردا غۇرۇرىمىز ئويغاق تۇرىدىغان، قەھرىمانلىقىمىز تۇتۇپ كېتىدىغان خەق ئەمەسمۇ، — داموللا بىر ئېغىز مەسخىرە ئارىلاشتۇرۇپ، ئىستىھزالىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ئەر بولغۇچى قولىغا پىچاق ئاپتۇ. ئاتۇشلۇقلار ئىم، بولمىدى، دەپتۇ - دە، بىر تەرەپتىن

مۇھاسىرىنى يېرىپ بازار بولۇدىغان كوچىلار تەرەپكە قېچىشقا ئۇرۇنغاچ، بىر تەرەپتىن جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىراپتۇ:

ــ ئادەم ئۆلدى! ئاتۇشلۇق بوساڭ كەل!...

بۇ يەر بازار بولۇدۇغان كوچىلارغا ئانچە يىراقمۇ ئەمەسكەن، شۇڭا بىردەمدىلا بازار بۇ يەرگە كۆچكەندەك قايناپ كېتىپتۇ. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە باشقا ئاتۇشلۇقلارمۇ باركەن، شۇنداق بولسىمۇ كۈچ سىنىشتۇرمىسى جەھەتتە يەنىلا قەشقەرلىكلەر كۆپ ئىكەن. شۇڭا ئاتۇشلۇقلارنىڭ ھەممىسى پىچاقلىرىنى ئېلىپ، ئوڭمۇ ـ تەتۈر شىلتىغاچ قاچىدىغانىنىڭ ئىپىنى ئىزدەپتۇ. پىچاق بەزىلەرنىڭ يۈزىنى تىلىپتۇ، بەزىلەرنىڭ قارنىنى يېرىپتۇ. ئۆلارنىڭمۇ ساق يېرىنىڭ تايىنى قالماپتۇ. سۈرۈلۈپ ـ سۈرۈلۈپ چوڭ كوچىغا چىققاندا ھۆكۈمەت چېرىكلىرى يېتىپ كېلىپ جېدەلنى بېسىقتۇرۇپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەيپكارلىرىنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپتۇ. شۇ مەيداندا ئون بەش ئادەم يارىلىنىپ، ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى كېيىن مەلۇم بولۇپتۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ھېلىقى ئايالنىڭ ئېرى، ئۇنىڭ قوشنىسى، كېيىن يېتىپ بارغان مۇناسىۋەتسىز بىرىمۇ باركەن. ئۇ جېدەلنىڭ باش ـ ئايىغىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا «ئاتۇشلۇق بىلەن قەشقەرلىق ئۇرۇشۇۋاتىدۇ» دېگەننى ئاڭلاپلا يۈرتۋازلىق «غۇرۇرى» ئويغۇنۇپ كېتىپ كەلگەنلەردىن ئىكەن.

ئويۇننىڭ قىزىقى ئارقىدا تېخى. ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى، تۇققانلىرىنىڭ تۇققانلىرى «قانغا ـ قان ئالىمىز، جانغا ـ جان ئالىمىز» دېگەن ئۇلۇغۋار شۇئار بىلەن، قەھرىمانلارچە ئىلگىرىلەپ، يامۇلنى ، تۈرمىنى ئۇرۇپ چاقماقچى بولۇپ غەۋغا كۆتۈرۈپتۇ. نۇرغۇن چېرىكلەر زادىلا توسۇۋالالماپتۇ. چېرىكلەر ئوق چىقارسىمۇ پىسەنت قىلماپتۇ. يەنە چاغدا چېرىك كېلىۋاتىدۇ دېسە، گۇناھى بولمىسىمۇ سىيۇۋېتىدىغان بۇ خەق ئەمدى شۇنداق قەھرىمانغا ئايلىنىپتۇكى، بۇ قۇشۇننىڭ ھەيۋىتىدىن شەھەرنى تۇپ ـ تۈز قىلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەرمىش. ئاخىرى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قەھرىمان

قوشۇننى ئىتتىپىمۇ توسالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قايسى بىر دانانىڭ مەسلىھەتى بىلەن موللا ئۇلىمالارنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. موللىلار يېگەن نېنىغا يارىشا(ھۆكۈمەتنىڭ تۇزىنى ئاقلاپ) پەتىۋالارنى توقۇپتۇ ـ دە، ئۇلارنى مىڭ تەستە پەسكارىغا چۈشۈرۈپتۇ.

ئەمدى ئويۇن ئىككى سەھنىدە باشلىنىپتۇ. بىرى سىرتتىكەن: قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتلىرى تاپقان ـ تەرگىنىنى يامۇلدىكىلەرگە سوغات قىلىپ، بىرىگە ـ بىرى ئۇچراشماي كىرىشىپ خۇشامەت قىلىپ، ئۆز تۇققانلىرىنى قويۇۋېتىش، قارشى تەرەپنى قاتتىق جازالاش تەلىپى بىلەن، «دارىن» لارنىڭ چۆنتىكىنى توشقۇزغىلى تۇرۇپتۇ. يەنە بىر ئويۇن تۈرمىنىڭ ئىچىدە ئىكەن: تۈرمىدە بۇ كۆرەش قەھرىمانلارچە داۋاملىشىپتۇ. ئۇ يەردىمۇ ھەر ئىككى يۈرتنىڭ ئەنە شۇنداق كىرەكسىز ئىشلاردا قەھرىمانلىق كۆرسۈتۈپ قالغان كىشلىرى يېتەرلىك ئىكەن. شۇڭلاشقا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى پەر كەپتۇ. ئۇلار خالاغا چىققان پۇرسەتنىمۇ، شامالداشقا چىققان پۇرسەتنىمۇ چىڭ تۇتۇپتۇ. ھەر قايسى سولاقخانىدىكىلەر خۇددى مەخپى خىزمەت دائىرىسىدە تەربىيىلەنگەن كىشلەردەك ئىنتايىن پۇختا، ئىدىتلىق ئىشلىشىپتۇ، ئالاقىلەر يۈرۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بىرەر تايىنى بار ھەركەت بىلەن قولغا ئېلىنسا دەرھال يىلى چىقىپ«دارىن» لارنىڭ ئايىقىغا يىقىلىدىغان بۇ بىچارە مىللەت، مانا شۇنداق ئەرزىمەس ئىشلاردا قەھرىمانانە جاسارىتىنى راسا نامايان قىپتۇ.

سىرتتىكىلەر خۇشامەت ئۇچۇن «دارىن»لارنىڭ بوسۇغىسىدىن ئەگىپ كېتەلمەي، داستىخان كۆتۈرۈپ يۈرگەن يوللىرىدا قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرى بىلەنمۇ دوقۇرۇشۇپ قاالىدىكەن، بۇنداق چاغلاردا قىسقا كۆرەشلەر، ئوتتۇرا ھال جاراھەتلەر پەيدا بولۇپمۇ تۇرىدىكەن.

تۈرمىدىكىلەر بولسا بىردەم بىرىنىڭ بېشىنى يارىدىكەن، ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاۋۇلاردىن بىرىنى خالادىكى نىجاسەتكە بېشىچە پاتۇرۇپ قويىدىكەن. ئەتىسى يەنە بىر تەرەپنىڭ ئادەملىرى ھىساپىنى بالانس قىلىش ئۈچۈن يەنە بىرىنىڭ قۇلىقىنى ئۈزىۋالىدىكەن، ئۆگۈنى ئۆزلىرىمۇ

بۇرنىدىن ئايرىلىدىكەن. بۇ تىز پۈكمەس قەھرىمانلارنىڭ كۆرشى تاكى سىرتتىكى تۇققانلىرىنىڭ يامۇلغا تۇشۇغىدەك بىر نىمىسى قالمىغانغىچە داۋاملىشىپتۇ. شۇندىلا ئەمدى «دارىن» كەينىگە تارتسىمۇ بىر نىمە كەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، تۈرمىدىكىلەرنىڭ تۆرتىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپتۇ. قالغانلىرىغا ئۆمۈرلۈك زىندان ھۆكۈم قىلىنىپتۇ.

مانا قەھرىمانلىق! بۇ مىللەت قەھرىمانلىقىنى ئۆز ئىچىدە ئوبدان جارى قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىمىز ئۆلتۈرىمىز تۆرتنى، تۆرت نۇپۇسىمىزغا زىيان. ھۆكۈمەت بىزگە «ئىگە» بولۇپ، ئادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ تۆرتنى ئاتىدۇ، جەمئىي سەككىز نۇپۇسقا زىيان. يەنە تېخى بىر مۇنچە ئەرزان ئەمگەك كۈچى بىلەن ھۆكۈمەتنى تەمىنلەيمىز.

ئاياللار خۇسۇسىدىن قەھرىمانلىقى قوزغۇلۇدىغان بۇ مىللەت ماتىتەينىڭ كۆن بۇيى نىمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ ئۇنىڭغا نازارەت قىلغۇدەك جۇرئىتىمىز نىمە قىلسۇن؟ بىز پەقەت بىر - بىرىمىزگە ھېزى بولساقلا بولدى. ماتىتەي ۋە ئۇنىڭ قول چۇماقلىرى ئۆزىمىزدىن بولغان شوۋچىلارنىڭ تونۇشتۇرىشى بىلەن قانچىلىغان قىز - جۇۋانلارنى بۇلغاپ بولدى؟ مانا، مېنىڭ سىلىگە دېمەكچى بولغانلىرىم.

مۇھەممەتتۇرسۇن خۇددى ئۇزۇندىن بۇيان تېڭىپ قويۇلغان كۆزى بىردىنلا ئېچىلىپ، بىردىنلا يۇرۇقلۇققا چىققاندەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ نىمە دەرىنى بىلمەي قالغاندىكى بىر خىل روھى ھالەت بىلەن داموللىنىڭ پەرىشتىدەك چىرايىغا قاراپ كۆلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ ئېسىگە ئانىسى كېلىۋالغاندى...

— ھەممىدىن ئېچىنىشلىقى شۇكى، — دېدى داموللا بىر ھازا سۈكۈتتىن كېيىن، — نادان خەلقتىنىغۇ ئاغرىنغىلى بولمايتى، بىراق، ئۇقۇمۇشلۇقلىرىمىزنىڭ تۇمۇرلىرىدىمۇ ئەنە شۇنداق مەزھەپچىلىكنىڭ قۇرۇتلىرى قىمىلداپ، قۇتراپ تۇرۇدۇ، ئەسەبىيلىك قوزغاپ تۇرۇدۇ. بەزى ئۇقۇمۇشلۇقلىرىمىز ئەقىل كۈچى بىلەن بۇ زىيانلىق قۇتراتقۇ قانىنى بېسىپ تۇرىدۇ. ئەمما بەزى پەيتلەرگە كەلگەندە نەسلىدىن - نەسلىگە يۇقۇپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئەسەبى قان ئۇلارنىڭمۇ ئەقلىگە مىنىۋالىدۇ.

ئاشۇ ئىسكەنجىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئۇلار ئەمدى پاراڭلىرىنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىپ بىردەم قەشقەرنىڭ هازىرقى ئەھۋالى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ھەققىدە پاراڭلاشتى. ئاندىن ئابدىقادىر داموللا مۇھەممەتتۇرسۇننى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ئويلۇشۇدىغان ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

ــ خوش، ئىنىم، ئەمدى سىلىنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ باقايلىمۇ؟ــ دەپ سورىدى ۋە ئاتىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن. (مۇھەممەتتۇرسۇن ئاتا مېھرى كۆرمەي ئۆسكەن يېتىم بولغاچقا، بۇنداق مېھرىۋانلىق ئالدىدا بوشىشىپ، كۆز چاناقلىرى ئېچىشىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا يامىشىپ كەتتى)، ــ ئەگەر سىلىنىڭ بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقلىرى تېخى سوۋۇمىغان بولسا، ...

ــ ياق، سوۋۇمىدى! ــ دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن خۇدىنى بىلمەي گەپنى بۆلۈپ، ــ مەن بالدۇرقىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىزىپ كېتىۋاتىمە.

ــ ياخشى. ئۇنداق بولسا، يېتىملەر ئۆيىدە يېتىپ قوپسىلا، هازىرچە «توقام» مەدرىسىدە تەلىم ئالسىلا، قانداق؟

ــ ...«توقام» مەدرىسىدە؟ ئۇ يەدە كىمدىن تەلىم ئالىمەن؟ مەن سىلىنىڭ ئۆزلىرىگە شاگىرت بولۇشنى ئارزۇ قىلىتتىم...

ــ «توقام» مەدرىسىدە مەنمۇ دەرس بېرىمەن، شەۋقى هاجىممۇ بار. كۆپرەك شۇ كىشى سىلەرگە ئىگە بولۇدۇ.

ــ سىلىچۇ؟ مەن سىلىگە...

ــ ئىنىم، شەۋقى ھەزرىتىمنى ماڭا ئوخشاشلا كۆرسىلە. ئۇنىڭ تەلىمىنى ئالغان بىرىنچى كۈنىدىن كېيىن مەن سىلىنى ئۆزەمگە قارىتالماي قالارمەنمىكىن؟ــ دەپ چاقچاق قىلدى داموللا.

بۇ گەپ بىلەن مۇھەممەتتۇرسۇن سەل كۆڭۈل تىنىدۇردى. ئەمما ئۇ ئويلاشمىسا بولمايدىغان يەنە بىر ئىش بارلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

ــ موللا دادا ــ دېدى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا، ئاۋازىنى تىترىتىپ، ــ مەن يېتىملا ئۆيىدىكى باشقا باللاغا ئوخشىمايمەن. نىمىشقا دېگەندە ، مەن دېگەن ساقال چىققىلى تۇرغان ئادەم، نەزرە ـ

نۇزرەت، خەير ـ ئىھسانىنى يەپ ئۇقۇيمەن دەپ ژۇسەم سەت بولۇدۇ. شۇڭا مەن ھەم ئوقۇسام، ھەم نېنىمغا چۇشلۇق ئىشلىسەم دەيمەن. سىلى ماڭا توغرا كېلىدىغان ئىش تېپىپ بەسلە، شۇنداق قىلسامىكىن...

— ياخشى گەپ، بۇ گەپتىن مەلۇمكى، سىلى تەييارغا ھەييار بولۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان جان باقارلاردىن بولۇشنى خاھلىمايدىغانلىقلىرى ئېنىق. مانا بۇ بىر ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك تەبىئەت. مەن ئىش تېپىپ بېرىمەن، ئەلۋەتتە.

مۇھەممەتتۇرسۇن دەرھال رەھمەت ئېيتىدىغانىغا گەپ تاپالمىغاچقا، ئوڭايسىزغىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئەمىسە مەن بىلەن يۈرسىلە، يېڭى ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، تۇرالغۇلىرىنى كۆرسۈتۈپ كېلەي.

# ئۈچىنچى باپ

## 1

— قالتىس ئادەملەكەن، — دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن. ئۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆزىگە ھامىلىق قىلغۇچىلارنى، ئۇستازلىرىنى ماختاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھەپتىدە ئىككى ئاخشام تاغىسىنى يوقلاپ تۇراتتى. ھېلىقى ئابدۇللا دامولla تاغىسىنىڭ ئۆيىگە يېقىن يەردە ئولتۇرىدىغان بولغاچقا بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپمۇ قالاتتى. ئابدۇللا دامولla ئۇنىڭغا قەھرلىك نەزەردە قاراپ قوياتتى. ئۇ بولسا غالىپلاردا بولۇدىغان كەڭ قوساقلىق بىلەن «موللىكا، قايان يۈردىلە؟» دېگەندەك گەپلەر بىلەن سالام قىلىپ قوياتتى. دامولla بولسا جاۋابەن دىمىقىنى قېقىپ قوياتتى. ئۇ ھەر قېتىم تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كەلسە مەزمۇنغا تولغان ھاياتىدىن نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. مەدرىس ھەققىدە، ئابدىقادىر دامولla، قۇتلۇق شەۋقى ھەققىدە ئىپتىخارلىنىپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرىدىكى ئۆزىنى تەسىرلەندۇرگەن جايلارنى زوق - شوقى بىلەن سۆزلەيتى، — شۇنداق قىلىپ خۇدا خالىسا خېلى كۆزۈم ئېچىلىپ قېلىۋاتىدا. بەزىدە ئۇستازلىرىمنىڭ ئۆز - ئارا سۆھبەتلىرىگىمۇ داخىل بولۇپ قالىمەن. ئۇلا مىنى «ئىلىم ئاشىقى» دەپ ئەكىلىتىدۇ، شۇڭا بىسىنىڭ ئۆيىدە سۆھبەت قىلىدىغان بولۇپ قالسىلا مېنى ئىش - كۇشلەرگە قارىشىپ بېرىشكە قىچقىرىۋالىدۇ. مەن ئىش - پىش قىلغاچ گەپلىرىگە قۇلاق سالىمەن. بەزىدە دەپ كېتىمەن: خۇدا، موللىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى، ھېچ بولمىغاندا يېرىمى ئاشۇلادەك

بوسا جاھان بۇنچىمۇ بولۇپ كەتمەستى. راس ئەمەسما...
— ئۇكام، — دېدى تاغىسى رەڭگىنى تاتارتىپ، سەن قۇرۇق گەپ بىلەن بولۇپ، جاھان تۇتۇشۇڭنى ئويلىماۋاتىسەن، كېيىن پۇشايمان يەپ قالاسەنمىكى؟ پۇل تاپماي، ئاشۇنداق ئاقمىغان گەپلەرنىڭ كەينىدىن ژۇرۇۋەسەڭ، كېيىن نىمە بولا؟ يەنە كېلىپ ھازىر قەشقەرنىڭ كۆپچۈلۈك موللىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدىقادىر داموللا دىگىنىڭ ۋاھابىمىش، دىنىدىن چىققان بىر نىملەرنى ئۇگەتكۇدەكمىش، ساپلا ئىسيانغا قۇترىتىدىغان بىژنېملەرنى. ھۆكۈمەتمۇ ئۇ كىشىگە ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيدۇ، چوڭ بايلارنىڭ، كۇنسۇل جاناپلانىڭمۇ ئانچە خۇشى يوق، شۇڭا مەن سەندىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.
— تاغا، گەپلىرى تازا چەك باسمايدىغان گەپ بولدى. ئۇ دىنىدىن چىققان بولسا ئەجنەبى جاناپلارنىڭ دىتىغا ياقمامتى؟ ئەمەلىيەتتە دىنىدىن چىققانلا ھېلىقىدەك، ئابدۇللا داموللىدەكلە، ئۆمەر بايدەكلە. شۇڭا ئۇلا غەيرى مۇسۇلمانلىنىڭ پىشىدە ناماز ئوقۇيدۇ.
— مانا، مانا، دېمىدىمۇ، ھېلىتىنلا تىلىڭ ئۇزىراپتۇ، «ئېغىز ژۇگرىكى باشقا» دەپ بېشىڭغا چىقمىساڭلا مەيلىتىغۇ.
— توغرا ئىش ئۇچۇن بېشىمغا چىقسام چىقىپتىمەن، ھەقچان بىر ئۆلۇدىغان ئىشقۇ. سىلى تەرپىنى ئېلىۋاتقان موللىلا قۇرئاننى توغرا تەپسىر قىلمايدۇ، ئۆزىنىڭ نەپسى، ئىت جېنىنى قوغداپ قېلىش ئۇچۇن بۇرمۇلاپ مەنا چىقىرىدۇ. ئابدىقادىر داموللام بىزگە بىر ئايەتنى يېشىپ بەدى، بۇنى ھازىرغىچە ھېچقاندىقاق موللىدىن ئاڭلاپ باقمىغان. شۇنىڭغا قاراپ باشقا موللىلادىن كوڭلۇم قالدى. بىزنىڭ دىنىمىز شۇنداق ئۇلۇغكەن، قۇرئاندا شۇنداق بەلەن گەپلە باركەن، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە كېرەكلىك يەلىرىنى نىمىشقا يوشۇرۇدۇ؟ يا بومىسا ئۇلا ئۆزىگە پايدىسى با يېرىنىلا ئوقۇغانمىدۇ؟
— نىمە ئايەتكەن ئۇ؟ شۇنچە جىق پايدا چىقىدىغان بولسا مەنمۇ ئاڭلاپ باقاي.
— قۇرئان كېرىمدە شۇنداق دېيىلىپتۇكى:« ... ئۇچرىغان زۇلۇمغا

قارشى تۇرالايدىغانلىغا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاپ تېخىمۇ كاتتىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر». قېنى ئەمدى سىلى ئېيتىپ باقسىلا، ئىلگىرى قايسى موللا بۇنى تەپسىر قىلغان؟ سىلى ئاڭلاپ باققانما؟
— بۇنىڭ نىمىسى سىنى شۇنچە ئېسەنگىرىتىۋەتتى؟ باشقا موللىلا دېگەن بولسا، دېمىگەن بولسا نىمە بولماق؟
— ئۇلار بىزنى زامان قاسساپلىرىغا يۈۋاشلىق بىلەن يېتىپ بېرىشكە ئۈندەيدىغان پەتىۋالانىلا چىقىرىشنى بىلىدا. زۇلۇمغا ئۈچرىغانلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۆرەش قىلىشى لازىملىقىنى، كۆرەش قىلغانىنىڭ ساۋابى بالىقىنى، زۇلۇمغا قۇللاچە تىز پۈكۈشنىڭ ئاسىيلىق بولۇدىغانلىقىنى چۈشەندۈمىسە، بۇنىڭ كارايىتى بولمامدىكەن؟
— مانا، مانا! خەتەر! خەتەر!ئابدىقادىر داموللا ھەقاسىڭدەك يېتىمەكلەنى يىغىۋېلىپ ئىسيانغا قۇتىرىتىۋېتىپتۇ - دە!
— قۇرئان كېرىمنىڭ ھۆكمىگە نىمە دەيسەن؟
— مەنغۇ قارا تۇرۇك، ئەمما ئىشەنگۈم كەلمەيدا. قۇرئاندا راستىنلا شۇنداق گەپ بامۇ - يوق، بۇنىسى قاراڭغۇ. ئۇكام، بۇ گەپلىرىڭدىن مەن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمە. ھەر ھالدا مەن سەندىن بىر - نەچچە ئىشتاننى ئارتۇق ژىتقاندىكىن، مىنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ قويساڭ بولىتتى. راست دەپتىكەن دەيسە، ئىشەنگەن ئادەملىرىڭنىڭ ئۆمرى كۆتە(كوتا)، زامان - زاماندىن كېلىۋاتقان رەسىمنى بىژ نەچچە موللاڭ ئۆزگەرتىۋېتەلەمتى؟
— ئۇلار بىزنى تەربىلەيدۇ، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ، بىز تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى تەربىلەيمىز، شۇنداق قىلىپ...
— شۇنداق قىلىپ نىمە قىلماقچى؟ھۆكۈمەتنى ئۆرۈمسىلە؟ دارىنلاغا تەڭ كېلەلەمسىلە؟ بىژ نەچچە يېتىم ئوغلاق؟
— پۈتۈن خەلق، جاپا چېكىۋاتقان ئاۋام بىز تەرەپتە.
— ئۆزەڭنىڭ ئىشىنى بىلگىنىڭ ياخشى بولامىكىن!«ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دېگەن گەپ باغۇ؟ زۇلۇمنىمۇ بىكادىنلا سالمايدۇ - دە، خوجايىن نىمە دېسە خوش دەپ تۇرساڭ بىھۇدە ئۇرامدا سېنى؟

— مەن ئادەم، قۇل بولغۇم يوق! خەلقنىڭ كۆچى چەكسىز، كۆپنىڭ تىلىكى ئىجابەت. ئاللاھمۇ كۆپنى قوللايدۇ.

— خەلق؟ كۆپچۈلۈك؟ بىر توپ يالاڭ تۆشما؟ دارىنىڭ بىر چېرىگىنى كۆرسە «چىچا يېرى سامانلىق» بولۇدا.

مۇھەممەتتۇرسۇن تاغىسىغا ھەيران قالدى. ئۇ ئىلگىرى تاغىسىنى خېلى ئوبدان ئادەم دەپ ئويلايتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بىلەن پىكىر ئىختىلاپى كېلىپ چىققاندىلا تاغىسى بىلەن كېلىشەلمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلدى. شۇڭا ئۇ چوڭ ئادەم بىلەن تاكاللىشىپ نىمە قىلاي دەپ ئويلاپ، قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ كېتىۋېتىپ ئابدۇللا داموللىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن قالغاندا ئۇ يەردە بىر نەچچەيلەننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئارىلىق ئانچە يىراق بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىمۇ ئاڭلىناتتى. شۇنىڭدىن ئابدۇللا داموللىنىڭ ئاللىقانداق مېھمانلارنى ئۇزۇتۇپ چىققانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. سۆز ئارىسىدا بىر نەچچە «دارىن»نىڭ، ئۆمەر باينىڭ ۋە ئاللىقانداق ئەجنەبىي ئەپەندىلەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىندى.

مۇھەممەتتۇرسۇن يېتىپ بارغىچە مېھمانلار خوشلىشىپ ماڭدى. ئۇ ئالدىكى ئۈچ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلگۈسى كېلىپ قەدىمىنى تىزلەتتى. تار كوچىدىن ئۆستەڭبويى كوچىسىغا چىققاندا بىر دۇكاننىڭ شام يۇرىقىدا ئۇلارنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. بۇ قىياپەتلەرنى تونۇغاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆمەرباينىڭ ئۆيىدىكى غوجىدارمۇ، ئەيتاۋۇر بىر نىمە ئىدى. يەنە بىرى ھەمىشە چىنىۋاغ[1] تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئۆزىمۇ ئەجنەبىچە كىيىنىۋالىدىغان بىرەيلەن بولۇپ، يەنە بىرى ھۆكۈمەت ئادىمىدەك قىلاتتى.

«بۇ ئادەتتىكى مېھماندارچىلىقمىدۇ؟ ياكى سۇيىقەست ئۈچۈن تىل

[1] چىنىۋاغ — قەشقەر شەھرىدىكى يەر ئىسمى بولۇپ، ئىلگىرى چەتئەل كونسۇلخانىلىرى مۇشۇ مەھەللىدە ئىدى، — ئا.

بىرىكتۈرۈشمىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ سەل - پەل تەشۋىشلىنىپ قالدى. «بۇ جاھاندا ئەزەلدىن ياخشى ئىشقا پۈتلاش تولا» خۇدايىم ياخشى بەندىسىنى بالدۇر ئېلىپ كېتەرمىش...

مۇھەممەتتۇرسۇن «يېتىملار ئۆيى»گە قايتىپ بېرىپ، ھەمراھلىرىنىڭ تۇن نىسپىگىچە داۋاملاشقان مۇنازىرە، مۇتالىئەلىرىگىمۇ ئارىلاشماي يېتىۋالدى. بىراق، زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ گاھ چەتئەلدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىسە، گاھ كەلگۈسى مەنزىرىنى — ئۇستازلىرى سىزىپ كۆرسەتكەن پارلاق كېلەچەكنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. گاھ نۆۋەتتە ئۇنى ۋە ئۇلارنى نىمىلەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى تەشۋىش بىلەن ئەسلىسە، گاھ كۆكتامدا ئۆتكۈزگەن بىر كېچە، ئايجامالنىڭ ئۆزىگە خاس تىنىقى ۋە پۇرىقى كېچەتتى. شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئالىلىقاچان ئۆيلىنىش يېشىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا بىر ئائىلە بەرپا قىلغۇدەك قۇدرەت يوقىدى. بۇ ھال ئۇنى يەنە باشقا خىياللار سەھراسىغا باشلاپ كېتەتتى. بىر كېچىدىلا باي بولۇپ كەتكۈسى كېلەتتى. ئاندىن ھەشەمەتلىك قورا - جايلارنى سېلىپ راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، ئىگىسىز يېتىملارغا كۆپرەك خەيرى - ئېھسان بېرىشنى ئويلايتى. تۇرۇپلا ئانىسى ۋە باللىقى يادىغا يېتىپ قالاتتى. ئانىسىنىڭ «ئامبالغا يارىغۇدەك» ھالى بار تۇرۇپ، ئاددى كاسىپقا ياتلىق بولۇپ قالغىنى، ئەنە شۇ تۇپەيلى ئۆزىنىڭ تەقدىرى مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالغىنى ئۇنى ئازاپلايتى. زەردارلارنى ئويلىسا ئۇلارغا ئۆچلۈكى كېلەتتى ھەم ھەۋىسى كېلەتتى. ئۆچلۈكى كەلگەندە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، دەردىنى ئالماقچى ياكى بىرەر چىرىكنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قورالىنى ئېلىۋېلىپ، شۇ قورال ئارقىلىق(كېچىسى بايلارنىڭكىگە نىقاپلىنىپ كىرىپ) بايلارنى قورقۇتۇپ بايلىقلاردىن بەھرىمەن بولغۇسى كېلەتتى. بىراق، چىرىكنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىسا يۈرىكى شۈركۈنۈپ، قورقۇنچ بېسىپ كېتەتتى. ئۇ ئابدىقادىر داموللىنىڭ سۆزلىرىنى ئەلەم بىلەن ئەسلەپ، بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى غەزەپ ۋە خىجالەت ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى. نىمىشكىدۇر ئۇمۇ باشقا قېرىنداشلىرىغا ئوخشاشلا كوچىدا بىرەر سەھرالىقنىڭ پېشى تېگىپ

كەتسە ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك ئاچچىغى كېلەتتى ـ يۇ، بىرەر چېرىكنىڭ ياكى باشقا ھۆكۈمەت خادىملىرى، «دارىن»لارنىڭ خورلۇقىغا ئۇچرىسا تۆۋەنچىلىك بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ كېتىپ قالاتتى. بۇ نىمىدۇ؟ رۇھتىكى ئاجىزلىقمىدۇ؟ «ئۆز ئىچىمىزدە بەكمۇ قەھرىمانمىز»، راست ئىكەن. داموللا بىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىمىزنى نەقەدەر چۈشەنگەن ـ ھە!

## 2

قىزىلكۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۆمەن بوھتانىمىز باردۇر.
ــ ئا. ئۆيغۇر

ئۆمەر باينىڭ ئۆيىدە «يۇرت چوڭلىرى»، «دارىن»لار ۋە كۈنسۈلخانا خادىملىرىدىن بىر نەچچىسى مول داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۆمەربايىنىڭ كىبىرىسى ھەققىدە شۇنداق ئاجايىپ يۇمۇرلۇق ھىكايىلەر توقۇلغىنىغا قارىماي، «دارىن» ۋە ئەجنەبىلەرگە كۆرسىتىۋاتقان مۇئامىلىسىدىكى خۇلۇقلىرى ئۇنى تامامەن باشقا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى. بىراق ئۇ شۇ سورۇندىلا ئىككىنچى خىل خاراكتىرىنىمۇ ئىپادىلەپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئوبىكتلىرى باشقا موللا ـ ئۆلىمالار، تۆۋەنراق تەبىقىدىكى مىھمانلاردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللا دامولla ھەم ئۇنىڭ قوشنىسى ــ باش قەھرىمانىمىزنىڭ تاغىسى ھۆسىيناخۇنمۇ باردى.

ــ دارىن جاناپلىرى، سىلى ئىشەنمەيلا، ئۆزلىرى ئاڭلاپ باقسىلا، ــ دېدى ئۆمەربايى تۆۋەنچىلىك بىلەن قۇللۇق بىلدۇرۇپ، ــ لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، غۇرىگۇل داستىخان راستلاپ، ئۆزلىرىنى ئاتايىن ئاۋارە قىلىشتىن مەخسەت شۇتى، مانا بۇ كىشى ئابدۇللا دامولla، جەدىتلەرنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، مۇنۇسى ئۇنىڭ قوشنىسى

ھۆسىيناخۇن، بۇ كىشى ھەممە ئىشنىڭ گۇۋاچىسى، بىزگە كېرەكلىك خەۋەرلەرنى تەمىن ئېتىپ تۇرالايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى «توقام» مەدرىسىدە «جەدىت» تەلىملىرىنى ئاڭلاپ، «يېتىملار ئۆيى»دە پىتنە - پاسات سېتىپ ياتىدىغانلاردىن بىرى.

— ھېچقىسى يوق، بىكار ئاۋارە بولۇپسىلەر، — دېدى «دارىن» ئۆزىگە خاس كىبىر بىلەن، — بۇ ئىشلارنىڭ قورقۇپ كەتكۈدەك نىمىسى بار؟ چۈمۈلىلەر دەرەخنى لىڭشىتالامتى؟

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، بىزنىڭ يۈز - ئابرۇيىمىز قالمىدى، — دەپ داتلىدى موللىلاردىن بىرى.

— ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلۇغلىقىغا شەك كەلتۈرگىنىمىز ئەمەس، «دارىن»لىرىمىزنىڭغۇ موينىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ، ئەمما - زە، بىزگە ئاتا بولۇپ، بىز ئۈچۈن بوسىمۇ...

— بىر ئاتۇشلۇق كەلگىنىدى، قەشقەرگە پۇت سىغدۇرۇۋېلىپلا، بېشىمىزدا ياڭاق چاققىلى تۇسا چىدىغىلى بومايدىكەن، دارىن!...

— خوش، نىمە يېڭىلىقلار بار؟

— يېڭىلىقلار با ئەلۋەتتە، دارىنغىمۇ، ھۆكۈمىتىمىزگىمۇ، چەتئەللىك دوستلىرىمىزغىمۇ ئالاقىدار يېڭىلىقلار با، — دەپ ئالدىراپ چۈشەندۈردى ئۆمەرباي ئەۋرىشىم ھەرىكەتلەر بىلەن «دارىن» تەرەپكە ئىگىلىپ تۇرۇپ. ئارقىدىن ھۆسىيناخۇنگە بۇرىلىۋىدى، بايىقى ئەۋرىشىملىكىدىن ئەسەرمۇ قالماي، ھۆكۈمرانلارغا خاس مەغرۇرلۇق، كۆز - قاپاقلىرىدىن يېغىپ تۇرغىنى بىلىنىدى، — ئەزمەڭنى ئەزمەي سۆزلە، — دېدى ئۇ ۋە پىچىرلاپ قوشۇپ قويدى، — بەزى نەرسىلەرنى قوشۇۋەتسەڭ مەيلى، ئېلىپ قاما!

ھۆسىيناخۇن بۇ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىدا، توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تېپىلىدىغان مول داستىخان ئالدىدا، قەشقەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرغان «چوڭ»لارنىڭ كۆز ئالدىدا ھودۇقماي تۇرالمايتى. بۇ يەتمىگەندەك ئۆمەرباينىڭ كىبىرگە تولغان مۇز چىرايى، قەھىرلىك پىچىرلاشلىرى ئۇنى تېخىمۇ سىقىپ قويغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ

سۆزلىمەي قۇتۇلالمايتى.

— بىزنىڭ ئىنى...، — دېدى ئۇ. ھە دېگەندىلا قاملاشمىغان يەردىن باشلىۋالغىنى مەلۇم بولدى ـ دە، دۇدۇقلاپ كەتتى، — ئاڭلىساق، ...

— نىمە ئاڭلىساق؟ — دەپ ھۇرپەيدى ئۆمەرباي كايىپ، ئۆز قۇلۇقۇڭ بىلەن نىمىنى ئاڭلىغان بولساڭ شۇنى دە!

— ئۇلا ھازىر...— يەنە ئەپلەشمىگىلى تۇرىۋىدى، بىراق، ئۇ ئۆمەرباينىڭ نەشتەردەك كۆزلىرىگە دۇچ كېلىشتىن قېچىپ، يەرگە قارىغىنىچە داۋام قىلدى. ئۇ بۇ ئارىدا قىلىۋاتقان بۇ ئىشىنىڭ پايدا ـ زىيىنى ھەققىدە ئويلىنىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىدى، ئۇنىڭ رەزىللىك ياكى شەرەپلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشەنمەيتى. ئۇنىڭ بىلىدىغىنى، دارىنلار، يۇرت چوڭلىرى لازىم تاپتىمۇ، دېمەك، سۆزلەش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەتتىدى. ئۇ مۇھەممەتتۇرسۇن چېتىلىپ قالارمۇ، ئۇنىڭغىمۇ گۇناھ كېلەرمۇ دېگەنلەرنى غىل ـ پال ئويلىدى ـ يۇ، ئەمما جاۋاپ تېپىشقا ئۈلگۈرمەيلا سۆزنى باشلاپ كەتتى. ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، دېگەندەك ئاددى تەسەللى بىلەن ئۆز كوڭلىنى ياساپ، ئۆمەرباينىڭ ۋەباشقا موللىلارنىڭ كۆڭلىگە يارىشا بەزى نەرسىلەرنى ئۆزى قوشۇپ، ئەدىتىپ سۆزلىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئابدۇللا دامولла ئۇنى راسا بىلەپ ئىتتىكلىتىپ كەلگەنىدى. بۇندىن باشقا مۇشۇ ئاخبارات تۇپەيلىدىنلا ئۆمەرباينىڭ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازىسىدىن ئاتلاش ئۇنىڭغا نېسىپ بولغانىدى. مانا بۇ شان ـ شەرەپكە، ئابرۇيغا ئۇ شۇ سەۋەپتىنلا ئېرىشىپ ئولتۇرغىنىنى ئەلۋەتتە چۈشىنەتتى. ئۆزىنى ئابرۇيلۇق كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇش شەرىپىگە مۇشەررەپ قىلغان «كوزىر»نى چىقارمىسا، ئۇ نىمىتى؟ ئۇنى لالما ئىتنى قوغلاپ چىقارغاندەكلا قوغلاپ چىقىرىدۇ ـ دە!

— ئەلچى جاناپلاغىمۇ ھەمىشە تىل تەككۈزىدۇ، — دەپ داۋام قىلدى ئۇ، — قىممەتلىك بايلىقلىرىمىزنى ئالداپ ئېلىپ كېتىدىغان ئالدامچىلا! دەپ ھاقارەتلەيدۇ. يەنە تېخى ئەجنەبى جاناپلارنى قوغلاپ

چىقىرىمىز دەيدىغان پىلانلىرىمىز بار. پات - يېقىندا بىز ئىش بولىدىغاندەكلا تۇرىدۇ.

— ھېلىقى ئايەتنىڭ گېپىنى دە، — دەپ پىچىرلىدى ئابدۇللا داموللا، — «دارىن»لارغا قارشى خەلقنى ئىسيانغا قۇترىتىدىغان ھېلىقى گەپنى.

— زۇلۇم قىلغانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ساۋاپ دېگەندەك بىر ئايەتنى تېپىپتۇ. بىزغۇ قارا تۇرۇق، بىلمەيمىز، موللىلىرىمىز ئولتۇرۇپتۇ. راست شۇنداق گەپ بارمۇ - يوق، ...ئىشقىلىپ...— ھوسسېيناخۇن مۇھەممەتتۇرسۇن ئېيتىپ بەرگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىنى ئەينەن دېيەلمەي بەكمۇ ھودۇقتى.

— مانا، دېمىدىممۇ، — دەپ ئېچىتتى ئابدۇللا داموللا، — دىنىنى بۇرمىلاپ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ پاكلىقىنى بۇزغىنى ئاز كېلىپ، يەنە تېخى بىزنى ئېھتىياجىغا قاراپ پەتىۋا توقۇيدۇ دەپ ھاقارەتلەپتۇ.

— كۇنسۇلخانىدىكىلەنى ھاقارەت قىلىپ، ئوغرى - قاراقچى دېگەندىن باشقا ، مۇسۇلمانلانى دىندىن چىقىرىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا چىداپ تۇغىلى بولمايدۇ، دېگۈدەكمىش.

— ياق دەيمىنا، دارىنلىرىمىزنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىپ، نامىزىنى ئوقۇماي، خەقنى ئىسيانغا قۇتراتقىنى نىمىسى؟ مۇشۇ كۇنلەگە شۇكرە قىلمىغان ئادەمنى - زە...

— بىز بولسا ئۇ پالشۇكلانىڭ جاسۇسى!

— شۇ! ئۇلۇغ بۇخارايى شېرىپنى ۋەيران قىلغان ئۇرۇسلا بىلەن ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنى ئوخشىشىپ كېتىۋاتامدۇ، قانداق؟

— ئۇنىڭ مەدرىسىدە سۆزلەيدىغىنىمۇ غەلىتىلا، ۋاھابىچىلىق، ئۆزىنىڭ تېپىۋالغان نەرسىلىرىنى مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ئوينىغا دەسسىتىپ، ئەۋلاتلىرىمىزنى بۇزماقتا!

— خەپ - شۇك! — دېدى ئۆمەرباي، ئۇ «دارىن»لارنىڭ بۇ شۇر - شۇردىن بېشى ئايلىنىپ، زېرىكىپ قالمىغىدى دەپ ئەنسىرەپ، خۇشامەت بىلەن قوشۇپ قويدى، — كىچىك بالىدەك چۇڭۇلدىشىپلا

كەتتىڭلار، بۇ يەردە يۇرت ئاتىسى ئولتۇرغىنىنى ئەستىن چىقامايلى!

«دارىن» مەسخىرە قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ ئۈنچىقمىدى. بەلكىم ئۇ بۇ نەپس ئاۋارىلىرىنىڭ ئازراقلا شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرىنى سېتىۋاتقىنىغا كۈلۈۋاتقاندۇر. ئۇنىڭ كۆڭلىدە نىمە ئويلارنىڭ بارلىقىنى ئۆزى ۋە ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتى.

— بۇنىڭ ئەنسىرەپ كەتكۈدەك نىمىسى بار؟— دېدى «دارىن» ئۇلۇغلۇق بىلەن كېرىلىپ. ئۇ يالاقچىلىرىنىڭ ۋەسۋەسە ئىچىدە ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويماسلىقى ئۈچۈنلا ئەنە شۇنداق تەسەللى ئېيتقىنى بىلەن، ئۇنىڭ كۆڭلىگىمۇ دىشۋار چۈشكەندى، ئۇ بۇ ھايۋانلارچە ئورۇندىكى خەلقنىڭ ئىچىدە بىر يېڭىلمەس كۈچنىڭ ئۇرغۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى، بۇ مۇقەررەر تارىخنىڭ ئېقىمى ئىكەنلىكىنى  غۇۋۋا ھىس قىلىپ، شۈركۈنۈپ كەتتى. بىراق، بۇ بىخلارنى يۇمران ھالىتىدە يوقۇتۇۋېتىش ئارقىلىق، تۇغۇلغۇسى بوراننى كېچىكتۈرۈشكە بولۇدۇ دەپ ئويلىدى. قانداق ئامال بىلەن يوقۇتۇش كېرەك؟ ئەلۋەتتە كونا ئۇسۇل ئارقىلىق! بۇ «ئۆز گۆشىنى ئۆزىنىڭ يېغىدا قورۇش» دەپ ئاتىلىدۇ!

# تۆرتىنچى باپ

## 1

> شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركى خەلقلەردە ئۆزلىرىنىڭ مىللەت نامى بولمايدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى ئاھالە ئۆزلىرىنى شەھەرنىڭ ۋە ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى بىلەن ئاتايدۇ. مەسىلەن: «قەشقەرلىق»، «تۇرپانلىق»، قاتارلىقلار.
>
> ــ ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن ئون ئىككى لىكسىيە»دىن.[1]

ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيگەنلىكى دەۋرنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلىرىنىڭ ئالدىغا سورۇننى كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى قويىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىقتىسادىي مەسىلىمۇ بىر زىددىيەت بولۇپ ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتۇردى. ئابدىقادىر داموللا، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق كىشىلەر مەسلىھەتلىشىپ، تاشلىنىپ قالغان لايپەشتاق مەدرىسىنى رىمونت قىلىپ، ئۇ يەردىمۇ يېڭى مائارىپنى يولغا قويماقچى بولۇشتى. ئۇلار بۇ مەسلىھەتنى ئابدىقادىر داموللىنىڭ ئازادە كىتاپخانىسىدا قىلىشاتتى. ئۆيدە پىكىرداشلاردىن ئالتەيلەن جەم بولۇشقان بولۇپ، مۇھەممەتتۇرسۇن ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولغاچ، پەگادا پاكار كوسىدا ئولتۇراتتى.

ــ ئەجنەبىيلەر خەلقىمىزنىڭ نادان ۋە نامراتلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا خىرىستىيان دىنىنى تېڭىۋاتىدۇ. تۇرمۇشتا قىينالغانلار جان

[1] بارتولد (رۇس تۈكشۇناس): «قىسقىچە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل، 6 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 168 ـ بەت، ــ ئا.

بىقىش ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىۋاتىدۇ، ــ دېدى شەۋقى ھەسرەت بىلەن، ــ بىزنىڭ ئاللاھ ئالدىدا، مىللەت ئالدىدا ئۇلارنى تۈپتۈز يولدىن توسۇش، توغرا يولغا باشلاش مەجبۇرىيىتىمىز بار، ئەلۋەتتە.

ــ شۇنداق، ــ دەپ تەستىقلىدى ئابدىقادىر داموللا چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ــ مىللىتىمىزدىكى گادايلىق ئۇلارنى ھەرقانداق يامان يولغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. ھەدىستە دېيىلگەن: «يوقسۇزلۇق كۇپرىغا يېقىن» دېگەننىڭ بىر مىسالى بۇ. بۇ گادايلىق ــ ھەم ماددىي گادايلىق، ھەم مەنىۋى گادايلىق. بۇنداق قوش گادايلىق كېلىماتى ئادەمنى ئەنە شۇنداق پاسسىپ كەيپىياتقا ــ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىدىن مەھرۇم كەيپىياتقا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى گادايلىق ياكى بايلىق بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ. مېنىڭچە بۇ ئىككىسىدىن مەنىۋى جەھەتتىكى بايلىق مۇھىمراقتۇر. ئىنسان مەنىۋى گادايلىق قۇچىقىدا ئاسانلا زاۋالغا يۈز تۇتىدۇ، ئىنساپ، دىيانىتىنى يوقىتىدۇ؛ ئىمان ـ ئېتىقادى سۇسلايدۇ. ۋەھالەنكى ئىمان ـ ئېتىقاد تولىمۇ مۇھىم نەرسە! ئىمان ـ ئېتىقادى بولمىغان ياكى مۇستەھكەم بولمىغان مىللەت شەقى ۋە بەختسىز مىللەتتۇر. چۈنكى ئېتىقادــ بىر مىللەتنى ياكى بىر دۆلەتنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان بىر مۇما. ئىمان ـ ئېتىقاتتىن ئايرىلغان خەلقتە بىر نىيەت، بىر مەقسەد بولمايدۇ، تېرىقتەك چېچىلىپ كېتىدۇ. شەخسىيەتچىلىك، قورقۇنچاقلىق ئەۋج ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ـ بىرلەپ يەم بولۇشقا ــ مۇنقەرزلىككە يۈز تۇتىدۇ. تاش قاتتىق نەرسە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇششاق ھالىتى بولغان قۇم يۇمشاقتۇر.

ــ بىراق، ماددى جەھەت بۇنىڭ ئاساسىمىكىن دېگىم كېلىدۇ، ــ دېدى يەنە بىر دامولla.

ــ ئەلۋەتتە. مەدەنىيەت ۋە پاراۋانلىقنى مېۋە دېسەك، بۇ مېۋىنىڭ تەييار بولۇشى ئۈچۈن يەر، سۇ، ھاۋا، كۈن نۇرى ئوخشاشلا زۆرۈر.

ــ شۇنداق بولغاندا بىزنىڭ قولىمىزدىن نىمە كېلىدۇ؟

ــ «ئۈمىدسىز شەيتان» دېگەن گەپ بار، ئۈمىدسىز بولمايلى،

داموللام، — دېدى شەۋقى.

— ئەلۋەتتە. بىزدە رەۋشەن مەقسەت بولسۇن. ئاندىن نېمىنى ئەۋۋەل قىلالىساق شۇنىڭغا كىرىشەيلى. مەسەلەن: بىز كىشىلەرنى مەئنەۋىي جەھەتتىن تەربىيەلەشنى قىلالايمىز، مەكتەبلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كېڭەيتەيلى، ئاندىن مۇشۇ سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ تەلەبەلەرنىڭ دىلىغا مۇستەھكەم ئېتىقاد ئورنۇتايلى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلغاندىن كېيىن، مەنزىلگە قاراپ ئۆزى مېڭىۋېرىدۇ. ئىقتىسادى جەھەتتىنمۇ مالىيە يوللىرىنى تاپالايدۇ. كىشىلەردە بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببەت ئويغانسا، ياخشى ئەخلاق ۋۇجۇدقا چىقىپ، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈدىغان، ياردەم قىلىدىغان كەيپىيات پەيدا بولسا ماددى جەھەتتىكى قاششاقلىقمۇ تەدرىجى تۈگەيدۇ.

— مۇددەرىسلىك مۇنبىرىمىز بىزگە ياخشى بىر جەڭگاھ! — دېدى داموللا، — بىز بۇ جەڭگاھتىن ياخشى پايدىلىنايلى، مىللى روھىمىزدىكى مەرەزلىكلەرگە جەڭ ئېلان قىلايلى. مىللى روھنى تازىلاش، مىللى غورۇرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاممىۋى دولقۇنى قوزغاشتا بىرىنچى قەدەم خوجىلار دەۋرىنىڭ جىنايەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئاشكارىلاشتۇر. ئاممىۋى تەنقىد، جەمىيەتلەشكەن توقى ـ لەنەت ئاستىغا ئېلىشتۇر. چۈنكى، بۈگۈنكى جىمى مىللىي ئاجىزلىقلىرىمىز شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى، ھەزرىتى ئاباقنىڭ كەشپىياتىدۇر. شۇ باھىس بىلەن تۇرمۇشىمىزدا يىلتىز تارتىپ، دىن ئېتى بىلەن مەۋجۇت بولغان بارلىق بىدئەتلەرنى خەلققە كۆرسۈتۈپ بېرىش كېرەك! دىن نېمە؟ ئۆرىف ـ ئادەت نېمە؟ ئارىلىشىپ داشقايناق بولۇپ كەتتى، بۇنى ئايرىماق، روشەنلەشتۈرمەك، خەلققە توغرا دىنىي ئېتىقادنى كۆرسۈتۈپ بەرمەك بىزلەرنىڭ بۇرچىمىزدۇر! ئەمما بۇنى ھازىر ئورۇنداشقا ئىمكانىمىز يوق، چۈنكى، قۇلمىز. خوجايىن قۇلنىڭ دۆت بولۇشىنى، ئىللەتكە پاتقان بولۇشىنى، روھى پاسىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. قاچانكى ھاكىمىيەت خەلق قولىغا ئۆتسە ئىشنى قانداقتۇر باشقا دەبدەبىلىك ماددىي قۇرۇلۇشلاردىن ئەمەس، مانا مۇشۇ مەنەۋىيەتتىن — مەپكۇرە تازىلاشتىن

باشلىماق كېرەك!

— دېمەك، بىز ئىككىلەنمەي لايىھەشتاق مەدرىسىنى ياسايلى. بىزنىڭ يەنە بىر پائالىيەت سورۇنىمىز كۆپىيىدۇ، ئاندىن دېگىنىمىز بىلەن قىلغىنىمىز بىردەك بولسا، ئاۋامغا ياخشى ئۈلگە بولساق، ئۇلار كىمگە ئىشىنىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

— مەدرىسىنى قانداق ياسايمىز؟ مېنىڭ دېگىنىم، ئىقتىسادىي جەھەتتە...

— ئىئانە توپلايمىز. پۇلى يوقلارنى ئەمگەككە سەپەرۋەر قىلىمىز. تالىپلاردىن باشلىساق، قالغىنى دىلىدا ئىنساپ بار پۇخرالار قاراپ تۇرماسلىقى مۇمكىن.

— بۇ ئىش شۇنداق بولسۇن. ئەمدى پەرەڭلەرنىڭ مەنەۋىي تاجاۋۇزىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟

— ئۇلارنى دۇمبالاش كېرەك!

— تالىپلارنى ئىشقا سالايلى.

— مېنىڭچە، بۇ ئىشنى قوپال ۋە ئاددىي ئۇسۇل بىلەنلا بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مۇنداق قىلساقمىكىن، دەيمەن: بىرى، بىز مۇددەرسلىك مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ، قارشى تەشۋىقات بىلەن مەنىۋى ئاساس يارىتايلى، ئاندىن ئىككىنچى قەدەمدە، جامائەت پىكرى مەلۇم يېتىلىش باسقۇچىغا بارغاندىن كېيىن ئاممىۋى نامايىش ئۇيۇشتۇرايلى. پەرەڭلەر بىزنىڭمۇ مەدەنىي كۈرەش شەكىللىرىنى بىلىدىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ قويسۇن.

— نامايىش؟! يائاللا!...

— بۇ... بۇ ئىش چاتاقنى تېرىپ قويماس؟ دېمەكچىمەنكى، ھۆكۈمەتكە تېگىپ كەتمەسمىكىن؟... چاتاققا قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەيمەن ـ دە...

— ئوق ئاتقان كىشى ئەلۋەتتە نىشانغا تەگسۇن دەپ ئاتىدۇ ـ دە. چاتاققا كەلسەك، چاتاقتىن قورقساق، ئەڭ ياخشىسى، تاپساق يەپ جىملا يېتىش. ئەمما ئۇنىڭدىمۇ چاتاق چىقىدۇ: بەل تالىدۇ! — دېدى شەۋقى

ھەزىل قىلىپ.
— مىنىڭچە، چىقىدىغان چاتاقلارنى ئالدىن مۆلچەرلەپ قويغىنىمىز خوپراق بولار، — دېدى ئابدىقادىر داموللا تەمكىنلىك بىلەن، — «ئوۋنىڭ ئوۋچىنى تونۇپ قويغىنىنىڭ زىيىنى يوق» دېگەندەك، چاتاقنىڭ قەيەردىن، قايسى تەقلىتتە، كىملەر تەرىپىدىن، قانچىلىك چىقىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ كۆڭۈلدە سان بولۇپ قالغىنى پايدىلىق.
— مانا بۇ ئەمەلىي گەپ. چىقىدىغان چاتاقلارغا تەييارلىنىپ قويغىنىمىز ياخشى.
— چاتاقنىڭ بىرى پەرەڭلەرنىڭ ئۆزى، ئەلچىخانىسى. ئۇلار ھۆكۈمەتكە نارازىلىق خېتى تاپشۇرۇپ، ھۆكۈمەتنى بىزگە جازا بېرىشكە قىستىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى چاتاق چىقىدۇ. بىراق، بىز بۇ ئىككى چاتاقتىن قورقۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. چۈنكى، خەلق ھۆكۈمەتنىڭ قانداقلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ھۆكۈمەت خاپا بولغانلا ئىشنى ياخشى ئىش دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ ئامموۋى ئاساسىمىز تەۋرىمەيدۇ. يەنە ئۈچىنچى چاتاق بار، بۇنىسى چەتئەللىكلەرنىڭ جوۋسىدا تەرلەپ، دارىنلارنىڭ يالىقىدا يۇندا ئىچىپ، پايدا ئېلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ چاتىقى. ئۇلار ئىقتىسادى مەنپەئەتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق شەرمەندىلىكنى قىلىدۇ. ئۇلار ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، بەزىبىر ۋىجدانسىزلارنى سېتىۋالىدۇ، قارشى كۈچ ئۇيۇشتۇرالايدۇ. ئىغۋا تېرىپ، بىزنى مەنىۋي جەھەتتىن يېڭىشكە تىرىشىدۇ. بىز مانا شۇ چىققۇسى ئىغۋالارغا ئالدىن جاۋاپ بېرىشىمىز، خەلقنى ئۇنىڭغا ئىشەنمەس ھالغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.
— ئۇلا ھەركەتنى ئالىلىبۇرۇن باشلىدى، — دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن ئىختىيارسىز لوقما سېلىپ.
— مانا، مانا! خوش، ئوغلۇم، نىمىشكە بۇنداق دەيسەن؟
— كۇنسۇلخانىدىكى ئەجنەبىلەرنىڭ قۇيرۇقلىرى، دارىنلارنىڭ يالاقچىلىرى ھەم مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ ھەمتاۋاق بولۇپ ژۇگەنلىكىنى سېزىپ قالدىم.

— سۆزلە، نىملەرنى بىلدىڭ؟
مۇھەممەتتۇرسۇن بىلگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى.
ئارقىدىن باشقىلارمۇ بەزى ئۇچۇرلارنى، شۇنىڭغا مۇناسىپ پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى.
— داموللام ھەققىدە ھەر خىل ئۆسەكلەر، قۇتراتقۇ گەپلەر بىزنىڭ ھەم قۇلىقىمىزغا كىرىپ قالدى، — دېدى بۇلۇڭ تەرەپتىكى بىرەيلەن، — ئاتۇشلۇق قەشقەرلىكنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالدى دېگەندەك تۇتامسىز گەپلەر... —ئۇنىڭ بۇ پەسكەش گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈسى كەلمىدى.
— بۇ ئارقىلىق ئۇلار قەشقەرلىقلەرنىڭ يۇرتۋازلىق ھىسسىياتىنى قوزغىماقچى، — دېدى شەۋقى زەردىسى بىلەن، — بىز شۇنداق هاماقەت خەلقمىزكى، بۇنداق قۇتراتقۇلۇققا ئاسانلا ۋە ئىختىيارسىزلا ئەگىشىپ كېتىمىز. چۈنكى بىزنىڭ تومۇرىمىزدا ئاشۇنداق يىرىڭلار بار.
— ئويلىمايمىزكى، — دېدى ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ ئابدىقادىر داموللا، — قەشقەرلىكنىڭ شىللىسىدىكى، ئاتۇشلۇقنىڭ شىللىسىدىكى، ھەممىمىزنىڭ شىللىسىدىكى كىم؟ بىزنىڭ بۇنداق يۇرتۋازلىقىمىز پەقەت ئۆز ئىچىمىزگىلا قارىتىلغان بولۇپ، ھەقىقىي شىللىمىزغا چىقىۋالغانلارنى «قەيەرلىكسەن» دېيەلمەيمىز!
— دېمەك، بۇ ئىپلاس سۆزلەرگە قارىتا ھەر بىر مۇدەررىس بازغاندەك سۆزلەرنى تەييارلاپ قويۇشى، ئالدىن رەددىيە بېرىشى، مىللەتنىڭ بەدىنىدىكى مۇشۇنداق مەرەز - ئىللەتلەرنى ئېچىپ، ھەر بىر ئادەمگە چۈشەندۈرۈشى كېرەك، — دېدى شەۋقى. ئۇنىڭ ئۇرۇق يۈزى ۋە ئوچلۇق ساقىلى تىترەپ، كۆزلىرى ئۇچقۇن چېچىۋاتقاندەك بولدى.
— يەنە داموللامنىڭ ئەشئارلىرىغا ھاقارەت كەلتۈرۈپ، «ئاتۇشلۇق چالا موللا ئۆزىنىڭ پەلەپەتىش كىتاپلىرىنى مۇقەددەس كىتاپلار ئورنىغا دەسسىتىپ، تالىپلارغا ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن ‹قەشقەردە مەنلا بار، باشقا موللىلار ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ› دېگەننى خالايىققا ئېزىپ ئىچۈرمەكچى» دېگەندەك گەپلەر بارىكەن، بۇ گەپلەر

خېلــى رول ئوينىغــانلىقى مەلــۇم. نۇرغــۇن مــۇللىلاردا ھەســەت ئــوتىنى تۇتاشــتۇرۇپ، ئــۇلار ئابــدىقادىر دامــوللا تونۇلــۇپ كېتىــپ، بىــز قالامــدىغان دەيدىغانىراق كەيپىياتتا قىتغۇرلارغا ھەمتاۋاق بولۇپ يۈرگىدەك.

ــ دېمەك، بىز ئاز ۋە ئاجىز ئورۇندا تــۇرۇۋاتىمىز، ــ دېدى ئابدىقادىر داموللا، ــ ئۇلار كۆپ بولغانىنــىڭ ئۈستىگە كۈچلــۈك ئارقــا تېــرەككە ئــىگە. بۇنــــداق ئەھۋالــــدا بىــــز ئەمەلــــى ھەركىتىمىــــز بىــــلەن ئــــاۋامنى تەسىرلەندۈرۈشــىمىز كېــرەك. ئــۇلار بىزنىــڭ ھەركىتىمىــزدىن قۇســۇر تاپالمىسۇن، شۇندىلا خەلقنىڭ رايىنى ئۇتالايمىز.

ــ ســىلى ھۆكــۈمەت چوقــۇم ئاشــۇلار تەرەپــتە تۇرىــدۇ، بىــزگە ھىسداشلىق قىلمايدۇ دەپ ئويلامىلا؟

ــ بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق ۋە ئەقەللىي ساۋات! چۈنكى ھەرقانداق بىر ئەقىللىق قۇل خوجايىن ئۈچۈن باش ئاغرىقى. خوجايىنغا كېرىكى ئاڭسىز بويسۇنغۇچىلار، نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سورىمايدىغانلار. ئۇنداقكەن، بىــزلەردەك قۇلغــا ئەقىــل ئۆگىتىــپ كــۆزىنى ئــاچىمەن دەيــدىغانلارغا «خوجايىن» ئۆچ بولماي، ھەشقاللا ئېيتاتتىمۇ؟

ــ ھەمىمــدىن ئېچىنىشــلىقى: ھــازىر بىزنىــڭ بۈيــۈك دىنىمىــز ھۆكــۈمرانلار ئۈچــۈن خىــزمەت قىلماقتــا. ئــۇلار ئاۋامنىــڭ قــارۇغۇلۇقى، دىنــدارلاردىكى ئېتىقادنىــڭ ســاختىلىقىدىن پايــدىلىنىپ، دىنىمىزنــى ئۆزلىرىنىــڭ قــورالى قىلىۋالــدى. بــۇ ئــارقىلىق پــۇخرالارنى «شــۈكرى» قىلىشــقا، «يــۇۋاش» بولۇشــقا، ئىتــائەت قىلىشــقا، ھەتتــا ھېلىقــى سېخى «خوجــايىن»غــا رەھــمەت ئېيتىشــقا ئۈندەيــدۇ. مۇنــاپىق بولــۇپ كەتــكەن دىنــدارلارچۇ؟ ئــۇلار ھۆكۈمرانلارنىــڭ يــالىقىنى يــالاش ئۈچــۈن ئىمــانىنى ســېتىپ بولۇشــقان. ھەتتــا ھۆكــۈمرانلار ئۇلارغــا ئۆزلىرىنىــڭ مەلــۇم مەقســــدىگە يېــــتىش ئۈچــــۈن «مۇنــــداق- مۇنــــداق پەتىــــۋا بەرگەن بولسىلا»دېسە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسى غەرىــزى ئۈچــۈن قۇرئاننى بــۇرمىلاپ پەتىــۋا توقۇشــقىمۇ تەييــار تۇرىــدۇ. ئاۋامنىــڭ دۆتلــۈكى شــۇ يەردىكــى ئەنە شــۇنداق ئــادەملەرنىمۇ يەنــلا ھــۆرمەت قىلىــپ، گېپىگە قــۇلاق ســالىدۇ. ھېچكىم ئۆز - ئــۆزىگە ئــۇ خەلقــقە زادى نــىمە ئــىش قىلىــپ بەردى؟ دېگەن

سۇئالنى قويۇپ باقمايدۇ.

ــ نامازدا ئىمام بولۇپ بەردى دېگەن جاۋاپ چىقىدىغۇ؟ ــ دېدى بىرى ھەزىل قىلىپ.

ــ دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ خەلققە قىلىپ بېرىۋاتقىنى شۇلا.

ــ خوش، ئەمدى ئۆز مەسلىھەتىمىزگە كېلەيلى، ــ دېدى ئابدىقادىر داموللا، ــ لايپەشتاق مەدرىسىنى ياساش ئىشىدا قايسىمىز قايسى ئىشنى قىلىمىز، شۇنى دېيىشىۋالايلى.

## 2

باشقىلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا دالالەت قىلغۇچى
شۇ ئىشنى قىلغۇچىغا ئوخشاش ئەجىرگە ئىگە بولىدۇ.

ــ ھەدىس («تارىخى ئەمنىيە»دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل)

لايپەشتاق مەدرىسىدە داغدۇغۇلۇق ئىش باشلاندى. ئاۋۋال تالىپلار ئاساسى ئەمگەك كۈچى بولغان بولسا، ئارقىدىن بىر ئاممىۋى دولقۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. شەھەر پۇخرالىرى، بازارغا كەلگەن دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر خالىسانە ئەمگەككە قاتنىشىپ كەتتى. بۇنى مەسچىتلەردە ئېلىپ بېرىلغان جەدىت موللىلارنىڭ تەشۋىقاتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتى، ئەلۋەتتە. بىراق بۇ تەرغىباتلار بىر كۆچلۈك يالقۇننىڭ يېقىلغۇسىنى تەييارلىغان بولسا، شۇ كۈنى نەق مەيداندا خالىس جارچىلارنىڭ ئۈندەشلىرى سەرخىلگە رولىنى ئوينىغانىدى.

ئارىپ «كۆكەمە» ئەنە شۇ خالىس جارچىلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ 45 ياشلار چامىسىدىكى قويۇق، قارا ساقاللىق كىشى بولۇپ، بەستلىك، جىسمىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان، مىجەزى ئىتتىك، ھەممە ئىشقا قايناپ، سۆزلەپلا تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئىش ئورنىدا ئوبدان ئىككى ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلغاندىن باشقا قولى بوشىسىلا يول بويىدا

تۇرىۋېلىپ جارچىلىق قىلاتتى. ئۇ ھەق ـ ناھەق ئىشلىرىدا ھەق تەرەپ مەيلى تۆۋەن تەبىقە، «ئەرزىمەس» ئادەملەر بولسىمۇ يان بېسىپ گەپ قىلىدىغان، ھەرقانداق سورۇندا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەقنى قوغدايدىغان، مۇنازىرىگە ئامراق، بەزى موللا ـ ئۆلىمالارغا لوقما سېلىپ تىرىكتۇرۇپ تۇرىدىغان كىشى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا «كۆكەمە» دېگەن لەقەمنى قويۇپ قويۇشقانىدى.

— ۋىجدانى با مۇسۇلمانلار كېلىڭلا، ئاللاھ يولىدا ساۋاپلىق ئىش ئۈچۈن ئازراق كۈچ چىقىرىپ قويۇڭلا، — دەيتى ئۇ، — بۇ مىنىڭ چوڭ دادامنىڭ ئىشى ئەمەس، يا بولمىسا مىنىڭ قەسرىم ئەمەس، كۆپچۈلۈك ئۈچۈن، مۇسۇلمان باللىرى ئۈچۈن ئىشلەپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق. ئىشلەۋاتقانلامۇ سىلەردەك ئادەملە، باكاغا ئىشلەيدىغان سارالڭ بولۇپ قالغانلامىكىن دەپ قالماڭلار!

— نامــاز ئوقــۇپ، روزى تۇتســىلا ســاۋاپ بولمايــدۇ، مانــا مۇشــۇنداق خالىسانە ئىشلەپ، كۆپچۈلۈكنىڭ ئىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغاننىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭ... نامىزىڭلار ھەسەنەت بولسا، مانا بۇنداق ئىشلار سالىھ ئەمەل بولۇدۇ...

ئۇنىڭ بۇنداق پىدائىلارچە روھى كۆپ ئادەملەرنى تەسىرلەندۈردى. ئىش ئۈستىدە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان قۇتلۇقھاجىم ئارىپ «كۆكەمە»گە دىققەت قىلىپ قالدى. ئارىلىقتا ئۇنىڭ بۇ كىشى بىلەن سىردىشىپ باققۇسى كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قېرىنداش، — دېدى ئۇ ئارىپنىڭ قاداق قوللىرىنى قىسىپ تۇرۇپ، ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ قارايغان ساقاللىق يۈزىگە تىكىلىپ، — تونۇشۇپ قالايلى.

— مەن ئۆزلىرىنى تونۇيمەن، پاراڭلاشقۇمۇ بارتى، ئەمما ـ زە... مەندەك ھەربىر سولتەك سىلى بىلەن ئارىلاشقىلى تۇرسا...

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ مەنمۇ سىلىدەك ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىشقا ھېرىس.

— مېنىڭ ئېتىم شورلۇق، ئارىپ كۆكەمە، دېسە قەشقەردە

بىلمەيدىغانلا ئاز. «كۆكەمە» دېگەن «ئۇرۇشقاق» دېگەن گەپ تۇسا، بۇنى ئاڭلىغانلا مەندىن قاچماي قالامتى، دەيمەن ـ دە.

ـــ مەن بىلدىم، سىلىگە قويۇلغان بۇ لەقەم قىزغىن مىجەزلىرىگە قارىتىپ قويۇلغان.

ـــ هى هى... ئۇقۇمۇشلۇقلا ـ زە، گەپنى سىلغايتىپ، شۇنچە يامان گەپنىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتىدۇ ـ دە، ـــ ئارىپ شەۋقىنىڭ ئۆز لەقىمىگە بەرگەن تەپسىرىگە قارىتا ئۆز ئۆزنى مەسخىرە قىلىش ئاهاڭىدا هىجىيىپ قويدى.

ـــ ئۇرۇشقاق بولسىلىمۇ سەۋەپسىز ئۇرۇشمايدىغانلىقلىرىغا كۆزۈم يەتتى. مەنمۇ شۇنداق «ئۇرۇشقاقلار»نى ئاغىنە تۇتۇشقا ئامراق، ـــ قۇتلۇقهاجىم ئاخىرى ئۇنى قورۇنۇشتىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن چاخچاق ئارىلاشتۇرۇپ، ئارىدىكى «سىرلىق»لىقنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئارىپ بولسا شەۋقىنىڭ سۆز ئاهاڭىدىكى سەمىمىيەتنى، سۆھبەتدىشىنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش كۆرۈش تۇيغۇسىنى هىس قىلىپ ئېرىپلا كەتتى. ئۇ ئەسلىدىمۇ ئوچۇق مىجەزلىك ئادەم بولغاچقا قارشى تەرەپنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك پەزىلەتلىك، ئاددىي هەم ئۇلۇغ ئادەملىكىنى جەزىملەشتۈرگىنىدە كۆڭلى يايرىغان هالدا چاخچاق بىلەن جاۋاپ بەردى:

ـــ گەپكە گەپ كەلگەندە سىلىنىمۇ ئاياپ قويمايمەن، ئۇرۇشۇۋېرىمەن، جۇما!

ـــ مانا، مانا، هەقىقىي دوست! ـــ دېدى شەۋقى چىن دىلىدىن كۈلۈپ، ـــ ئادەم بەزىدە ئۆزى سەزمەي خاتا قىلىپ قويىدۇ، بۇنداق چاغدا مانا شۇنداق تىزگىن تارتىپ تۇرىدىغان قاتتىق قول دوستلار تازىمۇ كېرەك ـ تە.

ئۇلار سۆزلۈشۈپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە ئابدىقادىر داموللا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا مۇهەممەتتۇرسۇنمۇ باردى. داموللىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ كۆرەلمەي يۈرگەن بىر نەچچە ئىخلاسمەنمۇ ئۇلارنىڭ توپىغا يېقىنلىشىپ پاراڭغا قۇلاق سېلىشتى.

ـــ هاجىم بۇ يەردە نېمە مەجلىس؟ دەپ سورىدى داموللا دوستانە

ئاھاڭدا.

ــ تونۇشۇپ قويسىلا داموللام، بۇ ياق قېرىندىشىمىز ئارىپاخۇن، بۇگۈن قالتىس كۈچ چىقاردى. ئىككى كىشىلىك ئەمگەك قىلغاننىڭ تاشايىنىدا خالىس جارچىلىق قىلىپ، بىژمۇنچە ئەمگەك كۈچى تەشكىللەپ بەردى، ــ شەۋقى ئارىپ «كۆكەمە»نى قىزغىن تونۇشتۇرۇپ كەتتى.

ــ رەخمەت، ئىنىم،ــ دېدى ئابدىقادىر داموللا مۇلايىملىق بىلەن، ــ ئايەتتە شۇنداق كەلگەن: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»[1].

ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئارىپ زادىلا گەپ قىلالماي قىزىرىپ، ئېسىلىپلا كەتتى.

ــ نېمە، ئىككىڭلار خوشال ـ خۇررام چاخچاقلىشىپ تۇرۇپتىكەنسىلەر، مەن كەلسەملا گەپ قىلغىڭلار كەلمەي قالدىغۇ؟ ــ دېدى ئۇ ئارىپقا ئىلھام بەرگەندەك قاراپ.

ئارىپ ئەمدى سەل ـ پەل ئېسىگە كېلىپ ئابدىقادىر داموللىنىڭ ھەققىدە ئاڭلىغان تەرىپلەرگە كۆرە ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئولتۇرمىسىمۇ بولۇدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خەلقپەرۋەر، كىچىك پېئىل كىشى ئىكەنلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، ئۆزىنىڭ تارتىنماس خاراكتېرىغا قايتىپ:

ــ ھاجىم ئاكىمىز بىلەن ئەمدىلا ئەسرالىشىپ، تارتىنىشتىن قۇتۇلۇپ تۇسام سىلى كەلدىلە، ئېچىلىشىپ قېلىشىمىزغا يەنە بىژدەم ۋاخ كېتىدىغان بولدى ـ دە، ــ دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئارىپ كۆكەمىنى دەرھال تونۇۋالدى. ئۇ داموللىغا دەۋاغا بارغان كۈنىسى ئۇنى شۇ سورۇندا كۆرگەن، بۇ ھەجەپ ھەر ئىشقا چېپىلىپلا تۇرۇدۇغان ئادەمكەن، دېگەنلەرنى ئويلىغان ئىدى.

---

[1] قۇرئان كەرىم: سۈرە «زەلزەلە» 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر، ــ ئا.

ــ مانا، مانا، ئېچىلىشتۇق دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى داموللا خوشال كۈلۈپ. ئاندىن ئۇ ئارىپنىڭ شۇنچە قىزغىن بولۇشىنىڭ سەۋەپلىرىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك، ــ سىلىنىڭ ئوقۇيدىغان باللىرى بارمۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ تالىپ بولۇش نىيەتلىرى بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى چاخچاق ئارىلاش.

ئانچە- مۇنچە قۇلاق مولللىسى بولۇپ ئاق - قارىنى پەرق ئېتىپ قالغان ئارىپقا بۇ گەپ ئېغىر كەلدى.

ــ ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ ھەممىسى بىرە تامادا قىلامدا؟ مىڭ كۆچىتنى قويغان ئادەممۇ ئۆزىلا يېيىش ئۈچۈن قويمايدىغۇ، داموللام؟ ــ دېدى ئارىپ ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ، ــ مەن بۇ يېشىمدا تالىپ بولۇپ نېمە قىلامەن، باللىرىمنىڭ چوڭلىرى ھۈنەرۋەن، قالغىنى كىچىك.

ــ تاماسىز ياخشىلىق! بۇنىڭ ساۋابى بىھەد، ئەلۋەتتە. بىراق، ئىلىم ئالماقنىڭ پەسىل، مەزگىلى بولمايدۇ. ساقال ئوقۇشقا پۈتلاشمايدۇ.

ــ ئەمما مەن باللىنى باقمىسام بومماس، ــ ئارىپ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ ئېچىنىش بىلەن قوشۇپ قويدى، ــ مەن دېمىسىلىمۇ ئىلىمگە ئاجايىپلا ئىشتىياقىم با ئادەمتىم، كىچىكىمدە ئازراق ئوقۇغان. بىراق، يېتىم قېلىپ ئاخىرىغىچە ئوقۇيالمىغان ئارمىنىم با. شۇڭىزە، بۈگۈنكىدەك ئوبدان ئىشنى كۆرەپ تۇرالماي قالدىم. ھەربىرلىرى ئىگىسىز يېتىملارغا ئاتا بولۇپ، ھەم نان بېرىپ، ھەم ئىلىم بېرىشىۋاتىلا، بۇنى كۆرۈپ ۋىجدانى با مۇسۇلمان تەسىرلەنمەمدا؟!

ــ دوست بولۇپ قالايلى، كەچلىرى بىكار بولۇپ قالسىلا كەپىمىزگە كەلسىلە، سۆھبەتتە بولايلى، ــ دېدى داموللا چىن دىلى بىلەن.

ــ ھەشقاللا، ھەشقاللا... ــ ئارىپ ئۆزىنى يوقۇتۇپلا قويدى. چۈنكى ئۈنىڭدەك بىر «كۆكەمە»گە شۇ زامان مۇھىتىدا بۇنداق نامدار بىر ئادەم ئەمەس، ئادەتتىكى موللىلامۇ بۇ يوسۇندا ئىلتىپاتلىق مۇئامىلە قىلىشى

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزىدەك بىر ئادەمگە بۇنداق دوستانە، بۇنداق سەمىمىي پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىشى ئۇنى شۇنداق هاياجانلاندۇردىكى، كۆڭلىدىن «بۇ ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، جان بېرىدىغان ئىش بولسىمۇ يانمىساڭ ئەرزىيدۇ!» دېگەنلەر كەچتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئۇنىڭ ئۆز ئۆزىگە قىلغان ۋەدىسى ئىدى.

— هەشقاللا ئېيتىش كەتمەيدۇ. مېنىڭ دېگىنىم هەرگىزمۇ قۇرۇق تەكەللۇپ ئەمەس، چىن كۆڭلۈمدىن ئېيتىۋاتىمەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ... — ئارىپ بەكمۇ تەسىرلەندى. پۈتۈن قەشقەر دىيارىنىڭ ئەڭ هۆرمەتلىك ئالىمى ئۇنىڭ بىلەن دوست بولماقچى! — هەربىرلىرىنى ئاۋارە قىلدىم، ئەمدى قۇرۇق گەپ قىلىۋەمەي ئازراق ئىش قىلاي، قىش تاشلاۋاتىمەن، مەن باراي.

— ئارىپكا، سىلى تەرغىباتلىرىنى قىلىۋەسىلە، سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا مەن قىش تاشلاي، — دېدى باياتىندىن بېرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا گەپكە قۇلاق سېلىپ تۇرغان سەهرالىق بىر يىگىت.

— سىلىنى نەدىن سورايمىز، ئىنىم؟ — دەپ سورىدى شەۋقى يىگىتكە قول ئۇزىتىپ.

— مەن پەيزىۋاتتىن. شەگە ئازراق سودا بىلەن كەگەن،... — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئىش مەيدانىغا كەتتى.

— هەرهالدا دوستلار تېخى كۆپ تېپىلىدىكەن، مىللەتنى بەك بۇزۇلۇپ كەتتى، دېگىلى بولمايدىكەن، — دېدى شەۋقى تەسىرلىنىپ.

— بالام، — دېدى داموللا مۇهەممەتتۇرسۇنغا، — سىلى ئۇ يىگىت بىلەن بىللە ئىشلىگەچ، دوستلىشىۋالسىلا. ئۇنىڭ دەردى بارمۇ، يىتىممۇ، ئوقۇش ئارزۇسى بارمۇ، بىلسىلە. شۇنداق بولۇپ قالسا قورۇنۇپ يۈرمىسۇن، بىز تەرەپكە باشلىسىلا.

— ماقۇل، مەن بۇنى تېزلا ئورۇندايمەن، ئىنشائاللاھ — مۇهەممەتتۇرسۇن دەرهال ئىش قاينىمىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ كۈنكى ئەمگەك تولىمۇ ئۈنۈملۈك بولدى. ئارىپنىڭ چاقىرىقى بىلەن يېڭى ـ يېڭى كوچىلەر خالىسانە ئەمگەككە كېلىپلا تۇردى.

كەچتە ئابدۇقادىر داموللا خالىسانە ئەمگەككە قاتناشقان جامائەتكە رەھمەت ئېيتىش پۈرسىتىدە يىغىن مائارىپنى، دۇنيانىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە بىزنىڭ قالاقلىقتا قايسى دەرىجىگە چۈشۈپ قالغىنىمىزنى ئاددىي سۆزلەر، جانلىق مىساللار بىلەن سۆزلىدى ۋە بۇنى قۇرئان كەرىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىپ، تېخىمۇ تەسىرلىك ھالغا كەلتۈرۈپ، ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەشۋىقات ئۈنۈمىگە ئېرىشتى. ئىنسانلارنىڭ جىمى مەخلۇقاتتىن ئەزىزلىكىنى سۆزلەش بىللە مۇشۇ «ئەزىزلىك» سۈپىتىگە لايىق مۇسۇلمان بولۇش تامامەن ئۆز تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق بولىدىغانلىقى، ئاللاھ بۇنى ئەجىر ـ ئەمەلسىزلا تاشلاپ بەرمەيدىغانلىقىنى، ئاللاھ بېرىدىغان رىزىقنىڭ مەلۇم بەدەل تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى قۇرئانى كەرىمدىكى مەريەم قىسسىسى ئارقىلىق دەلىللەپ، «ئاللاھ مەريەمدەك بىر ئەزىز بەندىسى ئىسادەك بىر پەيغەمبەرنى تەۋەللۇد قىلىۋاتقان ئاشۇنداق بىر پەيتتىمۇ، مەريەم ئۈچۈن تەييارمۇ ـ تەييار رىزىق تاشلاپ بەرمەستىن، ئۇنىڭغا خورما دەرىخىگە سۆيۈنۈپ، ئېغىتىشىنى، ئاندىن شۇ سەۋەبىيەت بىلەن ئۇنىڭغا خورما چۈشۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى بىشارەت قىلغان، مانا بۇ سەۋەبىنى قىلماستىن تەييار ھېچنېمە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ» دېدى... بۇ تاسادىپىي شەكىللەنگەن سورۇندا قىلىنغان تەرغىبات كىشىلەرنى راسا ھاياجانلاندۇردى. ئۇلار ئىلگىرى بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا، بۇ سورۇندىن كەتكىسى كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن داموللا سۆزىنى قىسقىلا سۆزلەپ، ئۇلارغا ئاللاھتىن رەھمەت ۋە مەرھەمەت تىلەپ، ئىشنى يىغىشقا ئىجازەت بەردى.

بۇ كەمگىچە مۇھەممەتتۇرسۇن ھېلىقى پەيزىۋاتلىق يىگىت بىلەن تونۇشتى. ئۇنىڭ ئىسمى ئەخەت قارى ئىكەن، ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىكەن. يەنە كېلىپ قەشقەردە، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قولىدا ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بىراق، دادىسى بالدۇر ئۆيلەپ قويغاچقا ئۆيگە باغلىنىپ قاپتۇ.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئۇنى قونۇپ ئەتە كېتىشكە كۆندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ

تۇرالغۇسىغا ئېلىپ كەتتى. ئەخەت قارى قايتىپ بېرىپ ئاتا ـ ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ يەنە كېلىشكە، بىر ـ ئىككى ھەپتە تۇرۇشقا، ھەم كېيىنمۇ پات ـ پات كېلىپ سىرتتىن ئوقۇشقا نىيەت قىلغانلىقىنى يېڭى دوستىغا سۆزلەپ بەردى.

ئىككەيلەن بىر كىچە مۇڭدىشىپ چىقتى. مۇھەممەتتۇرسۇن ئۇنىڭغا چەتئەلدە كۆرگەنلىرىدىن تارتىپ، ئابدىقادىر داموللىدىن ئاڭلىغان، ئۇگەنگەنلىرىگىچە سۆزلەپ بەردى ھەم ئەخەت قارىنىڭ قەلبىدە تۇنجى قېتىم ھۆرلۇكنىڭ ئۇلۇغلۇقى، كۆرەش قىلىش لازىملىقى، بۇلار ئۇچۇن ئالدى بىلەن ئاڭنى ئۆستۇرمەي بولمايدىغانلىقى ھەققىدە غۇۋا بىر چۇشەنچە ئويغاتتى. بۇ ئوت يۇرەك يىگىت بولسا ھېلىلا بىر غايىۋى جەننەتكە ئۇچۇدۇغاندەك، ئۇنى ئاجايىپ پارلاق ئىستىقبال كۇتۇپ تۇرغاندەك يۇرىكى تىپچەكلەپ، ئاجايىپ تاتلىق خىياللارغا غەرق بولدى.

# بەشىنچى باپ

## 1

ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەركىتى ۋە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشلىرى مۇقەررەر ئىلغار ۋە ئىنقىلابىيدۇر.
ئامىمىنىڭ فېئودال غەپلىتىدىن ئويغىنىپ، خەلق ۋە مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىشى ئۈچۈن ھەرقانداق مىللى زۇلۇمغا قارشى كۆرىشى ئىلغاردۇر.

— ۋ. ئى. لېنىن[1]

ئىنسانىيەت مەڭگۈلۈك كۆرەش ئىچىدە راۋاج تاپىدۇ، مەڭگۈلۈك تېنچلىق ئىچىدە ھالاك بولىدۇ...

— ئادولىف ھىتلېر: «كۆرەشلىرىم» («3-ئىمپېرىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل)

چەتئەل مىسسىئونېرلىرىنىڭ قىلمىشلىرى چېكىدىن ئېشىشقا باشلىدى. چەتئەل سودىگەرلىرىگە سېتىلغان ياكى باغلانغان يەرلىك بايلار خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراپ، يىلىكلىرىنى قۇرۇتماقتىدى. قىممەت باھالىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى، قىممەتلىك مەدەنلەر ھەقىقىي بايلىق ئىگىلىرىنىڭ قولىدىن ناھايىتى ئەرزانلا يەرلىك دەللاللارنىڭ قولىغا، ئاندىن بايلارنىڭ قولىغا، ئاندىن چەتئەللىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، تۆگە كارۋانلىرىغا ئارتىلىپ چەتئەلگە ئاقاتتى. ئانا زېمىن گويا

[1] لېنىن «مىللىي مەسىلە ھەققىدە تەنقىدىي مۇلاھىزىلەر» («شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 1954 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 36 — 37 - بەتلەر، — ئا.

ئىگىسىز يېتىمدەك تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنى پارازىتلارغا ئۇنسىز ئاققۇزۇپ بېرىۋاتقاندەك، بارغانسېرى مىسكىنلىك، روھسىزلىق، گادايلىق قۇچىقىدا ئىڭرىماقتىدى.

ئەمدى بۇ ئىشلارغا ئاشكارە ئېتىراز بىلدۈرۈشنىڭ پەيتى كەلگەن بولۇپ، داۋاملىق قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش چىن ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىش بولاتتى.

ئابدىقادىر داموللا توقام مەدرىسىدە، خانلىق مەدرىسىدە، لايپەشتاق مەدرىستە يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرىنى سۆزلىدى. ھەر دايىم ئۇ بارلىق تالىپلارغا مەدرىس سەيناسىدا تۇرۇپ ئەمرى - مەرۇف قىلغاندا قوشنا - خۇلۇملار، قۇلىقى ئاڭلاپلا قالغان سودىگەر، كاسىپ،.. جىمىكى شەھەر خەلقى مەدرىسكە تىقىلىپ كېتەتتى. مەدرىسنىڭ ھوجرا، دەرسخانا، پىشايۋانلىرى، ئۆگزە، تام تورۇسلىرىمۇ ئادەمگە تولاتتى. شەۋقى قاتارلىقلارمۇ قۇرئاندىن تەپسىرلەر قىلىپ، خەلققە ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانىيىتى، بۇرمىلىنىپ كەتكەن جايلىرىنىڭ ئەسلى ھۆكمى، ئىلغار دۇنيا قارىشى ھەققىدە سۆزلەيتى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرەتتى. مۇشۇنداق بىر مەزگىل داۋام قىلغان ئويغۇتۇش ھەرىكىتى قەشقەردە شۇنداق جۇشقۇن بىر ۋەزىيەت ياراتتىكى، ئەييۇھەنناس! ئابدىقادىر داموللا ۋە ئۇ باشلىغان ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ داڭقى يىراق - يىراقلارغا كەتتى...

ئەنە شۇنداق ئەمرى - مەرۇف قىلىنغان بىر كۈنى چەتئەل مىسسىئونېرلىرى، سودىگەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى خەلقنى قايسى تەقلىتتە، قانداق ئۇسۇلدا قاراڭغۇلۇققا، قاششاقلىققا باشلاۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئوچۇق توختۇلۇپ، ئۇلارنىڭ جىنايى شۇملۇقلىرى ئېچىپ تاشلاندى. خەلق كۆرەشكە قوزغىتىلدى... شۇنداق قىلىپ، تالىپلار ئۇستازلىرىنىڭ باشلىشى بىلەن كوچىغا دەۋرەپ چىقتى. ئەتراپتىكى ئاھالىمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇلار شىۋىد دوختۇرخانىسىغا، كونسۇلخانىسىغا قاراپ ئاتلاندى.

ئارىپ «كۆكەمە» تەبىئىيكى بۇ سەپتە بار ئىدى. ئۇ ئاسان

ھاياجانلىنىدىغان مىجەزىگە كۆرە يەنىلا سەپىنىڭ ئالدىدا بار ئاۋازى بىلەن سۆزلەپ، كىشىلەرنى توغرا يولغا ئۈندەپ، ھىدايەتكە دەۋەت قىلىپ باراتتى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئابدىقادىر داموللىنىڭ ئۆلپەتلىرىدىن بولۇپ قالغاچقا، بىر قانچە ئىلمىي مۇتالىئە، مۇھاكىمىلەرگە قاتنىشىپ خېلى كۆپ نەرسە بىلىۋالغانىدى. ئۇ ئاڭلىغىنىنى بەكمۇ ئاسان ئەستە قالدۇرۇۋالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۈرلۈك سورۇنلاردا ئوخشىمىغان ئۆلىمالاردىن ئاڭلىغان تەپسىر، پەتىۋالارنى يادىدا مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، باشقا جايلاردا ئاڭلىغىنى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، پۈتىقىنى تېپىپ «پاچاقچى»لىق قىلىپ تۇراتتى. خېلى ئىلمى بار ھېساپلىنىدىغان موللىلارمۇ ئۇ بولغان سورۇنلاردا سەل ھېيىقىدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. ئۇ سوئالنى كۆپ سورايتى. ئۇنىڭغا مۇنداقلا سىپاپ جاۋاپ بېرىش بىلەن قۇتۇلغىلى بولمايتى. كۆپ ھاللاردا تەپسىرلەر، پەتىۋالار بىر بىرىگە رەپ يېمەيتى. ھەتتا بىر موللا بىر نەچچە سورۇندا بىر بىرىگە زىت بىرنەچچە خىل گەپلەرنى قىلاتتى. بۇنداق گەپلەرگە ئارىپ بەك دىققەت قىلىپ، ھېچكىم دىققەت قىلمىغان بۇنداق داڭقان پۈتى گەپلەرگە ئېسىلىپلاۋالاتتى ـ دە، جان باقار موللىلارنى ئوسال قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۆز بويامچى كاززاپلار ئۇنىڭدىن قورقۇدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى.

ئەمما ئارىپتا بىر خىل ساددە ۋە پاك ئېتىقاد بارىدىكى، ئۇ ھەرگىزمۇ يامان نىيەت بىلەن موللىلارنى قەستەنگە ئوسال قىلىش نىيىتىدە بولمايتى. بەلكى ھەممە كىشىدىنمۇ بەكرەك دىنىي زاتلارنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ پەقەت ئاڭلىغانلىرىنىڭ قايسى راستلىقىنى ئايرىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. ئۆزى ئىشەنچ قىلالىغان ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ خاتاسىنى تۈزۈتۈشكە ئۇرىناتتى، خالاس. موللىلار ئۇنىڭغا نىسبەتەن سىرلىق، بەھەيۋەت، ئاللىقانداق غايىپ كۈچكە ئىگىدەك كۆرىنەتتى.

ــ ئاڭلىمىدىم دېمە، قەشقەلىق، ئەجنەبىلەر پاك ئېتىقادىمىزنى بۇلغاپ ياش بالىلىنى ئازدۇرۇۋاتىدا. ناسارا دىنىنى تېڭىۋاتىدا... زۇلۇمغا ئۇچرىغان خالايىق ئاڭلا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ئۆچ ئېلىشى ھالال

ئىشتۇر! قۇرئان كەرىمدە: «زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامىنى ئالسا ئۇنى ئەيىپلەشكە بولمايدۇ»، دېيىلگەن. ئىمانى كامىل مۇسۇلمان بولسا ئارقىمىزدىن ماڭسۇن...

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ يېڭى دوستى ئەخەت قارىمۇ بارىدى. ئۇ مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ يېنىدا قېنى قاينىغان هالدا كېلەتتى. ئومۇمەن بۇ ئالامان قۇترىغان يولۋاسلار توپىدەك تەرتىپسىز، ئۇچرىغاننى يالماپ يۇتىدىغان، ئۇرۇپ چاقىدىغاندەك سۇر ـ ھەيۋىلىك كۆرىنەتتى. نامايىشچىلار قوشۇنى چۇۋالىشىپ ئۆتكەن كوچىلاردىن توپا ـ چاڭ تۇزۇپ، خۇددى جاڭگالدىن پادا يانغان چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى. بولۇپمۇ ئۇستى يېپىق تار كوچىلاردا چاڭ ـ تۇزاڭ دەستىدىن نەپەس ئالماقمۇ مۇشكۇل بولۇپ كېتەتتى. قالايمىقان ۋارقىراشلار، ئەسكى سۆزلەر بىلەن تىللاشلار تەرغىباتچىلارنىڭ كوچا نۇتۇقلىرىنى پات ـ پات بېسىپ كېتەتتى. يولدىكى ئۆتكۈنچىلەر، سودا سېتىقچىلارنىڭ بىر قىسمى يايمىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ توپقا قوشۇلۇپ تۇراتتى. توپقا قوشۇلۇشتىن قورققان، ئەمما كۆڭلىدە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ھۆرمەت بىلەن چەتتە تۇرۇپ:

— ئامىن!

— ئاللاھ نۇسرەت ئاتا قىلغاي، ئامىن! — دەپ قول كۆتۈرۈشەتتى.

باللار، قېرىلار ياكى ئايالار سىرەج تاملاردىن ئېچىلغان كىچىك پەنجىرە ـ رۇجەكلەردىن قىزىقسىنىپ قارىشاتتى ۋە «ئامىن!» دېگەن ئومۇمىي چوقاننى ئاڭلىغان ھامان ئىختىيارسىز قوللىرىنى كۆتۈرۈشەتتى.

ئالامان ئەنە شۇنداق تەرتىپسىز، ئەمما بىر خىل ئۇستۇن غورۇر بىلەن شىۋىد دوختۇرخانىسىغا بارغانلىرىدا بۇ يەردە ئەجنەبىيلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتى. ئۇلار ئاللىقاچان ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا ۋە باشقا چەتئەل مۇئەسسەسەلىرىگە قېچىپ ئۈلگۈرۈشكەنىدى. بىر نەچچە مىللىي مۇناپىق يالاقچىلىرىمۇ قېچىشقان، بىر قىسمى ئەمدىلا قولغا چۈشكىدەك بىر نەرسە بولسا مۇشۇ باھانە بىلەن چۆنتەككە تىقىش كويىدا

تىمسىقلاپ، قېچىش تەرەددۇتىدا تۇرۇشقانىدى.

غەزەپكە تولغان كىشىلەر ئۆرۈپ چېقىشنى باشلىدى. بەزىلەر ھېلىقى تۈۋەن دەرىجىلىك يالاقچىلارغا لەنەت ياغدۇرۇۋاتاتتى. بۇنداق سورۇنلاردا سۆزلەشنى قولىدىن بەرمەيدىغان ئارىپ «كۆكەمە» ھېلىقىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى «ئەركىلەتكىلى» تۇرغانىدى:

ــ نومۇس قىلمىدىڭمۇ؟ ئۆزەڭ كىمسەن؟ مۇسۇلمان بالىسىمۇ؟ مۇسۇلماننىڭ سۈيدۈكىدىن بولۇپ، ئەمدى ناسارا بولدۇڭمۇ؟ ئاچ نەپسىڭنى دەپ شۇنداق قىلغانسەن؟ دوزاقتا سەندەكلەرگە ئوتتىن تائام راسلانغان، ئەمدى شۇنى يەپ تويىسەن! ھۇ خاۋارىچ!

ــ قۇرۇق گەپنى قىلمىغىناۋاي، ئاغىنە! دۇمبالىغىلى قويساڭچۇ، بۇ ھارامدىن بولغاننى! مۇنداق نىمىلەرنىڭ دىلىغا قۇلۇپ سېلىنىپ كەتكەن، بەرىبىر ھىدايەت تاپمايدۇ. ئۇنىدىن كۆرە ئىتنى دۇمبالىغاندەك دۇمبالىغان ياخشى! دەردىڭ چىقىدۇ! ئۇرە، خالايىق!

ــ مەن ئادەم بولاي! باشقىلەتتىن ئىمان ئېيتاي! ۋايجان! ۋاي مېنى ئۆلتۈرمەڭلا! خۇدا ھەققى!...

ــ بېشىغا كۈن چۈشكەندە خۇدانى تىلغا ئالىدىغۇ ماۋۇ، زۇۋانىڭ تۇتۇلغۇ!

ــ ئۇرە! دەسسە!...

ــ ئاۋايلىسىلا، غوجام! مەن مۇناپىق ئەمەس، مېنى ئۇرغىلى تۇردىلىغۇ...

ــ خاپا بولمىسىلا، ئادەم تولا يەردە شۇ...

بۇ قالايمىقانچىلىقتا جىنايەتكار كىشى ئوڭايلا پايدا ئالدى، ئالامانىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا ئۆمۈلەپ، چاتراقلىرىدىن قاچتى. ئەمما بۇ تەرتىپسىز توپ ئۆز قوشۇنىدىكىلەردىن بىر نەچچىسىنىڭ باش ــ كۆزىنى يېرىپ قويۇشتى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي ئومۇمى غەزەپ، ئورتاق نەپرەت ئۇلارغا بۇ ئىشلارنىڭ ھېسابىنى قىلىشقا ئىمكان بەرمەيتى.

مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە بىر توپى قولغا چۈشكەن ئىنجىللارنى

كۆيدۈرۈشكە، بىر توپى مەتبەئە ماشىنىلىرىنى ئۈرۈپ چېقىشقا، ئىشك - دەرىزىلەرنى سۇندۇرۇشقا، كۆرۈنگەنلا نەرسىنى ئۆرۈپ - چۆرۈشكە باشلاشتى. ئەپلەپ پۇلغا يارىغۇدەك بىر نېمە بارمىكىن دەپ تىمىسقىلاپ يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. خەلق ئىنقىلابى غايەت زور قىيانغا ئوخشايتى. بۇنداق قىياندا نېمىلەر ئاقمايدۇ، دەيسىز؟ ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە، غەلىدە - غەشت، پاسكىنا نەرسىلەرمۇ ئاقاتتى. ئەمما بۇنداق مۇرەككەپ تەركىپلىك كۈچ، چوڭ نىشاندىن ئېيتقاندا يەنىلا تارىخي ۋەزىپىسىنى ئورۇندايتى.

مۇھەممەتتۇرسۇن بىلەن ئەخەت قارى ئىنجىل كۆيدۈرۈپ، مەتبەلەرنى چېقىپ ھەممە يېرى كۆل تۇزانلىرى، مەتبە مېيىدىن بۇلغىنىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، غالىپلارچە جۇشقۇنلۇق، غەلىبە شادلىقى كۆزلىرىدىن چېچىلىپ تۇراتتى.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەنە شۇ ئالامان ئىچىدە تاغىسىنى غىل - پال كۆرگەندەك قىلدى - يۇ، يەنە دەرھال يۈتتۈرۈپ قويدى. ئۇ تاغام توغرا يولغا ماڭغان ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئەمما دەرھال بىر كۆڭۈلسىز گۇمان بۇ ئويلىرى ئۈستىگە سايە سالدى. «جاسۇسلارمۇ ئارىمىزدا بارمۇ، نېمە؟»». بىراق، يەنە تاغىسىدىن گۇمانلىنىشنى توغرا كۆرمىدى.

... نامايىشچىلار ئۆز خىياللىرى بويىچە پارلاق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەنە شۇنداق تەرتىپسىز چۇۋۇلىشىپ قايتىشتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قولىدا نە پىلاكات، نە شۇئار، نە بايراقچىلار يوق ئىدى. بايا قىزىشىپ كەتكەندە ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇشقان بولۇپ، سانسىز ئاياقلاردا ھەممە چەيلىنىپ كەتكەنىدى...

مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ ئالامان ئىچىدە تاغىسىنى كۆرگىنى خىيال ئەمەسىدى. ئۆمەر بايلار، «دارىن»لار، پەرەڭلەر، «جەدىتىزىم»غا قارشى موللىلار بىكار ياتمىغانىدى، ئەلۋەتتە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چاپارمەنلىرى، خىزمەتكارلىرى ۋە ياكى باشقا ئەرزان باھالىق قۇلاقلارنى نامايىشچىلار سېپىگە قوشۇۋەتكەنىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمىلا ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز سىستېمىلىرى بويىچە مەلۇماتلارنى رەتلەپ، خەتەرلىك ئۇنسۇرلارنىڭ

رويخېتىنى تۈزۈپ چىقىشتى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەتەرلىك دەپ تىزىملاپ چىققان ئادەملىرى ـــ بايلارنىڭ، موللىلارنىڭ، ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۆزئارا ئوخشىمايتى. شۇنداق بولسىمۇ ھەممىسىنىڭ تىزىملىكىدە بىر نەچچە ئىسىم ئوخشاش چېلىقاتتى. ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇلار ئابدىقادىر داموللا ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى ـــ مۇددەرسلەر، داموللىلار، تالىپلار ئىچىدىن مۇھەممەتتۇرسۇن قاتارلىق بىر قانچەيلەن، باشقا ئاممىدىن ئارىپ «كۆكەمە»، ئەخەت قارىلار باردى.

موللىلارنىڭ ئۆچمەنلىكى ھەسسەتتىن بولغاچقا ئۇلار پەقەت «جەدىت» موللىلارنىلا يوقۇتۇشنى ئويلايتى. شۇندىمۇ باشلامچىلىرىدىن بىر ئىككىنى ئۆلتۈرۈپ چۆچۈتۈپ قويۇشلا كىپايە دەپ قارايتى. بايلارمۇ شۇنداق قاراشتا ئىدى. ئۇلار ئارتۇقچە تەكەببۇر بولغاچقا باشقا ئاكتىپ ئىشتىراكچىلارنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايتى. ھۆكۈمەت ئاڭلىق قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى خەتەرلىك دەپ ھىساپلايتى. ئۇلارنىڭ قارشىچە ئىسيانىنىڭ ئەڭ كىچىك بىخىنىمۇ رەھىمسىز يوقۇتۇش كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ توپلىغان ئاخباراتى بىر قەدەر تەپسىلىي، ئىنچىكە، «خەتەرلىك ئۇنسۇر»لارنىڭ سانىمۇ ئەڭ كۆپ ئىدى. ھۆكۈمەت ئەمدى ئەڭ خەتەرلىك دەپ قارالغانلارغا مەخسۇس پايلاقچىلارنى بېكىتتى. شۇنداقلا ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئۇنسۇرلارنىڭ پائالىيىتىنىمۇ قەرەللىك ئىگىلەشكە باشلىدى.

ئۇزۇن يىل ئۇخلاپ قالغان كىشىلىك غورۇر بۇ بىر قېتىملىق كۆرەش جەريانىدا قايتىدىن ئويغۇنۇپ، خېلىلا كۈچىيىپ قالغان بولۇپ، خۇددى «ئىنسانىيەت مەڭگۈلۈك كۆرەش ئىچىدە راۋاج تاپىدۇ،...» دېگەندەك كوچا كويلاردىمۇ روھلۇق چىرايلارنى كۆرۈشكە بولاتتى. چېرىكلەرنى كۆزلىرىگە ئىلمەيتى. بەلكى يالغۇز جايلاردا ئۇچراشقان چېرىكلەرنى دۇمبالاپ قېچىشاتتى. ھۆكۈمەتمۇ بۇ خىل ئۈستۈن كەيپىيات سەۋەبىنى ئاشۇ نامايىشتىن كۆرەتتى. چۈنكى ھۆكۈمەت بىلەتتىكى: توختام سۇدەك جىملىق غورۇرنى ئۇخلىتاتتى. مىللەت ئۇرۇشتىكى قىرغىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى، قارشىلىق

كۆرسۈتۈش كۈچىدىن مەھرۇم بولۇش تۈپەيلى نەسلى قۇرۇپ كېتەتتى.

«ھارۋىدا توشقان ئالىدىغان» ھىلىگەر «دارىن»لار بۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ تەشكىللىگۈچىسى بولغان «نوپۇز»نى يوقۇتۇشتا «ئۆز گۆشىنى ئۆزىنىڭ يېغىدا قورۇش»نى ئەڭ ياخشى چارە دەپ قارىدى. بۇنداق بولغاندا ئاممىنىڭ نەپرەت نىشانى ئۆز ئىچىگە بۇرىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت «خالىس» ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرغۇچى بولىسمۇ، «ئاممىنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن» ئاۋۇلاردىن بىر قانچىسىنى قۇربانلىق قىلىسمۇ بولاتتى. كېيىنكىسىدە تېخى «ئادىل»لىق تاجىنى كېيىپ خەلق ئالدىدا ئابرويمۇ قازىناتتى. نادان خەلق: «ھېلىمۇ ياخشى ھۆكۈمەت بارىكەن، بولمىسا بىز خەق بىر بىرىمىزنى يەيدىكەنمىز!» دەيدىغىنى ئېنىق ئىدى.

تۇغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەت ھەرخىل تەبىقە ئىچىدە ئەسلىدىمۇ كەم بولمايدىغان، ئاللىقاچان ئەلگە سىڭىپ كەتكەن جاسۇسلىرىنى ئىشقا سالدى. ئۇلار مۇتىئەسسىپ موللىلارنىڭ، قىزىلكۆز بايلارنىڭ چىن ئىخلاسمەن دوستلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ «پايدىسىغا كۆيۈنۈپ» زارلىشىپ، ئۇلارنى دەي ـ دەيگە سېلىشقا باشلىدى. ھۆكۈمەت ئۆز قۇللىرىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلارنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە ئۇلارنىڭ ئۇچماي قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرەڭلەر بىلەن مەنپەئەتى چەمبەرچەس باغلانغان ئايرىم بايلارنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ شۈك تۇرمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

## 2

نوپۇز بولمىسا تەشكىللىنىش مۇمكىن ئەمەس.

— ف. ئېنگېلس: «نوپۇز توغرىسىدا».

1924- يىل 8- ئاينىڭ 16- كۈنى — ھىجرىيە 1343 - يىلى مۇھەررەمنىڭ 14- كۈنى كېچىسى شەرق ئاسمىنىدىن بىر يۇلتۇز كۆچتى. قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن بىر تال چوغ يانچۇۋېتىلدى. قەشقەر قايتىدىن زۇلمەت ئىچىگە پاتتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردىن باشلاپ پۈتۈن قەشقەر خەلقى — ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ نوۋېشى تەرەپكە ئاقاتتى. تار كوچىلارغا پاتمىغان خالايىق تاكى ھېيتگاھ ئالدىغىچە دۆۋىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شىۋىر - شىۋىرلاردا بىر ئىسىم — ئاددىي ئەمما، ئۇلۇغ؛ مۇسۇلمانلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان، ئەمما يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا يېگانە بولغان بىر ئىسىم يادلىناتتى. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆزلىرىدە ياش، دىلىدا ئەلەم، دۈشمەنلىرىمۇ ئۆيلىرىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇشقا پېتىنالماي، دوست قىياپىتىدە بۇ يەرگە كەلگەن بولۇپ، مۇسىبەتلىك ئاۋازدا پىچىرلاپ سۆھبەتلەرگە قېتىلغانىدى.

— راست دەمدۇ، دۈشمەنىنىڭ گېپىمۇ؟

— راست ئوخشايدۇ، راس بومىسا شۇنچە خالايىق بۇ يەدە نېمە قىلاتتى؟

— توۋا، «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگەن راس ئىكەن - دە!

— قەشقەنى قەشقە قىلىپ تۇرغان بىزنىڭ شۇ بىژ نەچچە ئالىملىرىمىز بولماي، دوغچى بىلەن لەڭپۇڭچىلامىدى؟! ئەمدى نېمە كۆرگۈلۈكىمىز بارىكىن تاڭ، ۋاي، خۇدا!

— قانداق بولغىنىكەن بۇ؟ نېمە گەپ بۇ؟ — يېڭىلار كېلىپ شۇنداق دېگىنىچە قىستىلىپ توپقا قوشۇلاتتى.

— نېمە شۇم خەۋە بۇ؟ ھەقانچە بوسىمۇ راس ئەمەستۇ؟!

— شۇندا بوسىغۇ، ئىلاھىم!...

— تۈنۈگۈنلا كۆمىدىمۇ؟ كۆزۈم قۇيۇلسۇن، راس دەۋاتىمەن. تۈنۈگۈن تېخى شۇنچە تېمەن، بەردەم تۇغان ئادەم - زە...

— شېھىد بولاپتۇ، شېھىد! تېمەن - پېمەن دەۋەسەڭ نېمە پايدىسى ئەمدى؟ دۈشمەن قەس قىلغان گەپ!

ـــ قەس؟! قانداق نېمىكەن ئۇ؟ ئون بېشى بامىكەن؟ ياكى بېشىدا شەمشىرى بامىكەن؟

— ئۇنىداقمۇ ئەمەس، بىز مەزىن دېيىشىدۇ. ئېتىنى نېمە دېدى، گۆرىدىن توڭگۇز قوپقۇرنىڭ!... هە، بىز نېمە دېيىشىۋاتىدۇ، ئاغزىمغا ئالغىمۇ كەلمەيدا.

ـــ ئۇ قانداق مەزىن؟ مۇسۇلمانلار؟! ئاشۇنىڭ تولىشى بىلەن نامازغا قوپۇپتۇقمۇ؟ ئېسىت!

ـــ ئۇ زات «مىر ئەرەپ»تىن بۇيان ماڭىدىغان چاغدا ئۇستازلىرى، چوڭ ـ چوڭ ئالىملار ئۇنى توسقانىكەن،...

ـــ قەشقەلىق بەربىر قەدىڭنى بىلمەيدۇ، دېگەن گەپتە!

ـــ ...لېكىن ئۇ ئانا يۇرتۇم دەپ يېنىپ كەپتىكەن. هېلىقى ئالىملار ئۇنىڭ كەتكىنىگە قارىتىپ: «بۇخارا قەشقەگە كۆچتى» دەپتىكەن... ئۇ ئۇنداق ـ مۇنداق ئادەملەدىن ئەمەستى جۇما...

ـــ مەزىننى تاپامىماپتىما؟

ـــ چىم تاپىدا؟ هۆكۇمەتما؟ دارىنلاما؟

ـــ شۇنى دەيمەن، ما خەق نىمىشقا بۇ يەدە بىزىرىپ تۇرىدۇ؟ تۈپىمىز بىلەن دۈشمەننى ئىزدىسەك بومامتى! بۇنچە خالايىققا نېمە تەڭ كېلەلەيتى؟

خالايىقنىڭ قىستاك تۈپى تەۋرەشكە باشلىدى. يىغا ـ زارە قەشقەر ئاسمىنىنى تىترىتەتتى. مەلۇم بولىدىكى، مىيىت ئېلىپ چىقىلىۋاتاتتى. يوپۇقلار بىلەن بېزىتىلگەن جىنازا يىراقتىن ـــ خالايىقنىڭ باش ئۈستىدىن كۆرۈندى. جىنازا ئارقىسىدا يېتىم باللار، تالىپلار ئۆزلىرىنى قان قىلىپ يىغلاپ كېلىشەتتى. گەرچە ئۇستازى هايات ۋاقتىدا سىڭدۈرگەن ئەقىدە بويىچە مىيىتكە جار سېلىپ يىغلاش بىدئەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار مېهرىبان ئاتىسىدىن ئايرىلغان مۇشۇ دەمدە قانداقمۇ يىغلىماي چىدالىسۇن؟! بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرە هەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە ياش كەلتۈرەتتى. شۇ چاغدا هەممە ئادەم ئۈن سېلىپ يىغلىغاچقا بۇنىڭ شاۋقۇنى هەيۋەتلىك گۈلدۈرمامىدەك كۆكنى ياردى.

ئەلمىساقتىن تارتىپ ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ جىنازا نامىزىغا بۇنچە كۆپ كىشى كەلمىگەن بولغىيدى. نامازدىن كېيىن بىرمۇ ئادەم قالماي قەۋرىستانلىقتا قاراپ ئاقتى.

بۇ ھەيۋەتلىك ھازا قوشۇنى گويا ئۆز يولىدا ھەممىنى يالماپ كېتىدىغان قىيانغا ئوخشايتى. ئۇنىڭغا ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيتى. بۇنداق زور قوشۇن بىر نىيەتكە كېلىدىغان بولسا ئۇ زۇلۇم دەرياسىنى قۇرىتىۋېتىشكە، ئازاپ دوزىقىنى توڭلىتىۋېتىشكە، تەڭرىتاغلىرىنى تۈزلىۋېتىشكىمۇ يارايتى. بىراق، ئۇلارغا كىم باش بولىدۇ؟ نېمىنى چېقىش، قايسى نىشانغا مېڭىشنى كىم كۆرسىتىپ بېرىدۇ؟ مۇما يىقىلدى! شام ئۆچتى! نوپۇز سۇندى! ئەل چوپانسىز پادىدەك قالدى...

مۇڭلۇق قوشاقلار ئازاپلانغان يۈرەكلەردىن ئېتىلىپ چىقىپ، باشقا دىللارنى ئېزەتتى. نوپۇز ئۆلگەندى...

بۇ زور قوشۇن، ھەيۋەتلىك قوشۇن شىردەك ھۆكۈرمەيتى، بەلكى پادىچىسىدىن ئايرىلغان پادىدەك تەرتىپسىز، نىشانسىز بولۇپ، ئاجىز خوتۇنلاردەك ياش تۆكەتتى خالاس! چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئۆلگەن، «ئىشەنگەن تېغى»، مەنىۋى تۈۋرۈكى ئۆرۈلگەندى!

قىساس چوقانلىرى ئۇ يەر - بۇ يەردە ئاجىز خىرىلداپ ئاڭلىناتتى - يۇ، ھازىدەك ئومۇمىي تۈس ئالالمايتى. بۇ زور قوشۇن قىساس ئېلىشقا ئەمەس، بەلكى، بىر ئۆلۈغ ئىنساننى يەر قوينىغا ئەبەدىي كۆمۈپ قويۇشقىلا يارايتى. بۇ ئۇلارنىڭ مەرھۇمغا بولغان ئېھتىرامىنىڭ، ساداقىتىنىڭ بەلگىسى، روھىنى خوش قىلىدىغان ئەمەللىرىنىڭ بېشى ۋە ئاخىرقىسى ئىدى!

ئەگەر ئۆمچۈيۈپ يىغلاش مەلۇم يوقۇرى چەككە يەتسە ئۆلگەن ئادەم تېرىلىدىغان بولسا دۇنيا تارىخىدا پەقەت مۇشۇ كىشىلا تىرىلگەن بولاتتى. شۇنچە كۆپ ياش قاغجىرىغان تۇپراققا بىھۇدە سىڭىپ كەتتى. بۇ تۇپراق ھېلىغىچە ئازاپ ياشلىرىغا تويمايۋاتاتتى. ئۇلار گويا ئۇنىڭ جىسمىنى تىرىلدۈرىدىغاندەك شۇنچە كۆپ ياش تۆكۈشتى، تەڭرىنىمۇ تەسىرلەندۈرگۈدەك مۇڭلۇق قوشاقلارنى توقۇدى. بىراق، ھېچكىم ئۇنىڭ

روھىنى تىرىلدۈرۈش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلمىدى، شۇنداق دەپ چوقان سالمىدى! چۈنكى بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇنداق چوقاننى سالالايدىغان بىردىن ـ بىر كىشى ئۆز ئايىغى بىلەن ئەمەس، «ياغاچ ئات» بىلەن كېتىۋاتاتتى! ئۇنىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇقلارنى تەييارلايدىغان مېڭىسى، بۇ نۇتۇقلارنى ئىسسىق قان بىلەن سۇغۇرۇپ بېرىدىغان يۈرىكى ئىشلەشتىن توختىغان ئىدى!

خالايىق رولچىدىن ئايرىلغان كېمىدەك ئەلەڭلەپ چايقىلىپ قەۋرىستانلىققا قاراپ كېتىۋاتىدۇ.

زېمىن ئۆزىدىن يارالغان بىر جاننى قايتۇرۇۋېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ!
ئەمدى يەنە كۈن چىقارمۇ؟
يەنە تاڭ ئاتارمۇ؟
تاڭ ئاتمىسا ئاي چىقارمۇ؟
بۇلارغا ئىشىنىش شۇنچىلىك مۇشكۈل!

# ئالتىنچى باپ

## 1

يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكىچە بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ.

— خەلق تەمسىلى

ھەممىدىن غالىپ بولغان ۋاقىت ئاداۋەت ھەم غەزەپ جاراھەتلىرىنى قەقەچ قىلىپ چۈشۈرۈپ، غۇۋۋا ئىز قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. داموللىنىڭ ئۆلۈمى پەيدا قىلغان غەزەپ تۈيغۇسى، ماتەم قايغۇسى پەقەت مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگىلا ھەمرا بولۇپ قالدى. باشقا ھېساپسىز غەزەپلەنگۈچىلەر ئاللىقاچان بۇ ئىشقا ئاغزىدىلا قايناپ قويىدىغان غۇدۇرىغۇچىلارغا ئايلىنىپ، ئۆز تىرىكچىلىكى يولىدىكى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە «ۋىجدان» ھەم «ئادالەت» ھەققىدىكى دەبدەبىلىك ۋەدىلىرى، پولىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇيغۇرنىڭ قېنىدىكى مانا مۇشۇنداق تېز غەزەپلىنىش ۋە تېزلا پەسكارىغا چۈشۈش، قىساسنى ئۇنتۇش، كۆز ئالدىدىكىلا خاتىرجەملىك — بىر دەملىك خاتىرجەملىك ئۈچۈن گول بولۇپ، مەڭگۈلۈك — ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد داۋاملىشىدىغان — خاتىرجەملىك ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە چىدىماسلىقتەك ئاجىز خاراكتىر ھۆكۈمرانلارغا بەكمۇ تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق يالقۇننى پەسلىتىۋالسىلا قالغان ئۇچقۇن ھەم چوغلارنىڭ ئۆز ئۆزىدىن ئۆچۈپ تۈگەيدىغانلىقىنى بىلىشەتتى.

ئەنە شۇنداق قىلىپ، قەشقەردە يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن «جەدىتچىلىك» ھەرىكىتى جىمىپ، يەنە زۇلمەت تولۇق خوجايىن بولدى. زامان شەپىرەڭلىرى بەخۇدەك قانات قېقىشقا باشلىدى. «يېتىملار

ئۆيى»دە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت تېپىپ، دۇنيادا مېھرى ـ مۇھەببەت دەيدىغان نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئاز ـ پازلا تېتىپ كۆرگەن ئىگىسىز يېتىملار يەنە ھاممام ئاستىدىكى گۈلەخكە قايتىشتى. ئۇلارنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى قايتىدىن تېخىمۇ مۇكەممەل ھالدا باشلاندى. يېڭىباشتىن يوقۇرى ـ تۆۋەن ھەممە تەبىقىنىڭ ھاقارەت ئوبيېكتىغا، «نېرى تۇر، بېرى تۇر»نىغا ئۇچرايدىغان بىچارىلارغا، قىسقىسى ئىگىسىز ئىتلارغا ئايلىنىپ قالدى! ئۇلارنى ئادەم ھېساپلايدىغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارغا ئادەمچە مۇئامىلىدە بولغان زات ئۆلگەن، ئەمدى ھېچكىم ئۇلارنىڭمۇ مۇشۇ مىللەتنىڭ ئەزاسى، ئۆزلىرى بىلەن بىر قاندىن، بىر يىلتىزدىن ئىكەنلىكىنى تونۇمايدۇ ياكى ئۇندااقلار چىقسىمۇ ئۇ مېھرىبان ئاتا ئۇلارغا بېرەلىگەننى بېرەلمەي پەقەت قۇرۇقتىن قۇرۇق ھېسسىداشلىق قىلىپ قويۇشۇدۇ، خالاس!

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەمدى نېمىلەر قىلىشنى بىلمەيتى. ئۇ گاڭگىرىغان ھالدا يۈرگىنىدە پەيزىۋاتتىن ئەخەت قارى كېلىپ قالدى. ئۇلار قانداق ياشاش، قايسى تىرىكچىلىك يولى مۇۋاپىق دېگەن مەسىلىلەرنى بىللە مەسلىھەت قىلدى. بىراق، ئەخەت قارىنىڭ دېگەنلىرى مۇھەممەتتۇرسۇنغا توغرا كەلمىدى. ئۇ شەھەرگە كۆنۈپ قالغان، سەھرانىڭ ئىشلىرىنى ئەپلەشتۈرەلمەيتى. كۆڭلىدە يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئىستىسىمۇ، ئەمدى ئىشەنچلىك ھىمات يوقىدى.

ـــ قۇتلۇقھاجىم بىرە مەسلىھەت بەسە ئەجەپ ئەمەس، ـــ دېدى ئۇ ئاخىرى، ـــ بەلكىم ئۇنىڭ خىزمىتىگە ياراپ قالامەن، بىز تەرەپتىن ھاجىمدىن ساۋاق ئالغىلىمۇ بولاپ قالا.

ـــ ئۇ كىشىنىڭ ژۈرىكى جايىغا چۈشكەنمىدۇ؟ ئەگەر ۋەسۋەسە ئىچىدە ياشاۋاتقان بوسا، «كۆتىرەمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» بومىسۇن، دەيمىنا.

ـــ قېنى بېرىپ باقمامدۇق.

ئۇلار شەۋقىنى ئىزدەپ تېپىشتى. شەۋقى سولغۇن كۆرىنەتتى. ئۇ

ئەڭ يېقىن بۇرادىرىدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن يۈرىكى ئېچىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇندىن باشقا مىللەتنى ئاقارتىش جەھەتتە ئەمدىلا جانلىنىۋاتقان ئۇلۇغ بىر ھەرىكەت ناھايىتى تېز ۋە ئوڭايلا نابۇت قىلىۋېتىلگىنىمۇ ئۇنىڭغا بىھىساپ ھەسرەت ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ ئورۇق يۈزىدە ئالاھىدە چوڭ بىلىنىدىغان نۇرلۇق كۆزلىرى ئۆزىگە خاس بىر خىل جۇشقۇنلۇق بىلەن چاقناپ تۇراتتى. بۇ چاقناشتا تىركىشىش روھى، ھارماس روھ، جاھىلانە ئىرادە ئەكس ئېتەتتى. شائىرغا خاس خىيالچانلىقىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ياش يىگىتلەرنى ئىنتايىن خوشال قارشى ئالدى.

— كەلگىنىڭلا ياخشى بولدى، — دېدى ئۇ مېھمانلىرىنى ئۆيگە باشلاپ، — بومىسا مەن سىلەرنى ئىزدىتەي دەپ تۇراتتىم، — دېدى مۇھەتتۇرسۇنغا.

مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ كۆڭلىگە يەتمىگەن گۇمان قالماي، دىلىغۇللۇق بىلەن سورىدى:

— مېنى ئىزدىگەنمىدىلە؟ نېمە خۇسۇستىن...؟

— خەلقنىڭ غەزەپ ئوتى ئۆچتى، قارشىلىق روھى سۇندى، ئۆملۈك ھالىتى تۈگەپ، شەخسلەرگە ئايلاندى. ھۆكۈمەت ئادىتى بويىچە ئومۇمى غەزەپ بېسىلىپ، ھەممە ئادەم «جانمۇ - جان — ئۆزنىڭ جېنى» دەپ چېچىلغان پۇرسەتتە ئۆتكەنكى نامايىشنىڭ، داموللامنىڭ دەپنە كۈنىدىكى داغدۇغىنىڭ ھىساپ- كىتىپىنى قىلىشنى باشلايدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا سىياسىي جەھەتتىكى مەخپىي تازىلاش پىشىپ تەييار بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. مەنمۇ سورۇنلاردا كۆرۈنمەيراق يۈرۈۋاتىمەن. توققۇزاققا چىقىپ بىر مەزگىل تۇردۇم، يەنە بىر مەزگىل شۇنداق قىلارمەنمىكىن. سىلىمۇ ئىلاجى قىلىپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ تۇرسىلا. سىلى داموللامنىڭ بىر تال كۆچىتى، كۆچەت قويغۇچىنىڭ ئۈمىدى نېمە؟ كۆچىتىم كۆكلەپ قالسا دەيدىغۇ؟ سەھرا تەرەپلەردە ئۇرۇق- تۇققانلىرى بولسا شۇ تەرەپلەردە ئىستىقامەت قىلىپ تۇرسىلا. بوران ئۆتۈپ كەتسە مەن سىلىنى ئىزدىتىمەن.

— مېنىڭ شەدە بىرلا تاغام با. ئۇندىن باشقا ھېچنىمەم يوق... — دېدى ئۇ مەيۈسلۈك بىلەن. ئۇنىڭ سەھرادا ئانا تەرەپ تۇققانلىرى بارىدى، ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىنىڭ بىر قانچە يىلى شۇ يەردە ئۆتكەنىدى، بىراق، ئانىسىغا تالىق ئەسلىمىلەر خىيالىدىن ئۆتكەنىدە ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ كەتتى. دە، ئۇ ھەقتە ئويلىغۇسى، ئۇنداق تۇققانلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئالغۇسىمۇ كەلمەي قالدى.

— بومىسا بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپ تۇ، ئاغىنە، — دېدى ئەخەت قارى، — بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا قارىشىپ بېرىپ تۇساڭ، ئاڭغىچە ئۇسقىنىڭ چۇشۇپ قالسا شۇيەدە جاھان تۈتۈپ قالاسەن، ئىشقىلىپ، قالغىنىغا خۇدانىڭ بۇيرىغىنى كۆتمەمسەن.

— بولۇدۇغان گەپكەن، ئىنىم، شۇنداق قىلسىلا. شۇيەرنىڭ ئەھۋالى يارىسە بالىلارنى ئوقۇتسىلا تېخى ياخشى.

— مەن؟!

— ھە، سىلى. نىمە، بالا ئوقۇتۇشنى شۇنداق سىرلىق ئىش دەپ ئويلامىلا؟ ئۇزلىرى بىلىدىغاننى ئۆگەتسىلە بولۇدىغان گەپ. ھېچ بولمىغاندا سالام خەت يېزىشقا ياراپ قالسىمۇ بىرگە ھىساپ ئەمەسمۇ؟

—بۇنى كېيىن بىرنىمە دەمىز...

— مەن ساڭا ئوقۇيدىغانلانى ژىغىپ بېرىمەن، ئۆزەممۇ ئوقۇيمەن. بىزنىڭ ئۆيدىن بىژنى— بىژ ئېغىزنى بىكالاپ بى ئىش قىممامدۇق.

ئۇلار شەۋقى بىلەن چۇشلۇك تاماقتا بىللە بولغاچ ھەر خىل تېمىلاردا پاراڭلاشتى. دامولللامنى ئەسلەشتى. ئۇنىڭ تالانتى ، مىللەت ئۈچۈن قىلغان ئۆچمەس خىزمىتى، ئۇنىڭ غايىسى ھەققىدە چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە سۆزلەشتى. بولۇپمۇ شەۋقى سەيدىشىنىڭ تېخى كىشىلەرگە ئاشكارىلانمىغان بىلىم غەزنىلىرى، ئۇنىڭ مەقسىدىنىڭ بۈيۈكلۈكى، ئىككىنچى قەدەمدە نىملەرنى قىلماقچى بولغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ئىككى مېھمان ساھىپخان بىلەن خوشلۇشۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەخەت قارى دوستىنى بەكمۇ چىڭ تۇتۇپ ھازىرلا مېڭىپ كېتەيلى

دەپ تۇرۇۋالدى. بىراق ، مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ ھەقىقەتەنمۇ شەھەردىن كەتكۈسى يوقىدى. ئۇمۇ بارلىق شەھەرلىكلەردەك سەھرالىقلارنى ياراتمايتى، سەھرا يېرىنى پەس كۆرەتتى. گەرچە ئۇنىڭدا ھەرقانداق بىر تۆۋەن تەبىقىنى ياراتمىغۇدەك سالاھىيەت، ئىش - ئوقەت بولمىسىمۇ، قانغا سىڭگەن: «مەن كۆتۈمنى ياراتمايمەن، كۆتۈم مىنى ياراتمايدۇ»دېگەن خاراكتېرنىڭ ئويناۋاتقان رولى تۈپەيلى ئەنە شۇنداق تارتىشتى. قاندىكى بىخۇتلۇق، «مەست كاللا»لىق خاراكتېر بولسا ئۇنىڭغا، نىمە خەۋپ بولاتتى، نىمىدىن قورقاتتىڭ؟ دەپ ۋەسۋەسە سالاتتى. بىراق ئۇ شەۋقىنى ھۆرمەتلىگىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ تاپىلاشلىرىنى ئورۇنسىز دەپ قاراشتىن خىجىل بولۇپ، سەھرانى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. ئۇ تاغىسىغا خوش دەپ ماڭغۇسى، ئۆزىنىڭ كەتكەن يېرىنى ئۇقتۇرۇپ قويغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، «بەرىبىر ئۇزۇن تۇرمايمەن» دېگەن خىيال بىلەن دوستىنىڭ رايىغا بېرىپ پەيزىۋاتقا قاراپ مېڭىشتى. دەڭدە ئەخەتقارىنىڭ ئىشىكى بارىدى. دەسلەپ مۇھەممەتتۇرسۇن ئىشەككە مىنىۋېلىشقا ئۇنىماي شەھەرلىكلەرچە چوڭچىلىقىنى قىلدى. كېيىن ھېرىپ كەتكەندە مىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا شەھەرلىك، سەھرالىقلار بويىچە بولۇدۇغان ھەزىل - چاقچاقلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەپچى بولدى. مۇھەممەتتۇرسۇن سەھرالىقلارنى راسا مەسخىرە قىلدى. ئۇ بۇ جەھەتتىكى نۇرغۇن لەتىپىلەرنى بىلەتتى.

— بىر سەرالىق شەلىكنىڭ ئۆيىگە چېرىپتىكەن، ھالۋا ئېتىپ كىچىك تەخسىدە ئېلىپ كەپتۇ. سەرالىق بۇ شەلىك ئاغىنىسىدىن تازا ئاغرىنىپ، « بۇ تازا پىخسىق بىز نىمە ئوخشىمامدا، ئۇماچنى تەخسىدە ئېلىپ كېلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ساھىپخانىنىڭ نانغا مىلاپ يەۋاتقىنىنى دوراپ نانغا مىلەپ ئاغزىغا شۇندا سامىماسىما، قايلىسا، كارامەت تاتلىق نەسىكەن- دە، شۇنىڭ بىلەن بۇندا «تاتلىق ئۇماچ»نى پات- پات ئېچىپ تۇغىسى، بۇندا ئاز قىمماي چىنىلەپ ئىچكۈسى كېلىپ ئۆگۈنۈۋالماقچى بوپتۇ - دە، ساھىپخاندىن سوراپتۇ: «بۇ

تازىمۇ تاتلىق ئۈماچ بوپتۇ، بىزمۇ ئۆگۈنۈۋاساق بولۇدۇكەن»دەپتۇ.
— بۇ ئۈماچ ئەمەس، هالۋا، — دەپتۇ شەلىك.
— نىم بوسا مەيلى، ئىشقىلىپ بىز بۇنىدا نەسىنى ئۈماچ دەيمىز، ئەمما بۇنىدا تاتلىق ئەمەس. بۇغداي ئۇنىدا ئاتىلا دەيدىغان بىژ نىمە ئىتىمىز، ئۇمۇ بۇنىدا ئەمەس. بۇ تاماقىقا نىمىلە كېتىدىغانلىغىنى دەپ بەگەن بوسلا، خوتۇنغا دەپ بى ئەتكۈزۈپ باقسام دەيمەن.
ساهىپخان ئۇنىڭغا كېتىدىغان خۇرۇچلارنى دەپ بېرىپتۇ. قانداق تەڭشەشنىمۇ ئېيتىپ بېرىپتۇ.
— تۇزچۇ؟ تۇزنى دىمىلە، — دەپتۇ سەرالىق، — تۇزدىن قانچىلىك سالىمىز؟
مانا شۇنىڭ بىلەن «هالۋىغا تۇز قۇيغاندەك»دىگەن تەمسىل چىقىپتىكەن.
ئەخەتقارى تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن:
— بۇ شەلىك ساختىپەزلەنىڭ توقۇغان گىپى. هالۋىنى بىزمۇ بىلىمىز، — دىدى.
— هېلىقى ئىشتىن كېيىن ئۆگۈنۈۋالغانسىلە، تايىنلىق. يەنە بىژنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟
— بولدى، مەن شەلىكلەرنىڭ ساراڭلىقىدىن بىرنى دەپ بېرەي، — دىدى ئەخەتقارى. ئاندىن بىر توپ شەلىك مىهمانلارنىڭ كەچكۈزدە سەهراغا چىققانلىقى، كانجا قىلىنغان سانسىز ئېتىزلارنى كۆرۈپ هەيرانۇ- هەس بولۇپ، بۇ يەردە نىمانچە كۆل تولا؟ دەپ سورىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىراق ئۇ تولۇمۇ ئاددى قىلىپ ئېيتقاچقا ئۇنىڭدا كەمستىش مەنىسى كۆرۈنمەيتى.
— ئەمدى ماڭا كەلگەندۇ؟ — دىدى مۇهەممەتتۇرسۇن قەتئىي يىڭىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندەك بىزەڭلىك بىلەن.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار خېلىلا قىزىشىپ قالدى.
— بولدى قىلەۋە، ئۆگزىگە چىچىدىغان هارامزادە شەلىك، — دىدى ئەخەتقارى ئاچچىقىدىن قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ مىهماننىڭ

ھۆرمىتىنى ئۇنۇتماي، كۆلۈپ تۇرۇپ.

— ماقۇل، بولدى قىلدۇق ، لايسۇ ئىچكەن سەرالىق!

ئەخەتقارىنىڭ ئۆيىگە يېقىنلىغانچە مۇھەممەتتۇرسۇننى بىر خىل بېقىندىلىق رۇھى ھالىتى، ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىدىن مەھرۇم بولۇش تۇيغۇسى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتى يادىغا يېتىش بىلەنلا ئەخەتقارىغا ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىشقا، سەھرالىقلارنى مەرت، تۈز كۆڭۈل دەپ ماختاشقا باشلىدى.

— مانا، مانا، شەلىك دېگەن مانا شۇندا ھارامزادە بولۇدۇ - دە، — دېدى ئەخەتقارى ئەنتىنى ئېلىش پۇرستىنى چىڭ تۇتۇپ، —«خەپ، بىزنىڭ مەھەللىگىمۇ باراسەن» دەيدىغان شەلىك، بىزنىمۇ شۇندا ئويلاپ قالدىڭلىغۇ، ئادېش؟ خاتىرجەم بولۇڭلا. شەلىك«ئۆيسەن» دەپ قولى كۆكسىدە تۇسىمۇ، ئۆيىگە چىسە قوساق تويمايدىغان لاقا - لۇقىلارنى تىزىپ قويۇپ، قۇرۇق چايغا زولىغان بىلەن، بىز ئۆيسەن دېدىقمۇ، ھەرگىزمۇ قۇرۇق پەش ئەمەس، جىڭ گەپ، — ئۇ مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ بارغانسىرى مۇرسىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقان بېشىغا قاراپ، سەل ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي، — ئادېش، كۆڭلىڭلىگە كەلمىگەندۇ؟ سەرالىق دېگەن گەپنى تۈز قىلىدۇ، خاپا بومايسىلە، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئەمما بۇ چاغدا مۇھەممەتتۇرسۇن يەنە بىر ئىشنىمۇ ئويلاپ خىجىل بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئويلىغىنى مەرھۇم داموللامنىڭ بىر خەقتىكى يۇرتۋازلىقىنىڭ قانداق يىلتىز تارتقانلىقى، ھەتتا خېلى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرمۇ كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى تۇتالماستىن تار مەزھەپچىلىككە بېرىلىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلىرىدى.

## 2

ئەخەت قارىنىڭ ئۆيىدە بىر سىڭلىسى، ئاتا - ئانىسى ۋە خوتۇنى

بولۇپ، جەمئىي بەش جان ئادەم ياشايتى. ئۇنىڭ تويى قىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، تېخى بالىسى يوق، ئايالى «گۇماندار» ئىدى. بۇ ياش كېلىن سەھرالىقلارچە تۈز، سادده ئىدى. چىرايى بەك گۈزەل بولمىسىمۇ، زىلۋا، مەڭزى قىزىل، كۆكرەكلىرى چىڭ ۋە زوقنى تارتقۇدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئەمما پولامپاي قىلىپ تىكىلگەن سەگەز كۆڭلەك ياكى خام ئەتلەس كۆينەكتە ئانچىۋالا بىلىنىپ كەتمەيتتى. پەقەت بىرەر ھەرىكەت تۈپەيلى تاسادىپەن بىلىنىپ قالاتتى. سىڭلىسىمۇ بويىغا يېتىپ قالغان بولۇپ، بىر ئاز نورمالسىزدەك قىلاتتى. ھە دېسىلا ھىجىيىپ، «كاللا دېسە پاقالچاق» دەپ، يېقىمسىز ئاۋازدا چىرقىراق سۆزلەپ تۇراتتى.

ئومۇمەن ئەخەت قارىلارنىڭ تۇرمۇشى شۇ زامان، شۇ ماكانغا نىسبەتەن ھاللىق سانىلاتتى. دادىسى باپكارلىق قىلاتتى، قوشۇمچە خىراجەتلەر خام سېتىشتىن كېلەتتى. ئاشلىقى ئۆزىگە يېتەتتى. ساھىپخانلار دەسلەپ ئوغلىنىڭ بىر شەلىكنى ئاغىنەم دەپ باشلاپ چىققىنىدىن ئۆزلىرىنى خېلى ئابرويلۇق بولۇپ قالغاندەك چاغلاپ، خوشال بولۇشتى، ياخشى مېھمان قىلىشتى. كېيىن ئۇنىڭ ئۇزاق تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئانچە ئوچۇق چىراي ئېچىشمىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن بىر تەييارتاپنى بىكاردىنلا بېقىش ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر كېلەتتى. ئىككىنچىدىن، بىر بويىغا يەتكەن قىز بار ئۆيدە ياتۋاش ئەركەكنىڭ ئۇزاق تۇرىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. كەم دېگەندىمۇ گەپ ـ چۆچەك كۆپىيەتتى، قىزنىڭ بەختىگە توساق بولۇپ قالاتتى. بىراق ئۇلار ئەخەت قارىنى بەك ئەتىۋارلايدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ ئارزۇسىغا مۇخالىپ كېلەلمەي ئىچىدە بىلىشتى.

ئەخەت قارى ھاپىلا ـ شاپىلا تەرغىباتلار قىلىپ باللىرى بار ئائىلىلەرنى باللىرىنى ئوقۇتۇشقا ئۈندەپ سەككىزدەك بالا يىغدى. بىر ئېغىز ئۆينى بىكارلاپ دەرسخانا قىلىشتى. كېيىن ئۆي لازىم بولغاچقا دەرسخانا پىشايۋان ئورنىدىكى چەللە ئاستىغا كۆچتى. مۇھەممەتتۇرسۇن دەسلەپتە تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىش باشلىدى. بارا ـ بارا سوۋۇپ،

بۇ سەھرالىقلارنىڭ دۆتلۈكىدىن زېرىكىپ، ھەم ئۇلارنى بەربىر بىلمىگەندىكىن دەپ، ئاغزىغا كەلگەنچە بىلجىرلاپ، جان بېقىش خىيالى پەيدا بولۇپمۇ تۇردى.

ھەر قېتىم بىر ئىش بىلەن ھويلىغا چىققان قىز (ئەخەت قارىنىڭ سىڭلىسى) ھويلا سۇپىسىنىڭ تۆۋىدە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تۇرۇپ قالاتتى ۋە ئاغزىنى سىڭا ئېچىپ، ھىجايغىنىچە مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ دەرس ئۆتىشىنى تاماشا قىلاتتى. ئۇنى يە دادىسى ياكى ئانىسى ئاچچىقى بىلەن چاقىرىۋالاتتى:

— ھەي، شەقىقە! بېشىڭ ئايلىنىپ قېلىۋاتامدا؟ ماڭە بۇيانغا! — ئۇ شۇندىلا چىرايىغا بالىلارچە رەنجىش ئالامىتى يۈگۈرتۈپ كېتىپ قالاتتى.

بەزىدە ئەخەت قارىمۇ ئاشۇنداق چاقىرىپ قالاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئايالى ئومۇمىي ئادەتكە مۇۋاپىق قېينى سىڭلىسىنى ئۆچ كۆرگەچكە ھەمىشە چېقىشتۇرۇپ تۇراتتى. يىڭى ئەر - خوتۇنلاردىكى ئامراقچىلىق تۈپەيلى ئەخەت قارى خوتۇنىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قالاتتى.

تالا - تۈزدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ھەققىدە «بىر شەلكنى ئىچ كىيوغۇل قىلىپ ئۆيىگە ئەكىلىۋاپتۇ» دىگەن گەپلەر تارقالدى. بۇ گەپلەر مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى. شۇڭا ئاخىرقى پۇت قويغىدەك زېمىننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زور دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ھەمدە بالىلار تارقىغاندىن كېيىن دۇكانغا كىرىپ خوجايىنىنىڭ خام توقۇغىنىغا قاراپ تۇرىدىغان، بىرەر ئىش بولسا ياردەملىشىدىغان بولۇپ قالدى. كۆڭلىدە بولسا باپكارلىقنى ئۆگۈنۈۋېلىپ شەھەرگە كېتىش، شۇ يەردە مۇشۇ ھۈنەرگە تايىنىپ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىستىكى پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئەمما ئۇ باشقا ئىشلارغا قارىشىپ بېرىشنى يەنىلا خاھلىمايتى. قىغ چىقىرىش، ئۇلاقلارغا ئوت سېلىش ۋە باشقا ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن سالاھىيىتىنى پەسلەشتۈرگەنلىك دەپ ئويلاپ، ئانچە ياقتۇرمايتى.

ھازىر ئۇ تىنچ تۇرمۇش، كۆڭۈللۈك ئائىلە ھەققىدە كۆپرەك خىيال

قىلىپ، بۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ تۈرلۈك پىلانلىرىنى تۈزۈش بىلەن بەنت ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بىر ئىشقا جان ـ جەھلى بىلەن كىرىشىدىغان تىرىشقاق مىجەزى يوق، تازىمۇ «قوڭى يوق»لاردىن بولغاچقا تۈزگەن پىلانلىرى ئانچە ئۆتمەيلا ئۆزىگە يارىمايتى. ئۇ خۇددى قامغاقتەك، تەقدىرنىڭ شامىلى قەيەرگە ئاپىرىپ تاشلاركىن، دەپ شۇنى كۈتەتتى، خالاس. بەزىدە تاسادىپى باي بولۇپ كېتىش خىيالى كاللىسىنى قوچۇۋېتەتتى. ئۇ پېشانەمدە ئاشۇنداق تۇيۇقسىز كېلىدىغان ئامەتلەر بولۇپ قالسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ئاشۇنداق ئويلاۋېرىپ ئاخىرى بىمەنە خىياللارغا ئايلىنىپ، رىياللىقتىن پۈتۈنلەي چەتنەپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ تازىمۇ ئۆيلەنگۈسى كەلگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭغا كىم تېگەر؟ ھېچكىم تەگمەيتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سەھرالىقلاردىن ئۆيلەنگۈسى يوق ئىدى. ئۇ ئويلىمايتىكى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا يارىشا ئالالايدىغىنى بىرەر مەسچىد قەۋمى «ساۋاپلىق ئۈچۈن» ئېلىپ بېرىدىغان ئەيپىناق قىز ياكى تۇل قالغان ئايال ئىدى. نىكاھ ئىشىدا ئۇنىڭ خاھىشى ۋە ئىمكانىيىتى شۇنداق ئىدى. بىراق، نىكاھتىكى تاللاش بىلەن جىنسىي ئىستەك باشقا ـ باشقا گەپىكەن، ئۇنىڭ كۆزىگە ئايال ئېتى بارنىڭ ھەممىسى چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىچارە، كېچىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاياللار ھەققىدىكى شىرىن ئارزۇلارنى قىلىپ، بىمەنە خىيال بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ھەتتا بىرەر شەپە ئاڭلانسا ئەخەت قارىنىڭ ئايالى يېنىمغا كىرىۋاتامدىكىن ياكى ھېلىقى گاڭسا سىڭلىسىمىكىن، دەپ ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ، ئۆزىچە ھاياجىنى يوقۇرى پەللىگە چىقىپ، بەدىنى ئوت بولۇپ ياناتتى. ئەمما، چاپسانلا بۇنىڭ بىمەنە خىيال ئىكەنلىكى مەلۇم بولاتتى ـ دە، شۇندىلا بۇ خىيالنىڭ تۇز كورلۇق بولۇدۇغانلىقىدىن ئۆزىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇنىڭدىكى تەلۋە ئىستەكلەر رەھىمسىزلىك بىلەن قىستىغاندا ئۇنىڭ ئادىمگەرچىلىك تۇيغۇلىرى يوقۇلۇپ، ئەتىلا بىرەر ئاكتىپ ئىنكاس بىلەن قىزغا ياكى جۇۋانغا ئۆزىنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا ۋەدە بېرەتتى. ئارقىدىنلا قوشنا ـ قولۇملاردىن بىر ئاشنا

تۇتۇۋالماقچى بولۇپ، ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ، نامزات تاللايتى. بۇ ۋەسۋەسە، تېنچ تۇرمۇش، باش تىققۇدەك ماكان مەسلىسى ئۇنى پۈتۈنلەي ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغاچقا، ئىلگىرىكى ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۇنتۇلغاندەك قىلاتتى.

كېيىن ئۇ قوشنىلاردىن بىرسىگە ساقال تاشلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قالدى. چىڭقالغان ئەسەبلىرى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن خېلى يىنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى. بىراق، ئوينىشىنىڭ ئۆزىدىن يىرىم ھەسسە چوڭلۇقى يۈرىكىنى تاتىلاپ، ئىچىدە نىمىدۇر بىر نەرسە ئۇنى رەھىمسىز ئەيىپلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ، بۇ ئىش ئىككىنچى تەكرارلانمايدۇ، دەپ ۋەدە قىلىپ ئىچىدىكى ھېلىقى رەھىمسىز سوتچىنى ئالدىدى. بىراق سەھرا تۇرمۇشىدىكى بىر خىللىق، ئادەمدە ئاللىنىمىگە ئىنتىلدۈرىدىغان، مەڭگۇ قانائەتلەنمەيدىغان ۋەسۋەسە ئويغۇتۇپ، زېرىكىش جانغا تەككەچكە، ئىچ پۇشىقى ئۇنى ھەر كويغا سالاتتى. خېلى تىرىشچانلىقلاردىن كېيىنمۇ بىرەر ئۆزىگە مۇناسىپ ياشتىكى ئويناش تاپالمىغاندىن كېيىن، يەنە باش كۆتەرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋالقىدىنمۇ كۈچلۈك، ئاۋالقىغا قارىغاندا كونكىرت سىغىنىش مەزمۇنلىرىغا ئىگە ئىستەكلەرگە بەس كېلەلمەي، ۋەدىسىگە خىلاپ ھالدا ھېلىقى ئايالنىڭ يېنىغا كىرىشكە مەجبۇر بولاتتى.

ئۇنىڭ خىيالىدا ھامان بىرلا مۇۋاپىق نامزات باردى. ئۇ ئەخەتقارىنىڭ ئايالىدى. ئەمما بۇ خۇشپۇراق گۈل بەكرەك تىكەنلىك بولغاچقا بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئىلاجى يوقىدى. ۋىجدانى ئۇنى رەھىمسىز ئەيىپلەپ تۇراتتى. تېخىمۇ ئېنىقراقى ئەخەتقارىنىڭ يانپېشىدا پۇلاڭلاپ تۇرىدىغان يېڭىسار پىچىقى تېخىمۇ زور چەكلەش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ باغدا تەرەت سۇندۇرۇپ ئۇزۇنغىچە ئىشتىنىنى ئەتكۈسى كەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتى، يېقىنلا يەردە شىلدىرلاش بولۇپ قالدى. ئۇ ئىتتىك ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ، چوڭ ئۈرۈكنىڭ غولىنى دالدا قىلىپ قارىۋىدى، دەل ئاشۇ جۇۋان — دەل شۇ مۇۋاپىق نامزات بىدىلىكتە ئولتۇرغانىكەن. ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ تەستە تۇتۇپ قاراپ تۇرىۋىدى، پۈتى بىر

شاخنى مىدىرلىتىۋەتكەنمۇ، شاراقلاش بىلەن تەڭلا جۇۋان ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتى.

ــ قىلىقسىز! ــ دىدى قىزىرىپ كەتكەن ئايال ھەم ئىتتىك ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشتاننى ئىتىپ، كۆينىكىنىڭ ئىتىكىنى چۇشۇرىۋىتىپ يۇگرىگەنچە چىقىپ كەتتى.

مۇھەممەتتۇرسۇن قورقۇپ ئۆلەيلا دىدى. جان ۋەسۋەسىسى ھەممىنى بىسىپ چۇشكەچكە بايا كۆرگەنلىرىنى ئويلاپ ھوزۇرلانغۇسىمۇ كەلمەي، بۇ ئىشنى ئۇچىنچى بىرى كۆرۈپ قالغان بولسا قانداق قىلارمەن، ئۇ ئەخەت قارىغا ئىيتىپ قويارمۇ، دەپ ئويلاپ، ھىلىقى چۇچىلىق غىلاپتا پۇلاڭلاپ تۇرىدىغان يىڭنىسار پىچىقنى كۆز ئالدىدىن نېرى قىلالماي قالدى. ئۇ بۇ يەردىن قىچىپ كىتەي دىسە سەۋەپنىڭ تاپىنى يوق، ھويلىغا چىقاي دىسە ھىلىقى پىچاق...

ئاخىرى كەچتە ئۇنى تاماقتا چاقىرىپ ھىچيەردىن تاپالمىغان ئەخەت قارى، ئۇنى باغدىن تاپقانغىچە ھىلىقى ئورنىدىلا تۇردى.

ــ نىمە بولدۇڭ؟ تاتىرىپ كىتىپسەنغۇ؟

ــ كۆڭلۇم بۇزۇلۇپلا تۇرۇدۇ... ــ ئۇ ئەمدىلا تولۇق خاتىرجەم بولغانىدى، جۇۋان، بولغان ئىشنى ئېرىگە ئىيتمىغان ئىدى.

ــ نىمىگە؟

ــ مىنىڭ كۆنلىرىم مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كىتىۋېرەمۇ، بىرە ئىشنىڭ پىشىنى تۇتماي مۇشۇنداقلا ئۆتەمەنمۇ، دەيمىنا... شۇلانى ئويلاپ ـ زە، روھىم چۇشۇپ شۇ...

ئۇ ئەخەت قارىنىڭ بايىقى ئىشلاردىن بىخەۋەرلىكىنى بىلگەندىن كىيىن كۆپ يىنىكلەپ كەتكەنىدى.

دىمىسىمۇ بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ كۆنى تەس، دەل ئۆزى دىگەندەك ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بەزىدە كىلىپ، بەزىدە كەلمەيتى. بەزىدە ئىككىسى، بەزىدە تۆرتى كىلەتتى. ئىنىقكى، بۇ باللار ئۆيدە ئىش ئىغىر كەلگەندە مەكتەپكە بارىمەن، دەپ غەلۋە قىلىپ، ئىشتىن قۇتۇلاتتى. ئۇلار يادىغا ئالمىسا ئاتا ئانىسى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمەيتى. شۇڭا بۇ ئىش ئانچە

ئۇزۇنغا قالماي سۇغا چىلىشىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى.

كىشىنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان زېرىكىشلىك قىش پەسلى، ئۇيقۇسىزلار، بويتاقلار، كەمبىغەللەر ئۈچۈن ئۆمۈردىنمۇ ئۇزاق بىلىنىدىغان قىش كېچىلىرى باشلاندى. سىرتلارغا چىقىش ئاز بولاتتى. ئۆيدە قاملىپ ئولتۇرۇش تولىمۇ ئازابلىق ئىدى. ئوقۇغۇچىلار پۈتۈنلەي كەلمەي قويغاچقا ئۇ ئەمدى پەقەت ئەخەت قارىغا «ئىلىم ئۈگىتىش» بىلەنلا چەكلەندى. ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئوقۇشنى باھانە قىلىپ قاچىدىغان ئەمگەك بولمىغاچقا ئۇلار سەندەلگە پۈتىنى تىقىپ يوتقانغا ئورىنىپ ئولتۇرۇپ چۆچەك ئېيتىشىشنى كۆڭۈللۈك ھېساپلىغان بولسا كېرەك... ئۇ ئەخەت قارىنى ئۆزىدىكى «يېڭى - يېڭى بىلىم غەزىنىلىرى»گە قىزىقتۇرۇپ تۇرۇش، ئەڭ ئاخىرقى ئىخلاسمىنىنى بولسىمۇ ئۆزىدىن بىزار قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن دامولىلىدىن ئاڭلىۋالغان كەلگۈسى دۇنيا ھەققىدىكى ئاجايىپ گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى تېخىمۇ بېيىتىپ، قىزىق تەركىپلەر بىلەن ئەپسانىۋىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى. بۇلارغا ئەخەت قارى زادىلا ئىشەنمەيتى. ئەمما زېرىكىشتىن كۆرە مۇشۇنداق «چۆچەك»لەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇش ھەرھالدا كۆڭۈللۈكرەك ئىدى - دە!

مەھەللىنىڭ ياشلىرى بىر كۈنى ئوتۇنغا جابدۇشتى. تەييارتاپلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇھەممەتتۇرسۇن نان بېرىۋاتقان ئائىلە ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بەرمەكچى، يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ دالادا بىر نەچچە كۈن نەپەسلىنىپ، سىقىلىپ قورۇلۇپ كەتكەن يۈرىكىنى يېيىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوتۇنغا بىللە بېرىشقا جابدۇندى. دېمىسىمۇ ئۇ ھازىر بەكلا خۇدۇكسىرەپ، يىگەن- ئىچكىنى زەھەر بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. ھەممە كىشىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغاندەك گۇمانسىراپلا يۈرەتتى. بىرەرسى پىچىرلىشىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن گەپلىرى توختاپ قالغان بولسا ئۇ ھامان ئاچچىق يۇتۇپ ئازاپلىنىپ كېتەتتى. «ھەقىچان بۇلار مېنىڭ گېپىمنى قىلىشىۋاتىدۇ. تازىمۇ ئېشەكنىڭ تاپىدەك بىر نېمىكەن، دېيىشىۋاتقاندۇ، تايىنلىق» دېگەنلەرنى ئويلاپ

كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئانىسىنىڭ تۇققانلىرى بار سەھراغا كېتىپ، ئانىسىنىڭ تۇققانلىرىنىڭكىدە پاناھلانغۇسى كېلەتتى. ئەمما ئۇ يەردىن ھاقارەت ۋە ئاھانەت ئىچىدە ئايرىلغان دەملىرى يادىغا يەتكەن ھامان يۈرىكى ئېچىشىپ كېتەتتى. شۇ ھاقارەتنى يەنە ئاڭلاشتىن كۆرە خەقنىڭ يۇرتىدا خارۇ - زار ياشىغىنى ياخشىراق ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا كەلگەن قىش ئۇنى تېخىمۇ بىچارە قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ شەلكىمەن دەپ سەھرالىقلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتىدىغان ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى بىلەن قېرىشقاندەك، ئۇنى سەھرالىقلار ئالدىدا تېخىمۇ يەرگە ئۇرىۋەتكەنىدى: ئۇنىڭ قىشقا ھىچقانداق تەييارلىقى يوقىدى، قىشلىق قېلىن كىيىمى بولمىغاچقا ئۆزىدىنمۇ نامرات سەھرالىقلار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ بۇلتۇرقى ئەسكى- تۈسكىلىرىنى بېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ كىشىلىك غورۇرى بۇنىڭدىن چەكسىز ھاقارەت ھېس قىلىسىمۇ، رەھىمسىز رىياللىق ئۇنىڭ چوڭچىلىقىنى سۇندۇرۇپ، يەنچىپ تاشلىغانىدى. غورۇر — مەۋھۇم بولغىنى بىلەن، سوغۇق — رىيال، كونكىرىت ئىدى! ئەخەت قارىنىڭ ئىلگىرىكى پاختىلىق تونىنى كەيگىنىدە ئۇ ئەنە شۇنداق روھ ۋە رىياللىقتىن ئىبارەت ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا تازىمۇ قىينالدى. توننىڭ كونىلىقىدىن باشقا ئۇنىڭ كالتە ۋە تار كېلىشى ئۇنى بەكمۇ كۈلكۈلۈك كۆرسۈتەتتى... ئائىلىدە قىلىدىغان ئىشى بولمىغاچقا باشقىلارنىڭ ئىشىغا پۇتلىشىپ، ئارتۇقچىلا بىلىنىپ قالغان، تولا ئۈيلۈنۈشتىن نېرۋىسىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. باپكارلىق دۈكىنىغىمۇ پەقەت قولاشمىغان خوشامەت بىلەن چىقاتتى. ئەمما ھۈنەرگە كۆڭۈل قويمىغاچقا ھىچنېمە ئۆگۈنەلمىدى. ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا بۇ ئىشنى تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىگە خاس پەس ئىشلار دەپ قارىغاچقا كۆڭۈل قويمىغانىدى. گەرچە بۇ قارىشىنى ئوچۇق ئېلان قىلمىغان، كۆڭلىدە ئۆزىمۇ بۇنداق قارىشىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان(ساختا كەمتەرلىك بىلەن) بولسىمۇ، بەربىر شۇنداق قارايتى. بارا - بارا «ئاتتىن چۈشكەن»دە بولسا ئاۋال پەيدا قىلىپ قويغان قاتمال ۋەزىيىتى ئۆزىگە پۇتلاش بولۇپ قالدى. ئۇ ھامان مەن نى - نى

ئىشــلارنى قىلــش ئۈچــۈن يارىتىلغــان، ئەرزىمــگەن ئىشــلار بىــلەن باغلىنىپ قالماسلىقىم كېرەك، دەپ ئـۆز ئـۆزىنى ئاۋۇنـدۇراتتى. بىـراق، بـۇ نــى ـ نــى ئىشــلارنى قىلغــۇچى «ئۇلــۇغ ئەربــاپ» ئــۆزى ياراتمايــدىغان ئادەملەرنىــڭ قولىغــا قاراشــلىق ئىــدى. ئەمەلىيەتــتە دىلىــدىن خــاھلاپ كەتمىســىمۇ، ئــازراق بولســىمۇ ئەپۇغــا ئېرىشــش نىيىتىــدە تۆۋەنــدىكى كىشــىلەرنىڭ تىرىكچىلىــك پائــالىيىتىگە قىزىقىــپ قالغــان قىيــاپەتتە ئوتتۇرغــا چىقىــپ، قوشــنىلاردىن لاپقــۇت ئۈچــۈن ســوربۇيلىنغان ئېشــەكنى مىنىــپ ياشــلار بىــلەن يــۈرۈپ كەتكىنىــدە دەســلەپ تولىمــۇ كۆڭۈلســىز ماڭــدى، خورلــۇق ھېــس قىلــدى. كەڭ دالاغــا چىققانــدىن كېيىــن ســەل ئېچىلىــپ، ئــۆزىنى كۆرسۈتۈشــكە، گەپــدانلىق قىلىشــقا، ســەھرالىقلارنى مەسخىرە قىلىــدىغان لەتىپىلەرنــى ئېيتىشــقا باشــلىدى. كېيىــن يەنە بـۇ يىگىتلەرنىــڭ تــۇپراقتەك پــاك ئىكەنلىكىــدىن تەســىرلىنىپ، تېمىنــى ئۆزگەرتىــپ، ئــۆزى بىلــگەن ۋە باشــقىلارغا بىلــدۈرمەكچى بولغــان نەرســىلەر ھەققىــدە ـــ ئىــنقىلاپ، ھۆرلــۈك ۋاھاكــازالار ھەققىــدە قىــزغىن ســۆزلەپ كەتتى.

بــۈرۈن بىــر ئوتــۇنچى بولغــانىكەنمىش، ئۆمــۈر بــويى ئوتۇنچىلىــق قىلىــپ، ئۆمرىنىــڭ ئاخىرىــدا خۇداغــا نىــدا قىلىــپ: «خــۇدا! خــۇدا دېــگەن بەنــدەڭنى ئوتــۇنچى قىلمىغايســەن» دەپــتىكەنمىش، شــۇنىڭغا ئوخشــاش مۇھەممەتتۇرسـۇن گەرچە ناھـايىتى قىينالغـان بولسـىمۇ، ئائىلىـدە، ياشـلار ئارىسىدا قايتىدىن ھۆرمىتىنى تاپقاندەك بولـۇپ قالـدى. شۇڭلاشـقا ئوتتۇرغـا ھەر قېتىمــدىلا بــاردى. ئــۇ ياشــلارغا ســۆزلەش جەريانىــدا ئۆزىمــۇ يــۈرىكىگە قايتىــدىن ئــوت تۇتاشــقاندەك بولــۇپ قــالاتتى. يــاش ھەمراھلىرىغــا قىلغــان تەبلىــغ ـ تەرغىباتلىرىــدىن ئۆزىمــۇ ھاياجانغــا كېلىــپ، قەلبىــدە ئۇلۇغلــۇق بــاش كۆتەرگەنــدەك، ئەمــدى ھەقىقەتەنمــۇ نــى ـ نــى ئىشــلارنى قىلىشــقا چامىســى يېتىــدىغان بولــۇپ قالغانــدەك ئــۆزىنى جەســۇر ھېــس قىلىــپ قــالاتتى. قەلبــى پاكلىنىــپ قالغانــدەك بــولاتتى. گۇناھلىرىــدىن قــاتتىق نومــۇس قىلىــش، قورقــۇش ھېــس قىلىــش بىــلەن ئىــچ ـ ئىچىــدىن تــوۋا قىلاتتــى. ئۇســتازىنىڭ ئەجرىنــى ئاقلاشــقا بەل بــاغلايتى. ئــۇ ئۇســتازىدىن

ئۇگەنگەن سىياسىي تېمىلاردا سۆزلەشكە باشلىسا، بارا ـ بارا قىزىپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا باشقىچە ئادەمگە، سۆيۈملۈك ھەم ئۇلۇغ ئادەمگە، ھۆرمەتكە لايىق موللىغا ئايلىنىپ قالاتتى. ئەمما ئۇنىڭ پىسخىكىسى يىتىمچىلىكتە، سەرگەردانلىقتا شەكىللەنگەچكە يەنىلا سەرگەردانلارچە قوپاللىق، قىلىقسىزلىق،... ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈپ، قىزىپ سۆزلىگەندە قازانغان ھۆرمىتىنى ساقلىيالمايتى( يۇقىرالار بۇنداق خاراكتېرنى «ھۆرمىتىنى سېتىپ يەيدىغان»دەپ تەرىپلىشىدۇ).

ئوتتۇنچىلىقنىڭ باشلىنىشى، ئۇنىڭ جاپاسى بولۇش بىلەن بىرگە كەڭ دالادىكى ئەركىن نەپەس، ئەمگەك قىلىپ ھالال يېگەن ناننىڭ لەززىتىنىڭ بولۇشى ئۇنى خېلى خوپ ئۆزگەرتكەنىدى. ئۇ جاپاغا چىداش، قىيىن سىناقلارغا، ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرگە ئۆزىنى تەييارلاش نىيىتىگە كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى قىيىنچىلىقلارغا چىداشقا كۆندۈرمەكچىدى. بۇنىڭ يەنە بىر ياخشى يېرى ئۇچ كۈنلۈك جاپالىق مۇساپە جەريانىدا بىمەنە خىياللاردىن، گۇناھ ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى ۋە ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. كەلگەن كۈنى ھېرىپ كەلگەچكە ئېزىلىپ ئۇخلايتى...

بىراق، ئېشەكنىڭ لاپقۇتى قوشنىغا كەلگەندە ئۇ يەنە بىر نەچچە كۈن خىيال بىلەن يۈرەتتى. ئەمدى ئۇ قايتىدىن يۈت تىرەپ تۇرۇش زېمىنىگە ئىگە بولغاندەك ئىشەنچ پەيدا قىلىپ قالغاچقا ئەخەت قارىنىڭ چۈچىلىق غىلاپتا ئېسىلىپ تۇرىدىغان پىچىقى توغرىسىدىكى ۋەھىمىلەردىن خالى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا پات ـ پاتلا نىيىتى بۇزۇلۇپ تۇراتتى. ئەمما ئۆزىنى كۈچ بىلەن بېسىپ، خىيال بىلەنلا چەكلىنەتتى. چۈنكى، ھەرقانداق يامان خىيالمۇ ئادەمنى دار ئالدىغا ئاپارمايتى. جاۋاپكارلىقتىن خالى ئىدى. خىيالىڭدا پۈتۈن بىر ئەلنىڭ خەلقىنى قىرىۋەتسەڭمۇ ھېچكىم سېنى قاتىل دېمەيدىغان گەپ. شۇڭا ئۇ ھېلىقى چاغدا باغدا كۆرۈپ قالغانلىرىنى قايتىدىن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خۇددى يۈتۈۋەتكەن نەرسىنى قايتىدىن ياندۇرۇپ كۆشىگەندەك، لەززەتلىنىپ ئەسلەيتى.

ھەم ئەمگەك، ھەم دەخلىسىز خىيال، ھەم سۆزىگە ئىخلاس بىلەن

قۇلاق سالىدىغان بىر توپ سادده دوستلار ئارىسىدا ئۇ قايتىدىن ھاياتىي كۈچ تاپتى. كۆڭلىرى خېلى كۆڭۈللۈك ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنى بىردىن - بىر قىيناپ تۇرىدىغان نەرسە ھېلىقى قوشنا ئايالنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كىرگەندىن كېيىنكى پۇشايمان ھېسسى، گۇناكارلىق تۇيغۇسى ئىدى. چىقىدىغان چاغدا بىر نەچچە كۈن شەيتىنىغا ھاي بېرەتتى. بىراق، بولالمىغاندا چىقاتتى. شۇندىن كېيىن بىر نەچچە ۋاخ خامۇش، «چىۋىن يەۋالغاندەك» كەيپىياتتا يۈرەتتى...

# يەتتىنچى باپ

قەشقەرىيەلىكلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ئىنتايىن ئاجىز. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بىردەملىك خاتىرجەملىكنى دەپ، دۈشمەنلىرىگە خىزمەت قىلىشتىن يانمايدۇ.

— ئا.ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە»

## 1

باھار كەلدى. تەبىئەتكە ھۆسن، كېلىماتقا ئىللىقلىق، ھاۋاغىمۇ ئۆزگىچە خاس پۇراق بەردى. باھارنىڭ ئۆزگىچە پۇرىقى، جان ـ جانۋارلارنىڭ ئۈچەكلەردىن چىقىپ ھايات پائالىيەتلىرىنى باشلىشى كىشىگە يېڭى ھەم ئۆزگىچە تۇيۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ تومۇرلىرىدا جۇشقۇن بىر خىل قان ئېقىۋاتقاندەك، ئۆزى قۇشتەك يېنىكلەپ، كەيپىمۇ ياخشىلىنىپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ يوقسۇزلۇقى — تايانچى، بايلىقى، ئائىلىسى بولماسلىقى ئىلگىرى ئۇنى غېرىپسىندىرغان بولسا، ئەمدى ئۇنىڭغا «ئىشكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تېنچ» دېگەندەك يېنىكلىك بېرىدىغان بولۇپ قالدى. تارتىشىدىغان نەرسىسىنىڭ يوقلىقىدىنمىكىن ھەمىشە ھەسەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە يامان خىياللار كۆڭلىدىن كېچەتتى: قاتتىق يەر تەۋرەشنى، پۈتۈن دۇنيانى كومپەيكوم قىلىۋېتىپ، دۆلەتمەنلەر بىلەن يوقسۇللارنى ئوخشاش قىلىپ قويۇشنى، شۇنىڭ بىلەن قايتا گۈللىنىش

باسقۇچىدا ئۆزىنىڭمۇ بايلاردىن بولۇپ قېلىشىنى ياكى بولمىسا بۇنداق مەنىسىز، قەدىر ـ قىممەتسىز ياشىغاندىن كۆرە ئاشۇ بالايى ـ ئاپەت تۇپەيلى ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلايتى. ئىشقىلىپ بىر خىلدا ئۆتۈدىغان زېرىكىشلىك تېنچ هايات جېنىغا تەككەندەك، بەزىدە قاتتىق جەڭ ـ جېدەل، ئۇرۇش ـ يىغلىق بولۇشىنى تىلەيتى. ئەنە شۇنداق پەۋقۇلئاددە بىر ئىشلار يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە دەۋردىلا كۆرەش قاينىمىلىرىدا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى، قەهرىمانلىقى بىلەن ماختانغۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭسىز بۇنداق تېنچ ۋەزىيەتتە ئۇنىڭ ماختانغۇدەك هېچنېمىسى بولمايتى، ئۆزىنى كۆرسۈتۈش پۇرسىتىمۇ بولمايتى. ۋاهالەنكى، ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەسەبىي شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى — شۆھرەتپەرەسلىك تۇيغۇسى بارىدى. ئۇ هېلىقى ئۆزى ئىنتىلگەن، ئەمما يېتەلمىگەن قىزلارغا، ئاياللارغا ئۆزىنى تونۇتۇپ قويمىسا بولمايتى، ئەلەم بولاتتى. ئۇندىن كۆرە ئۆلگىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟!

ئۇ ئەنە شۇنداق ئىچ پۇشقى ئىچىدە كۆچەت قويۇش ۋە باشقا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىنى ئەخەت قارىغا ياردەملىشىپ ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزدى. قوناق تېرىلىپ بولغان مەزگىلدە قەشقەر تەرەپتىن غەلىتە خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى.

— پۈتۈن قەشقە شەرى ئاياققا تۇرۇپتۇ، دارىنلا توسامماي قاپتىمىش، — دېيىشەتتى ئۇرۇن قۇلاقلار.

— شەگە يېقىن سەرانىڭ دىخانلىرىمۇ بامىش، چېرىكلىنىڭ مىلتىقلىرىنى تاتىۋاپتۇمىش، ئاندىن قاتتىق ئېتىشىپتۇ...

— ما تىتەي خوتۇنلىرىغا يېتىشىپ بولاممای، تىۋپلاردىن چارىسىنى سوراپتىكەن، تىۋپلا ئاققۇچقاچ يېسىڭىز، ئون خوتۇن بولسىمۇ هۆددىسىدىن چىقىسىز دەپتىكەن، كۆدىڭلىما ما ئىشنى؟ سولامچى دەللاللا قىزلىرىمىزنى تېپىشتۇرۇپ بەگەن، تىۋپلىرىمىز دارىسىنى بۇيرۇپ بەگەن! شۇنداق قىلىپ، ما تىتەي بىز يالاقچىسىغا «ماڭە ژۈگۈ، ئاققۇچقاچتىن بىرقانچىنى تۇتۇپ كەل» دېگەنىكەن، بۇ غالچا پۈتۈن

ئەتراپتىكى يېزىلاغا ئاققۇچقاچ ئالۋىڭى ساپتا[1]. ھە، بىز خەق كۆمىگەن شۇ ئاھانەت قاغان ئەمەسما!؟ ۋاي، غوجام، خوتۇنۇمغا يېتىشەمىگەن بوسلىرى، دارىسىنىمۇ مەن تېپ بېرەي، دېگەندەك! مانا شۇ قۇچقاچ ئالۋىڭى سەۋەپلىك بىرەسىنىڭ ئۆتى تاشقان بوسا كېرەك، بۇ خاپىلىق شۇنىڭدىن چىققانمىش!

بۇ خەۋەر مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق كەلدى. ئۇنىڭمۇ بىر مىلتىققا ئېرىشكۈسى، شۇنىڭ بىلەن ئاجايىپ قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ياراتقۇسى كېلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەست تۇيغۇسى ئاددىي ئەسكەر بولۇپ، باشقا ئاددىي دېھقان ياكى ھۆنەرۋەننىڭ قوماندىسىغا بويسۇنۇشقا يول قويمايتى. شۇڭا ئۇ قوزغىلاڭغا بىر توپ پىدائىلارنى تەشكىللەپ بېرىپ قوشۇلغۇسى، مۇشۇنىڭ خاسىيىتىدە ئۆزىمۇ رەھبەرلەردىن بىرى بولۇپ قېلىش نىيىتىدە بولدى.

— مەھەللىنىڭ ياش باللىرىنى يىغ، ئەخەت قارى، — دېدى ئۇ شۇڭا ھاياجان بىلەن، — غازات قىلىشنىڭ ۋاقتى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئوغۇل بالا دېگەننى جەڭگە يارىتىدۇ. بىر توپ بولۇپ بېرىپ سەپكە قوشۇلايلى. ھەقىچان ئۇلارنىڭ باشلىقى بىر ساۋاتسىز تومپاي، دېگىنە، ئاستا ـ ئاستا ئۆزىمىز ھەممىنى قولىمىزغا ئالىمىز.

بىراق، ئەخەت قارى ئىككىلىنىپ قالدى. بۇ ئىشتىن قانچىلىك نەتىجە چىقار؟ تېنچ ھاياتقا ئۆگۈنۈپ قالغان كۆڭۈل، بارىغا شۈكرى قىلاتتىكى، ھەرگىزمۇ يوغىنىغا ئېرىشىمەن دەپ كىچىكىدىنىمۇ قۇرۇق قېلىشقا تەۋەككۈل قىلالمايتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىسىدىن ئەنسىرەپلا تۇرىدىغان، بىچارىلارچە ياشاشقا ئۈگەنگەن، بۇنداق ياشاشنىڭ قۇللۇق ياكى ھۆرلۈك بولىدىغانلىقىنى، ئادەملەر قانداق ئەۋزەللىكلەرگە ئېرىششى لازىملىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمەي ياشاشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا كۆز قۇلاق بولۇپلا تۇراتتى.

— ھەرگىز مالىماتاڭ گەپ ـ سۆزلەرگە ئارىلاشما. قوڭاڭنى قىسىپ

[1] «قۇچقاچ ئالۋىڭى» تارىخىمىزدا ھەقىقەتەنمۇ بولغان بىر ئىش، — ئا.

سىڭگەن نېنىڭنى يە. «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ». كىم دارىن بوسا بىزنىڭ ھاكىممىز شۇ، بۇ ئۇلىنىڭ ئۆز ئىشى. ھامىنى سەن بولامىمايسە. بۇ سەندەك، مەندەكلەنىڭ قولىدىن كەممەيدا، — دەپ تاپىلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭچە كىمنىڭ ھۆكۈمران بولىشى ئۇلار ئويلاپ ئولتۇرىدىغان ئىش ئەمەسىدى.

كۆپ ئۆتمەي قەشقەردىكى بۇ توپىلاڭنى كۆتۈرگۈچىلەر ھۆنەرۋەنلەر ۋە دېھقانلار ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ باش سەردارى ئارىپ «كۆكەمە» ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچلىك خەۋەر كېلىپ قالدى. بۇ ھال مۇھەممەتتۇرسۇندا ئىنقىلاپقا ئىشتىراك قىلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ئارىپنىڭ باش بولۇشى ئۇنىڭغا قانداقتۇر غۇۋا ئۈمىد بېغىشلىغان بولۇپ، بۇنداق ساۋاتسىزلاردىن «رول»نى ئېلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەسىدى.

— ئويلاپ باقە، ئەخەت قارى، ئارىپ دېگەن قانچىلىك ئادەم؟ — دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن ئىچى قايناپ، بوغۇلۇپ، — ئارىپ بىز قوشۇنغا باش بولۇپ دارىنلا بىلەن سوقۇشسا، بىز - زە خوتۇن كىشىدەك كۈلۈڭدىن چىقامماي ئولتاساق، ... بىزلا بېرىپ قوشۇلساقۋاغۇ، ئارىپ كۆكەمىگە قىلغۇدەك ئىش قامايدا. بىز با يەدە ئۇنىڭغا نېمە؟...

بىراق، ئەخەت قارىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنى نازارەت قىلىپ، نەسىھەت قىلىپ، ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىتىپ تۇراتتى. قەتئىي نىيەتكە كەلگەن مۇھەممەتتۇرسۇن ئوتتۇنچى دوستلىرىنىڭ قايسىسى ئۇچراشسا لاپ ۋە تەشۋىقاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپلا تۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى كەلگۈسىنىڭ پارلاق مەنزىرىسى، تەسىرلىك سۆزلەرنىڭ سېھرىي قۇۋۋىتى ھەرھالدا رول ئويناشقا باشلىدى. ياشلار سەل قىزىپ قالدى. لېكىن ئۇلار ئۆز يۇرتلۇقى بولغان ئەخەت قارىغا ئاسانراق ئىشىنەتتى ھەم ئەگىشەتتى. شۇڭا ئەخەت قارىغا قىلىنىدىغان تەشۋىقات ھۆجۇمىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ياش يۈرەك ھامان يېڭىلىققا بەكرەك يېقىن بولىدۇ. تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي بولىدۇ. ئاخىرى ئۇلار جەمئىي ئون ئىككى

ياش يىگىت ئىنقىلاپقا قوشۇلۇش پىكرىگە كېلىپ ئۆزئارا ۋەدە قىلىشتى.

تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ قانداق، شۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ يېزىسىغا پەيزىۋات ناھىيىلىك يامۇلدىن ئون بەش چېرىك ئالۋاڭ سوئىلەپ، بويۇنتاۋلۇق قىلغانلارغا پەش - پوپۇزا قىلىپ، راستىن قارشى چىقماقچى بولغانلارنى يامۇلغا ئېلىپ كەتكىلى كەلگەن بولۇپ، شۇ يەردىكى بىر باينىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇلار يېزىمۇ - يېزا ئارىلاپ، نەپسىنى تويغۇزۇپ يۈرۈشكەچكە، ناھىيىدىن چىققىلىمۇ ئون كۈنچە بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئاتلىق، قالغىنى پىيادە، ئارىسىدا قۇمۇل تەرەپلىك ئۇيغۇر ئەسكەردىن بىرسى بارىدى. ئۇ قوشۇمچە تىلماچلىق ۋەزىپىسىنىمۇ قىلاتتى.

مۇھەممەتتۇرسۇن، ئەخەت قارىلار بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، ئاندىن توپقا قوشۇلۇش نىيىتىگە كەلدى. ئۇلار قانداق قىلىش ھەققىدە كۆپ مەسلىھەت قىلدى. ئاخىرى مۇھەممەتتۇرسۇن مۇنداق دېدى:

— ئۇلانىڭ ئارىسىغا بىز ئايغاقچىمىزنى چىگۈزەيلى، ئاندىن ئەھۋالنى شۇنىڭدىن ئاڭلاپ تۇرۇپ ئامال تاپامىز.

— كىمنى چىگۈزىمىز؟ ھەيدەپ چىقامامدا؟ يا بوممىسا گۇمانلىنىپ ئېتىۋەتسە كۆرۈڭ!

— بايكامنىڭ ئۆيىگە كىم قوشنا؟ يا بوممىسا كىمنىڭ ئۆيى ئەڭ يېقىن؟

— نېمە قىلىسەن؟ مانا مېنىڭ ئۆيۈم ئەڭ يېقىن.

— ھەببەللى، سەن چىسەڭ گۇمانلانمايدۇ. بەلكىم، ئىش- كۈشلىرىگە قارىشىپ بېرىشكە دەپ قالامدۇ، تېخى.

— مېنى - زە، ئۇلۇمگە ئىشتەمەكچىكەنسەن - دە؟

— ئۇنداق دەپ كەتمە، — دېدى ئەخەت قارى، — مەمەتتۇسۇن توغرا دەيدا، توغرا مەسلىھەت، بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق چارە يوق. ماقۇل دە.

ئۇ ماقۇل بولدى.

— سەن دەپ قالدىڭ، بوپتا، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەمەن.

بۇ ھال مۇھەممەتتۇرسۇنغا يەنە ھار كەلدى. مۇشۇ كىچىككىنە توپ ئىچىدىمۇ بىرىنچى نوپۇز بولالمايۋاتاتتى، شۇنداق بولسىمۇ ھازىرقى پەيتتە ئىچىدە بىلىشكە توغرا كېلەتتى.

— قېنى ئېيتە، ئۇ بايناڭ ئۆيىگە چىرىپ نىمىش قىلىدۇ؟ — دېدى ئەخەت قارى گويا مەسلىھەتچىسىنى بۇيرىغاندەك.

ئۈستى - ئۈستىلەپ غورۇرى ئازار يېگەن مۇھەممەتتۇرسۇن تۇكرۇكىنى قاتتىق يۇتۇپ، سەل جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— ئەگەر ئۇ شۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ بىرە ئىشقا سېلىشىغا ئىلىشۋاسا بەك ياخشى بولىتى. شۇنداق بولاپ قاسا چىرىكلەرنىڭ قورالنى قەيەگە قويغانلىقىنى، نىمە قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈۋېلىپ، قانداق چاغدا قول ساسا ئەڭ ئوبدان بولۇشىنى بىزگە خەۋە قىسا ئىش ئوڭاي بولىتى.

— ھە، سەن خاتىرجەم بول، بايناڭ ئۆيىگە مىھمان كەسىلا مېنى قارىشىپ بېرىشكە تولايدۇ. بۇ دو شۇنچە جىق ئادەمنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈپ بولالامتى.

— راستىما؟ بەك ياخشى بولۇدۇغان بولدى. خۇدا، خۇدا! ئىشىمىزنى ئوڭ قىلغايسەن، بۇ بى بىشارەت، باللا، ياخشى بىشارەت. خۇدانىڭ بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغۇسى كېلىۋاتامدۇ، نىمە؟ باللا، ئازراق مەجۇن تاپقىلى بولماسما؟

— نىمە قىلغىلى؟

— «مىھمان»لارنىڭ چېيىغا سېلىۋەتسە ئۇلا تازا مەس بولاپ، توڭگۇزدەك ئۇخلىسا بىز ئىشىمىزنى بەخۇدۇك پۈتتۈرۈپ، يولىمىزغا ماڭمامدۇق.

— بەللى، بەللى، تازا پەمىڭ با نىمىكەنسە، راسلام، — دېدى ئەخەت قارى، — چىم مەجۇن تاپالايدۇ؟ ھەممە ئىشىمىز خەتەرسىز پۈتىتى...

— ئۇ ئىشنىمۇ ئاكاڭ قارىغايغا قويۇپ بېرىڭلا. مەجۇن دېگەن باي ئاكاڭنىڭ ئۆيىدە بومىسا يالاڭ تۆشلە نىمە قىلىدۇ ئۇنى! مەن ئۆزەم توغرىلايمەن، مەن ھايت، دېگەندە گۇر قىلىپلا چىرىسىلە، ئاۋۇلانى باغلاپ تاشلاپ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ ماڭىمىز... — ئەمدى ئۇمۇ يولباشچىلىق

تەلەپپۇزىدا سۆزلىگىلى تۇردى.

ــ ئەمسە سەن ماڭغىن.

ــ ماقۇل، خەيرىمنى ساقلاپ تۇرۇڭلا.

ــ بىزنى شۇ ئۆينىڭ ئارقىسىدا، ئېغىلىدا، ئۆگزىسىدە دەپ ئويلاۋە.

بۇ ئىش چاقچاقتەكلا باشلىنىپ چىڭىغا چىققىلى تۇرۇۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە ھەربىر كۆكرەكتە ئەنسىز دۈكۈلدەش، ھەربىر كاللىدا ھېساپسىز خىيال، قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرلار كېزەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار يىگىتلىك غۇرۇرى بىلەنلا ئۆزلىرىنى بېسىپ، بىرىنچى بولۇپ قورققانلىقىنى ئىپادىلەشتىن ئۆزىنى تارتىشاتتى. ئەمما ھەممىسىنىڭ يۈرىكىدە بىرخىل قورقۇنچ، بىرخىل دەھشەت كېزەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەپىلەشمەكچى بولۇۋاتقىنى قورال، قان تۆكۈش، ھەتتا ئۆلۈم ئىدى! كىمكى شۇتاپ بىرىنچى بولۇپ، بەك قورقۇۋاتىمەن، بولدى قىلايلىچۇ، دېسىلا، ھەممىسىنىڭ يېلى چىقاتتى. پەقەت ھېچكىم بىرىنچى بولۇپ بۇنداق زەيىپانە مىجەزلىكىنى ئاشكارىلاشنى خاھلىمايتى، خالاس. بەلكىم ئاخىرىمۇ بىر ئويۇندەكلا ئاخىرلىشار، شۇنداقتا قورقۇپ بولدى قىلغىنىم تازىمۇ ئەخمەقلىق بولمامدۇ، دېگەندەك تەسەللىلەر ئۇلارنى تۇتۇپ تۇراتتى.

ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيگەندىن تېشىدا كۆيگەن يامان دېگەندەك، سىرتتىكىلەرگە ئەنە شۇنداق يامان بولۇۋاتقاندا، ئىچىدىكىسى ئۆز ـ ئۆزىگە سىرتتا بىر توپ دوستلىرىم بار، دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، ئىشنى ھەرھالدا كۆڭۈلدىكىدەك بېجىردى. قۇراللار بىر بۇلۇڭدا پىرامىدا شەكلىدە تىپلاپ قويۇلغان بولۇپ، باشلىق ناگانىنى ئۇلارنىڭ تويىغا قوشماي، ئولتۇرغان يېرىدە يېنىغا قويۇپ ئولتۇرغانىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىلاندەك، گۈلدەك ئىزىلگەن مەجۇن كومۇلىچىنى دەملەنگەن چايدا بىلەلمەيلا ئىچىۋەتكەن بولغاچقا ھەرقانداق ھۇشيارلىقىنىمۇ قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوقىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىلگەن قىزىق چايدا ئاشقازاندىكى مەجۇن تازا ئوبدان تارقاپ، نېرۋىلارنى ئۆز سەنىمگە دەسسىتىشكە باشلىدى. بىردەم كۈلۈشمەك

بولغاندىن كېيىن جايى ـ جايىغا قىڭغىيىشتى.

سىرتتىكىلەر سىگنالنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆيگە كىردى.

قورالنىڭ ھەممىسى پەگاھتىكى بۇلۇڭدا بولغاچقا ئۇلار بىردىن ـ بىردىن كۆتۈرۈپ، ئېشىپ قالغىنىنى جېنى بارراقلىرى يەنە بىردىن ئېلىشتى. مۇھەممەتتۇرسۇن باشلىقنىڭ تاپانچىسىنى ئىزدەپ يۈرگەنىدى، ئۇنى ئاللىقاچان «كۇتكۇچى» يىگىت ئېلىپ بولغانىكەن. بىراق ئۇنى مۇھەممەتتۇرسۇنغا بەرمىدى.

— ھە، سەن بىزگە باشلىق بولغاندىكىن بۇنى سەن ئاس، — دېدى ئۇ تاپانچىنى ئەخەتقارىغا سۇنۇپ.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ مىلتىقنى مۈرىسىگە ئاستى.

— خوش، ماۋۇلانچۇ؟ — دېدى ئۇ ئەخەت قارىغا مەست ـ ئەلەس ھالدا خورەك تارتىۋاتقان چېرىكلەرنى كۆرسىتىپ.

— بۇلا ئۇخلاۋەسۇن، بىزمۇ يولىمىزغا مېڭىۋېرەيلى.

— دارىن، چېرىكلەنى يوقۇتمىز دەپ قوزغالدۇق، ئەمدىزە، تەييالا تۇغان، چاڭگىلىمىزدىكى دۈشمەننى قويۇپ قەيەگە بېرىپ، كىم بىلەن ئېلىشىمىز؟ بىز ئۇنى يوقاتمىساق ئۇ بىزنى يوقۇتۇدۇ.

— قولۇڭ باسا سەن ئاتە، بىز مېڭىۋېرەيلى. بىكادىن بىكا گۇنايىمىزنى ئېغىرلىتىپ نېمە قىلىمىز...

— شۇنى دەيمە، قانداق قول باردۇ؟ بىژ جاننى،... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم ـ دە، خىتاي دېمەكلىك بىلەن... ياق، ياق! ماڭا قاسا توخۇنىمۇ ئۆتتۈرەممەيمەن! يەنە كېلىپ بۇ دېگەن ھۆكۈمەت ئادىمى تۇسا...

مۇھەممەتتۇرسۇنمۇ لەسسىدە بولۇپ ئارقىسىغا داجىدى. چۈنكى ئۇنىڭدىمۇ بۇنداق جۈرئەت يوق ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ بوشاڭلىقنىڭ، تەييار دۈشمەننى ئۆلتۈرمەي كېتىشنىڭ ئىنتايىن خاتا بولۇۋاتقىنىنى بىلىسىمۇ ئامال يوق ئىدى. ئەسلىدە ئۇ بۇيۇك پىلانلىرىنى بۇيرۇق بىلەن باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچىدى. «ھەتتەڭەي، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئۆلتۈرەش توخا بوغۇزلىغاندىنمۇ ئاسانتى، ئوق

ئېتىپ جاھاننى غالغۇيتۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوقتى. شىتىك بىلەن بىردىن ـ بىردىن سانجىپ چىقساڭلا بولاۋېرتى... بۇندا بولغاندا باينىڭ ياسىداق مىمانخانىسى نېمە بوپ كېتە؟ زىلچىلا، يىكەندازلا قانغا بويۇلۇپ، ئۆيگە نەچچە ۋاخ چىگىلى بوماس دەرىجىدە ژىن بۇراپ كېتە،... ۋۇ...» مۇھەممەتتۇرسۇن تۇيۇقسىز سوغۇق تەككەندەك دىرىلدەپ كەتتى. ئاندىن سەل ئەقلىگە كېلىپ:

— ئەمىسە بىژ ـ بىسىگە چېتىپ باغلاپ قويىلى. بومىسا ھېلىلام ئويغىنىدۇ، ھايالدىمايلا ئىزىمىزغا چۈشىدۇ، باكا پايدىسى يوق. قىلغان ئىشىمىز تازىمۇ «سويما قوڭ»دەك ئىش بومىسۇن.

— بۇ گېپىڭ خېلى جايىدا، — دېدى ئەخەت قارى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ چېرىكلەرنى باغلىغىلى تۇردى.

— بۇنى قوياپ تۇرۇڭلا، — دېدى «كۆتكۆچى»، — بۇ مۇسۇلمانكەن، بىللە ئېلىپ كېتىلى، بىزگە مىلتىق ئېتىشنى ئۆگۆتۆپ قويسۇن.

— توغرا، ئەمما ـ زە، بۇ ھازىر بىر زەمبىل پوق دەڭلا، بۇنى كۆتۆرەپ جان توشاما؟

— ھېلى تالاغا ئاچىقساق، سەگىسلام ئېسىگە كېلىدۇ. يا بومىسا بىر چېنە سوغۇق سۇ ئىچۈرىمىز.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قوراللىنىپ تالاغا چىقىشتى. ھېلىقى ئۇيغۇر چېرىكنى ئۆلۆكنى سۆرىگەندەك سۆرەپ بىللە ئېلىپ چىقىشتى.

— ئەمدە نەگە بارىمىز؟ — دېيىشتى ئۇلار تېڭىرقاپ. بۇ قورقۇنۇچلۇق ئىشتىن كېيىن ھەممىسىنىڭ ئەقلى تورمۇزلۇنۇپ قالغاندەك ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قېلىشقانىدى. نېمە قىلىشنىمۇ بىلمەيتى.

— باكادىنلا بالا تېرىپ قويدۇق، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت! — دېدى بىرى قورقۇمسىراپ.

— شۇنى دەيمەن. باش كېتىدىغان ئىشتە بۇ.

— مېنىڭ زادىلا كۆڭلۈم تارتمىغان...

— نەدىنمۇ ما شەلىك ساختىپەزنىڭ كەينىگە چىدۇق...

بۇ گەپلەردىن ياخشى كۆڭنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۆزىگە ئارتىپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان مۇھەممەتتۇرسۇننى بىردىنلا سۇر بېسىپ كەتتى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن چېكىنىش يولى ھازىرلاش كويىدا:

— ئىشنى قىلساق ھەممىمىز تەڭ قىلدۇق، كېيىن بىژ ئىش بولاپ قاسا، ھەممىمىز تەڭ قىلدۇق دېسەك بولۇدۇ،... — دېدى غودۇڭشۇپ. ئۇنىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇقلارنى سۆزلەپ تەرغىپ قىلغان ئىشلىرى مانا شۇ ئىدى. ئەمما ئۇ سۇر بېسىۋالغاچقا سۆزلىگەن چاغدىكى جەڭگىۋارلىقىنى يوقۇتۇپ قويغان بولۇپ، باللارنى رىغبەتلەندۇرۇشكە رەۋتى بولمايۋاتاتتى ھەم مۇۋاپىق سۆز تاپالايدىغاندەكمۇ قىلمايتى. ھەتتا مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرى ئارتىلىپ قېلىشىدىن قورقۇش تۇيغۇسى ئۇنى «باشلىقلىق» تاماسىدىنمۇ ۋاز كەچتۈرگەندى.

— قېنى ئېيتە، ئەمدى نېمىش قىلىمىز؟

— نېمە، مەن باشلىق بولمىسام،... — ئۇ ئۆزىنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ شۇنداق دېدى . يۇ، ئارقىدىنلا بوشاڭلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، — قەشقە تەرەپكە ماڭىلى. ئارپىكاملانىڭ توپىغا قوشۇلىمىز. ئاندىن كۆپچۈلۈك نېمە بوسا شۇ، — ئۇ چاپسانراق ئارىپقا بۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىپ قالدى. چۈنكى «ئەمدى نېمە قىلىمىز؟»دېگەن سوئاللار ئۇنى مەڭدىتىپ، كالۋالاشتۇرۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ بولسا ھېچنېمىگە ئەقلى يەتمەي قېلىۋاتاتتى.

## 2

يىلاننى كۆرۈپ ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن ئادەمنى قاغايدۇ.
— خەلق تەمسىلى

بۇ مەزگىلدە ئارىپ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى

ئاجىزلىشىپ، قەشقەردىن چىكىنىپ پەيزىۋات تەرەپكە قېچىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار شاپتۇل[①] تەۋەسىدىكى بىر قۇمۇشلۇقتا ئۇچراشتى.

ئارپىنىڭ ئوتتۇزدەك ئادىمى باردى. ئۇ مۇھەممەتتۇرسۇنلارنىڭ قوراللىق ئون ئۈچ كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بەك خوش بولدى.

— قوراللىرى ئوبدان قىپسىلە، ئېتىشنى بىلىدىغانسىلە؟ — دېدى ئۇ.

— ياق، ئەمما بىز بىر مۇسۇمان چېرىكنى بىللە ئېلىپ كەلدۇق.

— ئەمىسە ئېتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلا. بىز بىرئەم ئارام ئېلىۋېلىپ پەيزىۋات تەرەپكە ماڭىمىز.

ھېلىقى چېرىك ئۇلارغا قانداق قارىغا ئېلىشنى، تەپكىنى قانداق بېسىشنى، زاتۇۋرنى قانداق تارتىپ مىشەك چىقىرىشنى ئۆگەتتى. ئاندىن ئوق سېلىشنى ئۆگەتمەكچى بولۇپ ئوقدانىنى سورىدى. شۇ چاغدا مەلۇم بولدىكى، بۇ قوشالتاق ئىنقىلاپچىلار ئوقدانلارنىڭ بىرىنىمۇ ئالمىغانىكەن. پەقەت ماۋزېرنىڭلا ئوقدىنى، تاسما - پاسمىلىرى بىللە بولغانىنى ھېساپقا ئالمىغاندا باشقا مىلتىقلار ئوقسىز بولۇپ چىقتى.

بۇنى ئاڭلاپ ئارىپ «كۆكەمە» ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇلارنى راسا تىللىدى. ئاغزىدىن چىققان گەپلەرنىڭ سەتلىكىگە تۇرۇپ بولمايتتى. ئىككى قوشۇننىڭ ئۇچرۇشۇشى بىلەنلا تۇغۇلغان بۇ كۆڭۈلسىزلۈك، ئارىغا جاننى قىينىغۇچى سۈكۈت ئېلىپ كەلدى. ئاخىرى ئارىپ بۇ كۆڭۈلسىزلۈكنى ئۆزى تۈزۈتۈش ئۈچۈن ئېغىز ئېچىپ:

— بولاپتۇ، بولغۇلۇق بولاپتۇ، ئەمدى قاخشىغاننىڭ پايدىسى يوق. ئەمدى ھەربىر مىلتىققا بىزدىكى ئوقتىن شىككى تالدىن بېرىلى، — دېدى ئۇ. ئۇلاردىمۇ بارى ئون تالچە مىلتىق بولۇپ، ئوقىمۇ ئاز قالغانىدى، — مىلتىقنى ئوقلىۋېلىپ، دەرھال قوزغىلايلى.

---

[①] شاپتۇل — پەيزىۋاتقا قاراشلىق بىر يېزا بولۇپ، قەشقەر شەھرى تەرەپكە يېقىنىراق، — ئا.

ۋەزىيەتنىڭ يۇمشىغىنىدىن پايدىلىنىپ مۇھەممەتتۇرسۇن ئارپىقا يېقىنلاشتى:

— قايسى تەرەپكە بارىمىز، ئارپىكا؟

— پەيزىۋات بازىرىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ، چۆلگە چىرىپ كېتىمىز. بولمىسا تاغ ئارىسىغا چىرىپ كېتىپ پاناھلىنىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىگە خۇدايىم ئۆزى بىرنېمە دە.

ئۇلار يولغا چىققاندىن كېيىن مۇھەممەتتۇرسۇن ئارىپ بىلەن ياندىشىپ ماڭغاچ ئۇلارنىڭ قوزغۇلۇش جەريانىنى سورىدى.

ئارپىنىڭ ئېيتىشىچە ئالۋاڭ يىققىلى چىققان چېرىكلەر چىرايلىق قىزلارنى كۆرسىلا قانات سۆرەپ، بىرنەچچە قىزنى ئالۋاڭ ئورنىغا گۆرەگە تۇتتۇق دەپ دوتەي يامۇلغا ئەكىرىپ سولۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سەھرانىڭ خەلقى غەزەپكە كېلىپ دەۋاغا كەپتۇ. ئارىپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، غەزەپكە كېلىپ:

— ھەي، خەق! سىلەرنىڭ دەۋاسىڭنى چىم ئاڭلايدۇ؟ جاننى ئالقىنىڭغا ئال! ئوغۇل بالا بوساڭ ئېلىش! مانا مەن ئارىپ كۆكەمە، مېنىڭ ھېچنەسەمنى سولۇۋامىغان بوسىمۇ جېنىمنى تىكىپ قويدۇم! ماڭە ئاقامدىن! — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئادەملەر كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. قايناپ سۆزلەيدىغانلارنىڭ تەسىرى بىلەن بارغانسېرى غەزەپلىرى قايناپ تېشىپتۇ. ئاۋال كالتەك چوماقلار بىلەن كوچىدىن ئۆتكەن كاپىرلارنى، چېرىكلەرنى ئۇرۇپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ قولىغىمۇ قورال چۈشۈپتۇ. ئاخىرى قەشقەر راسا بىر مەيدان قايناپتۇ.

— دەسلەپتا جىققتۇق، — دېدى ئارىپ ئېيتىپ بىلەن كۆرەڭلەپ، — ئون مىڭدەك ئادەممىدىكى، سەمەن، شامالۋاغ، قوغان،... دېگەندەك شەگە يېقىن سەھرانىڭ ئادەملىرىمۇ بارتى... ھەي ي، بۇ قەشقەلىقنى («ئۇيغۇرنى» دېمەكچى)! ئادەم دېگىلى بولامدا! كېيىن ھەممىسى تۇش-تۇشقا قېچىپ تېزىپ كەتتى. ھەممىدىن ئاچچىغىمنى كەلتۈرگىنى ھېلىقى چېرىكلە ئېپ كەتكەن قىزىۋاللىنىڭ ئىگە. چاقىلىرى ئەلدىن

بـۇرۇن تـكـۇېتـېپتـا! لامــزەللـلـە!... ئاخـرــدا مانــا مۇشــۇنچلـك ئــادەم قــاپتۇق. قاچقــانلا قولــدـكى قــورالنى بولســمۇ قويــاپ كەتمەپتــۇ ـ دە! كـسپۇرۇچلار! بۇ قاغانلانـڭ ئـچـدە شەلـكلـمۇ بـا، سـەرالـقمۇ بـا، قانـداق بولۇپ ئـېزـپ قالغانـدەك شـەگە ئـش بـلـەن كـېلـپ ئارلـشـپ قالغـان ئاتۇشلۇقتـنمۇ بـر نەچچـسى بـا... ئـشـقلـپ، ئوغاۋالـنـڭ ئوغاۋالـسى ئـلغـنـپ قالدى، دېگـنە. بۇلادـنغۇ قاچـدـغانلا چـقماس!...

ــ ھەمـمـمـز ئاران قـرـق نەچچە بولاپتۇق، نېمە قـلامـز ئەمدە؟

ــ ئۆزۈنـراق يوشۇرۇنغـدەك پاناھ تاپساقلا كـېيـنچە بـژ گەپ بولـۇدۇ. ۋاي، ئـالـلاھ بـالـلـرـم نـېمە بـولاپ كـېتـپ بارـدـكى... بـچـارـلا... ــ بـۇ سـۆزلەرنى ئـۆز-ئـۆزـگە دەۋاتقانـدەك ئۇھسـنـپ تـۇرۇپ دېگەنـدـن كـېـن، ئەسـلى مەۋزۇدـكـى سـۆزـنى داۋام قـلـپ، ــ جـېنـدـن تويغـانلا كـېلـپ بـزگە قوشۇلاۋېرـدا. سانـمـز ئاۋۇيدا. يۇرتلارغـا ئايغـاقچى ئەۋەتـپ تـۇرـمـز. ئازغـانـ تازغـان چـېـرـكلـگە تـېگـش قـلـپ، قـورالنى تولـۇقلايـمـز، مانـا شۇنداق...

ئـۇلار كۆنــدۈزلـرى يوشـۇرۇنۇپ، كـېچـلــرى ئـھتـيـات بــلـەن يــول يـۈرۈپ، قـوغلاپ كـېلـۋاتقـان دۈشـمەنـنى ئـېزـقتـۇرۇپ تاشـلـدى. ئۆزلـرـمۇ كۆپ ئاۋارە بولۇپ ئانچە يـراققا كـېتەلـمدى. بۇ نەتـجـلـەر ئارـپـنـڭ خـېلـى ئـېپى بارلـقـنى ئـسپاتلايتى. شـۇنداق بولسـمۇ مۇھەممەتتۇرسۇنغا ھـچ ئـشــى يارـمــاي كوتۇلــداپلا تــۇراتتى، يېنـــدـكـلەرگە ئۇنـــڭ ساۋاتســز تومتــاقلـقـنى زاڭلـــق قـلـــپ، كۈلــدۈرۈپ كـېلەتتــى. ئــۆزـگە قالســا ھودۇقــۇپ كـېتــپ ھــچ ئـشــقا ئەقلـى ئـشـلـمەي قالــدـغان بولســمۇ، ھەرھالـدا قۇسـۇر تـېـپـش ئاسـانمۇ، باشـقا بـرى «شـوتا ئـات» بولـۇپ بەرسە ئانــدـن يانـدا تۇرۇۋېلــپ مەسـلـھەت بـېرـشـكە ئەقلـى بەك ئـشـلەيدـغان گەپمۇ، ئـشقـلـپ ئۇ ئەقـلدـمانلـق قـلـپلا تۇراتتى.

ــ ھــازـردـن باشـلاپ ئـوق ئاتـماڭلا، ئوقنــڭ ئـشـى بـا! ــ دېـدى ئارـپ.

ــ بۇيرۇق دېگەن كەسكـن بولۇش كـېرەك، مانـا مۇنـداق: «كـمـكـى بۇيرۇققــا خـلاپلــق قـلـســا ئـېتــپ تاشـلـنـدۇ!» ــ دەپ گۇڭۇلدـــدى

مۇھەممەتتۇرسۇن ئۇنىڭ سۆزلەش تەرزىنى ياراتماي.

ئۇلار يوشۇرۇنغان يېرىدە تۈگۈلۈپ ياتقان چېغىدا مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ ئارىپقا مەسلىكى كەلدىمۇ، تارلىقى كەلدىمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ سورىدى:

— چېرىكلەنى خېلى كۆپ ئۆلتەدىڭلاما؟

— بىلمەيمە، ئادەم جىق چاغدا ئۇر- ئۇردا ئۆلگەنلىرى بولسا تاڭ، ئەمما بىز ئۆلسۇن دەپ چەنلەپ ئاتمىساق،... قاچۇرىۋەتسەكلا بوممىدىمۇ، قاراپ تۇرۇپ بىژ ئادەمنى... تەس گەپكەن...

— بىزمۇ شۇ، — دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن يېنىك تىن ئېلىپ، ئارىپلارنىڭمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە يارامسىز چىقىشى ئۇنىڭغا نىمىشكىدۇر يېنىكلىك بېغىشلىدى، — ھېلىقى چېرىكلەر ئۆلۈكتەكلا ياتقان بومىسا. ئۇلانى ئۆلتەمەكتىنمۇ ئاسان ئىش يوقتى.

ئۇلار بىر كېچىسى قويۇق بىر جىگدىلىككە كېلىپ توختىدى. بۇ كەنتتىن يىراق سازلىقتىكى ئاندا - ساندا قېرى توغراقلار ئارىلاشقان قاغا جىگدىلىك بولۇپ، يوشۇرۇنۇشقا بەكمۇ ئەپلىك ئىدى. دۈشمەن بۇ يەرنى تاپقان تەقدىردىمۇ بۇنىڭ ئىچىدىن ئادەم تاپمىقى تەس بولاتتى.

— بىز بۇ يەدە ئۇزاقراق تۇرىلى، — دېدى ئارىپ، — دۈشمەن بىزنى باشقا ياققا كەتتى دەپ ئويلاپ، ئىزدەپ زېرىكىپ، بوشاشقاندىن كېيىن ماڭىمىز.

تەقدىرداش قىرىق نەچچە ئادەم ئۆزئارا دوستلۇشۇپ، زېرىكىشتىن ھەممە پاراڭلارنى سېلىشىپ يېتىشتى.

مۇھەممەتتۇرسۇن مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتلەردە داموللام بىزگە باش بولغان بولسا قانداق بولاتتىكىن دېگەن خىياللاردا بولدى. داموللام ھەمىشە ئىككى ئۇيغۇر مەسلىھەتلەشكەن مەخپى ئىشنىڭ پاش بولۇپ قالمايدىغىنى ئاز، دەپ ھەسرەتلىنەتتى. مانا بۇ يەردە قىرىق نەچچە ئادەم يېتىپتۇ، بۇلار نېمىلەر قىلار؟ تۇتۇلۇپ قېلىشقا توغرا كەلسە جىنايەتنى بىر بىرىگە ئارتىپ، سورىمىغان نەرسىلەرنىمۇ پاش قىلىپ، قارا قۇچقاچتەك سايراپ كېتەرمۇ؟ داموللا ھەمىشە ھەسرەت بىلەن شۇنداق

دەيتى: «بۇ مىللەتتە تولغان بىر سىياسىي داھىي كەم، بۇنداق ئادەم تېخى تۇغۇلمىدى. بۇ جىدەلخور مەزھەپچىلەرنى بىر مەخسەت يولىدا ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر غايە يولىدا كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇش خېلى- خېلى ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بىر ياقتىن ئۇيۇشتۇرىدۇ، ھۆكۈمەت بىزگە تۇيدۇرماي نىزا ئۇرۇقى تېرىپ بىر ياقتىن چۇۋۇپ تۇرىدۇ. ئىچىمىزدىكى ئىتلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزنى تالىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نادانلىقىمىز تۈپەيلى كۆرەش نىشانىمىز دەرھاللا كۆلكىلىك تۈستە بۇرمۇلۇنۇپ كېتىپ، ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزئارا تالىشىشقا باشلايمىز!»

ھېلىمۇ شۇنداق بولارمۇ؟ قارىغاندا بۇ يەردىكى ھەرقايسى يۇرتلۇقلار، شەلىكلەر بىلەن سەرالىقلار خېلى ئىناقلىشىپ قالغاندەك، بىر مەخسەت يولىدا بىرلەشكەندەك تۇرىدىغۇ؟ خۇداغا شۈكرى، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن! ئەنە ئاۋۇ ئاتۇشلۇقلار بىلەن شەلىكلەر ئاغىنىلەردەك سۆزلىشىۋاتىدىغۇ؟ ماشائاللاھ!...

— سىلى ئاتۇشتىنما؟ نەچچە كۈننىڭياغى ھەممىمىز ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن بولۇپ سوراشماپتۇق، تونۇشماي بىللە ژۇرۇۋەدۇق، — دەيتى قەشقەرلىك.

— ھە، ئاتۇشتىن.

— ئاتۇش نەدىن؟ — قەشقەرلىك ئاللىقانداق مەخسەت ئۈچۈن كوچىلاپ سورايتى، — ھېلىقى پالاناخۇننى تونۇملا؟ ئۆتكەندە قەشقەردە چوڭ بى جىدەل بولاپ، تۆت ئادەمنى ئاتمىدىمۇ، شۇ جىدەلدىكى نوچى ئادەمنى دەيمەن.

— تۆت ژىل بوغان ئىشقۇ بۇ؟

— ھە، شۇ.

— تونۇيمەن. ئۇ دېگەن بىزنىڭ يېقىن تۇققان بولۇدۇ. نېمە بولدى؟ سوراپ قالدىڭلىغۇ؟

— ھۇ، ئاناڭنى!... ئاتۇشلۇق! نەچچە كۈننىڭياغى سەن بىلەن بىللە ژۇرۈپتىمىنا! قەشقەلىق بوساڭ تۇرە، ماۋۇ ئاتۇشلۇقلىنىڭ قېنىنى

ئىچمىسەك ھىساپ ئەمەس!

بەختكە قارشى شەلىكلەرمۇ ئانچە كۆپ ئەمەسىدى. سەھرالىقلار ئۇلارنىڭ ھېچقايسىغا يان باسمايتى. شۇڭا كونا ئاداۋەتنى قوزغىغۇچى ئارپىنى توپ بېشى بولغاندىكىن يۈز ئابرويىدىن پايدىلىنىپ ئۆچ ئېلىپ بېرەمدىكىن، دەپ، جاۋىلداپ سۆزلەپ ئارپىنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرماقچى بولدى. ئەمما ئارىپ توپ بېشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى ئىستەيتى. شۇڭا ئۇ ھەر ئىككى تەرەپكە تەڭ گەپ قىلىپ جىدەلنى تىنچىتماقچى، ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرماقچى بولدى.

ــ بۇ ئاتۇشلۇقلانى ھەيدىۋەتسىلە ھەيدىسىلە! بومىسا مەن كېتىمەن! مېنىڭ ئۇرۇغ - تۇققانلىرىمدىن ئۇچىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان شۇۋىچىلا بىلەن بىر تۆشۈككە سىيىمەيمەن! ــ (بۇ جەريانىدا ئاتۇشلۇقلارمۇ ئاغزىنى قويۇپ بەرگەن بولۇپ، ھەربىر گەپنى جاۋاپسىز قالدۇرمايتى، ئاغزىدىن رەسۋا گەپلەرنى تۆكۈپ تىللايتى. يېڭىلىپ قېلىش، بىرە ئېغىز گەپتىن قېلىش ئۆلۈم بىلەن بارابەر دەپ قارايتى).

ــ بولدى قىل، ئۆپكەڭنى باس، جېنىم ئۇكام! ــ دەيتى ئارىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي جىلە بولۇپ، ــ ئۆتكەن ئىش ئۆتەپتۇ، كونا خامانىنى سورۇپ نېمە قىلىمىز ئەمدى؟ نېمە پايدىسى؟ ...

ــ نېمىشكە سورىمايدىكەنمەن!؟ ئۆلگىچە داۋايىم تۈگىمەيدۇ! تاڭلا مەھشەردىمۇ ئىككى قولام بۇ قانخورلىنىڭ ياقىسىدا!!

ــ قولاڭدىن كەلگىنىنى قىلاۋا، ساختىپەز شەلىك! تۇتىقۇشۇق!

ــ ئاتۇشلۇقلارنىڭمۇ ئاغزى بىكار تۇرمايتى.

ــ سەن بوساڭمۇ ئاغزىڭنى شۇك تۇتۇپ تۇساڭچۇ، جېنىم ئۇكام! ــ دەپ ئاچچىقلاندى ئارىپ ئاتۇشلۇقلارغا.

ــ ماڭ - ماڭاۋا! سەنمۇ بىر شەلىك! شەلىكىڭگە يان بېسىۋاتامسە؟ سېنىڭ گېپىڭ بوسىمۇ ئاڭلايمىز، جۇما!

بۇ گەپ ئارپقا تولىمۇ ئەلەم قىلدى. ئۇ ئۆزىچە مەن باشلىق، مېنى ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك. بىراق نەچچە كۈندىن بېرى ئىستىخىيىلىك ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەر

يۈرتنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا «غورۇرى» ئويغۇنۇپ، ھېچقانداق نوپۇزنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى نامايەن قىلدى.

جىدەل بارغانسېرى ئۇلغىيىۋېرىپ، قەشقەرلىك يىگىت ئاتۇشلۇقنى ھەيدىۋەتمىسەڭلار مەن كېتىمەن، يا ئۇ تۇرىدۇ، يا مەن تۇرىمەن! دېگەن يەرگە يەتتى.

بۇلارنى ئاڭلاپ تۇرغان مۇھەممەتتۇرسۇن يەنە داموللىنى ئەسلەپ كەتتى. قانداق خەلق بۇ؟ ھەر ئىككىسىنىڭ نەچچە يۈزلەپ قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرگەن دارىنلارغا شۇنچىلىك ئۆچمەنلىك قىلسا كاشكى!

قەشقەرلىك يىگىت راستىنلا جىگدىلىكتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى:

ـــ سەندەك لاتا باشلىقنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق، ئۆزەڭنىڭ بىز يەلىككە بولۇشامىغان ئەدەم، چوڭ ئىشتىن لاپ ئېتىپ نېمە قىلىسە!...

ـــ ئارىپكا، بۇ ئىش تازا ياخشى بومىدى، ئۇ ئاشۇ ئاچچىغىدا چېرىكلەنى باشلاپ كېلىدۇ. يا بومىسا چېرىكلەر تۇتۇۋېلىپ يول باشلاتقۇزىدۇ. ئۇنى ئېلىپ قالايلى.

ـــ تۇغىسى كەممىگەن ئەدەم بەرىبىر كېتىدا، ـــ دېدى ئارىپ بىچارىلىك بىلەن.

ـــ ئۇنى باغلاپ قويايلى!

ـــ پايدىسى يوق! ـــ ئارىپ ئاتۇشلۇقلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان يولسىز قوپاللىقى بىلەنلا روھى جەھەتتىن يېمىرىلىپ، ئىشەنچىسىنى يوقۇتۇپ قويغانىدى. شۇڭا ھەممە ئىشقا ئېرەڭسىزلىك بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ پوزىتسىيىدە گويا: «نېمە بولسا بولار، مېنىڭ نېمە كارىم!» دېگەندەك قېيداش باردى.

ـــ ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، بومىسا پۇت ـ قولىنى چېقىۋېتەيلى!

ـــ قوي، ئۇكام، بىز بەندە بوسىمۇ كۆڭنىڭ سېرىغىنى كۆسۈن. يەنە كېلىپ قولىمىزدىنمۇ كەممەيدۇ.

ـــ ھەي ي،... بىز خەقنىڭ گول، ئەخمەقلىقىمىز، رەھىمدىل،

ساددىلىقىمىز بېشىمىزغا چىقىدۇ ـ دە! ئاقىسىدىن ئېتىۋېتىلى، بومىسا...

— ياق، كېچىدە ئوقنىڭ ئاۋازى يامان ئاڭلىنىدۇ، دۈشمەنگە ئۆزىمىزنى بىلىندۈرۈپ قويىمىز.

— بەربىر دۈشمەن بىزنى تېپىۋالىدۇ. ئاشۇنىڭ ئۆزىلا باشلاپ كېلىدۇ.

— خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بېرە.

— خۇدا، ئاھ خۇدا! قايسى گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بىزنى مۇشۇنداق دۆت ئېشەكتەك ياراتقان بولغىيدى...

— خۇدادىن ئاغرىنما! يامان بولۇدۇ! — دېدى ئارىپ قەھرى بىلەن.

ئۇلار ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتقاندەك سۈكۈتكە چۆمۈشتى. ئاتۇشلۇقلارمۇ ھېلىلا بىر بالا ـ قازا كېلىدىغاندەك ئۈنى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا نېمىنىدۇر كۈتەتتى.

# سەككىزىنچى باپ

## 1

جىگدىلىكتىن قېيداپ يېنىپ چىققان يىگىت شورلۇق دالىدىكى يولغا ــ قۇرۇق ئۆستەڭگە ئوخشاش ئىككى تەرىپىگە قارىغاندا خېلى خوپ چوڭقۇر بولغان يولغا چىقىۋالغاندىن كېيىن چوڭقۇر تىن ئالدى. ئەمدى نەگە بېرىش كېرەك؟ ھۆكۈمەتتىن قېچىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتەلەمتى؟ ئەڭ ياخشىسى جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆلارنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى دارىنلارغا ئېيتىش كېرەك. بۇنىڭدا ھەم ئۆچ ئالغىلى بولىدۇ، ھەم گۇناھنى يېنىكلەتكىلى بولۇدۇ. سۆيۈنچە بېرەمدۇ تېخى! ئەگەر سۆيۈنچە بېرىپ قالسىغۇ شۇنى دەسمى قىلىپ ئۆستەڭبويى كوچىسىدىن بىر دۇكان ئېلىۋالسا قانداق ياخشى بولاتتى. ئۆمۈرنىڭ قالغىنىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگىلى بولاتتى. خوتۇنىنىڭمۇ نوچىسىدىن بىرنى ئېلىۋېلىپ، بالا- چاقىلىق بولۇپ، ئاندىن نەۋرە - چەۋرىلىك بولۇپ، تازا... پاھ پاھ...

توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك! ئۇ قەتئىي قاراغا كەلدى. دەسلەپ ئىچكى دۇنياسىدا نېمىدۇر بىر نەرسە ئۇنى خىجىل قىلغاندەك قىلغانىدى. ئۆچ ئالىمەن دەپ باشقا گۇناھسىز ئادەملەرنىمۇ بالاغا تىقسا قانداق بولۇشىنى ئويلاپ ئىككىلەنگەنىدى. كېيىن «ئاتۇشلۇقلارنى ھەيدىۋېتىڭلا دېسە ئۇنىمىغاندىكىن، ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە! خوپ بولدى!» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆز ئۆزىگە تەسەللى بەردى. بەرىبىر مەن دەپ قويسام، دەپ قويمىسام ئوخشاش، ھۆكۈمەت ئۇ نېمىلەرنى تاپالماي قالامتى!... دېگەندەك خىياللارمۇ ئۇنىڭغا زور تەسەللى بولدى. ئاندىن كەلگۈسى

ھەققىدىكى شىرىن ئويلىرى، ھايات ياشاش ئىستىكى ھەممىنى بىسىپ كەتتى- دە، بىر قارارغا كەلدى. كۆزى كىچىك بۇ مىللەتنىڭ ئەزاسى بولغان بۇ يىگىتمۇ مىللى خاراكتىرگە مۇخالىپ خۇلاسىگە كىلەلمىدى. ئۇنىڭغا ھامان بۇرنىنىڭ تۇۋىدە تۇرغان شەخسىي ئاداۋەت، خۇسۇسىي قىساس ھەممىدىن چوڭ ھەم ھەممىدىن موھىم كۆرۈنۈۋىلىپ، ئاخىرى مۇشۇ قىساسنى ئالمىسا ئوغۇل باللىقىغا تەسىر يىتىدىغاندەك تۇيۇلدى- دە، ئۆزىنىڭ قانداق قايتماس ئەركەكلىكىنى كۆرسۈتۈپ قويۇش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قارارغا كەلدى.

ئۇ يولدىن ئىزىپ قىلىپ قىزىل دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئىقىنى تەرەپكە بىرىپ قالدى. ئاندىن تەمتىلەپ يۈرۈپ يەنە ئارقىسىغا ياندى. شۇنداق قىلىپ تاڭ ئاتقاندىلا بىر يىزا بازىرىغا كىرىپ كەلدى. ھەممە يەردە گۇمانلىق كىشىلەرنى ئىزدەپ يۈرگەچكە بۇ يەردە چىرىكلەرنى ئۇچرۇتۇش تەس گەپ ئەمەسىدى.

ئۇ بىرىنچى ئۇچرىغان چىرىكنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— دارىن! دارىن! مەن ھىلىقى... — دەپ قول ئىشارىتى ئارىلاش چۈشەندۈرۈشكە باشلىۋىدى، شۇئان ئۇ چىرىكنىڭ ئۈيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قىلىپ گىپىنى دەرھال توختاتتى- دە، تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ،

— دارىنلا نەدە؟ مىنى دارىنلىنىڭ ئالدىغا باشلاپ با! — دىدى.

— نىمە گىپىڭ بولسا ماڭا دەۋرسەڭ بولىدىغۇ، مەن دارىنغا يەتكۈزۈپ قويامدىم.

— ياق، دارىننىڭ ئۆزىگە دەيمەن.

— بەربىر گەپ ئۇقتۇرالمايسەن، يەنە مەن دەپ بىرىمەن.

— تولا سۆزلىمەي بول چاپسان، مويىم ئىش با! — ئۇ گويا بۈيۈك سىرنى بىلگۈچىدەك، ئۆزىدە قالتىس ئىشەنچ پەيدا قىلىپ قالغانىدى.

ئۇلار بىللە بىرىپ يەنە بىر چىرىكنى تاپتى.

— مانا بۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ بە، — دىدى ئۇ.

— دارىنغا ئىيتىمەن دەپ كىتىپ بارىتىڭغۇ، بۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا بىر سولتەك چىرىك...

— ياق، مۇشۇنىڭغىلا ئۇقتۇرۇپ بە. ھېلىقى توپىلاڭچىلىنىڭ بۆكىۋاغان يېرىنى مەن بىلىمەن.

— 什么?混! (شىما؟ گۇن!)[1]... — چېرىك ئۇنى دۆشكەلەپ تۇرۇپ ھەمراھىغا، — بۇنى كوماندىرنىڭ ئالدىغا ئاپىرايلى، بۇ گۇمانلىق ئادەمدەك قىلىدۇ، — دېدى.

— باكا قىلىۋاتىسەن- دە، ماڭىلا دېسەڭ ئىشىڭ پۈتەتتى، خەر! يامان قىلدىڭ!... — دېدى ئۇيغۇر چېرىك.

— ۋاي! تولا ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەي ئىشىڭنى قىلە! ھېلى بىكا سېنىمۇ دارىنغا دەيمەن، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەن! — دېدى ئۇ، ئۇيغۇر چېرىكنى كۆزىگە ئىلمەي.

دېگەندەكلا ئۇ بالاغا قالغانىدى. ئالدىرىغان يولدا قالار دېگەندەك ئۇنىڭ ئازاپ تارتىشى بالدۇرراق باشلاندى. ئۇ جىگدىلىكنىڭ ئورنىنى ئېيتىپ بەرسەملا ئىشىم تۈگەيدۇ، كېتىمەن دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، «دارىن» ئۇنىڭغا تازا ئىشەنمىدى. «چەنتۇلارنىڭ ھەممىسى يالغانچى، بۇ بىر ئالدامچىلىقمۇ تېخى. شۇڭا بۇنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىڭلار» دەپ بۇيرىدى. ئۇنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ، «ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىغان ماڭقىلىكەن بۇ!» دەپ قارشىلىق قىلىپ تىرەجەپ بېقىۋىدى، مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن راسا ئەدىپىنى يېدى. ئاندىن باغلاپ، يېتىلەكتىكى ئېشەكنى ھەيدىگەندەك چۇلۇۋۇرنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇيغۇر چېرىككە تۇتقۇزۇپ، «قاچۇرۇپ قويساڭ كاللاڭنى ئالىمەن!» دەپ تاپىلاپ تاپشۇردى. ئۇ مانا شۇنداق ئېلىپ مېڭىلدى.

— مەن دېمىدىممۇ، قارىم، ماڭىلا دېگەن بوساڭ شۇ كۈن يوق! ماڭە ئەمدى تولا سۆرەلمەي، ماڭىمۇ جان لازىم! — دېدى ئۇيغۇر چېرىك.

— ساڭىلا دېگەن بوسام سەن- زە، دارىنغا مەن تاپتىم دەپ ياخشى بولىۋالماقچىكەنسەن- دە؟ — دېدى تۇتقۇن. ھەمدە غەزىپىنى باسالماي ۋارقىرىدى، — دارىن! دارىن! ما چېرىك بومايدۇ! ئۇنى ھەيدىۋېتىڭ!

---

[1] نېمە؟ يوقال!

ئۇنىڭ نىيىتى يامان! — ئەمما ئۇ گەپ ئۇقتۇرالمىغاچقا قول ئىشارىسى قىلىش ئۈچۈن باغلاقتىكى قولىنى بوشىتالماي يۈلقۇندى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قارشىلىق دەپ چۈشەنگەن «دارىن» ئارقىدىن كېلىۋاتقان چېرىككە:

— ما ئېشەكنىڭ زۇۋانىنى باس! — دەپ بۇيرىدى.

ئارقىسىدىكى چېرىك مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىر ئۇرىۋىدى، ئۇ ئالدىغا دۈملا چۈشۈپ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى.

## 2

جىمىكى ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ھەرقانداق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىككى ئىجتىمائىي فونكسىيىگە مۇھتاج بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى، جاللات فونكسىيىسى؛ يەنە بىرى، پوپلۇق فونكسىيىسى. جاللات — ئېزىلگۈچىلەرنىڭ قارشىلىقىنى ۋە قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرىدۇ، پوپ ئېزىلگۈچىلەرگە تەسەللى بېرىدۇ. ئۇلارغا سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، ئازاپ - ئوقۇبەت ۋە قۇربانلىقنى ئازايتىشنىڭ كەلگۈسىدىكى مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ... شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى مۇنداق ھۆكۈمرانلىققا چىداشقا دەۋەت قىلىدۇ.

— «ئىككىنچى ئىنتېرناتسونالنىڭ بەرباد بولىشى»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 638 - بەت.

جىگدىلىكتە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلار ئاچلىقتىن ھالسىراشقا باشلىدى. قوشۇن تەۋرىنىشكە، ئىرادە بوشاشقا يۈز تۇتقانىدى. «توپىلاڭچى»لارنىڭ ھەممىسى ئېغىر - ئېغىر تىنىۋاتتى. بىچارە ئارىپ ئۇلارنىڭ روھى چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقى، بۇنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئازاپلاندى. شۇڭا ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ زورۇققان ھالدا بىلگەن لەتىپىلىرىنى سۆزلەيتى. تولاراق ئاياللار ھەققىدىكى قىلىقسىز

پاراڭلارنى سېلىپ ئۇلارنى كۈلدۈرۈشكە تىرىشاتتى. بۇ پاراڭلارنىڭ باش قەھرىمانى ئۆزى بولۇپ، ئاڭلىغان ئىشلىرىنىمۇ ئۆزى قىلغاندەك قىلىپ سۆزلەيتى. تامدىن سەكرەپ قاچقىچە پۇتى سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى، يەنە بىر قېتىمدا سۆڭگۆچىگە پىچاق تىقىلغانلىقىنى توقۇپلا سۆزلەيتى.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئارپىنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىدىكى ئېزگۇ مەخسەتنى چۈشۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ، ئارپىقىمۇ ۋە باشقا ھەمراھلىرىغىمۇ، شۇنداقلا بارلىق ۋەتەنداشلىرىغىمۇ ئىچى ئاغرىپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ گەرچە ئارپىقا قارىغاندا ئاڭلىقراق بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ بۇ كەيپىسىزلىكنى ئوڭشاش، قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا ئامالى يوقىدى. ئۇ يەنە داموللىنى ئەسلەپ قالدى. ئاشۇ ئۇستاز، ئالىم ئەگەر ئارىمىزدا بولۇپ بىزگە باش بولغان بولسا ئامال تاپالارمىدى؟ ئۇنىڭ «سىياسى داھى بولۇشى كېرەك»، دېگىنى قانداق ئادەم بولغىيدى؟ سىياسىي داھى دېگەن پىشانىسى ئوڭ، تەلىيى بار ئادەملەرمىدۇ؟ ئۇلارمۇ مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلەمدىغاندۇ؟ دۇچ كەلسە قانداق ئەقىل تاپىدىغاندۇ؟ نېمىشكە مېنىڭ ئەقلىمگە بىر نېمە كەلمەيدىغاندۇ؟ نېمىشكە كېرەككە كەلمەيمەن؟ خېلى بىر ئىشلارنى قىلارمەن دەپ ئويلايتىم، باشقا كەلگەندە مانا بۇنداق بۇجۇمبۇشتەك كېرەككە كەلمەي قالدىم، دېگەن بىلەن تولىمۇ تەس ئىش ئوخشىمامدۇ؟ مانا ئەمدە بىز بىھۇدە ئۆلۈپ كېتەمىزما؟ كاشكىدى، تۆرتتىن ئېتىشسىپ، جەڭ ئۈستىدە ئۆلسەك! تۇتۇۋۇاسا زىندانىدا چىرىيمىز! يا بومىسا ساسلىقتا ئاچىقىپلا ئېتىۋېتىدۇ، شۇ...

— ئارپىكا، يېتىۋەگەننىڭ پايدىسى يوق، جاندىن ئۈمىد بولمىغاندا خەقنىڭ ئېسىدە قالغىدەك بىر ئىش قىلىپ ئۆلگەنمۇ ياخشى. بۇ يەدە بىكا يېتىپ ئاچلىقتىن ئۆلەمدۇق يا؟ — شۇنداق دېگىنى بىلەن مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ بۇ سۆزى ئۇقۇمۇشلۇقلارنىڭ شۇئار گەپلىرىدىن بولۇپ، ئۇمۇ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە زىندانغا چۈشسەممۇ ھايات قالسام، كېيىن بىر نىجاتلىق بولۇپ قالاتى، يا بومىسا دارىنلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ قالسا كەڭچىلىك قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن،

دېگەنلەرنى ئويلايتى. ھەرھالدا ئۆلۈم بەكمۇ قورقۇنۇچلۇق، جان بەكمۇ تاتلىق نەرسىدى...

— مەنمۇ شۇنداغ ئويلاپ قالدىم. خېلى چاغ بولدى، تىم- تاس. ئەمدى يولنى داۋام قىلىلى، دۈشمەن ئۇچراپ قاسا ئېتىشىپ ئۆلسەكمۇ مەيلى، — دېدى ئارىپ. ئاندىن كۆپچۈلۈككە ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىشارە قىلىپ، — جۇرۇڭلا، يولىمىزنى داۋام قىلىلى، — دېدى.

— نەگە!؟ ماڭغىدەك ماغدۇ، باغىدەك يېرى بادەك گەپ قىلىدا بۇ!

— دېدى بىرى غۇدراپ. شۇنىڭ بىلەن كۆپچۈلۈك تەرتىپسىز شۇۋۇلداپ، بىر دەم ئاللىكىمنى ئەپسانە تىللار بىلەن تىللاپ، كىمدىنىدۇر ئاغرىنىپ، تاپا - تەنە قىلىپ، تەتۈرلۈك قىلغىلى تۇردى. مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ ئوتتۇرغا چىقىپ سۆزمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ چۈشەندۇرۇشلىرى، ياتساق بىرسى نان ئەكىلىپ بېرەمدۇ، دېگەندەك رىياللىقنى ئەسلىتىشلىرى تەسىرىدە ناھايىتى تەستە ئەيۋاشقا كېلىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ئۇلار ئوغرىلاردەك تىمسىقىلاپ، قاغا جىگدە خوخىلىرىغا كىيىملىرىنى ئىلدۇرۇپ، غۇدراپ تىللاپ، ئاستا - ئاستا شەرققە سۈرۈلدى. تۈن قاراڭغۇ، ئورمان ۋەھىملىك ئىدى.

ئۇلار ئورماندىن چىققۇدەك بولغاندا — ئورمانلار شالاڭلاپ، ئارىلىقلار كۆرۈنىدىغان يەرگە كەلگەندە ئالدى تەرەپتە ئادەم شەپىسى سېزىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇنلىرى ئۆچكەن ھالدا جايى - جايىغا دۈم يېتىپ بىر ھازا كۈزىتىپ تۇرىۋىدى، راستىنلا ئادەم بارلىقى، يەنە كېلىپ چېرىكلەر بارلىقى مەلۇم بولدى. قارشى تەرەپتىن كالدىرلاپ بىر نېمە دېگەن ئاۋاز كېچە جىملىقىدا سۇس ئاڭلىنىپ قالدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئارىپ.

— ئېتىشىپ ئۆتۈپ كېتەيلى، — دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن، — ئورمان چوڭ، شۇڭا چېرىكلەر زىچ بولىشى ناتايىن. كۈچىمىز يېتىدۇ. تاڭ ئاتقىچە يەنە بىر جاڭگالغا بېرىۋالغىلى بولۇدۇ.

— ھالىغا باقماي ھەر- ھەر گەپنى قىلىدىغان نېمىكەن، ماۋۇ!

ئۆزىنىڭ قولىدىن كەسە كاشكى! ــ دېدى بىرى مۇھەممەتتۇرسۇننى مەسخىرە قىلىپ.

ھەلقۇمغا كەلگەنسېرى جان تاتلىق بولسا كېرەك، قالغانلار بۇ قاراشقا قوشۇلمىدى. ئۇلار توسالغۇسىز چىقىپ كېتىدىغان بىر يەرنى تېپىش ئۈمىدىدە ئىدى.

ــ كۆپچۈلۈك ئۇنىمىدى، قانداق قىلغۇلۇق؟ ــ دېدى ئارىپ بىچارىلىك بىلەن.

ــ بۇنىڭدىن ياخشىراق چارە يوق. ئۆلسەكمۇ ئۆلىلى، ئۆلۈشتىن بۇرۇن ھېچ بولمىسا بىز جېنىمىز ئورنىغا ئىككى دۈشمەننىڭ جېنىنى ئېلىۋالساق بومامدۇ؟

ــ نوچى بوغاندىكىن ئۆزەڭ شۇنداق قىل! قىماغا تىكىدىغانغا باكا جان يوق بۇ يەدە! تۇمشۇقىنى ئېزىۋېتىدىغان نېمىكەن ماۋۇ!

ــ كۆپچۈلۈكنىڭ رايىغا بارىلى، ئۇكام، ــ دېدى ئارىپ. چۈنكى ئۇ بۇيرۇق بەرگەن تەقدىردىمۇ ھېچكىمنىڭ بويسۇنمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئىناۋىتىنى چۈشۈرگىسى كەلمىدى. يامىنىغا كەلسە بۇ ئادەملەر «سەن كىمنىڭ باشلىقىتىڭ؟» دەپ ئۇنى ئوسال قىلاتتى.

ــ بۇيرۇق قىلسىلا، ئۇنىمىغاننى ئېتىۋېتىش كېرەك! رەھىمسىزرەك بومىسا ئىش ئاقمايدۇ.

ــ بۇ سېنىڭ قولاڭدىن كېلەمدا؟

ــ بۇ... ــ مۇھەممەتتۇرسۇن گەرچە زىيالى بولمىسىمۇ، زىيالىلاردەك ئىشنىڭ يولىنى ئېيتىپ بېرەلىگىنى بىلەن ئۆزى قىلالمايتى.

ــ قېيىقلىق قىمما، جۇر ئارقىمىزغا يانساق ياندۇق! جۇرۇڭلا، دېگىنىڭلادەك قىلساق قىلدۇق!

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنە ئارقىسىغا قايتتى.

تاڭ سۈزۈلدى. ئۇلارنىڭ مېڭىشى بىلەن لىڭشىغان دەرەخ شاخلىرى سىرتتىكىلەرگە ئېنىق بىلىنەتتى. ئالدى تەرەپتە بوۋايلارنىڭ يۆتىلى، باللارنىڭ يىغىسى، ئاياللارنىڭ ئۆز خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق

ۋاتىلداشلىرى ئاڭلىنىپ قالدى.

ــ بۇ نېمە گەپ؟ ــ دېدى ئارىپ ھەمراھلىرىنى توختاشقا ئۈندەپ.

ــ ئــۆز ئــادەملىرىمىز ئوخشــايدۇ، مېڭىــۋېرەيلى، ــ دېــدى ئەخەت قارىنىــڭ ھەمراھلىرىــدىن بىــرى، ــ ئاۋازىــدىن تونىغانــدەك قىلىــۋاتىمەن، جىم! ئاڭلاپ بېقىڭلار.

ئۇلار ئىچىنى تىڭشاۋاتقاندەك دەممۇ ئالماي بىر دەم قۇلاق سالدى.

ــ شــۇ، دېگىنىمــدەك بىزنىــڭ مەھەللىنىــڭ ئــادەملىرى! ئەخەت قارى، خوتنۇڭنىڭ ئۈنىدىن تونىمىدىڭما؟

ــ توختــاڭلار! ــ دېــدى مۇھەممەتتۇرسۇن جىددىيلىشــىپ، ــ بــۇ دۈشمەننىڭ ھىلىسى بولۇشى مۇمكىن! چىقساقلا قولغا چۈشىمىز. بۇ «ھارۋىدا توشقان ئالىدىغان»لارنىڭ ئويلاپ تاپمايدىغىنى يوق.

ــ ســېنىڭ تاتىشــىدىغان ھىچنېمەڭ يــوق، شــۇڭا شــۇندا دەيســە. بىزنى مەيلىمىزگە قوي، ئۆزەڭ بىلگىنىڭنى قىل!

ــ توختــاپ تــۇرۇڭلا! ــ دېــدى ئــارىپمۇ يېلىــنىش تەلەپپۇزىــدا، ــ مېنىــڭ گېپىمنــى بــى ئــاڭلاپ قويــۇڭلا، زىيــان تاتســاڭلىمۇ! ســەل تەخىــر قىلىپ باقىلى، ئۇلانى دۈشمەن ھەيدەپ كەممىسە ئۆزىچە بۇ يەدە نىمىش قىلىــدۇ؟ ئويلۇنــۇپراق چىقســاقمۇ كېچىكمەيمىــز. بوممىســا ســەل يېقىنلىشىپ، ئاندىن بۇكەپ ياتىلى.

ئەمدى ئاۋازلار ئېنىقراق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ــ ئارىــپ! ئەخەت قــارى باشــلىق مۇســۇلمانلا ئــاڭلاڭلا! ــ دېــدى بىرسى ياڭراق ئاۋازدا سىرت تەرەپتىن.

ــ بــۇ يۈســۈپ داموللىنىــڭ ئــاۋازىغۇ؟ ــ دېــدى ئەخەتقــارى ھەم سۆيۈنگەن، ھەم ھەيــران بولغــان ھالــدا، ــ تــوۋا، بــۇ ئــادەم بــۇ يەدە نىمىــش قىلىدىغاندۇ؟

ــ دېمىــدىممۇ، ئۇلانىــڭ ھەممىســىنى دۈشــمەنلە ئالــدىغا ســېلىپ ئەكەلــگەن گەپ! ھېلىقــى شــەلىك ئاداشــنى باكــادىن ماڭــدۇرۇۋەتتۇق، شــۇ يول باشلاپ كەلگەن نېمە.

ــ ئــاڭلاڭلا! ــ ھېلىقــى ئــاۋاز قىــرائەت قىلىــش بىــلەن چېنىققــان

ئاۋازى بىلەن روشەن تەلەپپۇز قىلىپ سۆزلەيتى، ــ بىز ھۆكۈمەتكە ۋەكىل بولۇپ كەلدۇق. دارىنلا ۋەدە بەدى، سىلە قورال تاپشۇرۇپ بەسەڭلالام بولدى، قالغان گۇناھىڭلانى سۈرۈشتە قىممايدۇ. ئۆز ئۆيلىرىڭلاغا قايتساڭلىمۇ، ئىشەش قىلالمىساڭلا تاغ ئاقىسىغا چىقىپ كەتسەڭلىمۇ بولۇدۇ... بۇ يەدە پەيزىۋاتلىق قىرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقىلىرىمۇ با. ئۇلامۇ ھۆكۈمەتنىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلىدى...

ــ ياخشى گەپكەن، ياۋايىلادەك بۆكۈنۈپ ژۇرۇدىغان ئىشنى بولدى قىلىپ، بالا ـ چاقىمىزنى قولىمىزغا ئالىلى.

ــ شۇنى دېگىنە، شۇ تاپ خوتۇن جانۋارنى تازىمۇ سېغىندىم ـ دە!

ــ قوساقنىڭ ئاچلىقىدا نېمە دەيدىغاندۇ، ما ئاداش! «ئاچ قوساق، ئاچچىق چوچاق» دېگەندەك...

ــ تاماقمۇ بولۇدۇ ـ دە.

ــ ھەي، گول مۇسۇلمانلا، بۇ بى قاپقان، بۇنىڭ كەينىگە چىگىلى بومايدۇ، ــ دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن تىت ـ تىت بولۇپ. ئۇ، ئەمدىلا بىر جەڭگىۋار ھاياتىم باشلاندى، مەخسەتلىرىمگە يېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ كېيىنكىلەرگە ئۆلگە بولۇپ قالارمىز، دەپ ئويلاۋاتقاندا ھەمراھلىرىنىڭ بۇ قەدەر كۆڭلى بوشلىقى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. يەنە ماكانسىز ھاياتقا، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ، بېقىندىلىق بىلەن ياشايدىغان سىقىلىشتىن يۈرەك مۇجۇلۇپ كېتىدىغان ئاشۇ ھاياتقا قايتىشنى ئويلىسا تېنى شۈركىنەتتى. بىر قەرنە جەڭگىۋار ھايات سۈرۈپ ئۆلۈپ كەتسە مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟

ــ يۈسۈپ داموللىدەك پەيزىۋاتنىڭ مويسىپىت موللىسىمۇ شۇنداق ھىلىگە ئارىلىشاما؟

ــ شۇنى دەيمەن، بۇ ـ زە، بىزنىمۇ ئۆزىدەك لاماكان قىلماقچى!

ــ بۇ ئىنىمىز توغرا دەيدۇ، ــ دېدى ئۇلارنىڭ سېپىگە سۆرەپ كىرىلگەن قۇمۇللۇق چېرىك، ــ بۇنداق ئىش بىز كىچىك چاغلاردا قۇمۇلدا بوپتىكەن. ھۆكۈمەت موللىلانى ئىشقا سېلىپ، قورال تاپشۇرساڭلا گۇناھىڭلانى سۈرۈشتە قىلمايمىز، دەپتىكەن. ئاندىن ئۇلار

ئالدىنىپتۇ، كېيىن دارىنلار ھەممىسىنى قىرىۋېتىپتىكەن.

— ماڭ- ماڭەۋە، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە غۇلغۇلا سامماي. تازا كوت- كوت بىز نېمە ئۇخشىمامدا!

— مېنىڭغۇ كارىم يوق، كۆپچۈلۈك نېمە بولسا شۇ...

مۇھەممەتتۇرسۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ بىر دەم ئارىپقا، بىردەم باشقا بىر توپقا بېرىپ چۈشەندۈرەتتى، ئاگاھلاندۇراتتى. سىلكىش ۋە قوپاللىقلاردىنمۇ رايى يانماي، داۋاملىق ئۆز قارىشىنى ئاڭلىتىشقا تىرىشاتتى. ھېچ بولمىسا ئېيتىشىپ ئۆلەيلى، دەپ قاخشايتى. لېكىن كۆز ئالدىدىكىلا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ، كەلگۈسى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى خاھلىمايدىغان بۇ خەلق، ئاللىقاچان بوشۇشۇپ، كۆزىگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان، قول سوزسىلا يېتىدىغان يەردىكى راھەتكە بېرىلىشكە تەييارىدى. چىقسىلا تويغىدەك تاماق يەيتى. ئاندىن خوتۇنلىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن قۇچاقلىيالايتى. كېيىنكى قۇيرۇقتىن ھازىرقى ئۆپكە ياخشىراق - تە! ئۇلار يەنە كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە دارىنلارنىڭ ۋەدىلىرىدىن گۇمانلانسىمۇ، سېغىنغان خوتۇنلىرىغا يېتىش، ئاچقان قوساقلىرىغا ئۆيدىكىلەر ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى يېيىش — خىيال قىلغىنىدەك ئۇنداق ئاسان بولماسلىقى، شۇ ئاچ پېتى ھەپسىگە ھەيدىلىشى مۇمكىنلىكىنىمۇ ئويلىماي قالمايتى. ئەمما ۋۇجۇدىدىن قەھرىمانلىق ئۆچكەن بۇ خەلق بۇ ئىككى يولدىن ئەنە شۇ ئەل بولۇش يولىنى ۋىسالغا يېقىنراق دەپ بىلگەچكە بەربىر ئەل بولۇشتىن باشقىنى تاللىمايتى!

سىرتتىن يەنە بىر موللا ئۆز ئىسمىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن جار سېلىشقا باشلىدى:

— ئىشەنمىسەڭلا بىز نەچچە ۋەكىل چىقىرىڭلا، بىز قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ بېرىمىز...

— بەلەن گەپ بولدى، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى گەپ نەدە با؟ دادىمىزمۇ دېمەيدۇ، بۇندا گەپنى. چىقايلى، — دېدى ئۆپكىسى يوقتىن بىرى، — سىلى چىقسىلا ئارىپكا، سىلىگە ھەمرا بولاپ يەنە ئىككىمىز بىللە

چىقىلى.

— ياق دېسىلە، ئارىپكا، چىقمىسىلا! — دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن.

— لالما ئىتتەك ئاچ يېتىۋېرەمدۇق؟ سۇلى قىلىپ باققان ياخشىراق ئەمەسما؟!

— ئۇلا چىسۇن، شۇندا ۋاقىرايلى.

— راس، ئۇلىنىڭ چىگىنى ئوڭ، — دېدى ئارىپ.

— سىلىدىن ۋەكىل چىسۇن. چېرىكلە چىسە ئېتىۋېتىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى ئەخەت قارى.

مۇھەممەتتۇرسۇن كۆپچۈلۈكنى ھۇشيارلىق بىلەن قورالنى بەتلەپ يېتىشقا ئۈندىدى. ئۆزى ئارىپنىڭ قېشىغا سۈرۈلۈپ:

— ئارىپكا، سىلىنىڭمۇ تەسلىم بولغىلىرى باما؟ راس گەپنى قىلسىلا، بومىسا ئىككىمىز قېچىپ كېتىلى، — دېدى.

— قوي، ئۇكام. بىز خەق كاغا يارىمايدىكەنمىز، بىز ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساق، ھەممىمىز ئۆزىمىزگە پادىشا، نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟ ئەمدى مەن شۇلانى ئويلاپ، قانچىلىكلىكىمىزگە كۆزۈم يېتىپ، ئاپلا دەپ قېلىۋاتىمەن. باكادىن باكاغا قىزىققانلىق قىلىپ باللىرىمنى بىسەرەمجان قىپتىمە، قالغىنىغا يېتىم قىلايما، ئەمدە؟ ئاستا قوڭنى غىت قىسىپ، سىڭگەن ناننى يەيمىكىن...

— سىلىنىڭچە، سىڭگەن ناننى يەي، دېگەنلىرىگە دارىنلا قويامما؟

— قويمىسا، يامىنىغا كەسە ھاغىچە ئۇرا، بىز نەچچە ژىل سولاپ قويا، شۇنىڭغا چىدىساق، ئېنىڭزى يەنە ئۆلمىسەك، باللا بىلەن جەم بولامىز،... رىسقىمىز پۈتمىگەن بولسا...

— ھەي ي،... خۇدايىم نېمىشقا مۇنداق ياراتتىكىن! ھەممىمىز خام كاللىكەنمىز! — دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسرەتلىنىپ. ئۇ يەنىلا بۇ ئىشلارنى ئۆزىدىن، ئۆزلىرىدىن كۆرمەي، ياراتقۇچىدىن ئاغرىنىش بىلەن، گۇناھقا پېتىۋاتقانلىقىنىڭ پەرقىگە بارغىدەك ئەمەس ئىدى.

شۇ چاغدا سىرت تەرەپتىن شاخلار شاراقلاپ، بىرلىرى كېلىۋاتقانلىقى بىلىنگەندە ئالدىراپ قوشۇپ قويدى:

— ئاۋۇلا كەسە ئالدىراپ بىر قاراغا كەمىسىلە، بىللە ماڭىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىممىسىلا. گېپىنى ئاڭلاپ باققاندىن كېيىن «بىز بى مەسلىھەت قىلىۋالايلى» دەپ ئۇلانى كەتكۈزۋەتسىلە، ئىلاجى قىلىپ كەچنى كەلتۈسىلە. ئەلپازى چاتاقراق بوسا ئەھۋالغا قاراپ قېچىپ كېتىشكە كېچە ياخشى. مەن ئۇچۇن بوسىمۇ شۇنداق قىلسىلا، ئاكا، مەن بەربىر قېچىپ كېتىمەن!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى سىرتتىن كىرگەنلەر. ئۇلار ئۈچ موللا ۋە تۆرت ئايال ئىدى.

— ئارىپكام سۆھبەت قىلسۇن، باشقىلىرىمىز ئەتراپقا تاقىلىپ ھۇشىيارراق تۇرىلى، — دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن، بىرەر ئۆيلىمىغان توزاققا چۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ.

— ماڭ ـ ماڭەۋە! سەن سولتەك نېمە دەيسەن ئەمدە؟ سەن يا بىزگە باشلىقمۇ؟ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز باشلىق بىز، بىزمۇ سۆھبەتنى تەڭ قىلىمىز.

مۇھەممەتتۇرسۇن لەسسىدە بولۇپ قالدى. بۇ ئادەملەر بۇندىن بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلىشقانىدى. كېچىلىك نۆۋەتچىلىككە ھېچكىم ئۇنىمايتى. «خۇدايىم كېچىنى ئۇخلاشقا ياراتقان، ئۇخلاۋاتقاندا ئۆلۈش پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن بولسا ئۆلەمىز!» دېيىشەتتى. بۇنداق تەرتىپسىز تويپتىن نېمىنىمۇ كۈتۈش كېرەك؟ ئەمدى كۈزەتچىلىكنى مۇھەممەتتۇرسۇن ئۆزى قىلماقچى بولدى. بىراق، ئۇمۇ مەنسىز سۆھبەت نېمە بولۇۋاتىدىكىن، دەپ ئىككى ئارىلىق بولۇپ، كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى.

— قوسۇقۇڭلا تازا ئاچقاندۇ، بىچارىلا! — دېدى ئەلچىلەردىن بىرى ئۇلارغا ئېچىنغان ھالدا. ئەمما بۇ سۆز ناھايىتى كۆچلۈك پىسخىكا ھۇجۇمى ئىدى، — نەدىنمۇ شۇ پوقنى يەپتىڭلىكى، ھەي ي...

كەلگەن تۆرت ئايال ئېرى ياكى ئوغلى بىلەن يىغلىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشۋاتاتتى.

— تاماق ئېلىپ كەگەن، دارىنلا ئېلىپ چىگىلى قويىمىدى،

چىققانلا يەيدۇ، دىدى، ــ دەيتى ئۇلار.
ــ ۋاي بالام، نىمىشقا بۇ پوقنى يىگەنسە؟ نىمەڭگە نىمەڭ يەتمەي گۇناھ ئۆتكۈزۈپ ژۈرىدىغانسە؟ ھىلىمۇ مەيلىغۇ، بىز سىنى تاشلىۋەتمەيمىز. ئازماس ئالللاھ دەپتىكەن. ئازمايدىغان كىم با. ئەمدە ئوبدان توۋا قىساڭ، دارىلىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بىرىپ قاسا...
ئۇ ياقتا سۆھبەت داۋام قىلاتتى:
ــ قورالنى بىرىپلا بالا- چاقاڭلا بىلەن ئۆيۈڭلاغا كىتىدىكەنسىلە...
(ئۆينىڭ گىپى چىقىشىغا مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ يۈرىكى زىرىلداپ كەتتى).
ــ سىلىمۇ تازا قاپ ژۈرەك خەقكەنسىلە جۇما! ئويلاپ باقماي ئىش قىلىدىكەنسىلە، بۇ قورال دىگەن دارىلانىڭ ئىشى تۇسا، قورال بىلەن ھەپىلەشسەك قانداق بولۇدۇ، دىمىگىنىڭلىنى قارىمامدىغان!...
ــ دارىلىغا ئىشەنگىلى بولاما؟
ــ بىزگىمۇ ئىشىنەسىلە؟ مانا قۇرئان، قەسەم ئىچىپ بىرىلى...
ــ مىنى تۇل قويۇپ، باللىرىنى يىتىم قىلىپ، نىمە قىلاي دەيلا؟ نىمە پوق يەپ... ــ ئۇ تەرەپتىن مىشىلداشلار ئاڭلىناتتى.
ــ ۋاي جىنىم بالام،... ساڭا نىمە يوق؟ سىڭگەن نىنىڭنى يەپ، بارىغا شۈكرى قىلىپ، «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دەپ ئۆتەۋەمەي، ساڭا نىمە ئاقساقاللىق؟ قاسى شەيتان سىنى ئازدۇدى؟...
ــ ئىشۇۋۇ، شەلىك ماكانسىز ئازدۇغاندۇ تايىنلىق، سەن ئۇنداغ قىلىدىغان بالا ئەمەستىڭ...
ــ قەسەملىرىگىمۇ ئىشىنىمىز، ئەمما قەسەمنى دارىنلا ئىچمىگەن بوغاندىكىن...
ــ ئا!... بىز شۇ دارىلانىڭ ۋەكىلى ئەمەسما؟!...
ــ داداڭ رەھمەتلىكتىن ئايرىلىپ، يالغۇز بىر تۇۋرۇكۇم سەن بولاپ قاغان تۇساڭ، سەندىنمۇ ئايرىلسام، ماڭا نىمە كۈن؟...
ــ تىخى مىنىڭ ئون گۇلۇمنىڭ بىرسىمۇ ئىچىلمىغان تۇسا، ئەمدى توي قىلىپ تىخى جاھاننىڭ مىرادىغا يەتمەي تۇرۇپ، تۇل

قېلىشىمنى ئويلاپ شۇ...

— بولدى، يىغلىماڭلا...

ئۇ ياقتا شىلدىرلاش...

— توختا! ئەمدى چىم بۇ تەرەپكە ئۆتسە ئاتىمەن! — غەزەپكە، ئۈمىدسىزلىككە پاتقان مۇھەممەتتۇرسۇن ئەمدى قەتئىيلىشىپ قالغاندەك، جىنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويغاندەك قىلاتتى...

سۆھبەت سورۇنىدىن قوزغالغان تۇتۇپ قىلىنىۋاتقان قەسەمنىڭ تەنتەنىلىك ئىبارىلىرى ئاڭلىناتتى.

— ئەمدى بىز بىلەن بىللە يۈرەمسىلە؟

مۇھەممەتتۇرسۇن ھاسىراپ يېتىپ كەلدى.

— ياق، بىز مەسلىھەت قىلايلى، ھەربىرلىرى قايتىپ تۇرۇشسىلا.

— ئەمىسە بىز قورال - ياراغلىنى ئالغاچ كېتىلى.

— ياق، ياق، بىز ئۆزىمىز ئېلىپ چىقىمىز. ئاۋارە بولۇشمىسىلا.

— ماڭ - ماڭەۋە، چۈپرەندە! بىز موللىكىمىز بىلەن بىللە چىكتىمىز!

— چىم ماڭسا ئاتىمەن! — دېدى مۇھەممەتتۇرسۇن كۆزىگە قان تولغان ھالدا مىلتىقىنى بەتلىگەنچە ئارقىسىغا سا يېنىپ، — بومىسا ژۈرىكى با ئوغۇل بالا بوسا مېنى ئېتىۋەتسۇن! زىنداندا چىرىپ ئۆلگەندىن مۇشۇ يەدىلا ئۆلەي!

ئۇنىڭدا شۇنداق جۈرئەتنىڭ راستىنلا پەيدا بولغان - بولمىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. موللىلارنىڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. ئايالار بارماقلىرىنى چىشلىگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— بولۇدۇ، ئەمىسە. بىز چىقىپ «مەسلىھەتلىشىپ قالدى، ھازىر چىقىدۇ» دەپ قويىلى. ھۆكۈمەت سىلىنى ئاياۋاتىدا، بومىسا قىرىۋېتىدىغان نىيىتى بوسا بىژ دەملىك ئىش ئەمەسما! چىرىك دېگەن تولا گەپ، ئورمانىنى چۆرىدەپ زىچلا تۇرۇپ كەتكەن، غىچ چىرىك... بىز مۇسۇلمان خەققۇ ئايىغانىنى بىلمەيمىز... — دېدى موللىلارنىڭ چوڭى

يۈسۈپ داموللا.

ئۇلار مىڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا قۇمۇللۇق چىرىك يۈگرەپ كىلىپ يىلىندى:

ــ بۇلار مىنى مەجبۇر سۆرەپ ئەكەلدى، كەلگىم يوقتى. دارىنلارغا ئىبىتىپ قويسىڭىزلار، بىر ئەسكىرىڭلارنى تۇتقۇن قىلىۋاپتۇ، بىچارە سىلەرنى تازىمۇ سىغىنىپتۇ، دەپ...

ــ ماقا، ماقۇلە،... هەي ي،... ياش خەق دىگەن مانا مۇشۇنداق بەڭۋاش بولىدۇ ـ دە، هاي دىگەنگە ئۇنىماي قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ، ئاندىن چىچا يىرى سامانلىق بولغاندا «جان غوجىكام» دىگەن،... هەي بىچارىلەر، ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىگەن بەڭۋاشلا...

ــ قۇرئان تۇتۇپ قىلىنغان قەسەمگىمۇ ئىشەنچ قىلمامىلا، ئۇكام؟

ــ دەپ سورىدى ئارىپ مۇهەممەتتۇرسۇندىن پىچىرلاپ.

ــ ياق، ــ دىدى، مۇهەممەتتۇرسۇن مۇجمەل قىلماستىن ئىنىق قىلىپ، ــ بىرىنچىدىن، قەسەم ئاللا نامى بىلەنلا قىلىنىشى كىرەك، قۇرئان تۇتۇپ ئىچكەن قەسەم بىدئەت بولغاچقا هىچ كۈچى يوق، بىكاچىلام! ئىككىنچىدىن، قەسەمنى بىزنىڭ موللىلا ئىچكەن بىلەن، ئىشنى دارىنلا قىلىدۇ، ئۇ نىمىلىنىڭ خەق ئىچكەن قەسەم بىلەن پەرۋايى پەلەك، ئىشنى پۈتتۈرىۋاسىلام بولدى!...

ئارىپ هاڭقىيىپ قاراپ قالدى. ئۇمۇ قەسەم هەققىدە ئابدىقادىر داموللا قاتارلىق «جەدىت»چى موللىلاردىن شۇنداقراق ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدى. قەسەمنى باشقىدىن، دىنىدا كۆرسۈتۈلگەن بويىچە، ئاللاھ نامى بىلەن قىلدۇراي دىسە، مۇهەممەتتۇرسۇننىڭ كىيىنكى گىپى هەرقانداق قەسەمنىڭ ئەهمىيىتىنى يوققا چىقىراتتى. شۇڭا بولغىنى بولا، دىگەندەك بىشىنى چايقاپ قويدى.

ئۇلار چىقىپ كەتتى. ئايالىلار بىر قەپەس يىغا ـ زارە قىلىشقاندىن كىيىن ئارقىدىن ئەگەشتى.

ئەمدى بۇ يەردە قىيا ـ چىيا باشلاندى. كۆپچۈلۈك موللىلىرىمىز بىلەنلا ماڭساق ئوبدان بولاتتى، دەپ ۋايساشتى. قالغانلار خوتۇنلىرىغا،

ئانىلىرىغا قىيالماي ئارقىسىدىن قارىشاتتى. مۇھەممەتتۇرسۇننى تىللىشاتتى.
— بىز ئۇمىدان گەپلەتتى، ما قوڭالتاقنىڭ دەستىدىن باكادىن-باكا ئارتۇق دەرت تارتىمىز ئەمدە...
— شۇنى دەيمە، نىمانداق نېمىدۇ بۇ، بىزەڭ...
— ئۆزى ماكانىسىز ئەمەسما، شۇڭىزە،...
— هە، غوجوووم! قانىدا قىلىمىز؟ چوڭىمىز بولىلا ئەمەسما، دېسىلە قېنى؟ — دەپ تەئەددى قىلدى بىرى.
— يەنە بىزدەمگىچە ئۆلۈمەن، چوقۇم، ئۇسساپ...
— يا، دەيمىنا، ماگۇيغا كۇچىمىز يەتمەمدا؟ قۇلاقنىڭ تۈۋىگە قوياپ مېڭىۋەمدۇق...
— ژۇرۇكىۈڭ بوسا شۇندا بى قىلە! — دېدى جېنىدىن تويغان مۇھەممەتتۇرسۇن، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قەتئىيلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.
ئەسلىدە مۇھەممەدتۇرسۇن يەنە بىر قېتىم ئۇلارنى قارشىلىق قىلىپ ئۆلۈشكە تەشۋىق قىلىپ كۆرۈش نىيىتىدە ئىدى. ئەمدى تۇشمۇ-تۇشتىن ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان ھاقارەت، تىل -ئاھانەت ھۇجۇملىرىنى ئاڭلاپ بۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچتى. پەقەت چارىسىزلىك، بىچارىلىك بىلەن غۇدراپ:
— كۆرۈسىلە، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا، چىقىۋالغىلى ئاچا تاپامماي قالىسىلە! راھىتىمىزگە قايتىمىز دەپ خامخىيال قىلىۋاتىسىلە، ئەمما ئۆمرۈڭلا مەندىنمۇ قىسقا بولىدۇ. ئۆلمىگەنلەمۇ زىندانىدا چېرىپ ياتقان چاغدا مېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىمنى يادىغا ئېلىپ راست دەپتىكەن دەپ قالۇدۇ، خۇدايىم بۇيرىغان بوسا...
— ماڭ-ماڭەۋە سولتەك، يىتىم ئوغلاق، تېگى-تەكتى نامەلۇم شۇم.
— ھەببەللى! ماگەپ جىڭ باسىدۇ مانا، كىم بىلىدۇ، ھارامدىن بوغان نېمىمۇ تېخى!
بۇ چەكتىن ئاشقان ھاقارەتلەر تۈپەيلى دوستىغا بىر ئاز ئىچى ئاغرىغان ئەخەتقارى گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراش ئۈچۈن:

— ئايىلىمنىڭ بويىدا بارتى، بالامنى كۆرەلمەي ئۆلۈدىغان بولدۇم دەپ ئەنسىرىگەنتىم، ھېلىمۇ ياخشى، دارىنلىرىمىزنىڭ ئىنساۋى باركەن،... — دېدى.

ئەخەت قارىمۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاشۇ خوشاللىقتا پاتراق ئېرىشكۈسى كېپكەتتى. ئاشۇ خوشاللىقتىن مەھرۇم بولغىلى تاس قالغانلىقىنى ئويلىسا تېنى شۈركۈنۈپ كېتەتتى. ئىنسان ھامان شۇنداق، قولدىن كەتكەن ياكى قولدىن كېتىشكە تاس قالغان نەرسىسىنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ، مەيلى قانچىلىك كىچىك بولسىمۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن قايتىدىن ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغان تېنچ ھايات ئۇلارغا قولغا كېلەيلا دەپ قالغان، ئەمما تېخى تولۇق قولغا كەلمەي يېقىندىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان قىممەتباھا نەرسىدەك ئۇلارنى ئاشىقانە تەشنا قىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا ئېرىشىش شادلىقى ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتەلەيدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن «دارىن»لارنىڭ ئايىقىغا يىقىلىشقا، تەبىئىتىنى يوقاتقان ھالدا باشقا رەسۋاچىلىقلارنىمۇ قىلىشقا تەيياردەك قىلىشاتتى. ئۇلار موللىلارغا چوڭقۇر ئىشەنچ باغلاشقانىدى. بولۇپمۇ قۇرئان تۇتۇپ قىلىنغان قەسەم ئۇلاردا ئۈمىد، ئىشەنچ پەيدا قىلغانىدى.

— ئالدىراپ خوش بولۇپ كەتمىسىلە بولامىكىن، غوجام، — دېدى مۇھەممەدتۇرسۇن ئەخەتقارىنىڭ قايتا ئېرىشىۋاتقان ئۈمىتلىرىگە ھەسەت قىلغاندەك قىلىپ، — دارىنلىنىڭ ئىنساۋىنى كۆرگەندىراق خوش بولسىلىمۇ كەچ قالمايلا.

— ۋاي بىچارە، ۋاي ئاۋارە! — دەپ مەسخىرە قىلدى ئۇنى دوستى.

مۇھەتتۇرسۇن ئىچ- ئىچىدىن يىغا يامىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ يەنە ئۇستازى ئابدىقادىر دامولىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇستازى بۇ خەلقنىڭ ئاجىزلىقلىرى ئۈستىدە توختالغاندا شۇنداق دېگەنىدى: «بىزنىڭ خەلقىمىز شۇ دەرىجىدە نادانكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېتىدىغان موللىلار بولسۇن، ئۈلگۈجىسىگە ساتىدىغانلىرى بولسۇن، ئىماندىن ئاجرىغان، ئاللىقاچان نەپسىنىڭ

كەينىگە كىرىپ كۇپۇرلۇق ئۆتكۈزۈپ بولغانلىرى بولسۇن ھەممىسىگە ھۆرمەت كۆرسىتىۋېرىدۇ، ئىشىنىۋېرىدۇ، ئەگىشىۋېرىدۇ. ئۇلارغا يوغان دەستارلار بولسىلا بولدى، نامى چىندىن ياكى ھەزىل قىلىنىپ ‹موللا›، ‹مەخسۇم›، ‹ئىشان›، ‹خەلپەت›، ‹قارى› ئاتىلىپ قالغان بولسىلا ئىت بولسىمۇ بېقىۋېرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئىلغا قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. يامانلىرىنى يېتىم قالدۇرۇشنى، ياخشىلىرىنى قوغداشنى بىلمەيدۇ. مانا بۇ قارىغۇ ئېتىقادتۇر. دۈشمەن دەل شۇ يېرىمىزدىن پايدىلىنىپ، بىرەر سولتەك ئىمام ئارقىلىقلا پادىنى باشقۇرغاندەك بىزنى تىزگىنلەپ كېتىۋېرىدۇ».

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەمدى ئۇستازىنىڭ ئېتىقاد ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئەسلەپ كەتتى ۋە ئېتىقادتىن ئايرىلىش ياكى ئېتىقادنىڭ ساختىلىشىپ كېتىشى، سۇسلۇشۇپ كېتىشىنىڭ نەقەدەر قورقۇنۇچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

**3**

جىگدىلىكنىڭ سىرتىدىكىلەر كۈتمەكتىدى. كۈن غەرپكە قىشايغان، كەچكى شەپەقنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ئىگىز جايلاردا — شاخلارنىڭ ئۇچىدا جىمىرلايتى.

تاقىتى - تاق بولغان «دارىن» داموللىلارغا بۇيرىدى:

— كەچكىچە چىقمىسا بېسىپ كىرىدۇ، ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايدۇ! تووۋلا! ۋارقىرا! چاپسانراق چىقسۇن!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن ئانىلار، ئاياللار چۇقۇرۇشۇپ يىغلىغاچ، «دارىن»نىڭ ئىلتىپاتىنى تىلەشتى، ئۇنىڭ ئۆمرىگە كۆپتىن- كۆپ دۇئا قىلدى. يۈسۈپ داموللا بولسا ئىككى ئارىلىقتا ھەر ئىككى تەرەپكە يامان بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىرىشىپ، ئالدىراپ- تېنەپ «دارىن»نى تېنچلاندۇرماقچى بولدى:

— ئۇلا رازى بوغان، دارىن جاناپلىرى، ئەمما ـ زە، بەزىلىرى بويۇنتاۋلىق قىلىدىغاندەك تۇرىتى، شۇلانى ماقۇل كەلتۇرىمىز دەپ هايال قالدىمىكىن...

— تولا گەپ يورغىلاتماي ۋارقىرا! ئۇلار چىقسۇن! كۈن ئولتۇرغاندا سۇرۇك توشىدۇ، چېرىكلەر بېسىپ كىرىدۇ، دە!

ئايالار، قېرىلار يەنە چۇقۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇلار ھەممىسى تەڭ ۋارقىراشقاچقا ھېچنېمىنى ئاڭلىغىلى بولمىدى.

— بىرىڭ تۇۋلاش، ئېشەكلەر! قالغانلىرىڭ ئۈنۈڭنى ئۆچۈرۈش!

ئەزەن ئېيتىپ كۆنگەن ياڭراق ئاۋاز ئورماندىكىلەرنى ئاگاھلاندۇردى. بۇ يۈسۈپ دامولىنىڭ مۇھتىرەم ئاۋازىدى...

چېرىكلەرگە يول باشلاپ كەلگەن «قېيىدىغاق» شەلىك يىگىت بىر چەتتە چېرىكلەرنىڭ نازارىتىدە تۇراتتى. ئەمما قولى قاچاندۇر تەرەت سۇندۇرغان چاغدا بوشۇتۇلغان پېتى قايتا باغلانمىغان، ئەمما كېتىشكىمۇ رۇخسەت قىلىنماستىن چېرىكلەرنىڭ ئالدىدا يۈكۈندۇرۇپ قويۇلغانىدى. ئۇ پات ـ پاتلا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ ۋايساپ تۇراتتى:

— مېنىڭ ئەمدى ئىشىم تۈگىدىغۇ؟ يەنە نېمىشقا ئاۋارە قىلىدىغاندۇ! دارىن، دارىن! مەن يادىلىرىدا بامۇ يا؟ سىلىنى باشلاپ كەلگەن مەن، ئەمدى مەن كەتسەم بولا؟...

— ئاغزىڭنى يۇم، سىڭكو!

ئەمما ئۇنىڭ ئاغزىنى يۇمۇشى ئۇزاققا بارمايتى.

كۈن ئولتۇردى. بىردىنلا جاھاننى گۆگۈم قاپلىدى. پەقەت غەرپ تەرەپتە بىر يورۇق دائىرە قىزىرىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىمۇ بۇلۇتلار توسۇۋالغاچقا خىرەلىشىپ كەتكەن، بۇلۇتلار بولسا قارىداپ كەتكەن قاننى ئەسلىتەتتى.

— يەنە تۇۋلا! ئاخىرقى قېتىم! چىقمىسا بېسىپ كىرىپ ھەممىنى ئېتىۋېتىڭلا!

بۇ قېتىم ۋارقىراشقا جاۋابەن ئۇ ياقتىنمۇ ئۈن قاتتى:

— مانا چىقىۋاتىمىز! ئارىمىزدا يىقىلىپ قالغانلا با، ماغدۇرىدىن

كېتىپتۇ. شۇلىنى كۆتۈرۈپ ماڭمىساق بوممايدىكەن!
— ئۇلار قەستەن كىچىكگە تارتىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى «دارىن» ئادەملىرىگە كالدىرلاپ، — بۇنىڭدا بىر ھىلە بار، ھۇشيار تۇرۇڭلا! باشقا تەرەپتىكىلەر چىققاننى شۇ يەردىلا ئاتسۇن! مۇشۇ يەردىن باشقا يەردىن چىققانلار قاچىدىغانلار... — ئاندىن جارچى موللىغا قارىتىپ، — ماغدىرى يوقلار قالسۇن، قورالنىلا ئالغاچ چىقسۇن، ئاندىن بىز ئۇلارنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇمىز، ئەمما باشقا تەرەپتىن چىقىمىز دەپ خام خىيالدا بولۇپ يۈرمىسۇن! ئۇ تەرەپتىكىلەرگە چىققاننى ئېتىشقا بۇيرۇق بەردۇق! — دېدى.
ئۇياقتىن يەنە جاۋاپ ئاڭلاندى:
— ماقۇل، قويدۇق، مانا...
«دارىن» بىر ئەسكەرگە بۇيرۇدى:
— دەرھال بۇيرۇقۇمنى ئېلىپ ئورماننى ئايلىنىپ كەل! ھەممىگە يەتكۈز، مۇھاسىرە چەمبىرىكى تارايتىلسۇن!...
— ئۇلار چىقىۋاتقاندىكىن مەن كېتىۋەرسەم بولىتى، — دەپ غودۇڭشىيتى ھېلىقى «يول باشلىغۇچى».
ئەتراپ گىرىمسەن يورۇق، ئەمما ئورمان قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن ئىدى. يېقىنلا يەردىن شاخلارنىڭ شاراقلىغىنى، ئاندىن ئادەم قارىسى كۆرۈندى.
«دارىن» چېرىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئايالار ۋە قېرى چۈرىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، موللىلارنى ئالدىغىراق بېرىپ قوراللارنى ئېىپ قېلىپ، گۇناھكارلارنى يۇخرالار تەرەپكە ماڭدۇرۇشقا بۇيرىدى.
مىلتىقنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەن بىرىنچى كىشى، ئارقىسىدىن ئىككىنچىسى،... چىقىپ كەلگىلى تۇردى.
— مانا بىز چىقتۇق... — دېدى ئالدىدىكىسى.
— ھە، بارىكاللا! مىلتىقنى مانا ماۋۇ يەگە، مېنىڭ پۇتۇمنىڭ تۈۋىگە قويۇپ، ئاۋۇ تەرەپكە بېرىڭلا، ئۇكىلىرىم، ئۆيۈڭلادىكىلە شۇ تەرەپتە ساقلاۋاتىدا.
ئارقا تەرەپتە «دارىن» تىلماچىنىڭ ياردىمىدە ئائىلە - تاۋاباتلارغا

بۇيرىدى:

ــ نىمىش بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر ئۇنىنى چىقىرىشقا، چۇقۇراشقا بولمايدۇ! كىم ئۇنىنى چىقىرىدىكەن شۇنى ئېتىپ تاشلايمەن! گۇناھكارلار سوراق قىلىنىپ ئۆگۈنلۈككە قويۇپ بېرىلىدۇ.

دەسلەپكى ئىككى «گۇناھكار» پۇخرالار توپىغا كېلىشىگىلا ئۇلارنىڭ دالدىسىدا تۇرغان چېرىكلەر «گۇناھكار»لارنىڭ كارنىيىدىن ئالدى. قوساقلىرىغا كېلىشتۈرۈپ مۇشلىغانىدى، ئۇن چىقىرالماي يەرگە يىقىلدى. ئاياللار ئۇنلىرىنى چىقىرالماي بارمىقىنى چىشلىگەن ھالدا بوقۇلداپ كېتىشتى.

ئورماندىكىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىشىۋاتاتتى.

ــ دارىن، دارىن! ئارىمىزدىن بىرەيلەن قېچىپ كېتىش ئۈچۈن ئورماندا قالدى! كۆن چىقىش تەرەپكە كېتىپ قالدى... ھەممىنى قىلغان شۇ... ــ بىرەيلەن خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ھولۇققان ھالدا مەلۇمات بېرىۋاتقانىدى، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشقا ئالدىراپ:

ــ دارىن، دارىن، شۇنچە قىساقمۇ ئۇنىماي، بويۇنتاۋلۇق قىلدى، بىزنى كېچىكتۈرۈۋەتكەنمۇ شۇ...

ــ غوجىوووم، كۇچاپ كەتمىسىلىمۇ بولىدۇ، سىلىدىن بۇرۇن دەپ بولدۇق، ــ دېدى ئاۋالقىسى، «دارىن» (ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا يېقىن تۇرغىنى بىر ئەسكەر ئىدى، ئەمما خەنسۇ بولغاچقىلا بۇ ئەخمەق ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ھەممىسى دارىن ئىدى)نىڭ دىققەت قىلىۋاتقان ـ قىلمايۋاتقانلىقى، چۈشىنىۋاتقان ـ چۈشەنمەيۋاتقانلىقى بىلەن ھىساپلاشماستىن خوشامەتكارانە ئاھاڭدا قوشۇپ ـ قويدى، ــ مەن دەپ بوغان گەپنى دەۋاتىدا، دارىن، تىڭشىمىسىلىمۇ بولىدۇ،... ــ ئەمما سۆزنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي ئۇنلىرى ئۈچۈپ، يەردە ياتقانلارنىڭ ئۈستىگە «خامباستى» بولۇپ چۈشتى.

ئەخەت قارى بىلەن ئارىپ ئەڭ ئارقىدا چىقىشىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بولسا قورال بەتلەپ قۇمۇللۇق چېرىك چىقىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ يىلىنىپ ئىلتىماس قىلىشى، گۇناھكار بولۇپ بىر تاياقتا

ھەيــدىلىپ كەتمەســلىك ئۈچــۈن بىــر ئەركەكچىلىــك قىلىشــلىرىنى ئۆتۈنۈشكە بەس كېلەلمەي، ئۇنىڭ قولىغا قــورال بېرىــپ، ئۇنــىڭ خىــزمەت كۆرسىتىپ ئاقلىنىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشكەنىدى. «بىــز ئۈچــۈن ئەمــدى ھەممىســى بەرىبىــر، بىــر مۇســۇمان بالىســى بولســىمۇ چېتىلىــپ قاممىسۇن»، دەپ ئويلاپ ماقۇل بولۇشتى. بۇنىڭ بەدىلىگە چېرىكتىن، كېيىن «دارىن»لارنىڭ ئالدىدا بىر نەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ، گۇناھىنى يېنىكلىتىشكە، ھەممىنى مۇھەممەتتۇرسۇنغا ئارتىپ گۇۋالىق بېرىشكە ۋەدە ئېلىشقان بولدى. ئارىپ نېمىلا بولمىسۇن ئىھتىياتنىڭ زىيىنى يوق دەپ، مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئېسىدە تۇتقان ھالدا تاسادىپى ئەھۋالدا قېچىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن ئارىلىق قالدۇرۇپ چىقىۋاتاتتى.

چېرىكلەرگە يول باشلاپ كەلگەن شەلىك يىگىت تاياق يەپ ئۈن چىقىرالماي يەردە ياتقانلارنى كۆرۈپ، باياتىنقى شېرىن گەپلەرنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى پەملىدى. دە، چېرىكلەر تۇتقۇنلارنى ئۇرۇپ-دەسسەپ باغلاۋاتقان ئالدىراش پۇرسەتتە ئوچۇقچىلىققا قاراپ قاچتى.

— ئادەم قاچتى! — دەپ توۋلىدى ئائىلە تاۋاباتلاردىن بىرى، ئىختىيارسىزمۇ ياكى ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر چۈشۈنۈپ بولمايدىغان تەرزدە.

گۇگۇمدا گىرىمسەن كۆرۈنگەن گەۋدىگە قارىتىپ بىر نەچچە مىلتىق تەڭلا ئېتىلدى.

— ئا!... ئا!... — قىلغان تاۋۇش جاڭگال ئاسمىنىدا ئېنىق ئاڭلاندى، بىر قارا كۆلەڭگۈ پۇلاڭلاپ يىقىلدى.

بۇ ھال ئارقىدا قالغان ئىككەيلەنگە يامان تەسىر قىلىپ، قارىسى كۆرۈنگىدەك يەردە توختاپ قالدى.

— چىقىۋېرىڭلا! بىرسى قورال تاپشۇرماي قاچقانىكەن، شۇنى ئېتىۋەتتى، يامانىنىڭ جازاسى مانا شۇنداق، — دەپ چۈشەندۈردى يۈسۈپ داموللا.

ئەخەت قارى يەنە ئالغا قاراپ كەلدى. بىراق، كۆڭلىگە گۇمان

چۈشكەن ئارىپ جايىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ مىلتىقنى بەتلەپ بىرە چېرىكنى بولسىمۇ ئېتىۋالايمۇ، دەپ ئويلىدى- يۇ، بىراق، قايتا تۇغۇلغان تېنچ ياشاش ئۈمىدى ئۇنى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. تېخىمۇ رىيال، تېخىمۇ ئەمەلىي تۈرتكە «ئۆزى تېرىغان بالا» — قورال بېرىپ ئارقىسىغا سېلىۋالغان ئۇيغۇر چېرىك ئىدى. ئارىپ يەنىلا مېڭىشقا ئالدىرىمىغان ئىدى، ئەمما بۇ قېتىم ئالدىدىن ئۈندەش ئاۋازى كەلمەيلا، ئارقىسىدىن بۇيرۇق ئاۋازى كەلدى:

— ھە، بىزىرىپ تۈرماي چاپسان ماڭە! — شۇندا ئارىپ مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ «ھەممىمىز خامكاللىكەنمىز،... ئى خۇدا، بىزنى نىمانداق ياراتقانسەن!...» دېگەندەك ئاغرىنىشلىرىنى يادىغا ئالدى. مانا، «گول بوممىساق، ساراڭ بوممىساق بىر چېرىككە قورال تۇتقۇزۇپ كەينىمىزگە سېلىۋالامدۇق» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىنمۇ ئۈندەش ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھە، چىقسىلا، چىقىۋەسىلە!

— مانا ھازىر، — دېدى ئۇ ئالدىكى ئۈندەشكە دېگەندىن كۆرە ئارقىسىدىن دۈمبىسىگە تېرەلگەن مىلتىققا جاۋابەن. شۇنداق دەپ ئەمدىلا بىر قەدەم ئېلىپ تۇرىشىغا ئالدى تەرەپتىن:

— ئەخەت قارى! ئۇماڭلا، خۇدا ھەققى! ۋاي ئېسىت!... — دېگەن نالە، ئارقىدىنلا «住口！ 生口» (جو كو! سىڭكو!)[1] دېگەن قەھرلىك كالدىرلاش ئاڭلىنىپ، ھەممە گەپنىڭ ساختىلىقى ئاشكارە بولدى. ئارقىسىدىكى چېرىك ئەمدى ئۇنىڭغا قورالنى تاشلاش بۇيرىقى بېرىۋاتقاندا، ئۇنىڭ مېڭىسىدە چاقماق تېزلىكىدە بىر قارار مەيدانغا كەلدى - دە، ئۇ قورالنى تاشلاپلا، شىمال تەرەپكە — كەڭ دالاغا قاراپ جان - جەھلى بىلەن قاچتى.

— بىرسى قېچىپ كەتتى، دارىن! بىرسى قېچىپ كەتتى! — دەپ ۋارقىرىدى ئارقىدا قورال بەتلەپ چىقىۋاتقان ئۇيغۇر چېرىك، كۈتۈلمىگەن

[1] ئاغزىڭنى يۇم، ھايۋان، — ئا.

ئىشتىن مەڭدەپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي.
— 他打死(داسى تا!)[1] — دەپ ۋارقىرىدى «دارىن».
بىر نەچچە مىلتىق ئۇ تەمبەل كىشىنىڭ دۈمبىسىنى نىشانلاۋاتقاندا ئورمان تەرەپتىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن ئارپىنىڭ قارىسى سەندىرەكلەپ كەتتى. چېرىكلەر توپىدىن ئارقا- ئارقىدىن ئېتىلغان بىر نەچچە پاي ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۈنىڭ كېلىشكەن گەۋدىسى ئەلەملىك تولغۇنۇپ تاقىر دالىغا يىقىلدى. ئۇ ئارمانلىرىنى، ساۋاقلىرىنى سۆزلەشكە ئۈلگۈرمىدى. ھەتتا «ھامىنى ئۆلۈدىغان ئىش بولغاندىكىن، بىرسىنى بولسىمۇ ئېتىۋەتسەمچۇ!» دېگەن پۇشايمانلىق ھىسسىياتىنىمۇ ئويلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا جان ئۈزدى! بۇ خەلقتە ئىنتىقام ئۇدۇمى ئىنتايىن ئاجىز بولغاچقا، ئارماندا كەتكەن بۇ كىشىلەرنىڭ بالىلىرىدىنمۇ قىساس ئېلىش ئۈمىدىنى كۈتۈشكە بولمايتى. ئەكسىچە، چوڭلار بۇنداق ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى، بالىلار بولسا بۇنداق ئىشقا مەڭگۈ جۈرئەت قىلالماس ھالغا كېلەتتى. يەنى، قىساس — باشقا خەلقلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدا جەڭگىۋارلىق، قارشىلىق روھى ئويغاتسا، بۇ مىللەتتە «بۇنداق ئىشنىڭ پوقىقا پايدىسى يوق، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز(ياكى دادا، تاغىلىرىمىز) قىپ بېقىپتىكەن، ئۆزىنىڭ بېشىغا چىققاندىن باشقا ھېچ ئىش بوپ كەتكەن يوق!» دېگەن سەلبىي ساۋاق رولى ئويناپ، جىم يېتىشنىڭ تارىخى ئاساسى بولۇپ قالاتتى...
«دارىن» ئۈيغۇر چېرىكنىڭ قولىدىكى مىلتىقنىمۇ تارتىۋېلىشقا ئەمىر قىلدى. بۇنى ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى ئەمەس، دەپ قورقۇپ كەتكەن چېرىك، بىچارىلارچە مۆلدۈرلەپ تۇرۇپ:
— دارىن، دارىن، ھېلىقى قاچقاننى مەن ئاتتىم، مەن!... — دېدى ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ.
— 你(نى)؟... — دېدى «دارىن» ئىستىھزا بىلەن، — كۆرىمىز، ھازىر قورالنى قويۇپ بۇيرۇقۇمنى كۈت!

[1] ئېتىپ ئۆلتۈر! — ئا.

«دارىن» ئىككى جەسەت يېنىغا چېرىكلەرنى ئەۋەتىپ يېنىنى ئاختۇرۇشقا ۋە ئۆلگەن- ئۆلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بۇيرىغاندىن كېيىن، خاتىرجەم هالدا تۇتقۇنلارنى بىر- بىرلەپ باغلاشقا باشلىدى. باغلاش جەريانىدا رەھىمسىزلىك بىلەن قوللىرىنى قايرىدى، ئەپ كەلمەي قالسا دەسسەپ تۇرۇپ باغلىدى.

— داموللام بۇ...؟ — دېدى موللىلاردىن بىرى ئۆز ئىچىدىكى ئەڭ ئىناۋەتلىكى بولغان يۇسۇپ دامولىغا.

— خەپ- شۇك! بالاغا قاغانىنىڭ پايدىسى يوق. بازادا جان ساتمايدا، — دېدى يۇسۇپ دامولا زەردە بىلەن.

— بىراق، بىز قۇرئان تۇتتۇق، تەقسىر...

— ئاللاھ رەھىمدىل، مېھرىبان. بىزنىڭ بى ئىلاجلىقىمىزنى كۆرۈپ تۇرغاندىكىن كەچۈرىدۇ، ئىگىمىز ھەممىنى بىلگۈچى.

— چوڭ گۇناھكار بولمۇدۇقمۇ، تەقسىر؟ بولۇپمۇ ئاۋام ئالدىدا...

— بىزدە نېمە گۇناھ؟ خۇدا گۇناھكارلارنى ئۆزى كۆرۈپ تۇرۇدۇ، جاجىسىنىمۇ ئۆزى بېرىدۇ. سىڭگەن نېنىمىزنى يەيلى، خۇداغا شۈكرى دەيلى، ھېلىمۇ ئۇلا گېپىمىزگە چىرىپ چىقىشتى، بىز قۇتۇلدۇق... ئاۋامدىن باشلىرى قاتمىسىمۇ بولىدۇ، ئاۋام دېگەن بىر پادا. مۇشۇنىڭ بىلەنلا بىزگە ئىشەنمەس بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەملا؟ خاتىرجەم بولسىلا، ئاۋام ئالدىدا نېمە قىلساقمۇ ھۆرمەتلىكمىز، تەقسىر!

ئايالىلار نالە كۆتۈرۈپ دالىنى باشلىرىغا كىيدى. ھېچ بولمىسا ئەكەلگەن تاماقلارنى بولسىمۇ يېۋالسۇن، رەھىم قىلىڭلار، دەپ يېلىندى. بىراق، «دارىن»لار ئۇلارنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆز ئىشلىرىنى بەھۇزۇر بېجىرىشتى. ئىش پۈتكەندىن كېيىن كوماندىر چېرىكلەرنىڭ بىر قىسمىنى قېچىپ كەتكەن بىر نەپەر گۇناھكارنى تۇتۇشقا قالدۇرۇپ، تۇتقۇنلارنى سۆرەپ دېگۇدەك ئېلىپ مېڭىشتى.

ئەمدى ئايالىلار ۋە قېرىلار ئىشەنگەن موللىلىرىغا يېپىلىشتى.

— گەپ قىلىشمىلىغۇ؟ ھە؟ نېمىشكە بىز ئۈچۈن بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشمايلا؟

— قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، بىز چەتتە ئىشىپ تۇرىۋالغان قانداق گەپ...

— شۇنى دەيمەن، تازىمۇ دەيۋز بىژنىپمىلەغۇ...

— موللا دىگەنغۇ شۇ...

— بەس، بەس! شەيتىنىڭلارغا هاي بىرىڭلا، مۇسۇلمانلا، مۆمىنلە!

— بىزگە يول كۆستىشسىلە، ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلىمىز؟

— مۆمىن مۇسۇلمانلا ئۇچۇن ئەۋزىلى قازاغا رىزا، بالاغا سەبىر قىلماقتۇر. سەبىر قىلىشسىلا. ئاللاھ سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. هۆكۇمەت هەم دارىلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسە، خۇدا خاهلىسا تىنچ ـ ئامان كۆرۈشىسىلەر. دارىلارنىڭ ئىنساۋنى تىلەيلى، ئامىن!

— ئامىن! — خالايىق ئاۋسىز هالدا ئەگەشتى.

# توققۇزىنچى باپ

كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بامىدى؟

ــ خەلق تەمسىلى

## 1

تۈن پەردىسى ئەتراپنى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك يېپىپ كەتكەن بولۇپ، ئورمان قاراڭغۇلۇقتا ھوھۇلداپ تۇراتتى. قاراڭغۇ ئورمانلىقتا تېخىمۇ بەھۇزۇر ھۆكۈمران بولۇپ، ھېچقانداق نەرسىنى ئىلغا قىلىپ بولمايتى. پەقەت ئاللىقانداق تاۋۇشلارغا قاراپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ھال مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ قېچىپ قۇتۇلۇشى ئۈچۈن بەك ئەپ كەلگەنىدى. ئۇ دەسلەپ يوغان بىر تۈپ توغراقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قويۇق شاخلار ئارىسىدا غولنى قۇچاغلاپ، دىمىنىمۇ چىقارماستىن تۇرۇۋالدى. چېرىكلەرنىڭ سانى ئازلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاچقۇننىڭ قولىدا مىلتىق بارلىقىنى بىلگەچكە يۈرىكى پوك - پوك، قاراڭغۇدا سىلاپ - سىپاپ، ئالدى تەرەپتىن شىلدىرلاش ئاڭلانسا قۇلىقىنى شىڭتايتىپ، قورقۇپ كېلىشەتتى. ئۇلاردا قاچقۇننى تۇتۇۋېلىپ خىزمەت كۆرسىتىش ئىستىكىگە قارىغاندا جان تەشۋىشى كۈچلۈكرەك بولغاچقا بەكمۇ زەڭ سېلىپ، زىغىرلاپ كەتتى دېيىشكە ئاساس يوقىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئالۋاڭغىلا ئىزدىگەن بولۇۋېلىش پوزىتسىيىسى بىلەن قاچقۇننى بايقاپ قېلىش ئېھتىمالىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇھاسىرە

چەمبىرىكى تارىيىپ، چوڭ تىوغراقتىن ئۆتىۈپ بولغانىدا مۆھەممەتتۇرسۇن جان ۋەسۋەسىدە چاقچاقلىشىپ كەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر مايمۇندەك چاقچاقلىق بىلەن توغراقتىن سىرىلىپ چۈشۈپ، سىلاپ ـ سىپىلاپ بىر تال چالما تاپتى ـ دە، ئۇنى ئورمان ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ جەنۇپ تەرەپكە قارىتىپ ئاتتى. بۇ تىۋش بىلەن ئۆزىچە دۈشمەننىڭ دىققىتىنى چالما چۈشكەن تەرەپكە چالغىتماقچى بولغان بولسا كېرەك، ئاندىن ئۆزى شىمال تەرەپ بىلەن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدى. شاخلارنىڭ شاراقلىشى دۈشمەننىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىقى ئۈچۈن دوڭغاقلاپ، شاخلار ئارىسىدىكى ئەگمە شەكىللىك «كارىدور»دىن شاپاشلىغىنىچە مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭغا قورقۇنۇچ شۇ دەرىجىدە ھۇجۇم قىلغانكى، ھەتتا ئورماندىن چىقىپ، ئوچۇق دالادىمۇ خېلى ئۇزاققىچە ئەنە شۇنداق دوڭغاقلاپ مېڭىشنى داۋام قىلدى. ئاللىقاچان ئورماندىن چىقىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا تازىمۇ خىجىل بولدى. خۇداغا شۈكرىكى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ھېچكىم كۆرۈپ تۇرمىغاچقا سەتچىلىككە قالمىدى.

ئەمدى قەيەرگە بېرىش كېرەك؟ ئوچۇق دالا بىلەن مېڭىۋېرىش خەتەرلىك. تاڭ ئاتقىچە بىرەر پاناھ جاي تاپمىسا، بولۇپمۇ ئىككى كۈندىن بېرى ھېچنېمە يېمىگەن قورساققا يېگۈدەك بىر نېمە تاپمىسا بولمايتتى. ھەم دالىدا بولۇدىغان، ھەم يەيدىغان نەرسە تېپىش تازىمۇ زىددىيەتلىك ئىدى. يەيدىغان نەرسە ئادەملەر بار جايدىن تېپىلىدۇ؛ يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن بولسا ئادەملەردىن نېرىراق بولۇش كېرەك! بۇ زىددىيەتنى مۇۋاپىق ھەل قىلىدىغان چارە تېپىش، ھەم ئاچلىقتىن يىقىلىپ قالماسلىق، ھەم تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۈيغۇن بىر نىشاننى بەلگىلىۋېلىش كېرەك ئىدى. قەيەرگە بېرىش كېرەك؟ بەشكېرەم تەرەپكە مېڭىش كېرەك! قىشىدىلا قۇمالتاغ بار، ئازراق بىر نېمە تېپىپ يەپلا تاغ ئارىسىغا كىرىۋالسا بولىدۇ... ئاندىن نېمە قىلىش، قەيەرگە بېرىش توغرۇلۇق ئويلاشمۇ ئارتۇقچە. ھازىر بىرىنچى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

چەكسىز كەتكەن تاقىر دالىنىڭ قىيپاش غەرپ(ياكى غەربىي شىمال) تەرىپىدە قارامتۇل كۆك ئاسمان سەتھىدە تۆۋەندىن يوقۇرىغا يېيىلىۋاتقان

داغدەك بىلىنگىنى قۇمالتاغ ئىدى. يولۇچى ماغدىرسىز بولۇشىغا قارىماي، جان قورقۇنچىسىدىن قۇۋۋەت تېپىپ ئالدىرىغىنىچە ئاشۇ نىشانغا قاراپ كەتتى.

ئۇ هاياتنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت تەبىئىي ئىستەك تۈرتكىسىدە ئاچ قورساق بولۇشىغا قارىماي شۇنچە ئۇزاق ماڭدى. ئۇ ئۆزىمۇ ئادەمدە شۇنچە كۆپ يوشۇرۇن كۈچنىڭ بولۇشىغا هەيران قالدى. بىراق، ئېغىر كەلگەن سەۋەپلىك هەمدە دىققەت قوزغىماسلىق ئۈچۈن مىلتىقنى ئورماندىن چىققاندىلا تاشلىۋەتكەنىدى.

تاڭدىن خەۋەر بېرىپ توخۇلار چىللاشقا باشلىغاندا ئۇ بەشكېرەمنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى قۇمباغقا تەۋە بىرىنچى ئائىلىنىڭ ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلدى. شۇنچە سەھەردە تىلەمچىلىك قىلىش خوجايىنغا قانداق تەسىر قىلار؟ ئۇ بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئىشەنچسىزلىك بىلەن دەرۋازىنى قاقتى... يەنە چىڭراق قاقتى... يەنىمۇ قاتتىقراق قاقتى...

— چىما؟ (كىمۇ؟) شۇنچە سەدە، ئىشت پوق يىمەستە چىمدۇ، بۇ؟

— دېگەن ئايال كىشىنىڭ غۇدىرىغان ئاۋازى، ئارقىدىن ئۇيي ئىچىگە قارىتىپ، تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان ئەر خوجايىنغا دېيىلگەن سۆزلەر ئاڭلاندى، — قاراپ باقسىلىچۇ، بىسسى داۋزىنى ئۇرىۋاتىدا.

خېلى ئۇزۇنغىچە تىم - تاسلىق هۆكۈم سۈردى. ئايال خوجايىن ئىشچان سەهرا ئاياللىرىنىڭ ئادىتىگە مۇۋاپىق سەهەر تۇرۇپ تىرىكچىلىك هەركىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. بىراق، بۈگۈنكى دەرۋازىنىڭ قېقىلىشى ئۇنىڭغا هالاقەت بەرگەندەك، ئۇمۇ ئېرىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— چىم بۇ؟! — ئەرنىڭ ئۇيقۇلۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇنىڭغىچە بولغان ئۇزۇن سۈكۈت ئارىلىقىدا مۇهەممەتتۇرسۇن قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. هەر خىل ئەخمىقانە خىياللارنىمۇ قىلدى. ئاخىرى ئۆي ئىگىلىرى سورىشى ئېهتىمال بولغان سوئاللارغا جاۋابەن بىر هېكايە توقۇپ تەييارلاشقىمۇ ئۈلگۈردى.

— مەن، مۇساپىر يولۇچى.

— ھە، نېمە بولىلا؟ — دەپ سورىدى ئۆي ئىگىسى دەرۋازىنى ئېچىپ ئاۋال ئەھۋال سوراپ. گەرچە ئانچە خاھلاپ كەتمىسىمۇ ئۇيغۇر ئادىتىگە مۇۋاپىق، — قېنى ئۆيگە چىقسىلا، — دېدى.

— خوش، بولدى، مەن ئالدىرايمەن، ئاكا، — دېدى ئۇ نەپسىنى راسلىۋېلىپ، توقۇغان ھېكايىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى، — بېشىمىزغا بىر كۈن چۈشۈپ قالدى، ئاكا. دادام ئىككىمىز كاتتا يايلاقتىن كېلىۋاتىتۇق، ئېشەكلىرىمىز ساسلىققا پېتىپ قېلىپ، ناھايىتى پاراكەندە بولدۇق. يۈكنى چۈشۈرۈپ ئېشەكنى تارتقىچە بىر كۈن كەتتى، ئېشەكنىڭ بىسى ئۆلدى،... مانا شۇندا بىسەرەمجانلىق، دېسىلە. يەيدىغان نەرسىمىز تۈگەپ كەتتى، جاڭگالدا يولدىن ئېزىپ چەتنەپ كېتىپتىكەنمىزمۇ، ئىشقىلىپ يولدىنمۇ يولۇچى ئۆتەي دېمىدى. دادام ئېشەكتىكى يۈكنى ساقلاپ قالدى، ئۆزىمۇ ماغدۇرسىز، مەنمۇ تۈنۈگۈننىڭياقى ئاغزىمغا بىر نەسە سالمىدىم. بولسا ئازراق يەيدىغان بىر نەسە بەسىلە، كۈن قىزىپ كەتمەستە دادامنىڭ يېنىغا بېرىۋالسام... بەندىچىلىكتە بېشىغا كۈن چۈشمەيدىغا ئادەم يوق...

— ھە،... ماقۇل، ماقۇل. ئاۋال ئۆزلىرى بىر قوشۇق قىزىق ئوتلىۋالمامىلا؟...

— رەخمەت، ئاكا، دادام ئۇ يەدە ياتسا، قانداقمۇ خاتىرجەم ئوتتۇرالايمەن...

— راس، راس. ماقۇل ئەمىسە، ھەي، ئانىسى، ماڭا قاراڭلا! — ئۇ يەنە يولۇچىغا بۇرۇلۇپ سورىدى، — سۇچۇ؟ سۇيىڭلا بامتى؟

— ياق، سۇمۇ تۈگەپ كەتكەن، ما بەغەرەزلىكىمنى قارىمامىلا، سۇ ئالىدىغان قاپاقنى ئېلىۋامماپتىمەن! مانا ئەمدە يادىمغا يەتسە بولامدىغان! ۋاي، توۋا!...

— مەيلى، مەن قاراپ باقاي، كىچىكرەك بىر قاپاق باردەكتى، ئازراق پۇچۇلۇپ كەتكەن، ھەرھالدا يوقتىن ياخشى...

مۇھەممەتتۇرسۇن ئىچىدە كۈلدى. ھەرھالدا خۇدا ئۇنىڭغا باش پاناھ

بولدى. ئاخىر ئۇ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن خەقنىڭ كۆزىگە چېلىقماستا تاغ ئارىسىغا كىرىۋېلىش نىيىتىگە يېتىدىغان بولدى. ئۆي ئىگىسى بىر دانە توقاچ، تۆرت ـــ بەش زاغرا ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا بەردى. يەنە بىر يېقى پۈچۈلۈپ كەتكەن كىچىكرەك قاپاقتا سۇمۇ باردى.

ـــ بىزمۇ كەمبىغەل، بۇغداي نېنىمىز يوقكەن، ئاز بوسىمۇ،...

ـــ ياقەي، نېمە دېگەنلىرى بۇ. رەخمەت، خۇدا مىڭ ياشىقا كىرەلا، مەن ماڭاي...

ئۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەيلا دەپ قالغاچقا، ئۆي ئىگىسى بىلەن خوشلىشىپ ئارانلا ئۈلگۈردى ـ دە، قاپاقتىكى سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى، ئارقىدىن توقاچ ناننى ئاغزىغا تولدۇرۇپ تىقىپ، ھەتتا ئۆمەللىيەلمەي، قاقىلىپ كەتتى. ناننى يېگەچ كەلگۈن ئىزلىرىدىن ھاسىل بولغان ئېقىنلار بويىدىكى يۇلغۇنلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاندىن ئېقىن ئىچى بىلەن تاققا قاراپ ماڭدى. ئۇ چەكسىز بايلىققا ئىگە بولغاندەك خوشاللىق ئىلكىدە بەلبېغىغا تۈگۈلگەن زاغرىلارنى تۇتۇپ قوياتتى...

قۇمالتاغ ئاقۇش بوز توپىلىق تاغ بولۇپ قىيالار، ئۆڭكۈرلەر، قىسقىسى ئادەم يوشۇرۇنغىدەك بىر يېرىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. قورققانغا قوش كۆرۈنگەندەك قاچقۇنغا بۇ يەرنى ھەممە ئادەم بىلىپ قالىدىغاندەك، ھېلىلا تېپىۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى. جىلغا ئادەم ۋە ئۇلاق ماڭىدىغان ئاياق يولىغا ئوخشاپ تۇراتتى. بۇ يەردە بىرەر ئۆتكۈنچىگە ئۇچرىشىپ قالسا دالدا بولغۇدەك يەر يوقلىقى ئۇنى ئەنسىرىتىپ، دەرھال تاغ ئۈستىگە قاراپ ماڭدى. تاكى تاغ ئۈستىگە چىققۇچە تازىمۇ دۈمبەل ئۈستىدە مېڭىشقا توغرا كەلدى. بۇ تازىمۇ قاملاشمىغان تاغ ئىكەن، پەقەت تاغ ئۈستىدە سەل ئويمانراق بىر يەرنى تېپىپ ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇشقا پېتىندى. كۈن كۆزنى چېقىپ پارلاپ چىقىپ كەلدى. ھاۋا داغىسىز، راسا ئىسسىق بولۇشى كۆتۈلەتتى. دالدا تۈگۈل سايە بولغىدەك بىر يەرمۇ يوق. ئۇ بىر قاپاق سۇنى تاققا چىققۇچىلا ئىچىپ تۈگەتكەچكە، بۇ قاقاس تاغدا ياز قوياشىنىڭ كۆچلۈك

نۇرلىرى ئاستىدا بىر كۈن ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇش قىسمىتىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. ئەمدى ئاچلىق تۈگەپ ئۇسسۇزلۇق جاننى قىينىشى بەلگىلىك ئىدى. كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپلا قۇرغاق ئىسسىق باشلاندى. ئۇ ھېلىتىنلا ئۇسساشقا باشلىغانىدى. قۇرۇق نان يېگەنلىكى، تاقىقا تېززەك چىقىۋېلىشقا ئالدىراپ، نۇرغۇن تەر چىقىرىۋەتكىنى ئۈچۈن، ئۇسسۇلۇق ئۇنى مەزگىلسىزلا قىيناشقا باشلىدى. ھاياتنىڭ بۇ ئېھتىياجى ئۇنى تاغدىن چۈشۈپ كەتكە كىرىشكە ئۈندىسە، ھايات قېلىشنىڭ يەنە بىر زۆرۈرىيىتى ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئۇ ئۆملەپ دېگۈدەك چارلاپ يېڭى - يېڭى يوشۇرۇنۇش جايلىرىنى تاپاتتى. بىراق، بىردەمدىن كېيىنلا بۇ يەرمۇ بەك ئاسان بىلىنىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، يەنە يۆتكىلەتتى. ھەربىر ئالقاندەك سايە جاينى تاپقاندا بارماقلىرى بىلەن ياكى بىرەر ئۈچلۇق تاش بىلەن يەرنى كولاپ نەم يەرنى چىقىرىپ، شۇيەرگە تېنىنى يېقىش ئارقىلىق تەشنالىقىنى ئازراق بېسىشقا ئۇرىناتتى. ئەمما، بۇ تاغ خۇمدانىنىڭ كۆيۈك توپىسىدەك بولغاچىمكىن، كولىسا - كولىسا نەم يەر كۆرۈنمەيتى،... ئۇسسۇلۇق ئاچلىقتىنمۇ غالىپ بولغاچقا ئۇ ئەتىگەنكى پىتى نان يېيەلمىدى. ئۇسسۇلۇق ئۇنى پەسكە چۈشۈشكە ئۈندەيتى. شەرق تەرەپتىكى ئۇپۇقتا تۇتۇشۇپ كەتكەن چۆلدە بەزەن چەكسىز چوڭ كۆل كۆرۈنگەندەك بولاتتى. شىمال تەرەپتىكى قۇمسېغى كەنتىنىڭ ئېتىزلىرىدا پارقىراپ سۇ كۆرىنەتتى. يىراقتىكى سۇ ئادەمنى تېخىمۇ ئۇسساتاتتى. نەم يەرگە كۆكرەك يېقىش ئاچ ئادەم ئۈچۈن زىيانلىق، تېخىمۇ ماغدىرسىزلاندۇرىدىغان قىلىق بولسىمۇ، جاننى ئالغىدەك تەشنالىقتا ئاز - پاز ئارام بولغاندەك قىلاتتى. كاشكى بۇ «نەم يەر» تۇزۇكرەك نەم بولسا ۋە سۆرۈن بولسا! مۇشۇ يوسۇن كۈننى كەچ قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمۈرنى زىنداندا ئۆتكۈزۈشتەك قىيىن تۇيۇلاتتى. خىيال بىلەن ۋاقىت تۈيغۇنلۇقنى ئۇنۇتماقچى بولۇۋىدى، خىيالمۇ مەزىسىز، ھەرقانچە قىلسىمۇ بىر ئىزغا، رېتىمغا چۈشمەي چۇۋۇلۇپلا تۇرىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمىشىلا ئىلگىرىكى ئىچكەن بۇلاق

سۇلىرى، كەچكەن دەريالىرى دېگەندەك سۇنى چۆرىدىگەن مەزمۇنلارغا سۆرەپ تۇرىدىغان تۇتۇرۇقسىز خىيال بولۇپ چىقاتتى. كېيىنكى ھاياتىنى قەيەردە، قانداق ئۆتكۈزۈش، قوغلاپ تۇتۇش خاپىلىقىدىن قانداق قۇتۇلۇش توغرىسىدا كونكرېتراق پىلان قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، تازا ئەپلەشمىدى. نېمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئاۋال تويۇپ بىر سۇ ئىچىۋالسا، ئاندىن نېمىش بولسىمۇ كۆرسە! كۆكتامىدىكى ئايجامالنى ئەسلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۇزۇندىن بېرى ئۆزىنى قىيناپ كەلگەن جىنسىي ئىستەكلىرىنى قايتا ئويغۇتۇپ، شۇ مەزمۇندىكى شېرىن ئويلار قۇچىقىدا بىردەم ئۇخلىماقچى بولدى. ئورماندىكى يوشۇرۇنۇپ يېتىشتا گۈزەتچىلىككە ھېچكىمنى ئۇنتالماي، بىخۇدلۇق قىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئىككى كېچە ئۆزىلا گۈزەتچىلىك قىلغان، ئۇيقۇسىراشتىن كۆزلىرى ئېچىشىپ كېتىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئاياللار ھەققىدىكى خىيالمۇ دىققىتىنى چالغىتالمىدى. جان تەشۋىشى ھەممىنى بېسىپ كەتكەنىدى. ئەگەر شۇ تاپ دۈشمەنلەر ئىزچى ئىتلار بىلەن قوغلاپ كېلىپ قالسا ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئانچە تەس ئىش ئەمەسىدى. بۇ خىيال سۇ ئىچىش ئۈچۈن تاغدىن چۈشۈشكە ئۈندەۋاتقان ۋەسۋەسىلەرنى قوغلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا بىر دەم ئارام بەردى. كۈنمۇ غەرپكە ساڭگىلاپ، ھاۋامۇ كۆرۈنەرلىك سالقىنداپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە: «ئاز قالدى، ئازراقلا چىدىسام قاراڭغۇ چۈشىدۇ، ئاندىن پەسكە چۈشەلەيمەن...» دەپ تەسەللى بېرەتتى. قوياشنىڭ غەرپتىكى تاغ چوققىلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنى «غېرىچلاپ»، بۇ ئارىلىقنىڭ تۈگۈشىگە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيتى... «شۇ تاپ شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتسە، چوڭ بىر كۆلچەك ئېچىپ يامغۇر سۈيىنى قاچىلىۋالسام، خالىغانچە ئىچسەم، نان تۈگىگىچە ياتسام، تاش بىلەن ئۇرۇپ توشقاندىن بىرنى ئوۋلىۋالسام، سۇ بولغاندىكىن، يەيدىغاننىمۇ ئوۋ قىلىپ تېپىپ، بەش يىل مۇشۇ تاغدىلا تۇرسام، قەشقەرنىڭ پۇرىقىنى سېزىپ تۇرغاندىكىن غېرىپچىلىق، مۇساپىرچىلىق ھېس قىلمايتىم، بەش يىل دېگەندە نېمە كارامەتلەر

بولمايدۇ، يا دوتەي ئۆلۈدۇ، يا بولمىسا زامان يېڭىلىنىدۇ، ئاندىن غىپپىدىلا شەگە كىرىۋالسام... ئۇ چاغدا مەن ئاشخانىلارغا سۇ توشۇپ بېرىدىغان ئىشنى قىلسام ھەممىدىن ياخشىسى شۇ بولامىكى، ئۇسسىسام ئىچىپ، تازا...»

قېرىشقاندەك ئاسمان يۈزى توق كۆك رەڭدە داغسىز، يېڭى تاۋاردەك جۇلالىق ئىدىكى، ھازىر ئەمەس، كەلگۈسىدىمۇ يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلمايتى. شۇنچە سۈزۈك ئاسمانغا — مۇشۇ زەڭگەررەڭ چەكسىزلىككە يامغۇر بۇلۇتلىرى قەيەردىنمۇ كەلسۇن؟

خەيرىيەت، كۈنمۇ ئولتۇردى. ئەمما ئۇپۇق نۇرلىرى — يوقۇرى ئاتموسفىرا قەۋىتىدە سۇنۇپ قايتقان نۇرلار يەنىلا جاھاننى يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ھال مۇھەممەتتۇرسۇنغا بەكمۇ ئەلەم قىلدى. ئۇ ئىلگىرى كۈن ئولتۇرغان ھامانلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ، دەپ ئويلاپمىدىكىن، كۈن بىلەن تۈن ئارىلىقىدا يەنە مەلۇم ئۆتكۈنچى مۇساپە بارلىقىغا دىققەت قىلمىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئىنچىكە ھېسابىدا دەل سۇغا ئېغىز تەككۈزىدىغان ۋاقت دەپ ھېساپلانغان بۇ مەزگىل — ئويلاپ كۆرمىگەن، «ھېساپقا كىرگۈزۈلمىگەن» بۇ ۋاقت ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئېغىر كەلدى. ئاغزىدىكى ئاخىرقى شىلىمشىق سۇيۇقلۇقمۇ قۇرۇپ بولاي دېدى. گېلى بولسا چوپسا سۈرۈپ قوتۇر قىلىۋەتكەندەك تۇيۇلاتتى...

ئۇ قاچانلاردۇر زورۇقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ مۈدۈرۈپ - چوقۇرۇپ شىمالىي ئېتەككە چۈشۈشكە باشلىدى. كۆزىنى ئاچقۇدەك ئەھۋالى بولمىغاچقا خۇمالاشقان كۆزلىرى ئالدى تەرەپنى خىرە شىرە ئىلغا قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھە دېمەي يىقىلىپ، ئۆمىلەپ قوپۇپ كېلەتتى. ھاسىراش ئۈچۈن ئاغزىمۇ ئېچىلماي قالغان، پەقەت بىر تۇيغۇ ئۇنى ئالغا مېڭىشقا، ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىشكىلا ئۈندەيتى...

ئۇ بىر ئېرىقنىڭ ئويمان جايىدا توختاپ قالغان سۇنى غىل - پال پارقىرىشىدىن قىياسەن تېپىپ، ئۇنىڭ بويىغا ئاران ئۇلاشتى. سۇنىڭ پاكىز ياكى پاسكىنىلىقى بىلەن ھېساپلىشىپ ئولتۇرمىدى. تەمىنىمۇ ھېس قىلمىدى. پەقەت سۇغا قانغاندىن كېيىنلا بۇ سۇنىڭ قارىداپ

كەتكەن، ھەلەپكە سامان چىلىغان سۇ ئىكەنلىكىنى بىلدى. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سۇنى ئاخىرى ئىچتى! سەل ـ پەل ماغدىرىغا كەلگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، پاكىزرەك سۇ تېپىپ، ناننى تۇگۇرۇپ يىۋېلىش ئۈچۈن ماڭدى. ئەمدىلا قاراڭغۇ چۈشكەچكە ئەل ئايىغى جىمىقمىغان، ھېلى باللار ۋە ياشلار كوچىلاردا ئويناپ يۈرىشەتتى. شۇڭا ئۇ بۇ يەردە كۆپ تۇرماي كېتىش قارارىغا كەلدى. بايا تاغ ئۈستىدىكى چاغدا كۆرگەن يار تەرەپكە تېز ـ تېز يۈرۈپ كەتتى. يار تۈۋىدە سۈزۈك سۇ ئاقاتتى، سۇ بويىدا ناننى يېگەچ كېيىنكى ئىشلارنىڭ پىلانىنى قىلىش مۇمكىن ئىدى.

ئۇ ئاچيارداⓘ سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ نان يېگەچ بۇندىن كېيىن نېمە قىلىش، نەگە بېرىش توغرۇلۇق ئويلاندى. قانچە ئويلىسىمۇ روھىنى ۋەھىمىدىن قۇتقۇزالمىدى. نەدە بولسىمۇ ھۆكۈمەت ئۇنى تاپماي قويمايتتى. ئەڭ ياخشىسى يەنە ئەنجان تەرەپكە كېتىش كېرەك! ئەمدى ئۇ تۆركۆل يېزىسىنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، يەنە بىر قېتىم يالغان ھىكايە بىلەن بىر نەچچە نان ھەل قىلىۋالدى ـ دە، سۇنتاغ يېزىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ غەربى شىمال تەرەپتە ـــ كۆك ئاسمان سەتھىدە قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان ئىككى چوققا ئارىسىدىكى بوغۇزنى كۆزلەپ كېتىۋاتاتتى. يۈتى ئۆزىنىڭ ۋەزىيىسىنى ئورۇنداۋاتقان ئارىلىقتا كاللىسى ھەرخىل بىمەنە خىياللار بىلەن بەنت ئىدى.

قەيەرگە مېڭىش مەسىلىسى تېخى ھەقىقىي قارار قىلىنمىغانىدى. گەرچە يەنە ئەنجان تەرەپكە كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ قارار مۇستەھكەملىك يوقتەك قىلاتتى. مەيلى ۋاقتلىق پانالىنىش ئۈچۈن بولسۇن ياكى ئەنجانغا كېتىش بولسۇن بىر مەنزىل مۇقىم ئىدى. ئۇ بولسىمۇ كۆكتامغا ـــ ئايجامالنىڭ قېشىغا بېرىش ئىدى. ھازىرچە ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئەڭ ئېنىق نىشان مانا شۇ بولدى. ئۇنىڭ نېرىسىنى ئويلىغۇسىمۇ كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئايجامال ھەققىدىكى خىيالىنى كونكرېتلاشتۇرغىلى، ئاجايىپ ـ غارايىپ رومانتىك

---

ⓘ ئاتۇشنىڭ جەنۇبى، قۇمالتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بىر ئېقىن، ـــ ئا.

كارتىنىلارنى سىزغىلى تۇردى. ئايجامال ئۇنى سېغىنىچ ئىلكىدە قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالدۇ. سېغىنغانلىقىنى ئېيتتىدۇ. يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشۋېتىپ ياش تۆكىدۇ. ئۇ بولسا جۇۋانى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ پەپىلەيدۇ، تەسەللى بېرىدۇ. ئاندىن تاتلىق چاقچاقلار باشلىنىدۇ...

ئۇ ئەنە شۇ شېرىن دەملەردىن كېيىن نېمە قىلماقچى؟ شۇ يەردە ئەبەدى تۇرۇۋەرگىلى، ئۆمۈرنى چاشقاندەك ئوغۇرلۇقچە مۆكۈپ ئۆتكۈزگىلى بولمايدىغۇ؟ راست! ئەمدى ئۇ مۇشۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى ئەقىلگە كەلتۈرۈپ مەيۈسلىنىپ قالدى. بەرىبىر جانغا ئەسقاتمايدىغان بۇ پىلاندىن ۋاز كەچمەكچىمۇ بولدى. لېكىن، ھەم شەھەردىن نېرى، ھەم تاغ ئارىسى، خالى، ھەم ئۇنىڭغا بىر كۈن بولسىمۇ پاناھ بولۇدىغان بىردىن بىر جاي شۇ ئىدى. ئۇندىن باشقا نەگە باراتتى؟ «مەيلى ئەمەسمۇ، ئاۋال ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزمەيمۇ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەمدىم. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ تاغ ـ يايلاقلاردا بىرە تۇققىنى بولسا، شۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ، پاناھلىق جاي تېپىپ بېرەمدۇ، تېخى! بولمىسا ئۇنىڭ ئۆيىگىلا ياللانغان بولۇۋېلىپ، جاھان تىنچىغىچە يۈرمەمدىم...» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆز ئۆزىنى بەزلىدى. بىراق، شە كۆرگەن بىر ئادەم بىر نەچچە تۈتۈنلۈك كىچىككىنە مەھەللىگە، يەنە كېلىپ تاغلار ئارىسىدىكى كىچىككىنە مەھەللىگە كۆنۈكەرمۇ؟ كۆنۈشىنىغۇ كۆنەر، ئەمما، شەدىن چىققان بىر ئادەم مۇشۇنداق بىر يەردە ياللىنىپ ئىشلەيدۇ، دېسە تازا ئەپلەشمەمدۇ، قانداق؟ ئۇنىڭ چاپسانلا رايى قايتتى. بۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلارنى بۇ تەرىقە تەپسىلى ئويلىغىلى تۇرسا، باش چۆگىلەپ، ھېچ ئىش، ھېچ يول ئاقمايدۇ! تەۋەككۈلسىگىلا مېڭىش كېرەك! ئۇندىن كۆرە باشقا خىياللار بىلەن بەند بولسا سەل ئارام بولماسمىكىن؟ سەبداشلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئويلاپ، ھەرخىل مۇدھىش تەسەۋۋۇرلارنى قىلدى. «ئەخەت قارى ئېتىلغان بولسا كۆرۈڭ!... مەن چەتكە چىقىپ، تازا باي بولۇپ كەلسەم، ئەخەت قارىنىڭ خوتۇنىنى ئۆيگە ئەكىلىۋالسام...». بۇنداق خىيال تولىمۇ ياۋۇزلۇق بولۇپ، دوستلارغا راۋا بولمايتتى. بىراق، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇنداق تاپتىن چىققان

خىيالدىن ئۆزىنى قۇتقۇزالمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ كۆپرەك باي بولۇپ قايتىش، دۈشمەنلىرىگە كۆز- كۆز قىلىشنى تولا ئويلايتى، ئىنقىلاپنى قايتا تەشكىللەش، غەلىبە قىلمىغۇچە توختىماسلىق ھەققىدىكى خىياللار كاللىسىغا كەچمەيتى. ئەمدىلىكتە نامەھرەم خىياللىرىدىن خىجىل بولۇپ، ئارقا- ئارقىدىن توۋا قىلىپ ياقىسىنى تۇتۇپ، مۇشۇ خىلدىكى گۇناھلىق ئويلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ئىنقىلاپ ھەققىدە ئويلىدى. داموللا يادىغا يېتۋىدى، مەرھۇم ئۇستازىنىڭ روھى ئالدىدا چەكسىز خىجىل بولدى. ھەمدە قەتئىي قارارغا كەلگەندەك مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، دۈشمەندىن قىساس ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بىراق، قانداق قىساس ئېلىش، قىساس ئېلىشنىڭ قەدەم باسقۇچى، ئۇسۇلى ھەققىدە كونكرېت ھېچنېمە كاللىسىغا كەلمىدى. مەيلى، ۋاقتى كەلگەندە خۇدا ئۆزى بىر يولغا سالىدۇ، دەپ ئۆز ئۆزىنى بەزلىدى ئاخىرى.

قىران دەرياسىنىڭ بوغۇزىغا كىرىشى بىلەنلا بوغۇزنىڭ ساپ ھاۋاسى مەيىن سالقىن بىلەن يۈزىگە ئۇرۇلدى. بۇ راھەتبەخش ھاۋا ئۇنىڭدا ئۈمىد ۋە ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقنى ئويغاتتى. ئۇنىڭدىكى ياشاشنى خاھلاش ئىستىكى بارلىق ئۇلۇغۋار غايىلەرنى ئۇنتۇشقا دەۋەت قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭسىز ياشاش ئىستىكىنى قاندۇرغىلى بولمايتى. پەقەت ياۋاش بولغاندىلا، باشقىلار قانداق بولسا شۇنداق بولۇپ، كىچىككىنە «چاشقان ئۇۋىسى»غا تىرىشىپ - تىرمىشىپ روزغار توپلاش بىلەنلا مەشغۇل بولسا ياشاپ قالالايتى. دىۋانىچىلىك قىلسىمۇ، سەرگەردان بولسىمۇ، ئوغرى ياكى ئالدامچى بولسىمۇ ياشاپ قالالايتى. پەقەت «دارىن»لارنىڭ چىشىغا تەگمىسىلا بولغىنى! ياشاش قىزغىنلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى بارلىقنى گۈزەل، رەڭدار ۋە قىزغىنلىق بىلەن قۇچىقىغا جەلپ قىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرسەتتى. ئۇ خۇددى ھاياتقا ئەمدىلا كۆز ئاچقان سەبى بالىدەك ھەممە نەرسىگە تويماي قاراپ كەتتى. ئىلگىرىكى كەچمىش دەپتىرىنى ۋاراقلاپ كۆرگىنىدە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە، ھەتتا ئەسكە ئېلىشتىن خىجىل بولارلىق بەتلەرمۇ ھاياتنىڭ يەنە بىر خىل

ئۆزگىچە گۈزەللىكىدەك تۇيۇلۇپ، ئەنە شۇنداق بىمەنىلىكلەرنىمۇ زوقلىنىپ ئەسلەپ كەتتى.

... تۇيۇقسىز باي بولۇپ كېتىش، گۆھەر ياكى ئەنگۈشتەر تېپىۋېلىش،... چۆچەكلەردە كۆپ سۆزلىنەتتى. ئەمما ھازىرقى زاماندا ئۇنداق ئىشلار ئۇچرىمامدۇ، تەلەي شۇنچىلىكمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە ئۇقۇشمايتتى. ئۇ چۆچەكلەردىن ياكى باشقىلارنىڭ لاپ ئارىلاشقان ھېكايىلىرىدىن باي مومايلار، تۇل جۇۋانلار ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغان، ھەتتا ھايات بايلارنىڭ بىرمۇنچىسىنىمۇ خوتۇنىنىڭ دۆلىتىدە بېيىغان دېيىشەتتى. بىراق، بۇنداق بېيىش پۇرسىتى ئۇنىڭغا نىسىپ بولۇدۇغاندەك قىلمايتى. ئۇنىڭ شەرەپ تۇيغۇسى نورمال ھالەتتىن سەل چىقىپ كەتكەن ھالدا بولغىنىدىنمىكىن، مىليونلىغان ئاددىي ئىنسانلار قاتارىدىكى بىرسى بولۇپ دۇنيادىن كېتىشنى ئويلىسا تېنى شۈركۈنۈپ كېتەتتى. بۇنى قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەسىدى! ئىلگىرى ئۇ چەتئەلدە بىرەر باي جۇۋان ياكى ھەتتا باي موماي بولسىمۇ بىرەرسىگە ئۇچرۇشۇشنى، كېيىن ئۇ باي خوتۇنىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن مىراسخور بولۇپ بېيىپ كېتىشنى، ئاندىن خاھلىسا ئون بەش ياشلىق قىزدىن تۆرتنى ئالسىمۇ بولۇۋېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ساراڭ بولايلا دېگەنىدى... خورلۇق، يوقسۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەن ھايات ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق خاراكتېر، ئەنە شۇنداق خام خىياللارنى ئاتا قىلغانىدى. ئۇ بىر باي تۇل خوتۇن ھەققىدە ئاڭلاپمۇ قالغانىدى. بىراق، جۈرئەتسىزلىك، تەۋەككۈلچىلىك روھىنىڭ بولماسلىقىدەك يەنە بىر پاسسىپ خاراكتېرىنىڭ توسقۇنلىقى تۇپەيلى ئۇ ئايالغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، كىملەردىندۇر خىجىل بولغاندەك، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەنىدى. بەلكىم كىچىكلىكى، يۈزى ئېچىلمىغانلىقى، ھاياتنىڭ ھەقىقىي ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولغاندۇر... كېيىن ياخشى ئوقۇپ ھۆرمەتكە سازاۋەر داموللا بولۇش خىيالى پەيدا بولۇپ، ھەممىنى بېسىپ كەتتى،... كېيىن ئۇ ئىنقىلاپ قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئاتاغلىق بولۇش خىيالىغا كېلىپ قالغانىدى. ھە، دېگەندە بۇنىڭدىمۇ زىيان تارتتى...

ئۇنىڭدا مەلۇم مۇددىئا ياكى مەخسەتكە قارىتا تەۋرەنمەس ئەقىدە، قەتئىي ئىرادە بولمىغاچقا ھەرقانداق ئىشتىن چاپسانلا كۆڭلى سوۋۇيتى. مانا ئەمدى ئۇ يەنە بىر قېتىم مۇشۇ يولدىن كېتىۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ قېتىم شۇرالارغا بارسا ھېلىقىدەك باي خوتۇندىن بىرسى ئۇچراپ قالارمىكىن. بەختكە يارىشا ئۇ خوتۇن كېسەل بولسا، كۆپ ئۆتمەيلا ئۆلسە...

پەيزىۋاتتىكى كۈنلەرمۇ خېلى ياخشى ئۆتكەنىكەن. گەرچە «تۈزنى تېتىپ بېقىش»قا نىسىپ بولمىغان بولسىمۇ، ئەخەت قارىنىڭ ئايالىغا قاراپ قويۇشمۇ شۇنداق تاتلىق ئىش ئىدى - دە. بىچارە تۇل قالارمىكىن؟ ئەگەر مەن چەتئەلدە باي بولۇپ كەلسەم ئۇنىڭغا ئۆزۈم ئىگىدارچىلىق قىلىمەن... ئۇنى ئالسام،... ياق، ئالسام بولمايدىكەن، ئۆيلەنمەي تۇرۇپ جۇۋان ئالسا ئۇ دۇنيادا توخۇ باقارمىش. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بويىدا بار، مەن كەلگىچە تۇغىدۇ، چوڭمۇ بولىدۇ. باي تۇرۇپ بالىسى بار ئايالنى ئالسام خەق نېمە دەيدۇ؟... ئۇنى مەن ئۆي خىزمىتىگە ياللىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق خەۋەر ئالساممۇ بولۇدۇغۇ!؟

ئۇ ھازىرقى سەپەر مەنزىلى بولغان كۆكتامدىكى ئايجامالنى ئويلىماي دېسىمۇ بولمىدى. ئۇنىڭچە قىممەتلىك نەرسىنى ھامان ئاياش، كېيىنگە قالدۇرۇش كېرەكىدى. ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇچۇن ئېيتقاندا ئايجامال ھەقىقىدىكى خاتىرە ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يارقىن ئىدى. بىچارىگە ئۇنىڭچىلىك ياش ھەم تەققى تۇرقى جايىدا كەلگەن ئايال نىسىپ بولماي شۇ كۈنگە كەلدى، بۇندىن كېيىنمۇ قانداق بولاركىن. ئەمدى ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا ئايجامال پەيدا بولدى. قايتا ئۇچراشقاندىن كېيىنكى ئېھتىراسلار، تويماي بېقىشلار كۆز ئالدىدىن بىر بىرلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ شۇ دەمدىكى خىيالىدا ئەبەدىي ئاياللارغا تويمايدىغاندەك ئاچكۆزلۈك يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. بولمىسا ئايجامالنى ئېلىپ قاچسىمۇ بولۇدۇ. نەگە؟ بارار يەرنىڭ، تۇرمۇش كاپالىتىنىڭ تايىنى يوق! توغرا، ئۇنىڭ ئېرى ھەم قېرى، ھەم كېسەل ئىدى، بىر بولسا بۇ كەمگىچە ئۆلگەندۇر، بولمىسا كۈتۈپ تۇرسىمۇ بولۇدۇ، ئۇنىڭ ئۆلەر ۋاقتى يېقىن. شۇندىن كېيىن ئايجامالنى ئېلىپ، شۇ يەردە ماكانلاشسىمۇ بولۇدۇ. دۇرۇس...

ئاغۇ يېزىسىدىن يىراقلىشىپ، قارا تاغقا يېقىنلاشقاندا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئالدىراش كېرەكىدى. كىشىلەرنىڭ ھەركىتى باشلانغىچە تاغ ئارىسىغا كىرىپ بىر دالدىنى تاپمىسا بولمايدۇ. بەلكىم ئاتلىق چېرىكلەر ئۇنى ئىزدەپ يۈرىدىغاندۇر! ئاللىقاچان بۇ يەرلەرگە چاپار ئەۋەتىپ ئۇختۇرۇش تارقاتماي ئولتۇراتتىمۇ؟ ئۇ قانچە كۈندىن بېرى مۆكۈنۈپ، كېچىسى مېڭىپ، ھەر مەنزىلدە بىر كۈن كېچىنى كۈتۈپ يۈرگىنى بىلەن ھۆكۈمەت ئادەملىرى شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا تۆرت ئايماققا خەۋەر تارقىتىپ ئۈلگۈرىدۇ - دە! بۇ ۋەھىمە ئۇنىڭغا غەيرەت ئاتا قىلدى. قاتتىق چارچىغان بولىشىغا قارىماي جىلغا ئېغىزىغا بېرىۋالغىچە قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ ماڭدى. سوكۇلداپ ماڭدى دېيىشكىمۇ بولاتتى.

جىلغا ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئاۋال ئەتتىگەنلىك ئورنىدىن تۇرۇشتىن كېيىنكى يۈز يۇيۇشقا ھىساپ قىلىپ يۈز - كۆزىنى يۇدى. مۇزدەك سۇدىن قېنىپ ئىچىۋالدى. ئاندىن قىيا تاشلىق تاغ ئارىسىدىن ۋولقان كۆپۈكچىلىرىنىڭ يېرىلىشىدىن ھاسىل بولغان پىشايۋانسىمان دالدىنى تېپىپ، بىر زاغرىنى سوغۇق سۇ بىلەن يېۋالدى - دە، تېلىپ بولالماي قالغان پۇتلىرىغا دەم بېرىش ئۈچۈن سوزۇلۇپ ياتتى. خۇداغا شۈكرى، بۇ يەردە نان تۈگەپ كەتمىسىلا يىللاپ ياشىسىمۇ بولىدۇ، پەستىلا سۇ بار، يوشۇرۇنۇشقىمۇ، قېچىشقىمۇ ئەپلىك... ئۇ بەك ھېرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانچە كۈنلەردىن بېرى خاتىرجەملىك بولمىغاچقا قېنىپ ئۇخلىيالمىغىنى ئۈچۈن ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ چەكسىز لەززەت ئىلكىدە غىدىقلىنىشتىن ئويغۇنۇپ كەتتى. كۈن ئاللىقاچان غەرپ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاغ سۈيىنىڭ قىياغا سوقۇلۇپ قاينام ھاسىل قىلىشىدىن پەيدا بولغان چوڭقۇر كۆلچەككە سۇغا چۈشۈپ، ئۆزىنى پاكلىدى. ئاندىن نامازشامنى ئوقۇدى، ئارقىدىن كۈندۈزكى قازا نامازلىرىنى قەسىر قىلىپ ئوقۇپ، قايىقىغا سۇ ئېلىپ نېرىغىراق كېتىپ بىر دالدىدا يېۋالدى. سۇ بەك سوغۇق، پىژغىرىم ئاپتاپ بولۇدۇغان

چۈش ۋاقتىدىمۇ جاننى قاخشىتىۋېتىدىغان بولغاچقا، كەچقۇرۇن بۇ سۇغا چۈشۈپ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس ئىدى. يەنە كېلىپ كەچقۇرۇن غۇر - غۇر تاغ سالقىنى ئۇرۇپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ چىشلىرىنىڭ كاسىلدىشى تاكى بىر زاغرىنى يەپ بولغىچىمۇ بېسىقمىدى. ئەمدى پەقەت يولغا چىقسا، ئازراق ھەرىكەتلەنگەندىن كېيىنلا ئىسسىپ قېلىشتىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولاتتى. ئەسلى يولغا چىقىشقا تېگىشلىك ۋاقىت بولمىغان، سەل بالدۇرەك قىلاتتى. مۇشۇ مەھەلدىمۇ بىرەر ئازغان - تازغان يولۇچى، تۈزچى ياكى مالچى ئۇچراپ قالمايدۇ دېگىلى بولمايتى. شۇڭا ئۇ يولدىن نېرىدىراق ماڭدى. ئەمما بۇ يەردىن مېڭىش بەك مۈشكۈل ئىدى. ھە دېگەندىلا پۇتلىشىپ، مۈدۈرۈپ چاپسانلا ماجالىنى قۇرۇتتى. تەرلەپ كېيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتتى. بىراق، سەۋرىسى يەتمەي، مىللى روھتىكى ئورۇنسىز قەھرىمانلىقى تۇتتى - دە، «بەرىبىر بىر ئۆلۈم، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي!» دەپلا يولغا چىقىپ مېڭىشىنى داۋام قىلدى...

جىلغىغا ئىچكىرىلەپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن «تۆگە تاغ» كۆرۈندى. تاغنىڭ ئۆزگە خاس غاۋۇر - غۇۋۇرى، جاننى راھەتلەندۈرىدىغان سالقىنى ئۇنى تېتىكلەشتۈرىۋەتتى. ئۇنىڭدا يەنە ھايات قىزغىنلىقى تۇغۇلدى. تاغ چوققىلىرى ئاسمانغا تىرىلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. ئاسمان قارامتۇل كۆك رەڭدە، تاغ بولسا قارا رەڭدە بولۇپ، بىر بىرىدىن ئاران ئاجرىلىپ تۇراتتى. چوققىدىن پەسكە قاراپ چۈشكەنسېرى قاراڭغۇلۇق قويۇقلىشىپ، ھەر تاغنىڭ چېگراسىمۇ ئېنىق بولماي قالاتتى. تاققا قاراپ ماڭسا تاغ بارغانسېرى ئارقىغا يېنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. «تۇۋۋا دەيدىغان ئىش، تاغ دېگەن شۇنداق يېقىن يەردىن كۆرۈنىدىكەن، ئەمما ماڭساڭ، ماڭساڭ يېتەلمەيدىكەنسەن».

ئۇنىڭدا «تۆگە تاغ»نىڭ ھەيۋىتىگە زوقلىنىش پەيدا بولدى. بۇ تاغ بەلكىم مىليون يىللار ئەنە شۇنداق مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقاندۇر. مۇھەممەتتۇرسۇندەك قانچىلىغان ئۆتكۈنچىلەرنى ئۈنسىز كۈزۈتۈپ تۇرغاندۇر. مۇھەممەتتۇرسۇنمۇ ئىلگىرىكىلەردەك نامۇ- نىشانسىز ئۆلۈپ

تۆگەيدۇ، بىراق بۇ تاغ ئاشۇ پېتى يەنە قانچىلىك ياشار؟ نام نىشانسىز يەر يۈزىدىن يۈتۈش مۇھەممەتتۇرسۇنغا دەھشەتلىك تۇيۇلدى. ئۇنىڭدا ئىنسانغا خاس شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى باش كۆتۈرۈپ، ئەبەدىي ياشاش ئىستىكى تۇغۇلدى. ئەبەدىي ياشاش ئۈچۈن قانداق قىلسا بولار؟ ئۇلۇغ ئىشلارنى تەۋرىتىش،... ئۆتكەنلەردىن نۇرغۇن ئالىملارنى، سەردارلارنى ھەسەت قىلغان ۋە زوقلانغان ھالدا ئەسلىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا ھېچقانداق ئۇلۇغ ئىش كەلمىدى. چۈنكى ئۇ تېخى ناھايىتى نادان، چالا ساۋات بالا ئىدى. ئۇلۇغ بولۇشنىڭ ئاسانراق يولى يوقمىدۇ؟ توغرا «تۆگە تاغ»نىڭ قىلىچتا چاپقاندەك سىدام يۈزىگە ــ ئەڭ ئىگىز يېرىگە ئىسمىنى يېزىش كېرەك. بۇ خەت شۇنداق چوڭ يېزىلىشى كېرەككى، بىر چېكىتى ئۆمەر باينىڭ پۈتكۈل قورو جايىدەك يوغان بولسۇن، يىراق ـ يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرسۇن! بىراق،... بۇ تېخىمۇ تەس ئەمەسمۇ؟ ئادەتتە ئاسماننىڭ قەرىدە ئۈچۈۋاتقاندەك بىلىنىدىغان سا، بۇ تاغنىڭ ئالدىدىن ئۈچۈپ ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئىگىزلىكى تاغنىڭ يانباغرىغا ئاران توغرا كېلىدىغان تۇرسا، قۇشمۇ ئۈچۈپ چىقالمايدىغان ئىگىزلىككە قانداق چىققۇلۇق؟ توغرا، چوققا ئۈستىگە ئارقا تەرەپتىن چىقىپ، ئارقان بىلەن ساڭگىلاش ئاسانراق... ياق، ياق،... ئۇنىڭغا قانچىلىك ئارقان كېتەر؟ بىر قورو مالنىڭ يۇڭىمۇ بۇنچىلىك ئارقاننى ئېششىكە يەتمەس! ھېلىقى ئۆمەربايىنىڭ قورو جايىدەك بىر چېكىتنى ئويۇش ئۈچۈن قانچە ئەسىر كېتەر؟ بۇنى دېمىگەندىمۇ ئاشۇ ئىگىزلىكنىڭ دەھشىتىدىن يۈرەك يېرىلىپ شۇ مىنۇتتىلا جان بەرمەي قالارمۇ؟

ۋاي شور پىشانەمەي! تەلەيسىز ئادەمنىڭ ھېچ ئىشى ئاقمايدىكەن! ئەمما ئۇنىڭدىكى شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى سانسىز ئاددىي ئادەملەرنىڭ بىرسى سۈپىتىدە ئىزسىزلا دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتىشنى چەكسىز خورلۇق ھېساپلايتى. ياق، ئۇ ئايجامال بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن سايىز تەرەپكە كېتىدۇ. ئۇ يەردە ئەقىل تاپىدۇ. قانداق قىلىشنىڭ يولىنى ئۆگۈنىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا باشقا بىر ئادەم بولۇپ يەنە بىر قېتىم قايتىپ كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن نامى يېتىپ كېلىدۇ. پۈتۈن قەشقەرگە پۇر كېتىدۇ.

ئەزەلدىن تالڭ ئېتىپ باقمىغاندەك، قاراڭغۇلۇق بىردىنلا جىلغا ئىچىگە ئۆز سەلتەنىتىنى تىكلىگەندى. ئۇ ئەمدى كۆكتامنى «تۆگە تاغ»نىڭ قارشىسىدا دەپ تەسەۋۋۇرغا تايىنىپلا ماڭاتتى. ئايجامالنىڭ كېسەلمەن بوۋىيى ئۆلگەن بولسا، ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا ئۇنىڭ يالغۇز تۇرغىنىنى كۆرسەم... قاراڭغۇدا تەمتىلەپ يۈرۈپ تاپالماي قالسامچۇ؟ ياق، تاپماي قويمايمەن!

بامدات نامىزىغا يېقىن ئاران دېگەندە كۆكتامغا كەلدى. بۇنداق چاغدا ئىشك قېقىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، ئەتىسى ئاخشامغىچە يەنە ئوغرى چاشقاندەك تاغنىڭ بىر دالدىسىدا مۆكۈنۈپ ياتتى.

## 2

ئۇ ئۆزىنىڭ مەتۇلارچە خىيالى بىلەن ئايجامالنى تەنها دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، بۇنىڭ تەسەۋۋۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ راست دەپ ئىشىنىپ، هاياجانلانغان، خوشال بولغان هالدا مەشۇقىنى كۆرۈشكە ئالدىرىغان ئاشىقتەك سەۋرسىزلىك بىلەن ئىشىكنى قاقتى. ئىشك خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئېچىلدى. بوسۇغىدا خىرىلداپ نەپەس ئېلىۋاتقان بىر بوۋاي پەيدا بولدى.

— كېلىڭىز، — دېدى ئۇ قىرغىز ئادىتى بويىچە، كىمسەن، نېمە ئىشىڭ بار؟ دېگەن سوئاللارنى سورىمايلا.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالماقچىمۇ بولدى. چۈنكى ئۇ باشقا ئۆيگە كېلىپ قالدىممىكىن دەپ ئويلاپ قالغانىدى. هېچ بولمىغاندىمۇ ئۆي ئىگىلىرى ئالمىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەر خوجايىنىنى تونىمىغاچقا ئەنە شۇنداق ئىككىلىنىپ قالغانىدى. بىراق، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە كېتىپ قالغىلى بولمايتى. مەيلىلا، بۇ يەردە بىر كۈن قونۇپ ئەتە ئىزلىسەممۇ ئۈلگۈرىدىغۇ؟ بەرىبىر ئۇنىڭ

ئالدىرايدىغان ئىشى يوق، ساقلاپ قالىدىغان ئادىمى يوق.

ئۇ ئۆيگە كىردى. يېڭىلىشمىغانىكەن. ئايجامال ئوچاق ئالدىدا تېزەك قالاپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ كەلگۈچىنىڭ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ ئۆيدە قونۇپ ئۆتكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى قىلچە بىلمەيتى. ئۇنىڭدا بۇ ھەقتە ئەسلىمىمۇ بولغان ئەمەس، ئۇ بىر كېچىلىك قوناقنى شۇنچە ئۈزۈنغىچە ئەسلەپ يۈرىدىغان خىيالپەرەست رومانتىكلاردىن ئەمەس، ھەركۈنلۈك ئىشنى سەللا ئاۋال مۇنداقلا ئويلاپ قويىدىغان سەھرالىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مۇھەممەتتۇرسۇندەك بويتاق، كۆرگىنى ئاز كىشىلەردىن بولمىغاچقا، بۇنداق كېچىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە ئەسلىگۈدەك تەسىرگە ئىگە بولۇشى ناتايىن ئىدى. بىراق، مۇھەممەتتۇرسۇن ئۇنىمۇ ھامان مېنى ئەسلەيدۇ، ئاشۇ ئۇچرۇشۇش ئۇنىڭدا ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى، دەپلا ئويلاپ يۈرگەچكە جۇۋاننىڭ پەرۋاسىز ھالىتى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەلەم قىلدى.

ئۇ ئۈن - تىنسىزلا سۇپىنىڭ لېۋىگە ئولتۇردى. ئەر خوجايىننىڭ سوئاللىرىغا قىسقا - قىسقا جاۋاپ بەردى.

— قەشقەردىن، ئېتىم مەمەتتۇرسۇن، — دېگەنلەرنى ئالاھىدە ئۇرغۇلۇق ئېيتىپ، ئايجامالنىڭ ئىنكاسىنى ئوغۇرلۇقچە كۈزەتتى. لېكىن ئايال يەنىلا پەرۋاسىز ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ غورۇرىغا تەگدى. ئۇ ئايجامالنى تونىسىكەن دېمىسە ھەرگىزمۇ راست ئىسمىنى ئېيتمىغان بولاتتى.

— قاشقاردا بولغون ئىشتېردى سۈيلۆپ بېرۋېيسىڭبې[1]، — دېدى خوجايىن.

مۇھەممەتتۇرسۇن تاتىرىپ كەتتى ھەم گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇۋالغاندەك بولۇپ، خېلى ئۈزۈندىن كېيىنلا:

— ئۇقمۇدۇم، مەن تۆگۈرمىتىگە چىققان، قەشقەردىن چىكەتكىنىمگە بىژ ئايچە بولدى. ھازىر شۇ يەدىن ياندىم، — دېدى. ئاندىن خوجايىننىڭ بۇ ساختىلىققا قارىتا باشقىچە ئىنكاستا بولمىغىنىدىن يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ، — قەشقەردە نېمە بوپتا؟ — دەپ

---

[1] قەشقەردە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەمسەن (قىرغىزچە) — ئا.

سورىدى.

— مەنمۇ شەگە باغان، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئۇيغۇرچىغا يېقىنىراق تەلەپپۇز قىلىشقا تىرىشىپ، — بۈگۈن تۈشتە چىقتىم. توپىلاڭ بوپتۇ. پەيزىۋاتتىكى بىر جاڭگالدىن توپىلاڭچىلانى تۇتۇپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ. بىرسى قېچىپ كېتىپتىكەن، يۇرت - يۇرتلارغا چاپار ئەۋەتىپ، تۇتۇپ بەرگەنلەرگە سۆيۈنچە بېرىمىز دەپ جاكالىتىپتۇ. تۆگۈرمىتى تەرەپلەرگىمۇ ئادەم چىكەتتى. مەن تېخى سېنى شۇ ياقتىن كېلىۋاتقان بولسا تۈزۈكرەك ئۇقاي دەپتىمەن.

مۇھەممەتتۇرسۇننى قورقۇنۇچ باستى. شۇنداق بولسىمۇ قورقۇنچىسىنى بېسىپ تۇرۇپ ھەمراھلىرىنىڭ تەقدىرى قانداق بولغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدى.

— تۇتۇلغانلارنى قانداق قىپتۇ؟ ھەپسىگە ئاپتىما؟ قويىۋېتىپتىمىيا؟

— قويىۋېتىدىغان ئىش بولامدۇ؟ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئىككىسىنى ئېتىۋېتىپتۇ دەيدۇ. قالغانلىرىنى قاشقارغا ئېلىپ كەپتۇ. سۈرۈشتۈرۈپ باشلىقىنى تاپىمىز دەپ تازا قىيىنىغان ئوخشايدۇ. زىڭىقلىرىنى چىقىرىۋېتىپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ. گەپ قىلغۇدەك ھالىنىمۇ قويماپتۇ. قوياپ بەسىمۇ ئەي بومايدۇ دەيدۇ. ھەممىسى قېچىپ كەتكەنىگە ئاتىپ تۇرۇۋاپتۇ. بىر دەم ئۆلگەنلەر باشلىقىمىزتى دېگەنمۇ ئوخشايدۇ. گەپ ئاچا چىققاچقا ئىشەنمەي قىيناۋېرىپتۇ. ئاخىرى چېرىك باشلىقىنىڭ ئاگىنىنى تۇتقان بىر ياشنى باشلىقى مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ قاراپتۇمىش. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىمۇ ئاتتى. قالغانلارنى ھەم ئاتىدىكەن دېيىشىدۇ، — دېدى بوۋاي خۇددى قىزىق بىر ھېكايە سۆزلەۋاتقاندەك ھوزۇر بىلەن. ئۇنىڭدا ئېچىنىش ئالامىتى بىلىنمەيتتى. بوۋاينىڭ گەپ قىلىشلىرىدىن خېلى تېمەندەك قىلاتتى. ھازىر كېسىلى خېلى خوپ تۈزۈلۈپ قالغان بولسا كېرەك.

بۇ گەپلەردىن بالاغا قالغىنى ئەخەت قارى ئىكەنلىكى ئايان بولدى. «ھەي ي، شەرەپلىك ئۆلۈمنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئاسى

بەندىلەر!» دەپ خۇرسىندى ئۇ.

مۇھەممەتتۇرسۇن تاكى تاماق يەپ بولغىچە زۇۋان سۈرمىدى. يۈرىكى تەشۋىش بىلەن سالاتتى. ھېلىلا بىر توپ چېرىك بۇ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىدىغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە قالغاچقا تىكەننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك تۇگۇلۇپ، بى ئارام بولۇپ، كاللىسىمۇ ئىشلىمەي قالدى. ئەمدى نەگە بارسا بولار؟ چېگرا تەرەپلەرگىمۇ چاپار كەتكەن بولسا قانداق كەتكۈلۈك؟ بىر قانچە كۈن بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتسا، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن سەل كۆتۈرۈلگەندە ماڭسا بولاتتى. بىراق، نەدە يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ؟ ئەل ئىچىدە يوشۇرۇنغىلى بولمايدۇ، يوشۇرۇنغىلى بولۇدىغان جايدا نان يوق! ئايجامال مېنى تونۇمايۋاتىدۇ، ئۇ مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك مېنى ئەسلەپ تۇرغان بولسا، مەن مۇشۇ ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ ياتسام، ئايجامال يەيدىغان بىر نەرسە ئاچىقىپ بېرىپ تۇرسا بولاتتى... بۇنىدىن باشقا مېنىڭ بارىدىغان يېرىم بولمىسا!...

ئورۇنغا كىرىپ ياتقاندىن كېيىن تەشۋىشلەردىن سەل خالى بولۇپ، ئۆز ئۆزىنى بەزلەيدىغان باھانىلارنى تاپقاندەك بولدى. بۇ چاغدا بوۋاي ئۇلاغلارغا كېچىلىك ئوت سېلىپ بەرگىلى چىقىپ كېتىۋىدى، مۇھەممەتتۇرسۇن ئۆي ئىچىدە بىر نىمىلەر قىلىپ يۈرگەن ئايجامالغا:

— ئايجامال، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— ياق.

— مەن ھېلىقى،... — ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەردى، ئايالنىڭ ئۇنتۇپ قالغىنىدىن ئاغرىنغانلىقىنى بىلدۈردى، — شۇندىن تارتىپ سىلىنى ئويلاپلا تۇردۇم. سىلى شۇندا ئاسان ئۇنتۇپ كېتىپلا...

— ۋايجانەي، بىر كۈن قونۇپ قالغان ئادەمنى ئۇنتۇمايدىغان ئىش بولسا، مەن ھېچ ئىش قىممايدىغان ئويلاپلا ئولتاسام بولا. ئىشىمنىڭ تولىلىقىدا كاللام ئېلىشىپ كېتىپباغاندا، نېمە دەيدىغاندۇ...

— بوۋاي ساقىيىپ قاپتۇ، ئەمدى قانداق ... مېنىڭ تېخى مۇشەدە بىر نەچچە زامان تۇرغۇم باتى.

— تۇرىۋېرىڭ.

— تۇرىۋەسەم ماڭا قايلىيالاملا؟

— قېنى بىر گەپ بولا...

— بومىسا مەن يېقىن ئەتراپتا بىر يەگە يوشۇرۇنۇپ ياتاي، كېچىدە سىلى چىقسىلا... مەن يوشۇرۇنغىدەك بىر يە بارما؟ ئاقىمىزدىكى تاغ ئارىسىدا دەيمەن.

— ئەتە بۇ يەردىن خوشلۇشۇپ كېتىپ باغان بولۇۋېلىپ، ئاندىن ئاۋۇ تەرەپكە باسىڭىز بىر دالدا يە با، ئانچە يىراق ئەمەس،...

ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىپ ئۇلار جىم بولۇشتى. دېيىشىدىغان جىق گەپلەر باردى، بىراق دېيىشەلمىدى. ئەمدى بۇگۈنكى كېچىنى قانداق ئۆتكۈزگۈلۈك؟ ئەتە،... بىراق، ئەتە كەچ بولغىچە ئۇنىڭ سەۋرىسى قۇرۇپ بولۇدۇ ـ دە. بۇمۇ بىر بىشارەتمىكىن؟ ھەممە ئىش بودىغان بوداققا كەلمەي، تەتۈرىگە بولۇۋاتىدۇ، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت!

...

ئۇ بامداتنى شۇ ئۆيدە ئوقۇپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن قەشقەرگە كېتىۋاتقىنىنى راست قىلىش ئۈچۈن يولغا چۈشۈپ ماڭدى. كۆپ ئۆتمەي، ئارقىسىدا ھېچكىمنىڭ قاراپ تۇرمىغىنىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن دېيىشكەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ھېلىقى دالدىنى تاپتى. ئەمدى بىتاقەتلىك بىلەن كۈتۈش باشلاندى. ئۇ ئۈچلۇق تاش بىلەن قىيانىڭ سىلىق يۈزىگە خەت يېزىپ باقتى، كېيىن بۇ بىر ئىز بولۇپ قالمىسۇن دەپ قورقۇپ ئۆچۈرۈشكە، ئۆچۈرگىلى بولمىغاندا بولسا ئارتۇق سىزىقلار بىلەن شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەنمۇ ھېچقانچە ۋاقتنى ئۆتكۈزگىلى بولمىدى. ئاندىن سايىدا مۈزدەك تاش ئۈستىدە يېتىپ ئايجامال بىلەن بولۇدىغان مۇناسىۋەت توغرىسىدا ئويلۇنۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىمىشكىدۇر ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە جاراھەت پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىزگۈلۈكنى تەرغىپ قىلغۇچى مەنىۋىيىتى ئۇنى بۇنداق گۇناھتىن چەكلەپ تۇراتتى. ھەم ئۆزىمۇ بۇ قىلمىشىدىن ئۇزاق بىر زامان يىركىنىپ، ئازاپلىنىپ يۈرەتتى. ئەمما، گۇناھقا ئۈندەيدىغان

مەنىۋىيىتى بولسا ئۇنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى. «ئەگەر شۇنى دېمىسە يات بىر ئايال ساڭا نېمە دەپ خەۋەندە ـ خالىق قىپ كېتىتتى؟ ــ دەيتتى شەيتىنى، ــ ياش ئايال، نەپسى ـ خاھىش ھەر ئىنساندا بار نەرسە. ئېرى قېرى بوۋاي. ھامان ئۇنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە بارالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياشاۋاتقان يېرى مۇشۇنداق بىرنەچچىلا تۇتۇنلۇق كىچىك بىر يۇرت، كۆڭۈل ئاچقۇدەك باشقا نېمە ئىشى بار؟ ئۇمۇ تىرىك جان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياش بولغاندىكىن كۆڭۈل خۇشى ئىستەيدۇ ـ دە،...». ئۇ ھازىر مۇھتاج ئىدى. بىر قانچە ئاي بولمىغاندىمۇ، بىر ئىككى ھەپتە يوشۇرۇنۇپ تۇرمىسا بولمايتى، ئەمما ئۇنىڭ بارىدىغان نەرى بار؟ پاناھ تارتقۇدەك كىمى بار؟ بۇ يەردىن كەتسە ھېچيەرگە سىغمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنداقكەن ئايجامالنى ۋەز ئېيتىپ تەسىرلەندۇرۇپ ئۆزىگە ياردەملەشتۇرسە ئۇنۇمى بولامدۇ؟ ياكى ئۇنىڭ راست دېگەندەك ئېرىدىن تاپالمىغان ئىستەكلىرىنى بېرىش ئارقىلىق ئۆزىگە قارىتىۋالسا بولارمۇ؟... راست ئەمەسمۇ، ئەگەر ئۇ شۇنى دېمىسە كېچىدە ياتۋاش ئەركەكنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ كېلەتتى؟... شەيتان غالىپ كەلمەكتىدى...

كەچ كىرگەندە يىرتقۇچلادەك ئەتراپقا ھولۇقۇپ قاراپ، ئاستىلا ئىنىدىن چىقتى ـ دە، ئايجامال كۆرسەتكەن جايغا قاراپ ماڭدى. ئايجامال شۇ تاپتىلا چىقالمايتى. چۈنكى بوۋاي چاپسان ئۇخلىمايتى. بۇ يەردىكى كۈتۈش ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئازابلىق، تېخىمۇ دەرمانىنى قۇرۇتقۇدىغان تۇيۇلاتتى. ئۇ ئايجامال بىلەن ئېنىقراق سۆزلۇشۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ قانچە زامان يوشۇرۇپ باقالايدۇ، قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك، باشقا پايدىلىقراق مەسلىھەتلىرى بارمۇ،... بىلىشى كېرەك ئىدى. قورسىقىمۇ راسا ئاچقانىدى. ئۇنىدىن باشقا «شەيتان» ۋەسۋەسىسىمۇ ئۇنى تەقەززا قىلماقتىدى. مۇشۇ جەرياندىمۇ قانچە قېتىم بۇ نىيەتلىرىدىن يېنىپ ئۆزىگە ھاي بەردى. ئەھۋالىم خەتەر بولغاندىكىن يامان ئىشتىن ئۆزەمنى تىيىپ، ئاللاھقا سېغىنىپراق يۈرەي، دەپ شەيتاننى قوغلايتى. ھەتتا نامىزىنىڭ ئاخىرىدىمۇ «قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلا!» دەپ دۇئا قىلىپ ئاللاھتىن تىلىدى. ئەمما ئۇنىڭدا ھېچنەرسىگە ھەقىقى

ئىخلاس يوقلۇقى ناھايىتى چاپسانلا مەلۇم بولۇپ قالاتتى.

ئايجامال ئۈنىڭغا ئىسسىق كۆمەچ نان ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىرىغانىدەك ھولۇقۇش ئىچىدە كۆمەچنى يېۋەتتى. ئاندىن ئۇلار ياۋايىلارچە ئۇسۇلدا يېقىنچىلىقنى ئىزھار قىلىشتى. شۇندىن كېيىن مۇھەممەتتۇرسۇن رەسمىي گەپكە كېلىپ، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىدى:

ــ ھېلىقى چېرىكلەر ئىزدەپ يۈرگەن قاچقۇن مەن بولىمەن، ــ دېدى ئۇ بالىلارچە ساددىلىق بىلەن ۋە ئەخمىقانە ئىپتىخارلىنىش ئاھاڭىدا، ــ مېنىڭ ئەھۋالىم مانا شۇنداق، بارارغا يېرىم يوق، شۇڭا ھېلىقى چاغدا كەلگەن يېرىمگە ــ سايىزغا كېتەي دەپ ماڭغانتىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا چېگرىدىن ئۆتكىچە چاتاق بولۇدۇغاندەكمۇ تۇرىدۇ. بىر زامان ئۈنتۇلىدۇرۇپ ماڭاي دېسەم نەدە جان ساقلايمەن؟ سېنىڭ ئەھۋالىڭ قانچىلىك، مېنى يوشۇرۇشقا چامىڭ يېتەمدۇ؟ يەتسە قانچە ۋاخ يېتىدۇ؟ ــ ئۇ يېقىنچىلىقتىن كېيىن يۈرەكلىك ھالدا «سەن»لەپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق تۇتۇمىدىن بىر خىل غەلىتە ھۆكۈمرانلىق ئالامىتى بىلىنەتتى.

ــ خەق بىلىپ قالمىسىلام بېقىش دېگەنگە قانچىلىك بى نېمە كېتەتتى؟

ــ قانداق قىلساق بولار؟

ــ مەيلىڭىز، تۇرۇپ بېقىڭ. تۇرالىغىنىڭىزغىچە تۇرۇپ، بولمىغاندا ئاندىن ماڭاسىز.

ــ ھە، مانا بۇ گېپىڭ خېلى جايىدا. ئەمما ـ زە، كۆن بويى تاغنىڭ كامىرىدىن چىقماي ئولتۇرۇش بەك تەسكەن، سارائ بولاپ قالامەنما دەپ قوقىمەن. بومىسا ئازراق تاماكا ئاغاچ چىقساڭ بولامىكى، ئىچ پۇشقىغا ئارام بولامتىكى، دەيمەن...

ــ ئەسلى چېكەمتىڭىز؟

ــ ياق چەكمەيتىم، ئىلگىرى بىز نەچچە قېتىم تاتىپ باققان. قانداق قىلىمەن، ئىچىم بەك تىتىلداپ كېتىدىكەن!

— مەيلى تاپقاچ چىقاي، ئەمدى بۇ يەگە كېلەمەيمەن، ئۆينىڭ ئاقىسىدىكى سۆگەتلىككە بېرىپ شۇ يەدە بۆكەپ تۇرۇڭ. چىقالماي قالسامۇ بى(ر) ئىلاج قىلىپ نان ـ پان ئاچىقىپ سۆگەتنىڭ ئاچىسىغا ئېلىپ قويىمەن.

— تېخى بەزىدە چىقالمايمۇ قالىمەن، دېگىنە؟ ئۆلىدىكەنمەن ـ دە!

— كۆندۈزلىرى تاغنىڭ ئىچكىرىسىگىراق كېتىڭ، ئىشقىلىپ...

... مانا شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش رىتىمغا چۈشكەندەك بولۇپ قالدى. تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كېتىش ۋاقتى، تاغ ئارىسىدىن چىقىش ۋاقتى، سۆگەتلىككە بېرىش ۋاقتى،... خۇددى ئايلانما مىخانىزىمدەك بىر خىلدا تەكرارلىناتتى. ئەمما ئايجامالنىڭ چىقىش ۋاقتى قانۇنىيەتلىك ئەمەسىدى. بەزى كۈنلىرى ئۇ چىقالمايمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا قىسقا پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ ئاچىقىپ قويۇلغان «تەمىنات» بىر تۈگۈنچەك بولۇپ سۆگەت ئاچىسىغا قىستۇرۇلغان بولاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن كۈنلىرىدە قاچقۇننىڭ بېشىغا بىر تاغ يىقىلىپ چۈشكەندەك بولاتتى. ئىچ ـ ئىچىدىن ھەسرەتلىنىپ، ئۆز ئۆزىگە ئىچى ئاغرىپ ئۈنسىز يىغلاپ كېتەتتى...

كۈندىن ـ كۈنگە ئۈنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلغاندەك، تېرىككەك، سەپرا بولۇپ كەتتى. ئايجامالغا خوتۇنىغا بۇيرۇق قىلغاندەك بۇيرۇق قىلاتتى، چىقماي قالغىنى ئۈچۈن سوتلايتى. بۇ تاغلىق ساددە ئايال ئۈنىڭدىن ئانچە رەنجىپ كەتمەيتى. بەلكىم بۇ تاغ ئارىسىدىكى بىرنەچچە تۈتۈنلۈك سەھرادا زېرىكىش ئىلكىدە ئۆتتۈۋاتقان بۇ ئايال ئاران تاپقان بۇ كۆڭۈل خۇشىغا قىيالمادىكىن ياكى ئۇ قاچقۇن يىگىتنىڭ ئىچىنىشلىق ئەھۋالىنى چۈشەنگىنى ئۈچۈن ئۈنىڭغا ئىچى ئاغرىپ شۇنداق كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتامدىكىن چۈشۈنۈپ بولمايتى.

ئايجامال چىققان، ئىككىسى ھولۇققان ھالدا، قوپال ئۇسۇلدا كۆڭۈل ئىزھارى قىلىشقان پەيتلەردە بولسا مۇھەتتۇرسۇن بۇ تۇرمۇشنى داۋام قىلدۇرۇشقا ئەرزىيدىغان تۇرمۇشتەك كۆڭۈللۈك ھېس قىلاتتى. مەڭگۈ مۇشۇ يەردە قېلىش، مۇشۇنداقلا ياشاش ئۈچۈن جان پىدا قىلىش قارارىغا

كېلەتتى. ھەتتا بوۋاينى بىر كېچىدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئايجامالغا تولۇق ۋە ئاشكارە ئىگە بولۇشنى ئويلايتى. بىراق، كۈندۈزى شەپىرەڭدەك تاغنىڭ كامىرىدا بىكار ئولتۇرۇش ئۇنىڭ تازىمۇ جېنىغا تېگىپ، ئىنسانلار ئارىسىغا قايتىشنى، ئاشكارە ياشاشنى سېغىناتتى. ھەتتا «كۆرسەڭ كۆرۈشە!» دەپلا ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىققۇسى كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا بۈگۈن كەچتىلا ئايجامال بىلەن خوشلىشىمەن، دەرھال يولۇمغا ماڭىمەن، دەپ قەسەملەر قىلاتتى. بىراق، ئۇ ھارامتاماقلىشىپ، ھورۇنلۇشۇپ كەتكەن، ئۆز بېشىغا ياشاشقا كۆزى يەتمەيدىغان بولۇپ قالغان، تازىمۇ پاسىققا ئايلانغانىدى...

ئىنساندىكى مەڭگۈ قانائەتلەنمەسلىك خاراكتېرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە تەدرىجى بايراق كۆتەردى. بىر خىلدا تەكرارلانغان تۇرمۇش جېنىغا تەگدى. پۇرىقى ۋە ناز ـ خۇلقىسى بىر خىلدا ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن ئايال زېرىكتۈردى. ئۇنىڭدا يەنە بىر قېتىم چەتئەلدە باي تۇل خوتۇنغا ئۆيلىنىپ تۇيۇقسىز بېيىپ كېتىش خىيالى كۈچىيىپ قەتئىي كېتىش قارارىغا كەلدى.

— مەن كېتىمە، — دېدى ئۇ قانچە يىللار شۇ يوسۇندا ياشىغاندەك ئۇزاق بىلىنگەن زېرىكىشلىك كۈنلەردىن كېيىن. (ئەمما پەقەت بىر ھەپتىدىن ئوشۇقراق ۋاقىت بولغانىدى.) — سەن ماڭا سەپەرلىك بىژ نەسلەنى تەييارلاپ بەگىن. خۇدا بۇيرىغان بىژ كۈنىسى يەنە كېلىمەن، — ئۇ ئاخىرقى سۆزىنى ئۆزىگە چىدىماي قېلىشى مۆلچەرلەنگەن ئايالغا تەسەللى ئۈچۈن قوشۇپ قويغانىدى.

— شۇندا قىممىسىڭىزمۇ بومايدىغاندەك تۇرىتى... — دېدى ئايجامال ساددىلىق بىلەن تەبىئىي ھالدا.

— نېمە؟! — مۇھەممەتتۇرسۇن ئۇنى ياش تۆكۈدۇ، يەنە بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ تۇرۇڭ دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ، دەپ ئويلىغاچقا ئايالنىڭ جاۋابى ئۇنىڭغا ھار كەلدى ھەم ھەيران قالدۇردى.

— راس دەيمە، بۇندا كېتىۋەگەن بىلەن بومايدۇ. بىژكۈنى ئەمەس،

بىر كۈنى نەس باستى. ئاۋۇشقام[1] گۇمانسىرىغاندەك تۇردى، قوشنىلىرىمۇ كەچلىرى بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ماراۋاتقاندەك زايى بولاۋاتىدۇ...

— بولۇدۇ ئەمىسە، قوسىقىڭدا قاغان بوسا، تىچلىق تۇغسائىڭ ئىتىنى ئوبۇلقاسىم قوي، ماڭ جۇگۇ، مەن دېگەن نەسلىنى جايلاپ چىق.

جۇدالىق ئەمدىلا چىڭغا چىقىۋاتقىنى تولۇق ھېس قىلىنسا كېرەك، ئايالنىڭ نەرىدۇر بىر يېرى زىرىلداپ ئېچىشقاندەك بولدى. ئايال بىر قانچە دانە نان، ئۆزى كۆڭۈل قويۇپ كەشتىلەپ چىققان بىر تاماكا خالتىسىدا بىر ئۇچۇم كۆك تاماكا،... قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقتى:

— تۆگۈرمىتى يولى چوڭ يول، ئۇ تەرەپ بىلەن ماڭسىڭىز تۇتۇۋالمىسۇن، جايپەچچەم تەرەپ بىلەن مېڭىڭ. بېرىشتا سول تەرەپتىكى ئېقىنغا بۇرۇلۇپ ماڭسىڭىز بولۇدۇ. ئۇ تەرەپ بىلەن كۈندۈزىمۇ مېڭىۋەرگىلى بولۇدۇ، — دەپ يول كۆرسەتتى ئايال تىترەك ئاۋازدا.

— ماقۇل، كېتىدىغان ۋاقتىمدا بولسىمۇ بىر كېچە قېشىمدا بوساڭ، باش توخۇ بىلەن مېڭىپ كەتسەم بولىتى...

— خۇدايا توۋا دەڭ، كېچچە يۈتۈپ كەتسەم قانداق بولا؟ ئىگەم يوق ئادەمدەك...

— مېنى ئۇزۇتۇپ قويمامسەن؟

— بومىسا سەلككە چىقىپ ئۇزۇتۇپ قويامەن...

— هە، ما گېپىڭ جايىدا،...ماقۇل ئەمىسە...

## 3

مۇھەممەتتۇرسۇن پۈتۈن ھاياتىدىكى بىردىن بىر بەختىدىن شۇنداق

---

[1] ئاۋۇشقا — قېرى، بوۋاي، بوۋىيىم (قىرغىزچە) — ئا.

ئاسان ئايرىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرقى كېچە تۇزۇك ئۇخلىيالمىدى. شۇڭا بالدۇرلا سۆگەتلىككە كېلىپ خوشلۇشۇشقا چىقماقچى بولغان مەشۇقىنى كۈتۈشكە باشلىدى. زېرىكىشلىك مىنۇتلارنى سىكونتلاپ ساناپ، باش توخۇ ۋاقتىنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۈتكەن كىشىسى چىقمىدى. پۇرسەت تاپالمىغاندىمۇ؟ ياكى ئاخىرقى دەملەردە بىرەر پېشكەلگە قالماي دېگەندىمۇ؟ ئۇ يەنە كۈتتى، يەنە كۈتتى... بامدات ۋاقتى بولدى،... ئۇ پاسىقلىشىپ كەتكەچكە بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن نامازنى ئوقۇشقىمۇ خوشياقماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بەختسىزلىكلىرى ئۈچۈن تەڭرىگە قېيداۋاتقاندەك قىلاتتى. سەپەر ئالدىدا بولسىمۇ نامازنى ئوقۇي دېمەستىن غەزىپى تاشقان ھالدا تاڭ سۈزۈلگىچە كۈتتى. ئادەملەر تىرىكچىلىك ھەركىتىنى باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن ئەمەسىدى. ئۇ تاغ ئارىسىغا قايتىپ كېتىپ يەنە بىر كۈن تۇرۇشنى، كەچتە ئايال بىلەن ئۇچرۇشۇپ راسا كېلىشتۈرۈپ تەستىككە ئۇرۇشنى ئويلىدى. بىراق ئۇنىڭ بۇگۈن كېتىشى قارار قىلىنغاچقا ئايالنىڭ كەچتە سۆگەت تۈۋىگە كېلىشى ناتايىن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئېغىر ھەسرەت ئەلەم يۇتۇپ يولغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ بىمەنە خىياللار قوينىدىن رىياللىققا قايتىپ كەلدى بولغاي، ئادەملەرگە چېلىقىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان دائىرىدىن تېز چىقىۋېلىش ئۈچۈن تازا ئالدىرىدى. مۇشۇنداق تېز مېڭىشىنى تاكى جايپەچچەم تەرەپكە قايرىلىپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئارقىسىدىنمۇ كۆرۈپ قالمىغۇدەك ئىچكىرىلەپ كەتكەندىن كېيىن «ئۇھ» دەپ تىن ئالدى. بۇ چاغدا قوياش پارلاق نۇرلىرىنى تاغلارنىڭ ھەرە چىشلىق ئاراشلىرىدىن تارام تارام چاچماقتىدى. تۆگە تاغنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ سايىسى جىلغىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى تاغلارنىمۇ يېپىپ تۇراتتى. ئۇ بىر دالىدا ئارام ئېلىۋېلىپ، ئالدىرىمايراق ماڭماقچى بولغانىدى. كېچىچە ھېلىقى نائەھلى خوتۇننى كۈتىمەن دەپ تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىغىنى ئۈچۈن بىر دەم ئۇخلىماقچىمۇ بولدى. بىراق ئۇيقۇسى كەلمەي، خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئويلا - ئويلا ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىدىن قورقۇشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بارسا كەلمەس سەپەرگە چىقىۋاتقان مەھەلدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ پاناھلىقىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. سەپىرىنىڭ تېنچ - خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھقا يېلىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئوبدانراق يۇيۇنۇپ، ئۆزىنى پاكلاپ ئاندىن نەفل ناماز ئوقۇش، بولسا سەككىز - ئون كۈننىڭياقى قازا قىلغان نامازلىرىمۇ ئوقۇش نىيىتىدە كۈننىڭ راساقىزىشىنى كۈتۈپ ياتتى. كۈن قىزىمىسا تاغ سۈيىگە چۆمۈلۈپ چىدىغىلى بولمايتى.

ئۇ مەشۇقى ئەستىلىك قىلىپ كەشتىلەپ بەرگەن تاماكا خالتىسىنى چىقاردى. ئۇ چىرايلىق ئىشلەنگەن بولۇپ، بوغۇچىغا بىر نەچچە تال مارجان ئۆتكۈزۈلگەنىدى. قىرغىز ئادىتى بويىچە قىزلار ئۆزلىرى سۆيگەن يىگىتكىلا مۇشۇنداق كەشتىلىك تاماكا خالتىسى سوغا قىلاتتى. ئۇ ئالدىرىماي ئوراپ بىر تال تاماكا چەكتى. تاماكا كۆك تاماكىدىن ئۆيدە تەييارلانغان بولغاچقا بەك ئاچچىق ئىدى. شۇڭا ئۇ تازا ئۈگەنمىگەن بەڭگى بولغاچقا يۆتۈلۈپ كېتىپ، چېكىشنى بولدى قىلىپ، خالتىنى يېنىغا سېلىپ قويدى. يۆتەلگەن ئاۋازىنى بىرلىرى ئاڭلاپ قالمىدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئۆرە قوپۇپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويدى. ئاندىن بوغجىمىسىنى بېشىغا قويىۋېلىپ ئۇڭدىسىغا ياتتى. قاتمۇ - قات تاغلار تولىمۇ سىرلىق ھەم سۈرلۈك بىلىنەتتى. «توۋا، شۇنچە سىرلىق قاتمۇ - قات تاغلار ئارىسىدا يوشۇرۇن ياشىغىدەك بىر جاي چىقماي، چەتكە قېچىپ كېتىۋاتىمەنا! شۇنچە چەكسىز تاغلار ئارىسىدىن تۆت توك - توك دارىن بىلەن ئۇنىڭ ئالتە توك - توك چېرىكى بىر ئادەمنى ئىزدەپ تېپىۋالاما؟ تېپىۋالىدۇ! يامان خەق ئۇ! ياق، ئۇلارغۇ تاپالمايتى، بىراق ئۆزىمىزنىڭكىلەر — مۇسۇلمان قېرىنداشلانىڭ ئەتى - مەتى شۇنچىلىك - تە! نېمە بولسا بولا، پېشانەمدىكىنى كۆرەمەن!»

ئۇ يۇيۇنۇپ، بىر نەچچە رەكئەت نەفل ناماز ئوقۇۋالغاندىن كېيىن يولغا چۈشتى. «فەلەق» بىلەن «ناس»نى تەكرار-تەكرار ئوقۇدى. داموللام بۇ سۈرىنى ئاجايىپ تەپسىر قىلىپ بەرگەنىدى. يارىتىلغان ھەممە نەرسىنىڭ، شەررىدىن ساقلايدۇ، ... دېگەن ئىدى. ئۇنى شۇنچىلىك

تەسىرلەندۈرگەن بۇ تەپسىرنىمۇ مەۋھۇم ھالدا ئېسىگە ئالدى-يۇ، كونكرېت تەپسىلاتىنى پاك-پاكىزە ئۇنتۇپ كەتكىنىدىن بەكمۇ ئۆكۈندى.

جايپەچچەم جىلغىسىنىڭ ئىچىدىكى كەڭرەك بىر پارچە تۈزلەڭلىكتە تېرىلغۇ يەرلەر، چۆپلۈك ۋە ياۋايى ئاچچىق ئۈرۈك ئورمىنى باردى. تۈزلەڭنىڭ باش ئۇچىدا ئىككى ئائىلە بار ئىدى. ئۇلار ھەم چارۋىچىلىق بىلەن، ھەم دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. بۇ يەر خۇددى ئاناتومىيە دەرسىدىكى ئاشقازاننىڭ رەسىمىگىلا ئوخشايتى. بىر تەرىپى «قىزىل ئۆڭگەچ»كە تۇتاشقان تار جىلغا، يەنە بىر تەرىپى «چوڭ ئۈچەي»گە تۇتاشقان كەڭرەك جىلغا بولۇپ، تۈزلەڭلىك دەل ئاشقازاننىڭ ئۆزىدى. چوڭ يولدىن كىرىشتە «چوڭ ئۈچەي»دىن كىرىلەتتى. ئاشقازاننىڭ يوقۇرى تەرىپىدىكى «قىزىل ئۆڭگەچ»كە تۇتىشىدىغان جايدا «مازار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر «مۇقەددەس» جاي ۋە ئاددىغىنە مەسچىد باردى. مەسچىتنىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە تۈپ قېرى سۆگەت ئەگرى - بۈگرى ئۆسكەن ھەم يەر بېغىرلاپ غەلىتە سىرلىق تۈستە سويلاپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەرنىڭ مۇقەددەسلىكىگە يارىشا سىرلىق تۈس قوشقانىدى. بىر تۈپ سۆگەت تۈۋىدە ئالدىراپلا ياسالغان ئوچاق ھەم داشقازان باردى. بۇلار تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ نەزرىلىك مېلىنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلەتتى. يەر بېغىرلاپ ئۆسكەن سۆگەت تۈۋىدىكى ئادالانغان يەردە بۇ يەرنىڭ مۇقەددەس بولۇپ قېلىشىدىكى ئاساسىي ئامىل — نۇرغۇن ھىكايىلارنىڭ «ئەمەلىي شاھىدى» بولمىش ئاجايىپ تاشلار قويۇلغانىدى. بۇلار «ئەپسۇن ئوقۇپ تاشقا ئايلاندۇرىۋېتىلگەن» تاۋۇز، تاشقا ئايلاندۇرىۋېتىلگەن ئۈگرە ئاش قاتارلىقلار بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە سۇلتان سۇتۇق تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان بىر قېتىملىق كۆرەشتە مۇشۇ جىلغىغا چېكىنگەن ئىكەن. دەل مۇشۇ «مازار» دېگەن جايدا دەم ئېلىپ، بىر نەرسە يەمەكچى بولۇپ تۇرغاندا دۈشمەن كېلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاش ۋە تاۋۇزلارنى دۈشمەنگە قالدۇرغۇسى كەلمەي تاشقا ئايلاندۇرىۋېتىپتۇ. بۇ

رىۋايەتنىڭ راستلىقىغا قىل سىغمايدىغانلىقىنى ئاشۇ تاشلار ئىسپاتلاپ تۇراتتى. «مازار»دىن ئۆتكەندىن كېيىن جىلغا بارغانسېرى تارلىشىپ ئىككى قىرغاق بىتون تامدەك تىك ۋە سىلىق هالدا تاكى بۇلۇتلارغىچە يېتەتتى. بۇ يەردە كۆرۈپ كېتىشكە ئەرزىگۇدەك نەرسىلەر ئاز ئەمەسىدى.

ئۇ تاغ باغرىنى بويلاپ تۇزلەڭلىكتىكى ئائىلە ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. كىم بىلىدۇ، بۇ يەردە چېرىكلەردىن بىرنەچچىسى ئۇنى كۈتۈپ ياتقان بولسا. جىلغىدا ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان يالغۇز تۇغراقلار سانسىز تۈغ ـ ئەلەملەر، رەخت پۇرۇچلىرى، رەڭگا ـ رەڭ لېنتىلار بىلەن بېزىتىلگەن بولۇپ، بۇلارمۇ مۇقەددەس ھېساپلىناتتى. بىدئەتكە پاتقان بۇ خەلق يىراق ـ يىراقلاردىن شۇ يەرگە كېلىپ، مۇشرىكلارچە شۇ نەرسىلەردىن مەدەت تىلەپ كېتەتتى.

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەم بۇ جىلغىنىڭ مۇقەددەسلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى كۆپ ئاڭلىغان، ئۇ گەرچە داموللىنىڭ تەلىمى تۈپەيلى مازار ـ ماشايىخلاردىن، يالغۇز دەرەخلەردىن، ئاتالمىش مۇقەددەس جايلاردىن مەدەت تىلەشنىڭ مۇشرىكلىق بولۇدىغانلىقىنى، بىدئەتلىكىنى، خۇراپات، دىنغا خىلاپ ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، قىزىقىش يۈزىسىدىن بۇ يەرنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئارزۇسىدا ئىدى. بۈگۈن قىسمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇ يەرلەرنى كۆرۈشكە نېسىپ بولۇۋاتاتتى. «مازار»غا بىرىپ يەر بېغىرلاپ ئۆسكەن، پورلۇشۇپ تۈگمەننىڭ نورىغا ئوخشاپ قالغان سۆگەتنىڭ غولىدا ئولتۇرۇپ «تاشقا ئايلانغان» نەرسىلەرنى بىر دەم تاماشا قىلدى. ئۇ ئاڭلىغانلىرىنىڭ قىل سىغمايدىغاندەك دەلىللىرى بارلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ھاردۇقىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن تار «كارىدور»غا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تار «كارىدور» ئىچىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ بۇلاقلار بارىدى. بەزى بۇلاقلار تۇرىبىدىن چىقىۋاتقان سۇنى ئەسلىتەتتى ــ تىك قىرغاقنىڭ ئوخشىمىغان ئېگىزلىكلىرىگە جايلاشقان تۆشۈكلەردىن جىرغاپ چىقاتتى. بەزىلىرى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولۇپ، خۇددى ئادەمنىڭ بىر جۈپ كۆزىگە ئوخشايتى. بۇ كۆزلەر «توختىماي ياش تۆكەتتى». يەنە بىر

پىشايۋانغا ئوخشاپ كېتىدىغان جاي بولۇپ، دەل شۇ «پىشايۋان»نىڭ تورۇسىدىن سۇ جىرغاپ چۈشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ يەردە سۇلتان سۇتۇق يۇيۇنۇپ غۇسلى قىلغانىكەن، كونا باش ئاغرىقى(ساقايمىغان باش ئاغرىقى)غا شىپاھ بولۇدۇ دەيدىغان گەپ باردى. شۇڭا زىيارەتچىلەر چۈشۈۋاتقان سۇغا باشلىرىنى تۇتۇپ يۇيۇنۇپ «داۋالىناتتى».

قىسقىسى، بۇ يەردىكى ھەربىر مۆجىزىدەك كۆرۈنۈشنىڭ ئۆزىگە خاس نامى، بىردىن گۈزەل رىۋايىتى باردى.

مۇھەممەتتۇرسۇن پۈشقىقىنى تۈرۈۋېلىپ، تار جىلغىنى بويلاپ يوقۇرىغا كۆتۈرۈلگەنسېرى جىلغا كېڭىيىپ، ئاخىرىدا كىچىككىنە توغراق ئورمانلىقى بىلەن قاپلانغان يانتۇلۇققا چىقتى. يانتۇلۇقنىڭ ئۈستى كەڭ كەتكەن تەكشىلىك ئىكەنلىكى چىقماستىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. تاغلار ئارىسى بۇ يەردە بىردىنلا كېڭىيىپ، تاغ ئارىسى تۈزلەڭلىكىنى ھاسىل قىلاتتى. ئۇ توغراقلىق ئىچى بىلەن مېڭىپ يانتۇلۇقتىن يوقۇرىغا كۆتۈرۈلۈپ، يوقۇرىدىكى تەكشىلىك بىلەن تەڭلەشكەندە يېقىنلا يەردە قىبلىگە قاراپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان تۆرت ئادەمگە كۆزى چۈشتى. ئۇ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. يوچۇن ئادەملەر ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا پاكار تاش تام بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان يالغۇز قەبرە باردى. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ سۇلتان سۇتۇقنىڭ يېقىن تۇققىنى دەپن قىلىنغان جايمىش. جايپەچچەم تاۋاپگاھىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى مۇشۇ يالغۇز قەبرە ئىدى. تاۋاپقا چىققانلار بۇ يەردە شېھىتلارغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ ناماز ئوقۇيتى. بۇ يەرنى «قىرىق مىچىت» دەپ ئاتايتى. ھەربىر تاۋاپچى مۇشتتەك تاشلاردىن دۆۋە ياساپ، ئۆزىنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكىدىن بەلگە قالدۇراتتى. قەۋرە ئەتراپىدا بۇنداق تاش دۆۋىلىرىدىن نەچچە ئون مىڭى بار دېيىشمۇ لاپ بولمايتى. ھەتتا بۇ تاش دۆۋىلىرى پۈتۈن تۈزلەڭلىكنى بىر ئېلىپلا قالماي، ئىككى تەرەپتىكى تاغ يامپاشلىرىغىچە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى.

مۇھەممەتتۇرسۇن يوچۇن ئادەملەرگە ئۇچرۇشۇشتىن قېچىپ ئارقىسىغا ياندى. جىلغا ئىچىگە كېلىپ يوشۇرۇنۇدىغان جاي ئىزدىدى.

بىراق، ئاۋۇلارنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئالىلىقاندەك بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېغىشلىدى. دېمەك، ئۇلارنى يامان ئادەم دېيىشكە بولمايتى. شۇڭا ئۇنىڭدا ئىشەنچ پەيدا بولۇپ، يېڭىۋاشتىن ئارقىغا قايتىپ يولنى داۋام قىلىش خىيالى پەيدا بولدى. يەنە ئىككىلەندى؛ يەنە ئۆز ئۆزىنى خاتىرجەم قىلدى. ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقىنى، مۇشۇ زىيارەتگاھقا چىققانلىقىمۇ ئۇلارنىڭ ئىمان - ئېتىقادى بار مۆمىنلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتى. ئۇ هالدا ئۇلار مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ھېچنېمە بولمايتى، ئەكسىچە، ئۇنىڭغا قولىدىن كەلسە ياردەم قىلىشى، ھېچ بولمىغاندىمۇ بىلگەن يوللىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ دادىللىق بىلەن كەينىگە ياندى. ئۇ توغراقلىق يانپاشقا يېقىن كەلگەندە تاۋاپچىلار بىلەن ئۇچراشتى. ئۆزىگە ئاگاھ بېرىپ، روھى تەييارلىق بىلەن تۇرغىنىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا مەڭدەپ، ئارقىسىغا بىلىنەر - بىلىنمەس داجىپ كەتتى. بۇ ھال تاۋاپچىلارنىڭ دىققىتىدىن چەتتە قالمىدى.

— ئادىش، نەگە ماڭدىڭلا؟ — تاۋاپچىلار ئانچە دوستانە بولمىغان ئاھاڭدا سورىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئاھاڭ، بۇ خىل تەلەپپۇزى مۇھەممەتتۇرسۇنغا ئالىلىقاندەك يامانلىقنىڭ بىشارىتىدەك تۇيۇلۇپ، تېنىنى شۈركەندۈرىۋەتتى.

— بىز قىغىزدا ئېلىشىم باتى، ئۇزۇن بولدى، كېلەي دېمەيدا، شۇنى ئىزدەپ مېڭىشىم، — ئۇنىڭ سۆزلىرى تازا ئەپلەشمىگەندەك بىلىندى.

— قەشقەلىق ئوخشىمامسە؟

— ھە، شەدىن.

— بۇ ساختىپەز شەلىكنىڭ گەپلىرى قولاشمايلا تۇرىدۇ، ئوغۇلۇق قىلىپ قاچقان نېمىمۇ، تېخى!

— ۋۇي، شەلىك! سەن زادى نېمە ئەدەم؟ نەگە ماڭدىڭ؟ بارىدىغان يېرىڭنى بىلەمسە؟ — مانا شۇنداق قىلىپ «ھادىس ئاقيەردىن» دېگەندەك سوراق- سوئال باشلىنىپ كەتتى. مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ گەپ

- سۆزى بارغانسېرى بىر - بىرىگە رەپ يېمەي، بالاغا قالدى.
— جېنىم ئاكىلا، ئاغىنىلە! ھەممەيلەن مۇسۇمانكەنمىز، ئوغرى بوسام ئاختۇرۇپ بېقىڭلا، پۇلغا يارىغۇدەك نەسە بوسا ئوغرى بولاي. بومىسا مېنى يولۇمغا ماڭغىنى قوياڭلا.
— تولىماي گەپ قىل، ھەزلەك! — شۇنىڭ بىلەن قەشقەرلىكنىڭ شەنگە تېگىدىغان جىمىكى ھاقارەتلەر ئېيتىلغىلى تۇردى،... — ئوغرىمۇ بومىساڭ، توغرىمۇ بومىساڭ، سەن زادى نېمىسەن؟ قىغىزدا ئېلىشىم با دېگىنىڭغۇ قىپ - قىزىل يالغان!
— سايىز تەرەپكە ماڭغانتىم، ئاغزىڭلىنى بەك بۇزۇپ كەتتىڭلا، يامان بولۇدۇ، قايلاڭلا، بىز گۇناسىز ئادەمگە ئۇۋال قىمماڭلا! ئۆزەم يوقسۇز، يېتىم، ھىچ جان بېقىش يولى تاپامىدىم، شۇڭىزە، سايىز تەرەپكە چىقىپ ئىشلەپ كېلەي دېگەنتىم...
— بايا نېمىشقا شۇندا دېمەيسە، ھېجىقىز!؟
— ئاغزىڭلىنى بۇزماڭلا، ئادىي... بايا شۇندالا دەپ قويغانتىم، نېمە بىلەي سىلىنىڭ بۇنچە زىغىلاپ كېتىشىڭلىنى...
— بۇنى يالىڭاچلاپ يولغا سېلىپ قويىلى، تازا قىزىق تاماششە بولۇدۇ، — دېدى بىرەيلەن.
— تازا ئۇرۇپ پۇخادىن چىقمايلىما، — دېدى يەنە بىرى.
— نېمىشقا ئۇرىسىلە؟ يا بىزنىڭ ئاغرىق - ئاداۋىتىمىز بومىسا...
— شەلىك دېگەننىڭ قىزىنى...! دۆنى كۆگەندەك كۆرىمەن - دە! بۇ ھەزلەكلىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ساختىپەز!
— تىللىماي گەپ قىلىڭلا، ئادېش...
— تىللىسام نېمە قىلالايتىڭ؟ ئاكاڭنى تونۇمسەن؟
— تونۇدۇم، ئاكا، تونۇدۇم! سىلى ئاتۇشنىڭ نوچىسى!
— ئاتۇش بازاۋېشنىڭ نوچىسى! — دەپ تۈزەتتى بىرى.
— ئاتۇش بازاۋېشنىڭ نوچىسى! بولدىما!؟
— ھەي! تەئەددى قىمماي گەپ قىل! بومىسا ھېلى بۇنىۇڭنى تۈزلىۋېتىمەن!

غورۇرى ئازاپلانغان مۇھەممەتتۇرسۇن بەزى گەپلەرگە چىداپ تۇرالماي، جاۋاپ ياندۇرۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن گەپلەر بارغانسېرى قان پۇرىقى ئارىلاش چىقاتتى. بۇ ھال تەرەققىي قىلىپ، مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ ياقىلىرى تارتىلىشقا، ئىگەكلىرىنى ئەركىلىتىشكە يېتىپ باردى. بۇ مۇقەررەر قانلىق جېدەلنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

— بۇنى يالىڭاچلاپ تۇرۇپ توغراقنىڭ چىۋىقى بىلەن سالايلى. ئاندىن كىيىم ـ كېچەكنى ئالغاچ كېتىپ جايپەچچەمدىكى قىغىزلىغا بېرىۋەتسەك خوش بولاپ قالۇدۇ.

— راس، ماندا تاشلىقتا پۇت يالىڭاچ ماڭسا كارامەت ياخشى بولۇدۇ.

مۇھەممەتتۇرسۇن جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق قىلىپ، دۇنيادا ئۆزى بىلىدىغانلىكى ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ يېلىنىپ، قەھرى ـ غەزەپ بىلەن تىللاپ،... ھېچقانداق قىلىپمۇ بۇ تەلۋىلەرنى توختۇتۇپ قالالمىدى. بۇ ئىش چاخچاقتەك باشلىنىپ، ئاخىرى دۈشمەنلەرچە ھەرىكەتكە ئايلاندى. بىچارە مۇھەممەتتۇرسۇن يالىڭاچلاندى. چىۋىقلار تەييارلاندى. ئارقىدىن يالىڭاچ بەدەندە تالا ـ تالا ئىزلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى... بۇ ئۇرۇش ئاتۇش بازار بېشىلىق نوچىلارنىڭ قولىرى تالغىچە داۋام قىلدى:

— ھە، ئەمدى يولۇڭغا ماڭساڭ بولۇدۇ!

— بۇنىڭ چاپان ـ چارىسىنى نېمە قىلىمىز؟ قىغىزغا ئالغاچ كەتسەك، بىزنى بۇلاڭچىمىكى دەپ قامىسۇن، ئۆزىگە قاسۇنمىكى؟

— بۇنى يالىڭاچ ماڭدۇغۇم بارىتى، شېغىلدا تازا ئوبدان بولىتى!

— بولدى قولاڭنىڭ قىچىقىنى باستىڭ، ھاي دەيدىغان، ئاجىتىۋېتىدىغان ئەدەم يوق تازا ئوبدان ئۇرۇۋالدۇق، ئەمدە يولىمىزغا ماڭىلى.

— توختاڭلا، ھېچ بومىسا چورىقىنى بوسىمۇ ئالامايدىغان بىر يەرگە تاشلىۋېتەي.

ئۇلار كېتىشتى. مۇھەممەتتۇرسۇن قورام تاش ئۈستىدە ئىنجىقلاپ ياتاتتى. تولا دومىلاپ، ئۆزىنى ھەريان ئەپقاچىمەن دەپ، چىۋىقنىڭ

زېدىسىدىن يامانراق قورام تاشلارنىڭ مودۇر - چوقۇرمۇ ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى يارا قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئىشەنگەن قېرىنداشلىرىدىن كەلگەن بۇ بالا - قازانىڭ ئەلىمىگە، ئۆزىنىڭ ئانىدىن تۇغما يالىڭاچ ياتقىنىغا غورۇرى ئازاپلىنىپ، خۇداغا قاغىنىپ خېلى ئۇزاق بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇ بۇ قىسمەتنى ئۆزىدىنمۇ كۆردى. بىلىپ تۇرۇپ پاسىق بولۇپ كەتكىنى، نامازنى تەرك ئەتكىنى، گۇناھقا پاتقىنى بىر بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ، بۇ جازا بەرھەق جازا بوپتۇ، دەپ ئۆز ئۆزىگە كايىدى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ «زالىمنى زالىمنىڭ قولى بىلەن، پاسىقنى پاسىقنىڭ قولى بىلەن جازالايدىغانلىقىنىڭ ئەمەلىيىتى» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئەمما، ئاسى بەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنىلا ئۆزىدە ئېۋەن قويغۇسى كەلمەي، ئاللاھتىن ئاغرىنىپ، قاغىنىپ كەتتى. «توۋا قىلغانتىمغۇ؟ كىم گۇناھ قىلمايدۇ؟ مەندىن قەبىھ گۇناھكارلارمۇ بەخىرامان ئويناپ - كۈلۈپ ژۈرۈدۇغۇ؟ توۋا قىلغاندىكىن، بۇندىن كېيىن قىلمىسام بولمامدىمۇ؟...». ئۇ ئۇزاق ياتقاندىن كېيىنمۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا ماجالى يەتمىدى. مىدىرلىسىلا پۈتۈن ئەزايى قاقشاپ كېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۆمىلاپ دېگۈدەك سۇقېشىغا كېلىپ، سۇدا يۇمۇلىدى. چۈنكى بۇ يەردىكى سۇ چۆمۈلگىدەك چوڭقۇرمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەسىدى. ئۇ تاياقنىڭ زەھرىنى سوغۇق سۇ ئالىدۇ، دېگەننى ئۇققانىدى. بىراق، بەدىنىگە سۇ تەككەندە چىدىغۇسىز ئېچىشىپ كېتەتتى... ئۇ بىر بالالار بىلەن بەدىنىنى سۇدا سۈرتۈپ چىقتى ئاندىن كىيىملىرىنى كىيدى. كىيىمنىڭ يارىلارغا چاپلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يۆگىمەچ گۈللىرىنىڭ بەرگىنى يارىغا چاپلاپ چىقتى... بۇ ئىشلاردىن كېيىن خۇددى خامان ئالغاندەك چارچاپ، ئورنىدىن تۇرالمايلا قالدى. مۇشۇ جايدا بىر ئىككى كۈن تۇرۇپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. چورۇقى ئىگىز قىيانىڭ بوي يەتمەيدىغان يېرىگە تاشلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنى ساق ئادەممۇ ئالالمايتى. ئۇ تېخى پۇت - قوللىرىدىكى ئېغىرلىق كۆتۈرۈلۈپ كەتكىچە بىرەر ئەپلىك يەردە يېتىپ ئارام ئالاي، دەپ ئويلاپ ئەتراپىدىن مۇۋاپىق يەر ئىزدەپ قاراۋاتاتتى، بايا كېتىشكەن نوچىلارنىڭ تالاش - تارتىشى ۋە بۇ

ياقا كېلىۋاتقان ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى.
— يولىمىزغا ماڭساق بولىتى باللا، باكادىن باكا بى ئەدەمنى ئۆدۈق، شۇمۇ يەتمەمدۇ؟ ئەمدى ئۇمۇ يولىغا ماڭسۇن.
— ۋۇي، تازا زەيپانە نېمىكەنساۋا! ئوغۇلبالا بوساڭ قىغان ئىشىڭغا پۇشايمان قىمىما!
— ئىشقىلىپ بى قىساسقا قالدۇق، ئۇ ھازىر يالغۇز بوغىنى بىلەن، ئۇرۇغ - تۇققىنى با، ھەممىشە بايقاپ جۇمەيسە، تۇيۇقسىز تۇرىدىغان ۋاقتىڭ بولۇدۇ، كېچە بولۇدۇ، ئىشقىلىپ، يامان بولدى...
— مەنمۇ شۇنى دەيمەن ئەمەسما، بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ دەۋاسىدىن قۇتۇلىمىز دېسەك، يا ئۇنى ئۆتتۇرەش كېرەك، يا قىساس ئالالمايدىغان قىلىۋېتىش كېرەك!
— مەنمۇ شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇمۇ تازا قاپىقىنىڭ بېزى با نىمىكەن، بۇندا ئەدەملە ئاداۋەتچى كېلىدۇ. ھامىنى بى ئېپىنى كەلتۈرۈپ ئەنتىنى ئالماي قامايدۇ. ھېچ بومىغاندا ئۇنى پۇت - قولىدىن ئارىۋەتمىسەك، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بومايدۇ.
— بىزمۇ قان قىساسقا قالىمىز، شۇ! بۇ ئىشنى يامۇل سۈرۈشتە قىلىپ قاسا، مويتوزىغا كەتتىم دەۋەسەڭ بولۇدۇ.
— بۇ يەدىكى ئىشنى چىم بىلىتى؟ ئارىمىزدىن بىرە مازپاينەك چىقىپ دەپ قويمىسلام بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى خەق كۆگىچە نەچچە كۈن ئۆتىدۇ، ئاڭغىچە قاغا - قۇزغۇنلا ئۇنىڭ ئۇستىخىنىنىلا قويىدۇ.
— بى ئىش يادىمغا يېتىپ قالدى، بايىقى قەشقەدە بوغان توپىلاڭدا بىسى قېچىپ كېتىپ تۇتۇلماپتىكەنمىش، مۇشۇ شۇمۇيا؟ ئەگەر شۇندا بولاپ قاسا قوقمىساقمۇ بولىتى. بىزنىڭ قىغىنىمىز تازا دارىلىنىڭ دىتىدىكى ئىش بولىتى.
— شۇندالام بولاپ قاسا مەيلى، قولىمىزنى بۇلغاپ جۇمەي، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەسەك سۆيۈنچە ئالىمىز تېخى.
— ھەببەللى، شۇندا قىممايلىما؟
— ماڭە ساراڭ، ئۇنىڭغا نەچچە كۈن بولاپ كەتتى؟ شۇ چاققىچە

جايپەچچەمدە تەمتىلەپ جۈرەمتى، ئاللىقاچان جېنىنى ئەنجان تەرەپكە ئەپ بومىمامدۇ.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يوقارقى مەزمۇنلارنى ئاڭلاپ، گەپنىڭ ئۆزى ھەققىدە بولۇۋاتقىنىنى بىلدى. قوپۇپ قاچاي دېۋىدى، ھېچيېرىنى مىدىرلىتالمىدى. بايا قىزىقچىلىقتا ئازراق ھەرىكەت قىلغىنى بىلەن مانا ئەمدى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بولالمايلا قالغانىدى. ئۇ ئامالسىز قالغىنىدىن، تەقدىرنىڭ بۇ يازمىشىدىن بوغۇلۇپ ئۆلەيلا دېدى. شۇڭا ئۇ قەھرى غەزىپىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماي، جېنى قاشايغان ھالدا سېسىق گەپلەرنى ياغدۇرۇپ تىللاۋەردى. ئەنە شۇ غەزەپتە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، تىللىغاچ توغراقلىق تەرەپكە سەندىرەكلەپ قاچتى. يالىڭاچ پۇتلىرىنى قىياتاشنىڭ قوتۇر يۈزىگە بېسىشنىڭ ئازابى ئۇنىڭ باشقا ئاغرىقلىرى ئالدىدا ئانچىكى ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىدى. لېكىن تېز يۈگرەلمەيتى ۋە قەدەملىرىمۇ مەزمۇت بولمىغاچقا سەندىرەكلەپ، ئارانلا ئاياقتا تۇراتتى. بۇ چوڭ - كىچىك تاشلار دۇنياسىدا ئاۋايلاپ مېڭىشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەسىدى. بۇنداق يېرىم جان يارىدار كىشىنىڭ تېز يۈگرۈشى مۇمكىن بولمايلا قالماي ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. ھەر قاچان قاتتىق يىقىلىش ۋە قورام تاشلارغا ئۇرۇلۇپ چۇل - چۇل بولۇپ كېتىش خەۋپى مەۋجۇت ئىدى. ئۇ ئاخىرى كۈتۈلگەن قىسمەتكە دۇچار بولدى: قاتتىق يىقىلىپ، بېشى يوغان بىر تاشقا تېگىپ يېرىلدى ۋە شۇئان ئوقتەك قان ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى! لېكىن ئۇنىڭدا غايىۋى بىر كۈچ، ھايات قېلىش ئىستىكىدىن تۇغۇلغان ئاجايىپ بىر خىل سىرلىق كۈچ ھاسىل بولۇپ، ئورنىدىن تېزلا تۇردى - دە، يەنە ئالغا قاراپ ئۈمتۈلدى!...

ئەمما ئۇنىڭ قېچىش سۈرئىتى ئۆزىگە غايەت زور كۈچ سەرپ قىلىنىۋاتقان تېز ھەرىكەتتەك تۇيۇلغىنى بىلەن، كۈلكىلىك دەرىجىدە ئاستا ۋە ئەھمىيەتسىز ئىدى. شۇڭا ئاتۇش «بازاربېشىلىق» نوچىلار ئىككى تاقلاپلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى.

— نەگە قاچىسەن، توپىلاڭچى! — بىرسى شۇنداق دېگەچ ئۇنىڭ

ئارقىسىدىن غول ئوتتۇرىسىغا قاتتىق بىر تېپىۋىدى، بىچارە ئىككى مېتىرچە ئالدىغا ئۇچۇپ چۈشتى! بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاشلار بىلەن تولغان جىلغا بولغاچقا بۇ ھالدا يىقىلىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىشى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ تىزى، قولى، يۈز ـ كۆزى دېگۈدەك كۆرگىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەن بولۇپ، ھەممە يېرىدىن جىرىلداپ قان چىقاتتى. ئەتراپتىكى تاشلار ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويۇلۇپ كەتكەنىدى.

— ئۆلدىمۇ، نېمە؟

— ياق، ئۆلمەپتۇ، ھوشىدىن كېتىپتۇ.

— ئەمدى ئۇنى قانداق ئەكىتىمىز؟ سۆيۈنچىنى ھارام قىلدىڭ ـ دە! ئاناڭنى!

— ئىگىس سىڭلىڭنىڭ سۆيۈنچىسىما؟ نەدىكى سۆيۈنچىكەن ئۇ؟ شۇ قاچقۇن شۇ دەپ كىم دەيدۇ ساڭا؟

— بولدى، ئۇنى تاشلاپ كېتىلى!

— قىغىز دېگەن ئۇۋچى خەق، ئۇۋچى دېگەن قانداق بولۇدۇ، بىلەمسە؟ بىر ئايىنىڭ ئالدىدىكى ئىزنى پەرق قىلىدۇ، ئون ژىلنىڭ ئالدىدا بى كۆگەن ئادەمنى تونۇۋالىدۇ. بۇنىڭ ئۆلىگى شۇ يەردىن تېپىلغاندىن كېيىنلا جايپەچچەمدىكى قىغىزلا بىزنى ئېسگە ئالۇدۇ...

— راس، بۇ يەدە قوياپ كەتسەك سۇنى ھارام قىلىدۇ، ئايغىنى ئۆزىمىز ئىچىمىز. ئىگىزرەك بى يەگە ئېپ قويىلى. ئاينا ئاۋۇ سەلەپ سۈيى چۈشكەن قىسىلچاقتا. ھوشىغا كەسىمۇ ئۇ يەدىن چۈشەممەيدۇ. ئۆتكەن ـ كەچكەنلەمۇ دەمالى كۆمەيدۇ.

— بۇ يەدىنغۇ ئايدا يىلدا ئۆتمىسە، بىرچىمۇ ئۆتمەيدۇ.

— ھەي ي، باكادىن گۇناكا بولدۇق ـ تە!

— غىڭىلداۋەمىگىناۋا! ھېجىقىز! قانداق قىلىسەن؟ بولغۇلۇق بولدى. ئۇ ئەمدى ئاشۇ تۆپىدە ئاستا ـ ئاستا ئۆلەپ قاسۇن.

— ھۇشىغا كەسە تازا ئۇسسايدۇ ـ دە، بىچارە. پەستىكى سۇنى كۆرۈپ تۇسىمۇ ئىچەممەيدۇ، چۈشەي دېسە پۇت ـ قول كېرەككە

كەمىگەندىكىن چۈشەمىگەن...

— ئوغۇلبالا بوساڭ ماندا بوش بوما، تازا لېيىڭ بوش بى نېمە ـ دە، سەن!

ئۇلار ھۇشسىز ياتقان قاچقۇننى قولمۇ ـ قول كۆتۈرۈشتى. ئۇنىڭ پۇت قولى سۇنغاندەك پۇلاڭلاپ قالغان، بېشىمۇ ئوق تەككەن غازنىڭ بويىندەك ساڭگىلاپ قالغانىدى. نوچىلار گويا ئۆمۈرلۈك بۇرچىنى، مۇقەددەس ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقان قەھرىمانلاردەك ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنجىقلاپ، كۈچەپ، مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ كېرەكتىن چىققان تېنىنى قاراردىن ئۆتكەن ئاسقىغا سۆرەپ چىقىپ، مىليون يىللار سۇنىڭ يالىشىدىن ھاسىل بولغان تۈگمەن نورىدەك تىك ئويۇقچىغا قاپلاپ قويۇشتى. بۇ چاغدا مۇھەممەتتۇرسۇن ئىنتايىن پەس، بىلىنەر ـ بىلىنمەس نەپەس ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئېقىۋاتقان قاننىڭ كۆپلىكى، تۇرغان ئورنىنىڭ ئىگىزلىكى قاتارلىقلارنى ھىساپقا ئالغاندا شۇ يەردە ئۆلۈپ قالىدىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى.

نوچىلا پاكىز بۇلاق سۈيىدە ئېپلاسلاشقان قوللىرىنى، ئىزانى بىلمەيدىغان يۈزلىرىنى يۇيۇۋېلىپ، ئالا ـ تاغىل ناخشا توۋلاش ئارقىلىق يۈرىكىدىكى ۋەھىمىلىك روھى ھالىتىنى بېسىشقا ئۇرۇنۇپ، جىلغىنىڭ تۆۋىنىگە قاراپ كېتىشتى.

بۇ چاغدا جىلغا ئىچىنى گۇگۇم پەردىسى ياپقان بولۇپ، تاغلار ۋەھىمىلىك ھوھۇلدايتى. تاغ سۈيىنىڭ شىلدىرلىشى جىم ـ جىتلىقتا روشەن ئاڭلىناتتى.

# خاتىمە

— ئىسمىڭ نېمە؟ كىمنىڭ بالىسى سەن؟
ئويلىساڭچۇ! سېنىڭ داداڭ دۆڭەنباي، دۆڭەنباي، دۆڭەنباي...
— چىڭغىز ئايتماتوۋ: «ئەسىردىن ئۇزاق بىر كۈن»

قېرى ئېرىدىن قانائەت تاپمايدىغان ياش ئايال ئايجامال، ئۇدا بىر نەچچە كۈن مۇھەممەتتۇرسۇننى سېغىنىپ ئۇھسىنىدى. بىراق، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ قاتىلاڭچىلىقىدا چاپسانلا ئۇنتۇپ كەتتى.

تۆرت ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندە جاي پەچچەم جىلغىسىدىن بىر ئادەم ئىسكىلىتى تېپىلغانلىقى داۋراڭ بولدى. ئەمما بۇ پۈتۈن قەشقەر تەۋەسىنى زىل - زىلىگە سېلىۋەتكىنى يوق. بۇنىڭدىن جايپەچچەمدىكى ئىككى ئائىلە، كۆكتامدىكى ئونچە ئائىلە خەۋەر تاپتى خالاس. بىر قىرغىز سەيياھ ئۇ ئىسكىلىتنى ئۇچراتقان ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدىن قىرغىزلارنىڭ تاماكا خالتىسى چىقىپتۇ. تاماكا خالتىسىنىڭ بوغۇچىغا مارجان ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. بۇ كىشى تاماكا خالتىسىنى كۆتۈرۈپ كۆكتامغىمۇ كەلدى.

— قارىغاندا ئۇ ئەركىشىكەن، قىرغىز كىشىسى. ئەمما بۇ ئەتراپتا ھېچكىم يوقۇلۇپ كەتمىگەنىدى، قاياقتىن كېلىپ قالغان قىرغىزكىن؟ ئاتىبېشى، نارىن تەرەپلەردىن كەلگەنمىكىن؟ — دەيتى ئۇ، قولىدا ھېلىقى تاماكا خالتىسى، — تۆگۈرمىتىدە مۇشۇنداق بىرسى يوقالغانمۇ يوق، سوراشقا ئۇ يەرگىمۇ بارىمەن.

ئايجامال خالتىنى كۆرۈپلا تونىدى ۋە بىچارە مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە يېقىن يەردىلا ئۆلۈپ قالغىنىغا چۈشىنەلمىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا قوسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ رەھمەتلىككە ئىچ ئاغرىتتى،

ئەمما چاپسانلا بىر باش ئاغرىقىدىن خالاس بولغاندەك يېنىكلىك ھېس قىلدى. قورسىقى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلىۋىدى، ئۇنىڭدا روشەن بىر خوشاللىق، غەشلىك ئارىلاشمىغان بىر خوشاللىق باش كۆتۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئاشۇنداق بىر شەخسنىڭ بىر زامانلاردا مۇشۇ سەييارىدا ياشىغانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئالغىنى، ئۇنى ئەسلىگىنى يوق. ئۇ پەقەت بىر غەيرى رەسمىي مۇناسىۋەتتىكى ئايالنىڭ خاتىرىسىدە غىل ـ پال پەيدا بولۇپلا يوقالدى.

1991 ـــ يىل يانۋار، ئاتۇش.
1991 ـــ يىل 14 ـــ ئاپرىل، بېيجىڭ.

# سەرالق قمز

بىر تەرىپى چەكسىز كەتكەن شورلۇققا، يەنە بىر تەرىپى ئاچچىق ئاق بوز توپىلىق تاقىر دالىغا، بىر تەرىپى قاقاس تاققا تۇتىشىپ تۇرىدىغان بۇ يېزا نامراتلىق قۇچىقىدا ئىڭراۋاتقاندەك ھوھۇلداپ تۇراتتى. ئادەملەرنىڭ رەڭگى روھىدىن، پەخشى تاملاردىن، ئەپلەپ - سەپلەپ ياسىۋېلىنغان «ئۆي»لەردىن، يوپۇرماقلىرى چاڭ - توزان دەستىدىن رەڭگىنى يوقۇتۇپ ئاقىرىپ كۆرۈنۈدىغان پاخماق ۋە شالاڭ دەرەخلەردىن، تىنجىق ئىسسىق ئۇستىگە قۇرغاقچىلىق دەستىدىن چاڭقاپ كەتكەن ئېتىزلار ۋە چوڭ مۇھىت تەسىرىگە ئۇچراپ ياۋىشىپ قالغان مال - ۋارانلار، ھەتتا پەخشى تاملار ئۇستىدە تۈكىنى ھۆرپەيتىپ، ھورۇنلۇق بىلەن چۇرۇقلاپ تۇرغان ئاققۇچقاچلارنىڭ ئەپتىدىنمۇ توپا - چاڭ، غېرىپ، مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي بەزى ئادەملەرنىڭ ئاغزىنىڭ چۆرىسىدە «ھەرىكەتلىنىپ، يېڭىلىنىپ تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن قاڭسىق پۇرىغىلى تۇرغان توختام سۇ»دەك «قېپىندا كۈلكە» قېتىشىمىسى كۆرۈنۈپمۇ قالاتتى. بۇ كۈلكە ئەقلى بى نورمال ئادەملەرنىڭ باشقىلار ھىسسىداشلىق قىلىپ بەرگەن بىردىن - بىر قىممەتلىك نەرسىسىنى سۇندۇرۇپ (ياكى يوقۇتۇپ) قويۇپمۇ ھىجىيىپ تۇرىۋەرگىنىدەك ئەخمىقانە، تۇتامسىز كۈلكە ئىدى.

ئۇ ئەنە شۇ مۇھىتتا — گوياكى شاپ، لويلا، يانتاق، ئازغانلار ئاندا - ساندا كۆكىرىپ تۇرغان قۇرغاق دالىدا ئۇسسۇزلۇققا كۈنۈك چۆل ئۆسۈملۈكلىرى قاتارىدىكى يۇلغۇندەك ئۆسكەن قىز ئىدى. ئەمما ئۇ يۇلغۇندەك چىداملىق، يىلتىزى چوڭقۇر ئەمەس، مامكاپتەك ئاجىز، ئەمما مامكاپ گۈلىدەك زوق بېغىشلىيالمايدىغان، يۆگىمەچ گۈلىدەك چۆلگە خاس رەڭدە، ئەمما يۆگىمەچتەك سۇلۇق جايلاردا ئەمەس، قۇرغاق دالىدا ئۆسكەنىدى. ئۇ چىرايلىقمۇ؟ ئۇنىڭ زىلۋالىقى — شەھەر ئاياللىرى يىللاپ «گۈزەللىك گىمناستىكىسى» ئويناپمۇ ئېرىشەلمەيدىغان زىلۋالىق، كۈن تەگمىگەن جايلىرىدىكى تېرىسىنىڭ سۈزۈكلىكىدىن

قارىغاندا گۈزەللىك ئۆلچىمىگە تولاتتى. ئەمما يۈزى گۈزەللىك پىرسەنتىنى كېمەيتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزى سوزۇنچاقراق كېسىلگەن تاختىغا سىزىلغان ياكى ئويۇلغاندەك، ياپىلاق، تۈز، تەكشى تۈيغۇ بېرەتتى. بىراق، مەڭزى كۆمەچىنىڭكىدەك قارىغا مايىل قىزارغان، بۇ قىزىرىش نورمالسىز بولغاچقا چىبەرقۇتنىڭ يوللىرىدەك سىزىقلار بىلەن بۆلۈنۈپ كەتكەن، تېگى بولسا ئاپتاپ تەسىر قىلمىغاندەك يەنىلا سۈزۈلۈپ تۇراتتى. لەۋلىرىدە بىر خىل ئەخلاقسىزلىق ماراپ تۇراتتى. گويا بۇ لەۋلەر سۆيۈشۈش ئۈچۈن كۆپ ئىشلىتىلگەندەك نەم قىزىل كۆرۈنەتتى. كۆز مۇشۇ لەۋلەرگىلا تىكىلگىنىدە كىشىنىڭ سۆيۈۋالغۇسىنى كەلتۈرەتتى. ئەمما ئۈستۈنكى لىۋىنىڭ بىر تەرىپىدە ئۇ يىلدىن- بۇ يىلغا ئۆكسۈمەيدىغان شاپاق يارىسى خۇددى رو چىۋىنىنىڭ يامپىشىدەك يېشىلغا مايىل سېرىق رەڭدە پارقىراپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇچى قىزىرىپ، بەزىدە سېرىق سۈيى ئېقىپ، بەزىدە ساقىيىدىغاندەك قەقەچ بولۇپ سويۇلۇشقا باشلايتى. سويۇلۇپ چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا تاجىرەڭلىك ئىز قالاتتى. بۇ چاغدا ئۇ خېلى خوپ ئۈزلۈشۈپ قالاتتى. بىراق، كۆپ ئۆتمەي — تاجىرەڭ يارا ئورنى باشقا يېرىنىڭ تېرىسى بىلەن ئوخشاش رەڭگە كېلىپ ئۈلگۈرمەيلا، قىزىرىپ تۇرغان جاي تاتلىق قىچىشىشقا، ئارقىدىن دومبىيىشقا، ئاندىن يارىغا ئايلىنىشقا باشلايتى.

— سىيگەندە «پوش - پوش!» دەپ سىيىمىگەنىنىڭ، كۆزۈڭگە قارىماي شاپاقتا سىيگەنىنىڭ خاپىلىقى! — دەيتى مومىسى ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ.

ئۇمۇ ئىلگىرى شۇنداقراق سەھۋەنلىك ئۆتكۈزگەن- ئۆتكۈزمىگەنلىكىگە جەزم قىلالمىسىمۇ، يەنىلا مومىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنىڭ سىيىشكە دائىر قىسمىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئېسىدە تۇتۇۋالدى ۋە ئەمەل قىلىدىغان بولدى. چۈنكى بۇ ئەيىۋى ئۇنى تولىمۇ ئازاپلايتى. بىراق، خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتسىمۇ، ئۆزگۈرۈش بولمايۋاتاتتى.

ئۇمۇ بارلىق ئاياللارغا ئوخشاش ئەڭ قاملاشقان جايلىرىنى تەبىئىي تۈيغۇسى بىلەنلا ياخشى بىلەتتى ۋە كىشىلەرگە شۇ تەرىپىنى

كۆرسۇتۇشكە، ئېۋەنلىرىنى ئىمكان بار يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان چاغلىرىدا يولدىن خەقلەر ئۆتۈپ قالسا دەرھال يانغا ياكى ئارقىسىغا بۇرۇلۇۋالاتتى. ئۇنىڭغا ئارقىسىدىن قارىغان يىگىتلەر يۈگرەپ بېرىپ قۇچاقلىۋېلىشتىن ئۆزلىرىنى ئاران تۇتۇۋالغۇدەك فىگورىسى كېلىشكەنىدى.

ئۇ كىچىك چاغلىرىدا «ئەركەك - زەدەك»رەك بولۇدىغان. ئۇ چاغلاردا يېزا بۇنچىۋالامۇ قۇرغاق ئەمەستەك ئىدى. ئۆستەڭنىڭ لاي سۈيى پات - پات كېلىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئوغۇل باللار بىلەن بىللە پات - پات كېلىدىغان لاي سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينايتتى. ھازىر ئۇنىڭ شۇ يېشىدىكى باللارغا چۆمۈلگۈدەك سۇمۇ يوق. چەكلىك مىقداردىكى سۇنىڭ تەمىنلەيدىغان دائىرىسى كېڭىيىپ، ئىچكۈچىلەرمۇ بىھەد كۆپىيىپ كەتكەنىدى.

ئۇ چاغلاردا ئۇلار كېچىلىرى تا باش توخۇ چىللىغىچە بۆك - بۆك ئويناپ، ئەگرى- بۈگرى توپىلىق كوچىلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ يۈرەتتى. ھازىر ئۇ كوچىلار يوق، يوللار، ئېتىزلار چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ تۈزلەنگەن، ئەمما، ئويۇن تاماشا قىلىدىغانلارنى ئۇچراتقىلى بولمايتى. ئەڭ كىچىكلەر ئۇلاغ باقىدۇ؛ سەل چوڭراقلىرى تېزەك تېرىدۇ، چاۋار تېرىدۇ، ئوڭ كەلتۈرەلىسە ئەترەتنىڭ جىرىملىرىنىمۇ، قوشنا- قولۇملارنىڭ جىرىملىرىنىمۇ قايرىپ قاپقا تىقىۋېرىدۇ؛ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراقلىرى ئېتىزدا ئىشلەيدۇ، ئۇلاغلارغا ئوت ئالىدۇ. ئىلگىرى يۇرتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە كەڭرى جاڭگال — قومۇشلۇق بولۇدۇغان، مال بېقىشمۇ، ئوت ئېلىشمۇ ئاسانراقتەك قىلاتتى. ھازىر بىر تۇتام ئوت تاپقىلى نە - نەلەرگە كېتىسەن، نېمە رەزىللىكلەرنى قىلمايسەن!...

سۇ كېلىدىغان يوقۇرى تەرەپتە ئىلگىرى يېزا بازىرى باردى، كېيىنچە بۇ بازار كېڭىيىپ شەھەر تۈسىگە كىرگىلى تۇرغانمىش. شۇڭا سۇنىڭ كۆپرەكى شەھەرگە باغلىنىپ، يېزىلارنىڭ نۆۋەت سۈيى بىر ئاي، بىر يېرىم ئايدا بىر ئايلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. دەسلەپ سۇ ئازلاپ كەتكەن چاغدا دىھقانلار غەۋغا قىلىپ، ھۆكۈمەتكە بارغان، ھەتتا، «شەرىڭنى كۆتەر!

بىز سۆسىز قانداق ياشايمىز؟» دەپ، بىرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ بىرمۇنچە ئادەمنىڭ بېشى يېرىلغانىكەن! شۇ جىدەلدە تۇتۇپ سولاپ قويغان ئادەملەرنىڭ ئاخىرىسى ھېلىمۇ سولاقتىكەن! بۇ غەۋغانىڭ بېشىنى «شەھەر بولسا پايدىسى كۆپ، سىلەرنىڭ باللىرىڭلاردىن بىرمۇنچىسى كادىر بولۇپ قېلىشى، ئىشچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ياخشى ئىشقا توسقۇنلۇق قىلماڭلار! كېيىن بىلىپ قالىسىلەر، پايدىسىنى كۆرگەندە، ھە، راس دەپتىكەن دەيسىلەر...» دېگەندەك سالالار بىلەن، ئاخىرىنى ھېلىقىدەك باغلاپ، سولاش بىلەن تىنچىتىپ، ئاخىرى بۇ كىچىك بازار ناھىيىنىڭ بازىرى بولۇپ يوغىنىغان ئىكەن. ھازىر بازار شۇ يەردە بولاتتى. شەھەر دېگەن قانداق بولۇدۇغاندۇ؟ بۇرۇن ئۇ ئۆي - جايلىرى مۇسادىرە قىلىنغان باي- پومىشچىكلارنىڭ قورالىرىنى كۆرگەن. بەلكىم شەھەر دېگىنى شۇنىڭغا ئوخشاش يوغان ھويلىدۇر...

ئۇ يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئىككى يىلچە ئوقۇغان، ئەمما كېيىن ئۆزىچىلا بارغىسى كەلمەي بارمىغان. ئۆيدىكىلەرمۇ زورلىمىغان ئىدى. «قىزۋالىغا نېمە ئوقۇش، ئوقۇپ ئەرش- ئەلاغا چىقامتى؟» دېيىشكەنىدى. ئۇنىڭ مەكتەپكە بارغىنىدىن كۆندە بىر سېۋەت تېزەك تەرگىنى ئۇلار ئۈچۈن پايدا ئىدى. كۆپ ئۆتمەي دادىسى ئۇنى ھېلىقى شەھەر بولغىلى تۇرغان بازارغا ئېلىپ باردى. ئەمما ئۇ شەھەر دېگەننىڭ ھەقىقىي ئەلمى- تەلمىنى بىلىپ كېتەلمىدى. ئۇنىڭ بىلگىنى پەقەت بازاردا ئادەمنىڭ كۆپلۈكى، ئوتۇن- سامان، مال- ۋاران ئېلىپ مېڭىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قىستاڭچىلىقى ۋە چاڭ - توزاننىڭ كۆپلۈكى، مال بازىرىدا تومۇز تەپتىدىن ئەدەپ كەتكەن چىللە پۇرىقى، سېسىقچىلىق... قاتارلىقلار بولدى. دادىسى ئۇنى مال بازىرىنىڭ دوقمۇشىدا ئىشەككە قاراپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى بازارلىق سودىسىنى قىلغىلى ئادەملەرنىڭ قىستاڭچىلىقى ئىچىدە يوتۇپ كەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئەمدى قايتىپ كېلەلىشىگە كۆپ ئىشەنچ قىلالماي، غېرىپسىنىپ، يىغا تۇتۇشقا باشلىدى. بۇنچە مالىمانچىلىق ئىچىدىن بۇ يەرنى تېپىپ كېلەلەمدۇ، كىشى؟!

ئۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ گەپ- سۆزلىرىدىن «كىنو كۆردۇق»، «ئويۇن كۆردۇق» دېگەنلىرىنى ئاڭلىدى ھەم تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەندە «ئويۇنخانا» بارلىقىنى پەم ئەتتى. ئۇمۇ بىر قېتىم كىنو كۆرگەن، ئاجايىپلا ئىش - تە! كەنت ئىشخانىسىنىڭ ئاقارتىلغان تېمىدا نۇرغۇن جەڭگى- جېدەللەر بولغان، گىرىلداپ تۇرىدىغان كىچىككىنە بىر نەرسىدىن چىققان نۇر تالالىرى تامدا نۇرغۇن ئادەم ۋە ئاتلارنى پەيدا قىلغان، چىراق ئۆچكەندە ھېلىقى ئادەملەر غايىپ بولغان. كىنو دېگىنى ئەنە شۇنداق بىر نەرسە. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا دادىسى قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى يۈتتۈرۈپ قويماپتۇ. خۇرجۇنىدا بازارلىق نەرسىلەر، تۇرۇپ — چامغۇر، ماتا - سەگەز، جان بېشىغا بىردىن گىردە نان دېگەندەك نەرسىلەر، قولىدا بىر شىشە كىرسىن بارىدى.

ئۇنىڭ قوسىقى ئاچقان، ئۆرە تۇرسا بېشى زىڭىلداپ، كۆز ئالدىدا — ھاۋا بوشلۇقىدا ئەينەك پارچىلىرىغا ئوخشاش بىر نېمىلەر ئۇچۇپ يۈرگەندەك بولۇپ، ئارقىدىنلا كۆزى قاراڭغۇلۇشۇپ كېتىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسسىق ئۇنى ئەزگەن، توپا- چاڭ قاش كىرپىكلىرىنى ئاقارتىۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ ئۇ دادىسىنىڭ يۈتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئاران تۇرغاندا دادىسىنىڭ پەيدا بولىشىدىن ھاسىل بولغان چۈشىنىكسىز تۇيغۇ — خوشاللىقمۇ، ئاچچىق تاپىمۇ، قېيداشمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنى ئۆمچەيتىۋەتتى. كالپۇكلىرى غەلىتە لىپىلداپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپلا كەتتى!

— قوسۇقۇڭ تازا ئاچتىغۇ، قىزىم، — دېدى دادىسى سادىدا كۆيۈمچانلىق بىلەن، — مە، بۇنى يە، — ئۇ گىردىدىن بىرنى ئۇنىڭغا بەردى.

بىر گىردە، دېمەك، ئايدا بىر - ئىككى قېتىم بولسىمۇ ھەرھالدا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىردىن- بىر دولقۇن، ئىنتىزار قىلغۇچى خوشاللىق ئىدى. ئەمما ئۇ يېيىشكە قىيمىدى.

— نېمىشقا يىمەيسەن؟

— ئۆيگە باغاندا يەيمەن، — دېدى ئۇ نەپسىنى زورغا بېسىپ، —

هازىر يەۋەتسەم ئۆيدە ھەممىسى يېگىلى تۇسا مېنىڭ كۆزەمنى قىزاتىدۇ.

ــ ۋاي، بىچارە قىزىمەي، يەۋە، ۋاي سادا قىزىمەي، بۇ سېنىڭ بازاغا كېلىپ ماڭا قارىشىپ بەگىنىڭنىڭ ھەققى. ئۆيگە باغاندا قاتادا يەنە بېرىمەن، جېنىم بالام.

ئۇ قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەي قالدى. بۇ دېمەك، بەختىنىڭ يوقۇرى چېكى بولسا كېرەك! ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكەن بىر كۈن بولۇدۇغان بولدى، مال بازىرىنىڭ سېسىقچىلىقىدىن باشقا ھېچ يەرنى بىلمەستىن يېنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ ئىككى گىردىگە ئېرىشۋاتاتتى.

شۇندىن كېيىن ئۇ بازارغا ھېرىسمەن بولۇپ قالدى. ئەمما بۇنداق بەختىيارلىق مومېنتلىرى ئانچە كۆپ بولمىدى. ئۇ ئاخىرى بۇ يېزا بازىرىنى، كېيىنكى ناھىيە بازىرىنى خېلى ئىچكىرىلەپ كۆردى. بۇ يەردە ياشايدىغانلارغا ھەۋىسى كەلدى. بولۇپمۇ قىزلار، ئاياللارنىڭ كىيىملىرى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. بۇ يەرنىڭ ئاياللىرى قېشىدىن ئۆتسىلا باشقىچە خۇشپۇراق تارقىتىدىغانلىقىنى ھىس قىلدى.

دىققەتنى تارتمايدىغان بۇ «گۈل»، دىققەتنى تارتمايدىغان قۇرغاق دالا ئۆسۈملۈكلىرى ئارىسىدا ئاستا ـ ئاستا ئۆسمەكتىدى.

يېزىنىڭ جاڭگال تەرىپىدە دەسلەپ باغچا مەيدان دەيدىغان بىر قورۇق پەيدا بولۇپ، مال باقىدىغان يەرنىڭ تايىنىنى قويمىغانىدى، ئۇ چاغدىمۇ دېھقانلار غەلۋە قىلىپ، «مال باقىدىغان يېرىمىزنى قاشا چۆرىۋالساڭلا مېلىمىز نەدە ئوتلايدۇ؟...» دەپ جېدەل تېرىشقانىدى، ئۇلارغا، جاڭگالدا باغ بىنا بولسا ياخشى ئەمەسمۇ، مۇشۇلىرىدىن بەھرىمەن بولۇسىلەر، كېرەك بولسا ئوتنى شۇ باغدىن ئالىسىلەر، قۇمۇشلۇق جاڭگالنىڭ ئوتىدىن بۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ دېيىشىپ، سىلىق گەپلەرنى قىلىشىپ، يامانراق گەدەنكەشلىك قىلىمەن دېگەنلەرگە بۇرۇنقى سۇ جېدىلىدە سولانغانلار ئەسلىتىلىپ، جىمىقتۇرۇلدى. بۇ قېتىممۇ بىر ئىككىسىنى باغلاپ كېتىشتى دېيىشكەندەكمۇ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش روياپقا چىققانىدى. مال باقىدىغانلارغا تەسچىلىك بولۇشقا

باشلىدى: قاشا سىرتىدىكى جاڭگال تارلىشىپ كەتكەن بولغاچقا ھە دېگەندىلا مال- ۋاران قاشانىڭ ئۆرۈلگەن يەرلىرىدىن باغ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن مالنى سولۇۋېلىپ بېرىشمەيتى. بۇزىۋەتكەن زىرائەت ياكى ئورماننى تۆلەپ بېرىسەن دەپ خاپىلىق قىلاتتى. ھەركۈنى دېگۈدەك بىر ئىككى دېھقاننىڭ بېشىدا بۇ دەدىسەر بولۇپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جاڭگالنىڭ تېخىمۇ نېرىسىدا — قاشالىق باغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر نېمىلەر پەيدا بولدى. دەسلەپكى كۈنلىرى شەھەر تەرەپتىن يېزىنىڭ يولى بىلەن يوغان- يوغان يۈك ماشىنىلىرى قوپال- قوپال بىر نېمىلەرنى يۈكلەپ ئۆتۈشكەندى؛ ئانچە تولا ماشىنا كۆرمىگەن يېزا خەلقى ئۇنى كۆرىمىز دەپ ئۆيلىرىدىن يۈگرۈشۈپ چىقىپ يول بويىغا تىقىلىشقان، ھەتتا تورۇۋاتقان چاڭ - توزاڭ كۆز ئاچقۇزمايۋاتقىنى بىلەنمۇ كارى بولمىغانىدى. مانا شۇنداق توشۇش بىرنەچچە كۈن داۋام قىلدى- دە، جىمىپ قېلىشتى. ئاندىن جاڭگال تەرەپتىن بىر گۈرۈلدەش يەر تېگىدە ئاڭلىنىپ تۇرۇدۇغان، كېچىلىرى چىراقلىرى يۇلتۇزدەك پارقىراپ ئاسمانغا ئۇلىشىپ كېتىدىغان بولدى. بۇنى بورىۋايكەن، ماي كولايمىش دېيىشتى. بۇ بورىۋاي دېگەنگىمۇ سۇ لازىم بولۇدۇغان نېمىكەن. يەتمەيۋاتقان سۇنىڭ بىر قىسمى شۇ يەرگە باشلاندى.

دەسلەپ دالىغا سۇ باشلانغاندا دېھقانلار سۇنىڭ ئاز قالغىنىدىن تېشىغا چىقىرالماي غۇدىرىغان، پەقەت يېزا كادىرلىرى باشلاڭلا دېگەچكىلا باشلىغان، نېمە ئىش بوپ كېتىۋاتىدۇ، چۈشەنمىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ناھىيە بازىرىدا ئوقۇيدىغان باللىرىدىن بىر نەچچىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ يېزا كادىرلىرى بىلەن قىزىرىشىپ ئۇرۇشقان دېھقانلارنىمۇ دەي- دەيگە سېلىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشكەندى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى سەل- پەل چۈشىنىپ، ئۇلارمۇ نارازىلىق بىلدۈرۈشكەندى. يېزا كادىرلىرىنىڭ «خىزمەت ئىشلەپ» چۈشەندۈرۈپ، «ماي كولاپ ئېلىنسا پايدىسىنىڭ كۆپلۈكى، دېھقانلارنىڭ باي بولۇدۇغانلىقى،...» توغرىسىدىكى ۋەزلىرىنى ئاڭلاشنىمۇ خالاشمىدى. ھەتتا يېزا يولى

بىلەن ماڭىدىغان ماشىنىلىرىنىمۇ توسسۇپلىشتى. چوڭلار ياشلارغا ھاي بېرىپ، «ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەيۋاتىسىلە، ھۆكۈمەت بىلەن تەڭ بولماڭلا...» دېگەندەك نەسىھەتلەرنى قىلىشتى. چۈنكى چوڭلار بۇنداق ئىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشكەچكە خېلى ئەقىللىق بولۇپ قېلىشقانىدى. بىراق ياشلار غەۋغا قىلىۋېرىپ، ئاخىرى يەنە چاتاق تېرىلدى. بازاردا ئوقۇيدىغان باللار مەكتەپتىن ھەيدىلىپ، ئەتىرەتكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئۇلارنى نازارەتتە ئىشلىتىش تەلەپ قىلىندى. قالغان دېھقان ياشلارنىڭ بەزىلىرىنى ھەيدەپ ئەكەتتى؛ بەزىلىرىنى رىجىمغا تاپشۇردى. مانا شۇنداق قىلىپ جاڭگالدىن بىرخىل رىتىمدا ئاڭلىنىدىغان گۈرۈلدەش ئىزغا چۈشۈپ قالدى. ئەمدى ئۈيقۇ كەلمىگەن كېچىلىرى شۇ گۈرۈلدەشكە قۇلاق سالسا مۇڭلۇق ئەللەيدەك تۇيۇلۇپ، كۆپ ئۆتمەيلا ئۇخلاپ قالاتتى.

ئۇنىڭ موميسى توقسان ياشلاردىن ئاشقان بولسىمۇ بەكلا تېمەن ئىدى. ئەتىدىن كەچكىچە دەرۋازا ئالدىدىكى كىچىك سۇپىدا ياكى كوچا بويىدىكى قىغ دۆۋىسىدە ئولتۇراتتى. ئۆتكەن- كەچكەنلەرنىڭ سالىمىغا ئۈزۈندىن- ئۈزۈنغا جاۋاپ بېرىپ، سالام قىلمىغانلارنى ئەيپلەپ غۇدراپ كۈنى ئۆتەتتى. نەۋرىسىنىڭ باللىرىنى بېقىشمۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدى. ئۇ ھويلىسىنى، ئىشىك ئالدىدىكى توپا تورۇپ تۇرىدىغان يولنىلا كۆرۈپ، كوچىدىن ھويلىغا كىرگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتىلا قاتناپ پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ نېمە ئارزۇغا باغلىنىپ، قايسى ئۈمىد ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلىش تەس ئىدى. ئۇ ھەتتا بازارغىمۇ بېرىپ باقمىغان، شۇنداق بولسىمۇ توقسان يىللىق «قۇلاق موللىسى»لىقى خاسىيىتىدە بازارنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدىغاندەكلا گەپكە لوقما سېلىپ كوتۇلداپ تۇراتتى. نەرقى - ناۋالارنى ئۇقۇشۇپ، گەپ تالىشىپ كېتەتتى.

*

***

مەھەللىدە تۇيۇق. تۆكۈن بولۇپ قالسا چىقىرىلىدىغان قىز ياكى يىگىت كېلىنگەن كېلىنگە قىزلارنىڭ ھەممىسى ھەۋەسلىنىپ قارىشاتتى. بىكار بولۇشسىلا تويى بولغۇچى ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىشىپ نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇشاتتى، بىر بۇلۇڭغا تىقىلىشىپ كوتۇلدىشاتتى. ئۇ ھەم ئون ئىككى ياشلىرىدىن باشلاپلا بۇنداق قىزىق سورۇنلارنىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ياشتىكى قىزلار تويى بولغان قىزغا ھەيرانلىق ئىلكىدە بېقىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نېمىلەر ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئارزۇسىدا سىنچىلايتى. ئەپسۇسكى، تويى بولغۇچىلارنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا بولۇشى، بەلكى سەل پەل چىرايلىقلىشىپ (يېڭى كىيىملەر بىلەن)، سىلىقلىشىپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ ھەيران قالاتتى. دېمەك، توي قىلىش ئاجايىپ ياخشى ئىش بولسا كېرەك، ھەم بىر مۇنچە ياخشى كىيىملەرگە ئىگە بولۇدۇغان، ھەم ئالىلىقانداق بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈدۇغان گەپكەن... دېگەنلەرنى ئويلاپ، چاپسانراق چوڭ بولۇشقا ئالدىرايتى. رېسىدە بولغان، ئەمما ھېلىغىچە خېرىدارنىڭ تايىنى بولماي ئىچى پۇشۇپ يۈرگەنلەر يېڭى كېلىنگە تېخىمۇ ھەۋەس ھەم ھەسەت ئارىلاش يوپۇشۇپ، ئۇنى تۈرلۈك تېمىلاردا گەپكە سالاتتى. راستىنى ئېيتقاندا بۇ گەپلەرنى ئەخلاق چېكىدىن چىقىپ كەتكەن گەپلەر دېيىشكە بولاتتى. ئومۇمەن ئەرگە تېگىشنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ مەخپىي مەزمۇنلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشەتتى. بەزى شوخراق كېلىنلەر ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ راسا كۆپتۈرۈپ، دۇنيانىڭ بىردىن. بىر خوشاللىقى، «جاھاننىڭ مۇرادى» قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرەتتى.

يېزا مۇھىتىدا بۇنىڭدىن ئارتۇقراق كۆڭۈللۈك ئىش بولمىغاچقا ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۈيۈلۈپ تۇرسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاللىقانداق ئىچكى كۈچنىڭ ئۈندىشى بىلەن مۇشۇ كىچىككىنە روھى لەززەتنى قوغلۇشۇپ «تاپتىن چىققان» گەپلەرنى كوچىلايتى. نارىسىدىلەر كىچىك تۇرۇپلا بۇنداق «قۇلاقتىن قېرىش» تەسىرىدىن پاتلا «جىگدە پۈراپ»، مەستانە خىيال بولۇشقا باشلايتى.

ھېكايىمىزنىڭ قەھرىمانى ئەنە شۇنداق مۇھىت ئىچىدە بولغاچقا ئون بەش ياشتىن ئۆتكەندىلا كېچىلىرى ئۇنى- بۇنى خىيال قىلىشقا باشلىدى. كەچقۇرۇن قاپنى كۆتۈرۈپ ئوتقا چىقىشقا ئالدىرايدىغان، جىگدىلىكلەردە، قوناقلىقلاردا ئوغۇللار بىلەن بىر دەم ھەزىل- چاخچاقلار قىلىشۋالسا خۇددى بەڭگى بىر تال تاماكا چېكىۋېلىپ خۇماردىن چىقىپ، يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش «خۇماردىن» چىقىۋالىدىغان، يەنە مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە شۇنى «خۇماردايدىغان» بولۇپ قالدى. ھەزىل- چاخچاقلارنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بەزىدە يىگىتلەرنىڭ قىلىقسىزلىقى — زورلاپ سۆيۈۋېلىشى بىلەن نەتىجىلىنەتتى. بۇنداق چاغدا قىزلار سۇنئىي غەزەپ بىلەن تىللاپ، خۇمارى تولۇق يېشىلگەن ھالدا كېتەتتى. تىللاشنىڭ سۇنئىيلىكى ئەتىسى كەچتىكى مۇئامىلىسىدىنلا بىلىنىپ قالاتتى: ئۇلار شۇ «قىلىقسىز»غا تېخىمۇ يېقىن بولۇپ قالاتتى. بۇنداق نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشمىغان چاخچاقلارنىڭ قانداقتۇر بىر يېرى يېتىشمەيۋاتقاندەك، ئاللىقانداق بىر يېرى چالا قېلىۋاتقاندەك، خۇددى بۇلاق سۈيى كۆتۈرۈلۈپ، كۆتۈرۈلۈپ، ئازلا قالغاندا تاشالماي، يەنە پەسلەپ كەتكەندەك؛ بەڭگى بوشراق تاماكا چېكىپ قالغان، خۇماردىغان يەرلىرىگە تازا تەگمىگەندەك بىر تۇيغۇ ئىچىنى سىقاتتى. قىزلار ئۆزلىرىدىكى يوشۇرۇن ئىستەكنى ھىس قىلالايدىغان شوخ يىگىتلەرنى ياقتۇراتتى. ئۇلار ئەنە شۇ يوشۇرۇن تاما بىلەن راسا چېقىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن قۇرۇق پەش قىلىپ قېچىپ، يىگىتلەرنىڭ «مەجبۇرى ھەرىكەت قوللىنىش»ىنى تاما قىلىۋاتقاندا ئەگەر يىگىتلەر نازنى چۈشەنمەي، «قىلىقسىزلىق»قا جۈرئەتلىنەلمىسە ئۇنىڭغا غەزەپ ۋە تەنە بىلەن ھۇجۇم قىلىپ: «ھېجىقىز! ماز!» دەپ تىللىغىنىچە قېچىپ كېتەتتى.

كەچلىرى مەھەللىدە يول بويىدىكى دەرەخلەر ئارىسىدا قاملاشمىغان پىچىرلىشىشلار بىلەن خېلى ئۇزاق ئاۋارە بولاتتى. ئاندىن مومىسىنىڭ قارغىش ئارىلاش چاقىرىشلىرى بىلەن قىيماسلىق ئىلكىدە ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى. كەچتە يەنە خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي

جىگدىلىكتە، قوناقلىقتا، كوچىدا بولغان ئىشلارنى خىيالىدا تەكرارلاپ چىقاتتى. ياز كۈنلىرى ھەرھالدا يامان ئەمەس، ھويلىدا ياتقاچقا يۇلتۇزلار ئالىمىگە قاراپ بەكمۇ ياخشى خىياللارنى قىلغىلى بولاتتى. كېيىنكى چاغلاردا جاڭگال تەرەپتە پەيدا بولغان بورىۋاي ئۈيقۇسىز كېچىلەرگە يەنە بىر ئەمەك بولۇپ قالدى. يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك رېتىملىق گۈرۈلدەش خۇددى مۈڭلۈق ئەللەيدەك ئۇخلۇتۇپ قوياتتى.

ئۈنىڭ كۆپرەك ئويلايدىغىنى تام قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئادەم ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيالغا ھەممىدىن كۆپ ۋاقت سەرپ قىلامدۇ ـ قانداق، ئۇمۇ مۇشۇ ھەقتە كۆپ ئاۋارە بولاتتى.

قوشنىسىنىڭ ئوغلى دەسلەپ يېزىدا ئوقۇيدىغان چاغلىرىدا ئۈنىڭغا قىزلار ئانچە نەزەر سالمايدىغان، جىگدىلىكلەردە غازاڭ سىرىغىچىمۇ ئۈنىڭ كۆزىچىلا باشقا ئوغۇللار بىلەن قىچىقلىشىپ يۈرۈشۈپ، ئۈنى شاڭخو قىلىشىدىغان. كېيىن ئۇ يېزا بازىرىدا ئاندىن شەھەر مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان بولدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ شەھەردە يېتىپ ـ قوپۇپ ئوقۇسا كېرەك، مەھەللىدە ئاز كۆرۈنىدىغان بولدى. قوشنا قىز ـ يىگىت بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقاندا (قىز ئىلگىرى ئۈنىڭغا ئانچە دىققەت قىلمىغان) قىز ئۈنىڭ تۇرقىغا ھەيران قالدى. يىگىت كىچىككىنە بۇرۇت قويۇۋالغان بولۇپ، ئۆزىگە شۇنچە يارىشاتتى. تۇرقىمۇ بەك پاكىز، سالاپەتلىك ئىدى. ئۇ يىگىتكە ئازراق ھەسەت قىلغاندەك قىلىسىمۇ چىرايلىق لەۋلىرىنى كۆلۈمسىرىتىپ پىچىرلاپقىنا سالام قىلدى. بىراق، دەرھاللا يولىغا راۋان بولدى. بەختىگە يارىشا دەل شۇ مەزگىلدە ئۈنىڭ ئاستىنقى لىۋىدىكى شاپاق يارىسى ساقىيىپ، ئورنىدا تاجىرەڭ قىزىللىق قالغان ئىكەن.

— ھوي، سەنمۇ بۇ؟ چىرايلىق چوڭ بوپسەن جۇمۇ، — دېدى يىگىت شەھەرلىكلەرگە خاس مەدەنى تەلەپپۇزدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ.

ئىككى قەدەم يىراقلىشىپ بولغان قىز ئارقىسىغا يەنە بىر قاراپ قويدى ۋە تېخىمۇ ھودۇققان ھالدا يىراقلىشىپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن مانا شۇنداق خىيال ئۈنىڭ ھەمراسى بولۇپ قالدى.

ئۇ يىگىتنىڭ ئاجايىپ تەلەپپۇزىدىن ئۆزىنى ياراتمايدىغانلىقىنى، پەقەت بىر كىچىك قىزچاق، قوشنامىنىڭ قىزى، سىڭلىمدەك، ...دەپ قارايدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ، تولۇمۇ ئەلەم چەكتى. دىمىسىمۇ ئۇلار تۆت ياشچە پەرقلىنەتتى. ئادەت بويىچە(فىزىئولوگىيە نۇقتىسىدىن دىسەكمۇ بولار) قىز تېخى ھىسسىيات ئويغۇنۇش دەۋرىگە قەدەم باسمىغان نارەسىدە بالا بولۇشى كېرەك ئىدى. يىگىت شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆڭۈلىسىرىشىنى چۈشەنمىگەنىدى.

بۇ كەنتتە شەھەردە ئوقۇيدىغان يەنە بىر قىزمۇ باردى. ئۇمۇ سازلىقتىن قومۇش ئورۇش، مالنىڭ ئايىغىدا ــ ئېغىلدا يۇرۇشتىن ئازات بولۇپلا بۆلەكچە سىلىقلىشىپ كەتكەنىدى. شەھەردە ئوقۇش ۋە يەنە شۇ ياقتا ئادەمگە يۇقۇپ قالىدىغان ئاللىنىمە ئادەمنى باشقىچە قىلىپ قويامدۇ قانداق، ئۇنىڭ كىيىملىرى ئۆزىگە خوپ يارىشاتتى. ھىچ يېرىدە ئارتۇقچە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ياكى پۈرۈكلەر يوق، ئۆلچەپ قۇيغاندەكلا جىپىس كەلگەن. يىڭى تويى بولغان قىزلار كەنتتە كىيىمدە ئەڭ باي ھىساپلىنىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كىيىمى ناباپ تىكىلەمدۇ ياكى سەھرالىق دىگەننىڭ بىر يىرى بولمىسا بىر يىرى چىنىپ تۇرمىسا ئۇنىمامدۇ، ئەيتاۋۇر قانداقتۇر بىر يەرلىرى ئارتۇقتەك، دىۋانىنىڭ جەندىسىدەك ساڭگىل ـ سۇڭگۇل كۆرۈنەتتى. بۇ كىيىمدە قىزلار چاڭچىلىگىلا ئوخشاپ قالاتتى.

دىمەك، ئوقۇش دىگەن ئوبدان نىمە ئوخشايدۇ، ئادەم بالىسىغا يارىشىدىكەن. بىراق، باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەنلەردىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە بارغانلارنىڭ سانى بەك ئاز بولاتتى. ئەيتاۋۇر «سان» يوق بولغاچقا كۆپ سانلىقى ئۆيگە قايتاتتى. ئۇ يەردىن ناھىيە بازىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلار تېخىمۇ ئاز، يوق ھىساپتىلا بولاتتى. بۇنىڭغىمۇ يەنە شۇ «سان» ئاز بولغانلىقى سەۋەپ بولارمىش. ئۇ سان دىگىنى ئەجەپ ئاز بولۇدۇغان نىمىكەن- دە! بۇ يېزىدىن شەھەردە كادىر ياكى ئىشچى بولغانلارمۇ يوق ئىدى. ئىلگىرى خېلى كۆپ ئادەم ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ ئۇقۇيتى، كېيىن بۇرىۋاي خاپىلىقىدا بىر قانچىسى

مەكتەپتىن ھەيدەلگەندىن كېيىن ئازلاپ كەتتى. بۇنىڭغا يېزا كادىرلىرى بىلەن كەنت كادىرلىرى قوشۇلمايدىكەن دېگەن گەپلەرمۇ بار، قانداقتۇر ئوقۇغان ئادەم شۇنداق گەدەنكەش بولۇدۇغان بولسا، ماڭا ئۇنىدىغىنىڭ كېرىكى يوق، دېگەنىمىش، بىر ھىساپتا ئۇنىڭ دېگىنىمۇ راستەك قىلىدۇ، ئىلگىرىكى ھەم كېيىنكى جېدەل قىلىپ سولۇنۇپ قالغانلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ يەردە ئوقۇمۇشلۇق ھىساپلىنىدىغان ئادەملەر ئىدى. شۇنچىلىك ئىشنىڭ پايدا- زىيىنىنى ئايرىغۇچىلىكى بولمىغان ئۇ نېمىلەرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق بولغىنى قۇرۇسۇن!...

ئۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ بىر تاغدىن بىر باغدىن خىيال قىلاتتى. دەممۇ- دەم ئۇيان- بۇيانغا ئۆرۈلەتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ نىمىشكە ئوقۇيالمىغىنىغا، مەكتەپتىن نېمىشكە كۆڭۈلسىزلىنىپ كەتكىنىگە چۈشىنەلمەي، ئۆكۈنۈچ ئارىلاش ئويلاپ كەتتى.

ئارقىدىن ئۇ تام قوشنا يىگىتنى خىيال قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ رومانتىك تەسەۋۋۇرىدا ئىككىسىنىڭ يۇلتۇزلىرى قوشۇلدى. ئۇ كەلگۈسىنى — ئىككىسىنىڭ كەلگۈسىنى سىزىپ چىقتى: يىگىت ئوقۇپ كېلىپ كەنت باشلىقلىقىنى تارتىۋالسا، دەپ ئويلىدى ئۇ، ئەڭ دەسلەپ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە كەنت باشلىقىدىنمۇ كۈچلۈكرەك ئەرباپ، كىرىمى ياخشى ئوقەت يوقىدى. كەنت باشلىقى قۇلاق كەستىلەرنى ھاشارغا ھەيدىۋېتىپ، ھەمتاۋاقلىرى بىلەن مەشرەپ قىزىتىپ، كېچە- كېچىلەپ گۆش يەپ چىقاتتى. قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، قۇتقۇزۇش پۇلى، ئىشقىلىپ كەنتكە نېمىلا كەلسە توم بېشى شۇنىڭ بولاتتى. ھەتتا «بەش كاپالەت ئائىلە» گۇۋاھنامىسىنىمۇ ئېلىۋېلىشقان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ خەير- سەدىقىلىرىنىمۇ قولىدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىۋالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن يوللار بىلەن كىرىمىنى كۆپەيتىشكە ئېپى بار ئىدى. مەسىلەن: يېزىدىن شەھەرگە مەدىكار ئىشلەشكە كېتىدىغانلار بولاتتى ياكى شارائىتى ياخشىراق باشقا يېزىلارغا مەدىكارچىلىق قىلىپ ئاز - تولا پۇل تېپىپ كېلىشكە كەتكەنلەر نەچچە ئايلاپ ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئىشلەپ تۆرت تەڭگە پۇل

تېپىــــپ كەلســــە، ئۇلارغـــا جەرىمــــانە قويـــاتتى: ئۆســـتەڭ ھاشاســـىغا قاتناشمىغىنىڭ ئۇچۇن مۇنچە پۇل ئەمگەك ھەققى؛ يەرنى سالالاشتۇرۇش ھاشاســـىغا قاتناشـــمىغىنىڭ ئۇچـــۇن مـــۇنچە پـــۇل؛ يـــول ھاشاســـىغا قاتناشمىغىنىڭ ئۇچۇن مۇنچە پۇل ئەمگەك ھەققى،... دەپ ئېلىنىۋېرەتتى. ھېچكىـم غىـڭ قىلالمـايتى. غىـڭ قىلىـدىغان بولسـا، سـەن زادى مۇشـۇ كەنتنىـڭ ئەزاسىمۇ ـ يـوق؟ سـېنىڭ مـاۋۇ ـ مـاۋۇ مەجبۇرىيىتىـڭ بـارمۇ- يوق؟ يىلدا يۈز كۈن ھەقسىز ئەمگەككە قاتنىشىش مەجبۇرىيىتىڭ بارمۇ ـ يوق؟ ئەلۋەتتە بـار! ھە، يەنە نېمە؟ پۇل تۆلىشـىڭ كېـرەكمىكەن قانـداق؟ مانا شـۇنداق، تـوپ- تـوغرا ئىـدى. بولمىسـا باشـقا كەنـتكە كـۆچ، مېنىڭمـۇ سەن بىلەن چاتىقىم يوق، پۇل تاپقىلى بارامسە، ئاسماننى ئۆرۈۋېتەمسە، ئىشىم بولمايدۇ! تـوغرا گەپكە كىـم بىـر نېمە دېيەلەيدۇ؟ غىـڭ ـ پىـڭ قىلماي بېرىشكە مەجبۇرسەن...

ئەمـــدى ئـــۇ يىگىتنىـــڭ كەنـــت باشـــلىقى بولغانـــدىن كېيىنكـــى ئىشلىرىنى رەتكە تىزغىلى تۇردى: ئالدى بىلەن ئۇچ ـ تۆرت ئېغىز ئۆي سالساق، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ، ــ ئۆيىمىز گەژخا، ۋاسا جۇپ بولسا، پىشايۋىنىمىز بولسا، پىشايۋانغا تال بارىگى ئارتىلىپ، ياز كۈنى ھويلا سايە- سالقىن بولسا، ئېغىلىمىزدا تۆرت قوي، بىر كالىمىز بولسا، ھەر كۈنى قېتىق ئىچىپ تۇرساق،... ــ باي بولغاننىڭ بەلگىسى سۇپىتىدە ئۆي يېڭىلاشمۇ بۇ يەردىكى ئادەت ئىدى. داۋراڭ سېلىنىپ باي بولۇپ كەتتى دېيىلىۋاتقانلار ئەمەلىيەتتە تولىمۇ ئاز بولغاننىڭ ئۈستىگە، ئۆينى يېڭىلاشقا ئالدىراپ كېتىپ ھەممە دەسمايىسىغا بىر ئۆينى يېڭىلاش بىلەنلا دەسمايىسى غالتەككە چىقاتتى- دە، ئوخشاشلا زاغرا غاجاپ، ئوماچ ئىچىپ، «... داۋزا يوغان بىر نان يوق» دېگەندەك ۋەزىيەتكە قالاتتى.

ئۇ تۇيۇقسىزلا بىر ئىشقا ھەيران قالدى: بۇ يەردە ھەممەيلەن سۇپىغا پالاز ياكى يۇڭى ئۇچۇپ تۇرىدىغان كىگىز سالاتتى. ئۇمۇ تېخى ھەممە ئۆيدە، ھەممە سۇپىغا يەتكۈدەك بولمايتى. يوتقان دېگەن نەرسىنىڭ تايىنى بولمايتى. تون چاپاننى يېپىنىپ، كىگىز ئۈستىدىلا تۈگۈلۈپ يېتىشاتتى. ئۆينى يامان ئەمەس سالغان، ئېتىغا «بېيىغان ئائىلە»لەرمۇ

ئەنە شۇنداق، بىر كىيىمى ئۆگۈلۈپ، تۈزۈپ كەتكەندىلا ئىككىنچىسىنى كىيىشەتتى. كىر يۇيۇش بولمايتى. بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ يەڭگۈشلەيدىغان كىيىمى بولمايتى. كىر، تەر دەستىدىن دۈمبىسىدە «خەرىتە» ھاسىل بولاتتى. ياغلىشىپ كەتكەن قولياغلىقتا نەچچە مىڭ سومنى تۈگۈپ يۈرگەنلەرمۇ مېھمەت مۇسىنىڭ مىغىزىنى قانداق چىقىشىنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. تامىقى يەنىلا يوبدان، ئوماچ، زاغرا...

بىراق، قوشنا ئۆيلۈكنىڭ بالىسى شەھەردە ئوقۇشۇدى، ئۇلار ئانچە باي بولمىسىمۇ، شۇنچە پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ كېتىۋاتاتتى...

ئۇنىڭ خىيالى يەنە چېچىلىپ، ماۋزۇدىن چەتنەپ كەتتى، ئاخىرى چۈش بىلەن خىيال بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

*

**

تاڭ سەھەردە ئۇ مومىسىنىڭ كالتە يۆتىلىنى، ئاندىن ھاۋانىڭ ئۇزايى ھەققىدىكى پەرەز ـ باھالىرىنى ئۇيقۇلۇق ھالەتتە غۇۋا ئاڭلايتى ـ دە، يۇرىكى سىقىراشقا باشلايتى، ئورنىدىن تۇرۇش توغرىسىدىكى ئالدىن بېرىلگەن بۇ سىگنال ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىمسىز ئاڭلىناتتى.

ــ كەچ يېتىپ سەھەر قوپقاننىڭ خاسىيىتى كۆپ، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غاپىل بولغان يامان، ــ دەيتى ئۇ ئاۋال ئۆز ئۆزىگە دەۋاتقاندەك، بۇ يەنە نەۋرىلىرىنى ئويغۇتۇشقا ئالدىن كۆرسىتۈلگەن سەۋەپتەكمۇ قىلاتتى. چۈنكى ئارقىدىنلا، ــ گۈلئايشەمخان، قوپە ئويناڭدىن، قىزۋالا دېگەن كۈن چۈش بولغىچە ياتسا ئە(ر)نىڭ نېنىنى يېيەلمەيدۇ، ــ دەيتى. ئاندىن داۋاملاشتۇرۇپ باشقا نەۋرىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىشقا باشلايتى.

بىراق، گۈلئايشەمنىڭ زادىلا تۇرغۇسى كەلمەيتى، مومىسىنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلمىسىمۇ بولاتتى. لېكىن، ئانىسى ئۇنداق سىلاپ ـ سىپاپ ئايلاپ ئولتۇرماستىن، گەپنىڭ سىپسىقىنى قىلىپ

سىلكىشلەيتى:

— تۇرە ئورنۇڭدىن، شەقىقە! سېسىق ئوسۇرۇپ يېتىۋېرەمتىڭ، گەپ قىلمىسا؟ بىكا نان! قوپ، ئوتقا ماڭ!

— ئۇ شۇندىلا مەست ئادەمدەك ئەلەڭلەپ قوپۇپ، كۆينىكىنىڭ ئوڭ تەتۈرىنى تاپالماي بىر ھازا ھاڭۋېقىپ، ئىشتىنىنىڭ ئالدى- كەينىنى پەملىيەلمەي ئۆرۈپ- چۆرۈپ كېيىنىشكە باشلايتى. ئۇ تەرەتكە چىقىپ تېخى ئاخىرقى يۇلتۇزلارنىڭ تارقاپ بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ غۇدرايتى:

— يېرىم كېچىدە، ئادەمنى...

ئۇ يۈزىنى يۇيۇپ، بىر بۇردا زاغرىنى چاينىغاچ قاپ بىلەن ئويىغۇچنى كۆتۈرۈپ يولغا چىققاندا ئاندىن ئاخىرقى يۇلتۇزلار ئۆچەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئانىسى ئارقىسىدىن نارازى كوتۇلداپ قالاتتى:

— ھېلىلا قاپنى پاخپارتىپ يېنىپ كەلمەي، چىڭ تىقىپ، راۋرۇس توشقۇزاپ كەل! بۇ ئۆيدە مەنلا نان يېمەيمەن! ھەقاسىڭنىڭمۇ بىر كىشىلىك زۇۋانى بار! نېنىڭغا چۈشلۇق ئىشلەش! سەن نېمىلىگە «كامىنا»[1] بولماي قالدى- دە، بومىسا كۆرىشتىڭ، ئەتتىگەندىمۇ، ئاخشامدىمۇ «دولقۇن» دەپ ھەيدەپ، كۈندۈزى كەچكىچە قاپ يۈتتۈرۈپ قوڭاڭلىنى يە ژىلداتماي جۇغۇتۇپ... — ئۇ تاكى ھەممە بالىلىرى ئۆز «ئوقەت»لىرىگە مېڭىپ بولغىچە كوتۇلداپ قالاتتى.

گۈلئايشەم زىرائەتلەر ئارىسىدىكى تار ھارۋا يولى بىلەن قولىدىكى زاغرىنى غاجىلىغاچ كېتىۋاتقاندىلا ئاندىن ئۇيقۇسى تولۇق ئېچىلاتتى. سەھەرنىڭ نەمخۇش سوغۇق ھاۋاسى ئۇيقۇلۇق ھالىتىنى قوغلىۋېتىپ يېنىكلىك ۋە راھەت بېغىشلىدى. زىرائەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس پۇراقلىرى، ئاللىقاياقتىن كېلىۋاتقان چىلە پۇرىقى، پاكار- پاكار يېزا ئۆيلىرىنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان تېزەك دۈتى ئارىلىشىپ يېزا ئاتموسفىراسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇنىڭ كەڭ ئەمما كالتىراق

[1] كامىنا — كومۇنا سۆزىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى، بۇ يەردە ئوپچى ئىشلەيدىغان زامانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، — ئا.

چوڭ گۈللۈك شەمبىزە ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرىدىن مەيىن سالقىن ئۆرۈلۈپ ئۆنى تامامەن تېتىكلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا ئۇ قولىدىكى زاغرىنى يەپ تۈگەتكەن بولۇپ، كوچا ناخشىلىرىنى غىڭشىغاچ تار ھارۋا يولىدىن قۇرغاق زەيكەشكە چۈشتى. بۇ يەرلەر قاچانلاردۇر بىنام بولغان ئۈنۈمسىز يەرلەر ئىدى. ئەتراپ زەيلىشىپ قارىداپ ياتاتتى. بۇ زەيكەش شۇ چاغلارنىڭ شاھىدى بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. ئەتراپ قۇرغاقلىشىپ، سىزغۇدەك زەي سۇ قالمىغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭدىن يول ئورنىدا پايدىلىنىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ «يول» زىرائەتنىڭ قىرلىرىدا ماڭغاندىن ھەرھالدا ئازادىرەك ئىدى. زەيكەشنىڭ ئاستىدا ئىنتايىن تار چىغىر يول ھاسىل بولغان، چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە يوپۇرماقسىز ئىتسىيگەكلەر[1] زىچچىدە ئۈنۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىن ماڭغۇچىلارنىڭ پاقالچاقلىرىغا تېگىپ، يېشىل ئىزنا قالدۇرۇپ تۇراتتى.

زەيكەشنىڭ ئاخىرى ئەترەتنىڭ ئورمانلىقىغا تۇتىشاتتى. بۇ ئورمانلىق دەپ كەتكۈدەك قاراڭغۇ سايە تاشلاپ تۇرغان سەيلىگە لايىق ماكان ئەمەس، ئۆسەلمەي قېرىپ قالغان پاخماق قاغا جىگدىلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەسلىدە شورلۇقنى ئۆزگەرتىپ يەر قىلىش مەخسىدىدە ئەھيا قىلىنغان، يىل بويى شورلۇقنىڭ تەبئىي نەملىكى بىلەنلا ياشايدىغان، ئەتەيلەپ سۇغۇرۇلمايدىغان ئورمان ئىدى. كېيىنچە سۇنىڭ ھەرخىل تەرەققىيات مەھسۇلى بولغان مۇئەسسەسەلەرگە بۆلۈنۈپ ئاز قېلىشى تۈپەيلى، يەر قىلىش پىلانى ئەمەلدىن قېلىپ، «ئەترەتنىڭ ئورمىنى» بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئورمان ئۇ قەدەر نامرات چىراي، يېغىلىقتىن كېيىنكى ۋەيرانە يۇرتتەك بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئەھۋالدىكى بۇ يېزا خەلقى ئۈچۈن خۇددى سۈتلۈك، بىراق ئورۇق ئىنەكتەك بېقىش تاپمىغان، ئەمما ساغسا تۈگىمەيدىغان، تىرىكچىلىكنىڭ مەنبەسىدەك قىلاتتى. ئۆلارنىڭ بارلىق قوشۇمچە

[1] يوپۇرماقسىز ئىت سىگەك — بىر يىللىق سامان غوللۇق شورلۇق ئۆسۈملۈكى، تىگىپ كەتسىلا سۈيى چىقىدىغان سۇلۇق، سۈيى شورتاڭ، — ئا.

تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى مۇشۇ يەردە قايىنايتتى. ئوت ئالىدىغانلار، ئوتۇن تېرىدىغانلار، ئۇلاغ باقىدىغانلار، تېزەك تېرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرنى ھەركۈنى سەھەردە ۋە كەچتە «ئاۋات» قىلىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ يەر ئىگىسىز جاڭگالغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ دېھقانلارنىڭ بىر نەچچە مىلىنى بېقىشى ۋە باشقا تىرىكچىلىك پائالىيىتى ئۈچۈن مەيدانمۇ يوقىدى. چۈنكى ئىلگىرىكى يايلاق، جاڭگال ۋە باشقا بوش يەرلەرنىڭ ھەممىسى تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى بولمىش تۈرلۈك مۇئەسسەسەلەر تەرىپىدىن ئىگەللىنىپ كەتكەچكە مال چىقارغۇدەك بىكار يەر قالمىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئاشۇ كىچىككىنە جىگدىلىكتە قىيا-چىيا قىلىشىپ، ئۇرۇشۇپ- تىللىشىپ، ھەركىم ئۆز قاپ - سېۋەتلىرىنى تولدۇرۇشقا تىرىشاتتى.

گۈلئايشەمنىڭ بىر كۈنلۈك تىكچىلىك ھەرىكىتى ئەنە شۇنداق باشلىنىپ يەنە شۇنداق ئاخىرلىشاتتى. ئۇ ئەتىتىگەنلىك چايدىن بۇرۇنقى «ۋەزىپىسى»نى ئورۇنداپ قايتىپ كەلگەندە ھارغان، ئەمما جىگدىلىكتىكى كۆلكە چاخچاقلاردىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولاتتى. پۇشقاقلىرى ۋە قوللىرىدا يۇسىمۇ ئاسانلىقچە چىقمايدىغان يېشىل داغلار قالاتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ھۆشنىسىدىكى قاپنى ئوقۇر ئالدىغا تاشلاپ، قول يۇياتتى. ئاندىن بىر زاغرىنى چىلاپ چاي قۇيغاندىن كېيىن سەل دەملەپ قويۇپ، تالقان قىلىپ ئىچىۋالاتتى. شۇندىلا ئۇ بىكار بولۇپ، تاكى كەچقۇرۇن يەنە جاڭگالغا بارغىچە ۋاقتىنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىكىگە ئېرىشەتتى. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا چايدىن كېيىن ئۇنىڭ بىرەر قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتى يوقىدى.

ھەممە قىسمەتكە كۆنۈككەن بۇ كىشىلەر ئىلگىرى باش توخۇدىن تارتىپ ئەل ياتقۇغىچە ماشىنا ئادەملەردەك ئاڭسىز ھالدا بويسۇنۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئەلمى - تەلمىنى قىلىچە بىلمەيدىغان قانداقتۇر يوقۇردىن كەلگەن كادىرلارنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن قارىغۇلارچە ئېغىر، ئەمما ئۈنۈمسىز ئەمگەكلەرنى قىلغان بولسا، ئەمدى ئاسماندىن

چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان بىكارچىلىقنىڭ ئېغىر سۈكۈناتلىق ئېزىشلىرىگە كۆنۈكۈپ ھورۇنلۇشۇپ بارماقتىدى. ھېلىمۇ تېرىقچىلىق پەيتلىرىدە ھېلىقىدەك كادىرلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد دېھقانچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرگە نېمە تېرىش، قانداق تېرىشنى «ئۆگىتىپ» پۈتلىشىپ تۇراتتى، ئۆزىچە تېرىۋالغانلارنىڭ يېرىنى قايتىدىن ھەيدىۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ يېرى يا ئاق قالاتتى؛ يا ئۇسىنىڭ نېمى كېتىپ قايتا ئۇسا قىلمىسا بولماي قالاتتى، قايتا ئۇسا قىلىش ئۈچۈن بولسا سۇ نۆۋىتىنى بىر ئاي، بىر يېرىم ئاي ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. مانا شۇنداق «چاپسان بېيىشقا يېتەكلەش» خىزمەتلىرى بىلەن تېرىقچىلىق قاتىلاڭچىلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن غەلىتە، بىنورمال بىكارچىلىق باشلىناتتى. بەزەن نەچچە كۈنلۈك ھاشار چىقسا چىقاتتى، بولمىسا زېرىكىشلىك سۈكۈت كىشىلەرنى كېرەكتىن چىقىراتتى. بەزىلەر مەدىكار ئىشلەشكە شەھەرگە كېتىشىدۇ. پۇل تېپىپ كەلگەنلەرنىڭ پۇلىنى كەنت باشلىقى، ئەترەت باشلىقى ھەر خىل جەرىمانىلەرگە دەپ ئېپ بولىدۇ؛ بەزىلىرى ئەمگەك بازىرىنى تەرتىپكە سېلىش يولىيورۇقىغا بويسۇنماي، تەرتىپسىزلىك قىلغىنى، مەدىكارلىق كېنىشكىسى، قاتارلىق بىرمۇنچە رەسمىيەتلەرنى بېجىرمەي قانۇنسىز يوسۇندا ئىشلىگەنلىكلىرى، ئائىدىن كىملىكى(سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى) يوقلۇقى قاتارلىق سەۋەپلەر بىلەن يىغىۋېلىنىپ، سولاپ قويۇلغاچقا ئۆيىدىكىلىرى نەچچە كۈن پاراكەندە بولۇپ، قوي ياكى ئىشەكنى سېتىپ ئۇلارنىڭ سولاقتا ياتقان «ياتاق ھەققى» بىلەن «تاماق ھەققى»نى تۆلەپ چىقىرىۋېلىشاتتى. شۇڭا شەھەرگە بېرىپ مەدىكار ئىشلەشكىمۇ كۆپ ئادەم قىزىقمايتى. ««ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق› دېگەندەك، ساق باشنى ئاغرىق قىلغىچە، سىڭگەن ناننى يېگەن ياخشى، گۆش يېمىسەك زاغرا يەمىز، ئەمما تېچلىق ئەۋزەل» دېيىشەتتى. شەھەردە ئىشچى بولۇش كادىر بولۇش توغرىسىدىكى تامالار بىر زامان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۈمۈندۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بوداقلىرى ئىشقا ئاشمايلا پېنسىيە يېشىغا يېتىشتى، ئەمدى ئۇ ئۈمىدلەرنى

قىلمىسىمۇ بولاتتى. ھېلىمۇ بەزىلەر جاڭگالدىكى بورىۋايلاردىن ماي چىقسا يېزىمىزنىڭ يېرىمى ئىشچى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئۈمىدلىنەتتى.

ئەتتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئورتا ياشلىق ئاياللار، مومايلار قوشنا-قولۇملارنىڭ ھويلىسىغا توپلۇشۇپ ياكى بولمىسا بىرەر قاراياغاچنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇشۇپ مەنىسىز پاراڭلارنى سېلىشاتتى، غەيۋەت قىلىشاتتى. بەزىلىرى غەيۋەت قىلىشقاچ بىر بىرىنىڭ چاترىقىغا پاخماق بېشىنى تىقىپ ئۆز ئارا باش بېقىشاتتى. گايلىرى ئۈرچۈقلىرىنى كۆتۈرۈپ بۇ توپقا قوشۇلاتتى ۋە يىپ ئىگىرگەچ پاراڭغا قوشۇق سالاتتى.

بوۋايلار ھەم بىرەر جايغا توپلۇشۇپ ئولتۇرۇپ ئەپقاچتى پاراڭلارنى سېلىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى.

ياشلار كامىنا بۇزۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا كىمنىڭدۇر دەۋەت قىلىشى بىلەن بىرلىرىنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىپ دىنىي تەلىم ئېلىش ئارقىلىق بىكار ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكەن؛ بەزىلىرى مەشرەپ شەكلىدە يىغىلىش ئۇيۇشتۇرۇپ، يېڭىلىقلار ھەققىدە، ياخشى ئىش ۋە يامان ئىشلار ھەققىدە سۆزلۈشۈپ كۆڭۈللۈك كۈن ئۆتكۈزۈشكەندى. كېيىن قوشنا يېزىدا مۇشۇنداق يىغىلىش قىلغان ياشلار بىرسىنىڭ قىزىغا بىرلىشىپ زورلۇق قىلغان يامان ئىش سادىر بولۇپتۇ؛ يەنە بىرلىرىنىڭ دېيىشىچە ئۇلار چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۆزلىرىنى پەدەزلىۋالغان ئوغرىلارنىڭ شايكىسى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن كادىرلار بۇنداق يىغىلىشلارنىڭ ھەممىسىنى چەكلىۋەتكەنىكەن. ياش باللا دۆۋلىشىۋالغان يەردە چاتاق چىقماي قالمايدۇ، دەپ ھېلىقى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قورقۇپ كەتكەن دېھقانلار ياش باللىرىنى ئۇنداق يەرلەرگە بارمەن دېسىمۇ ئەۋەتمەيدىغان، مەيلى بىكار بولساڭ ئۆينا، ماڭا باش ئاغرىقى تېپىپ بەرمە، دەيدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياشلار كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈدىغان بولۇشتى. كوچا دوقمۇشلىرىدا يەردىلا ئولتۇرۇپ قارت ئوينىشاتتى؛ كىچىك باللارنى شىلاپ چېلىشقا سالاتتى؛ مۇشتلاشقا سالاتتى؛ يا بولمىسا ئىنتايىن سەت گەپلەرنى ئۆگۈتۈپ ئاغىنىلىرىنى تىللاتقۇزاتتى.

بۇ قىلىقى ئۇلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ئەمەك بولۇپ كۈلۈپ تىلىقشاتتى. كۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن قىزىرىشىپ ئۇنىڭ ئاخىرى جىدەلگە، مۇشتلاشقا ئايلىناتتى. ئاۋاللىرى ئۇلارنىڭ بەختىگە يارىشا بۇ كوچىغا بىرەر تىراكتور ياكى سوپەك كېلىپ قالسا خۇددى چوڭ تىياتىر ئۆمەكلىرى كېلىپ قالغاندەك خوش بولۇشۇپ كېتەتتى؛ ئۆي- ئۆيلەردىن يۈگرۈشۈپ چىقىپ ئولىشىۋالاتتى. ئەمدىلىكتە جاڭگالدا بورىۋاينىڭ پەيدا بولىشى بىلەن بۇلار قىزىق تاماشا بولۇش رولىدىن قالدى. چۈنكى ھەركۈنى نەچچە قېتىم بورىۋاي تەرەپكە ياكى ئۇياقتىن شەھەر تەرەپكە ماشىنىلار قاتناپ تۇراتتى. يېزىنىڭ توپىلىق يولىدا بىر قېتىم ماشىنا ئۆتسە كۆتۈرۈلۈدىغان چاڭ يەنە بىر قېتىم ماشىنا ئۆتكىچىمۇ بېسىقىپ بولالمايتى. دېمەك، چاڭ - توزاننىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىرى بىرىگە ئۇلىنىپ كېتەتتى- دە، كۈن بويى ھاۋادىن ئاچچىق توپا ئارىلاش نەپەسلىنىپ، بۇرۇن ئېچىشىپ تۇرىدىغان بولدى. «بىزگە باشقا پايدىسىنىمۇ ياغدۇرىۋەتمەي، ئۆزلىرى مېڭىۋاتقان مۇشۇ يولغا بولسىمۇ ماي ياتقۇزۇپ قويۇشسا بولاتتىغۇ،...» دەپ غۇدۇرىشاتتى دېھقانلار. ئىلگىرى ئەركەكلەرلا ئەمەس، كۆكرەك تۈگمىلىرى ئاللىقاچان ئۈزۈلۈپ كەتكەن، كىر كۆينەكلەردىن قوسىقىنىڭ يېرىمىغىچە كۆرۈندۈرۈپ كۆكسىنى چىقىرىۋالغان خوتۇنلار، ھېلىلا توپىدا ئۆمىلەپ ئويناپ كەلگەن قىپ يالىڭاچ بالىلىرىنى ئېمىتكەچ ھاڭقىيىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار بۇ چاڭ توزان پادىشاھىدىن زېرىكىشتى.

ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقىمۇ ۋاقىت ئۆتكۈزگۈدەك ئەمەك تېپىلىپ تۇراتتى. بىرەرسىنىڭ ھارام بولۇپ قالغان قويى ياكى يېڭى سېتىۋالغان ئېشىكى غۇلغۇلا تېمىسى بولۇپ بىر توپ كىشى ئولىشىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ قېشىدىن بىرەر «بېيىغان ئائىلە»نىڭ ئەزاسى ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا ئۇنىڭ ھەققىدىكى غۇلغۇلىمۇ بىرمۇنچە ۋاقىتنى ئالاتتى. ئاۋال ئۇلار بۇ باي يۇرتدىشىغا بىر- بىرىدىن قېلىشماي قىزغىن سالام بېرەتتى، ئەھۋال سورايتى، ئۇنى بىردەم تۇرۇشقا تەكلىپ قىلاتتى. ئۇ بولسا بىكار تۇرۇشنى خاھلىمىغاندەك ئالدىراپ كېتىپ قالاتتى. بىكارچىلار ئۇنىڭ

ئارقىسىدىن زەھەرلىك مەسخىرىسىنى باشلايتى:
— باي مەن دەپ تازا كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ بۇ.
— باي بولسا بىزگە نېمە؟ تۇتۇننى بۇلۇت، يۇندىسىنى ئىت كۆمەيدۇ، بۇنىڭ.
— پۇلغا كۆزى تويمايدىغان! ئەمدى بىزدەم بىكا تۇغۇسى كەممەيدىغان بولاپتۇ...
— ...
بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئۇلار ئۇچۇن غۇلغۇلا قىلغۇدەك تېمىلار ئاز ئەمەسىدى. ئۇلار بىرىنىڭ تالالىق بولغان قىزى، يەنە بىرىنىڭ ئوغلى ھەققىدە گەپ ـ چۆچەك توقۇپ سۆزلۇشۇۋېرەتتى. يېڭى تېمىلاردىن بىرى نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلدى. بەزى بىكارچىلار كۇندۇزلىرى ۋاقىت ئۆتكۇزگىلى بورىۋايغا بېرىپ ھاڭقىيىپ قاراپ بىر كۇننى شۇ يوسۇندا ئۆتكۇزۇپ كېلەتتى. بۇنداقلارنى «ئىشچى» دەپ مەسخىرە قىلىشاتتى. باشقىلارمۇ ھامان بىر كۇنى نېفىتلىككە ئىشچى بولۇپ قېلىش ئارزۇسىدا بولغاچقا بۇ ھەقتە پاراڭ باشلىنىپ قالسا گەپ ئۇزۇراپ يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلاتتى. مانا بۇ، بۇ يېزىدىكىلەرنىڭ بىر كۇنلۇك ھايات پائالىيىتىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى!
گۇلئايشەم زاغرىسىنى تالقان قىلىپ ئىچىۋالغاندىن كېيىن ھويلىغا چىقتى. ھويلىدا ئۇنىڭ ئانىسى بىر نەچچە قوشنا ئاياللار بىلەن جۇپ ـ جۇپتىن بولۇپ باش بېقىشقاچ پاراڭغا چۇشكەندى. ئۇ تالاغا قاراپ ماڭغاندا ئانىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:
— كەچكىچە يوقۇلاپ كەتمە، كوچا خوتنى! ئاغزىڭغا سىيىمەن، بوممىسا!
گۇلئايشەمگە بۇ سۆزلەر ھاقارەتتەك تۇيۇلمىدى. چۇنكى، بۇنداق سۆزلەر ھەمىشە ئادەتتىكىچە تەكرارلىنىپ تۇرغاچقا كۇچىنى يوقاتقانىدى. شۇڭا ئۇ يېقىملىق ئەركىلىتىشنى ئاڭلىغاندەك مەنىستمەسلىك بىلەن كۇلۇپ قويۇپ بېشىنى ئارقىسىغا ئىغاتتى ـ دە، چىقىپ كەتتى.
ئۇ سىمونتتەك مىلىقلاپ تۇرىدىغان توپىلىق كوچىدا ئەركىنلىككە

چىققانىدەك قىيغىتىپ، بىرەر ئويۇن تېپىپ ئويناشقا ماڭدى. بۇ يەردە ئويۇن دېگۈدەكمۇ ئويۇن بولمايتى. كىچىكرەك قىزلار كوچىنىڭ سايىراق يەرلىرىدە ئولتۇرۇپ «چاكۇم»، «تاشتەمەك» ئويىنىشاتتى؛ يەنە بىرلىرى يولغا چاسا شەكىللىك سىزىقلارنى سىزىۋېلىپ بىر پۇتلاپ ئوينايدىغان «سىزىق» ئوينايتى.

گۈلئايشەم بۇنداق ئويۇنلار توپىدا بىردەم- يېرىم دەم مەلىكە بولغاندىن كېيىن ئۆز تەڭتۇشلىرىنى ۋە ئۆزىدىن سەل چوڭراق يېڭى جۇۋانلارنى تېپىشنى كۆزلەپ كەتتى. ئۇلار بىرسىنىڭ هويلىسىدا ئولتۇرۇپ دائىمىي پاراڭلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي پارىڭى يىگىتلەر ھەققىدە، كېلىنلەر ھەققىدە، توپىلۇقلار ھەققىدە بولاتتى. ئۇ يىگىتلەر ھەققىدە سۆز بولۇۋاتقاندا قوشنىسىنىڭ ئوغلى ھەققىدە شېرىن خىيال سۈرۈشكە باشلىغانىدى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى ئۇ يىگىتنىمۇ تىلغا ئېلىپ قالدى. سۆزلىرىدە ئۇلار بۇ يىگىتنى يارىتىشمىدى.

— جىق ئوقۇغان ئەدەم بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇمۇ زەيپانىرەك بىرنېمە بولدىمۇ، نېمە؟

— شۇنى دەيمەن، ئۆزىنى ياساشلىرى قىزۋاللىنى باكا قىلىۋېتىدۇ، ئۆزىگە چاڭ قونداماي كېتىشلىرى،... ۋاي قوۋۇغام!

ئۇلار شەھەردە ئوقۇيدىغان ھېلىقى قىزنىمۇ تىلغا ئالدى. ئۇنى قانداقتۇر ئالۋاستىغا ئوخشايدۇ، كىيىملىرى ياراشمايدۇ، تۇرقىدىن بۇزۇقلىقى چىقىپ تۇرىدۇ، دېيىشتى.

بۇ مۇلاھىزىلەر گۈلئايشەمنىڭ تازا زىتىغا تەگدى. بىراق، ئۇ شۇنىمۇ بايقىدىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەردە ئوقۇيدىغان بۇ ئىككى ياشقا ھەسەت قىلاتتى.

ئارقىدىن ئۇلار شەھەرلىكلەرنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرى، قىز- يىگىتلەرنىڭ بىللە يۈرۈشلىرى، توي قىلماي تۇرۇپ قورسىقى دومبىيىپ قالىدىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ ئوتتۇز ياشقىچىمۇ ئەرگە تەگمەيدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭ قىلىشتى.

گۈلئايشەم بۇ پاراڭلار بىلەن تەسەۋۋۇرى جانلانغانىدەك خىيالغا كەتتى. نىمىشقىدۇر ئۇ خىيالىدا بۇ يەردىكىلەر نەپرەت بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان شەھەر تۇرمۇشىنى ئارزۇ قىلدى. ئۇنىڭمۇ شەھەر قىزلىرىدەك يىگىتى بىلەن ياندىشىپ كوچىلاردا بىللە ماڭغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى يىگىتى ئەلۋەتتە تام قوشنىسىدى.

ئۇ بىردىنلا بۈگۈن كۈنگە شەنبە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شەنبە — دېمەك ئوقۇغۇچى يىگىت ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىدىغان كۈن. ئۇ دېيىشىپ قويغان ئادىمىنى كۈتۈۋالىدىغان مەشۇقتەك ھاياجاندىن تېنى جۇغۇلدىغان ھالدا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ كوچا بويىدا ئۆرە تۇرغىنىچە گاھ يولنىڭ بېشىغا، گاھ ئايىغىغا مۆلدۈرلەپ قاراپ ئەخمەقلەرچە كۈتۈشنى باشلىدى. ئاپتاپ قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ۋاقتىسىز غازاڭ تاشلاشقا باشلىغان، سۇسىز قاغجىراپ قالغان دەرەخلەرنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ تۈۋىدىن نېرىغا چۈشمەيتى. يولدىن چېپىشىپ ئۆتكەن باللارنىڭ ئاياقلىرىدىن ئاچچىق توپا توزۇپ تۇراتتى. كۈن تىكلەنگەن چاغدىكى كۆيدۈرگۈچى ئىسسىقتا ئۆتكۈنچىلەرمۇ كۆپ بولمايتى. كىچىك باللارنى ھىساپقا ئالمىغاندا بۇ مەزگىلدە كىشىلەر تالادا يۈرمەيتى. شۇڭا كوچا ئادەمسىز، ئۆلۈك ماكاندەك جىم ـ جىتلىققا پاتقانىدى.

گۈلئايشەم ئاپتاپتىن كۆزلىرى قىسىلىپ بېشى زىڭىلداشقا باشلىغاندا تامنىڭ تۈۋىدىكى سايىغا بېرىپ بىر دەم تۇردى. بىراق، كۈتۈۋاتقان كىشىسى مۇشۇ چاغدا كېلىپ قېلىپ كۆرەلمەي قالىدىغاندەك يەنە كوچا بويىغا چىقتى. بىراق، كوچا يەنىلا تىمتاسىدى. ئۇ شۇندىلا ھازىر تېخى چۈش بولغانلىقىنى، يىگىتنىڭ كەچتىرەك كېلىدىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ بوشۇشۇپ كەتتى. قاتتىق بىر ئەسنىگەندىن كېيىن چاي ئىچىش ئۈچۈن ئۆيگە ماڭدى.

ئۇ يەنە بىر زاغرىنى چىلاپ ئالدىرىغىنىدىن بىردەم دۈملەپ قويۇشقىمۇ تاقىتى يەتمەي ھاپىلا ـ شاپىلا ئىچتى ـ دە، كوچىغا ئالدىرىدى. ھاۋانىڭ تەپتى ئۇنى يەنە بوشاشتۇرىۋەتتى. ئۇ بۇنداق

ئىسسىقتا كۆتۈپ تۇرۇشتىن يالتىيىپ ئىچىدە ئاللىكىمنى قارغاپ يەنە ئۆيگە قايتىپ كىردى. ۋاقتىنىڭ تېززەك ئۆتۈشى ئۈچۈن بىر دەم ئۇخلىماقچى بولدى. هويلىدىكى ئۈجمە سايىسىغا سېلىنغان ئەسكى پالاز ئۈستىدە يانپاشلىدى. بىراق، يەردىنمۇ ئوت تەپتى كېلىۋاتقاندەك، پالازنى ئىسسىتىۋەتكەچكە، پالاز بەدەنگە شۇنچىلىك يېقىمسىز تۇيۇلاتتى. خېلى ئۇزۇنغىچىمۇ ئۇيقۇسى كەلمەي، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ بىمەنە خىياللارنى قىلدى. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقى نامەلۇم، بىر كەمدە قاقاقلىغان كۆلكە ئاۋازىدىن ئويغۇنۇپ كەتتى. ئۇ چالا ئۇيقۇلۇق هالەتتە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، بىردەم مىدىرلىماي ياتتى. شۇ چاغدا قوشنا هويلىدىن هېلىقى كۈلگەن كىشىنىڭ گەپ قىلىۋاتقىنى ئاڭلاندى. بۇ تونۇش ئاۋاز ئۇ ئۇزاق كۈتكەن كىشىنىڭ ئاۋازىدى. شۇڭا دەرهال سەگەكلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنى قانداق كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا قانداق كۆرۈنۈش توغرۇلۇق ئويلاپ ئاخىرى ئۆگزىگە چىقتى. ئۆگزىدىن قوشنا هويلىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ هويلا هاللىقراق ئائىلىلەرگە خاس ئازادىلىككە ئىگىدى. ئاددىغىنا پىشايۋانغا ياماشقان ئۈزۈم تاللىرى هويلىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى. پاكىز سۈپۈرۈلگەن يەرگە قېنىق سۇ سېپىلگەچكە نەمخۇش كۆكۈرۈپ تېخىمۇ راهەتبەخش تۇيغۇ بېرەتتى. ئۆگزىدە تۇرغان قىز ئىسسىق تەپتىدىن بۇ سۆرۈن هويلىغا ئىنتىلدىمۇ ياكى ئۇنىڭ ياشلىقتىكى ئەسەبىي تۇيغۇلىرى ئويغۇنۇپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ئاشۇ سۆرۈن- سالقىن هويلىدا يېرىم يالىڭاچ بولۇپ كېرىلىپ يۈرگۈسى، پىشايۋان سۇپىسىدىكى كىگىز ئۈستىدە ئېغىناپ ياتقۇسى كەلدى. بايا پاراڭلاشقانلار هويلىدا كۆرۈنمەيتى. ئۇ باغ تەرەپكە قارىۋىدى، باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر لىڭشىغاندەك، ئاللىكىملەر پىچىرلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ يىگىتنى باغدا بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدى- دە، دەرهال ئۆگزىدىن چۈشتى. ئۇلارنىڭ باغلىرىمۇ يانداش بولۇپ، ئارىلىقىدا ئىككى قەۋەت پەخشى تام باردى. ئۇ پەخشى تامنىڭ پۇشى بىلەن ماڭغاچ تام ئۈستىدىن بويۇنداپ قوشنا باققا قاراپ، نېمىنىدۇر ئىزدىدى. ئۇ تاكى باغنىڭ ئارقا تېمىغىچە بېرىپ

قارىغان بولسىمۇ، ئۇ ياقتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. باغنىڭ شۇ يەردىكى بۆلىكىدە ئىنتايىن قويۇق سۆگەتلىكلەر ئۇنۇپ كەتكەنىدى، سۆگەتلىكلەر ئارىسىدا ئىككى ئادەم جايلاشقىدەك بوشلۇقمۇ بارىدى. ئۇ يەرگە كىرىۋالسا سىرتتىن ھېچكىم كۆرەلمەيتتى. بۇ ئاجايىپ «سىرلىق ماكان» ئۇنىڭ ئەسەبلىرىنى غىدىقلاپ، ئۆزىگىمۇ ئانچە روشەن بولمىغان شەھۋانى ئىستەكلىرىنى قوزغىۋەتتى. ئۇ ھەمىشە ئادەمسىز بوشلۇقنى، خاس بۆلۈك- پۇچقاقلارنى، قويۇق ئورمان ئارىسىدىكى كىچىككىنە بوش جايلارنى كۆرگەنىدە ئەنە شۇنداق ئۆزىنى تۇتالماي قالاتتى. ئاشۇ خىلۋەت جايلاردا ئاللىكىم بىلەن بىرگە بولغۇسى كېلەتتى. ئۇ ھازىرمۇ قويۇق سۆگەتلىكلەرگە قاراپ ئەخمىقانە خىياللارغا بېرىلدى: « ئۇمۇ بېغىغا چىقسا، بۇ يەردە مېنى كۆرسە، قول ۋە كۆز ئىشارىسى بىلەن سالاملاشساق- دە، ئۇ ماڭا سۆگەتلىكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇ يەرگە كىرىشكە ئىشارەت قىلسا، مەن تامدىن ئارتىلىپ ئۇياققا چۈشسەم، سۆگەتلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتسەك، ئۇن - تىنسىزلا ئۇنىڭ ئىختىيارىغا ئۆزەمنى تاپشۇرسام...».

ئۇ گويا بۇ بىمەنە خىياللىرى قاچاندۇر رېئاللىققا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك، بۈگۈن يەنە قايتىلىنىدىغاندەك خىيالى تۇيغۇ بىلەن يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. بايىلا بۇ يەردە ئۈچرۈشۈشقا سۆزلۈشۈپ قويغاندەك ئۇنى كۈتتى. ئاغرىنىش ئىچىدە غۇدراپ قويۇپ يەنە كۈتتى. بىر ھازادىن كېيىن بۇنىڭ بىر بىمەنە خىيال ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ تېخىمۇ خۇيى تۇتتى ۋە قېيدىغان ھالدا باغنىڭ يان ئىشىكىدىن باغ ئارقىسىغا چىقتى. ئۇ يەردە بىر ئېرىق بولۇپ، ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپى سۆگەتلىك ئىدى. بۇ سۆگەتلەرنىڭ بادرىسى مۇشۇ ئەتىيازدىلا كېسىلگەچكە يېڭى چىققان نوتىلار بەكمۇ قويۇق، رەڭگىمۇ قېنىق بولۇپ، ئېرىقنى پۈتۈنلەي يېپىپ كەتكەنىدى. ئۇ نوتىلارنى يىرىپ ئۆتۈپ ئېرىق ئىچىگە چۈشتى. ئېرىق ئاستى نەمخۇش يۇمشاق قۇم ئىدى. ئۇ قۇم ئۈستىگە ئولتۇردى. شۇندىلا بۇ يەرنىڭ تېخىمۇ خالى، تېخىمۇ جىم- جىت، تېخىمۇ قاراڭغۇ ۋە ئىنتايىن سۈرۈن، كۆڭۈللۈك دۇنيا ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئاستىدىكى

نەمخۇش يۇمشاق قۇم تېخىمۇ راھەت بولۇپ، تەرلىگەن يەرلىرىگە شۇنچىلىك خوشياقتىكى، مەڭگۈ شۇ يەردە ياتقۇسى كەلدى. بۇ يەردە يېتىپ ئاسمانغا قارىسا ئاسمان كۆرۈنمەيتى. پەقەت نوتا شاخلارنىڭ قويۇق گىرەلىشىپ كەتكەن ئارىلىقلىرىدىن يۇلتۇزلاردەك جىمىر-جىمىر ئۇششاق نۇر دانچىلىرى كۆرۈنەتتى. ئەمما كۈن بويى ئاپتاپ چۈشمەيتى. بۇ ئازادە، سالقىن، يوشۇرۇن مۇھىت ئۇنىڭ تەلۋە ئىستەكلىرىنى قايتىدىن قوزغۇۋەتتى. ئۇ ئايالالارغا بەخت ۋە بەختسىزلىك كەلتۈرۈدىغان جايلىرىنى ئۆزى تاماشا قىلغۇسى، كۈتكەن ئادىمى چىقمىغاندىكىن جازا خاراكتېرلىق ھەرىكەت قوللۇنۇپ، قارشى تەرەپنىڭ ھوزۇرى ئۈچۈن يارىتىلغان جايلىرىنى ئۆزى كۆرۈپ ۋە مىجىقلاپ باقماقچى بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن كۆينىكىنى تۈرمەكلەپ ئېگىكى ئاستىغا قىستى... كېيىن ئىشتىنىنى تىزىغىچە چۈشۈرۈۋېتىپ قۇمدا ئولتۇرىۋىدى، نەمخۇش قۇم شۇنداق سالقىن تەگدى. ئاندىن ئۇ يېڭى كېلىنلەردىن ئاڭلاپ «قۇلاق پىشۇرغان» مەلۇماتلارنى ئەسلەپ، ئۆز تۆزىنى تاماشا قىلىشقا، سىلاپ كۆرۈشكە،... باشلىدى. ئاللىقانداق بىر يەرلىرىگە بارماقلىرى تېگىپ كەتكەندە ۋۇجۇدى قاتتىق جىغىلداپ كېتىدىغانلىقىنى ھىس قىلدى... ئۇنىڭدىكى غۇۋا ئىستەكلەر ئەمدى كونكرېتراق تۈس ئېلىپ، ئەرلەرگە بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشنى ئويغاتتى... ئۇ شۇ چاغدا پۈتۈنلەي ئەقلىي كونتروللىقىنى يوقاتقان بولۇپ، شۇ تاپ ئېتىزلىق تەرەپتىن قانداقلىكى بىر ئەركىشى ئۆتۈپ قالسا چاقىرىدىغاندەكلا تۇراتتى...

— ھەي، ئايشەك ساراڭ! — ئانىسىنىڭ قەھرلىك ئاۋازى ئۇنى ئەپسانىۋى دۇنيادىن قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ چەكسىز نومۇس تۇيغۇسىنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا تېنىگە يېپىشقان قۇم دانچىلىرىنى قېقىشتۇرىۋېتىپ، ئىشتىنىنى كۆتەردى-دە، ئالدىراپ ئېرىقتىن چىقتى.

— نەلەدە جۈرسەن، جالاپ!؟ بىز نېمەڭنى سېتىۋاتامتىڭ ئاقىدا؟

— دېدى ئۇ ھويلىغا قايتىپ كىرگەندە ئانىسى ئاچچىقلاپ.

— باغدا سايىدا ئۇتتادىم، بىژدەم... — دېدى گۈلئايشەم شەلپەردەك

قىزىرىپ. ئۇ بايىلا قىلغان شەرمەندىلىكىم بىر يېرىمدىن بىلىنىپ قېلىۋاتامدىغاندۇ، دەپ ئەنسىرەيتى، — ھاۋنىنىڭ قىزىقىدىمۇ بىژسەم ئارام يوق-ا...

— جاڭگالغا ماڭ! كەچ بوغىننى كۆمىدىڭما؟ لالما!

— بۇگۇن بامىسامىمكى، ئانا، سەل بېشىم... — ئۇ بارماسلىقىنىڭ باھانىسىنى تېپىشقا ئۇرۇندى. كۆڭلىدە قوشنا يىگىت بىلەن ئۇچرۇشۇشىنىڭ پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالمىسۇن، دەپ تارتىنشۋاتاتتى.

— بېشىڭ سەل ئاغرىغانغا ئۆلمەيسەن! ئۆلمىگەندىكىن جاھان لازىم بولۇدۇ، دېگەن گەپ! ماڭ، تولا كاپشىماي! ھاۋنىنىڭ قىزىقىدا ئۇخلىسا شۇندا باش ئاغرىيدۇ، لەقۋالىشىپ...

ئۇ يەنىلا بويسۇندى. ئۇ بويسۇنۇپلا كېلىۋاتاتتى. يىل بويى، شۇنداقلا يىللارسىرى ئەنە شۇنداق ئالدىرىشىپ قوي بېقىشاتتى، ئەمما بىر قوينىڭ بېشىنى كېسىپ، يۈرەكلىك بىر جىڭ گۆشنى پىشۇرۇپ، ئېغىز تولغىدەك يەپ باققىننى ئەسلىيەلمەيتى. نېمە ئۈچۈن قوي باقىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىق چۈشەندۈرەلمەيتى. پەقەت ئەنئەنىگە كۆرە دىھقاننىڭ ئۆيىدە ئۇلاغ بولمىسا بولمايدۇ، دەپلا باقىدىغاندەك قىلىشاتتى. شۇنچە ئەمگەكلەر نەتىجىسىدە پەقەتلا قىغىنى پايدا ئالاتتى، خالاس. بەزىدە تېخى ئۆزلىرى ئەبەدىل- ئەبەد سويۇپ يېيىشكە قىيمايدىغان قويلىرىدىن بىرەسى ھارام بولۇپمۇ قالاتتى. ئاھ، قانداق دەھشەت! ئۇ تۇرمۇشنىڭ بىرخىلدا داۋام قىلىدىغان چىشلىق چاقىنىڭ ئايلىنىشغا بويسۇنۇپ، قاپنى كۆتۈرۈپ جاڭگالغا ماڭدى. كۆڭلىدە بايا بۇ يەردە تاما قىلغان، ئەمما بولمىغان ئىشنىڭ جىگدىلىكتە بولۇپ قېلىشىدىن ئۈمىدلىنىپ ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇپ ماڭدى. تۇرمۇشنىڭ بىر خىلدىلا تەكرارلىنىدىغان مەنىسىزلىكى تىنجىق كۈنلەردىكى كۆل سۈيىنىلا ئەسلىتەتتى. كىشىنىڭ قەلبى سۇدا دولقۇن كۆتۈرۈلۈشىنى ئىستەيتى، بىرەر يېڭىلىق بولۇشىنى تىلەيتى. مانا شۇنداق ئىنتىلىش، ئىستەك، تاما ئەتىدىن، ئۆگۈندىن ئۈمىد قىلدۇرۇپ، خۇددى قۇرۇق قول

بىلەن كۆچۈكنى «مەھ، مەھ...» دەپ گوللاپ ئەپكېتىۋەرگەندەك ئادەمنى ساختىكارلىقى بىلەن ئالداپ ياشىغۇزاتتى. ئىنسان ئەگەر ئەتىدىن ئۈمىدۋار بولمىغاندا ئىدى، بۈگۈننىڭ دىشۋارلىرى نۇرغۇن جانلارغا زامىن بولغان بولاتتى...

كەچقۇرۇن ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك سۇپىدا ئولتۇرغىنىدا قوشنا دەرۋازا تەرەپتىن يىگىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋىدى، ئۇ دەرھاللا ئۆيگە كىردى، چىلەكتىكى سۇنى ھويلىغا سىپىۋېتىپ بىكارلىدى - دە، سۇ ئەكىلىدىغان بولۇپ قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ باقماقچى بولدى.

دەرۋەقە يىگىت ئىشىك ئالدىدا تەڭتۇشلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىلىنەر- بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ يىگىتكە سالام قىلدى. يىگىتمۇ شەھەرلىكلەرگە خاس سۇنئىي سىپايىگەرچىلىك بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. بۇ قىزنى قانائەتلەندۈرمىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنراق تۇرغۇسى، كۆپرەك سۆزلەشكۈسى باردى. دەيدىغان نېمە گېپى بارلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بولسىمۇ، شۇنداق ئارزۇدا بولغانىدى. بىراق مۇھىت بۇنىڭغا يول قويمايتى. ئۇ ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندا ئەلەم چەككەن ھالدا كىمگىدۇر غەزىپى كېلىپ پۇتىنى چىڭ- چىڭ ئۇرۇپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتكەنىدى، چېلەكنىڭ بىغىمۇ غىچىرلاپ كەتتى. ئۇ يىگىتنىڭ تەنھا قېلىشىنى، سۆھبەتداشلىرىنىڭ تارقاپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلغاچقا ئىختىيارسىز كەينىگە تارتىپ، كۆل بويىدا ئۇزاق تۇردى. بۇ تەرەپلەرگە سۇ كەلمىگىلى ئۇزاق بولۇپ كەتكەچكە كۆلدىكى سۇمۇ ئازلا قالغان، چىلەكنى ئاران چۆككۈرەتتى. كۆل يۈزىنى لەش قاپلاپ، پاشا لېچىنكىلىرى قىمىلداپ، سۇمۇ لېيىپ، بەدبۇي قارالاي پۇراپ تۇراتتى. يانتۇراق گىرۋەكلەردە ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ تۇياق ئىزلىرىدىن چوڭ- كىچىك ئورەكچىلەر ھاسىل بولغان، يوقۇرىراقتىكىلىرى قۇرۇپ قېتىشىپمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. بۇ ئورەكچىلەردە كۆكۈش رەڭلىك ئېشەك سۈيدۈكى كۆلچەك ھاسىل قىلىپمۇ قالاتتى. سۇغا يېقىن گىرۋەكلەردە تېزەك يۇقۇندىلىرىمۇ كۆزگە چېلىقاتتى.

بەزى ئۇقۇمۇشلۇقلار ھازىر كۆپيۈپ كەتكەن يۇقۇملۇق كېسەللەرنى مانا شۇنداق سۈدىن، مەينەتچىلىكتىن دېيىشىدىكەن. قىزىق ئىش، بالدۇر كۆلنىڭ سۈيى ئىككى غېرىچ پەسلىمەيلا يەنە سۇ كېلىپ لىقلىنىپ تۇراتتى، ئۇ چاغلاردا كەمبىغەللەرنى بى پۇل داۋالايدۇ، دېيىشەتتى. ئەمما ئۇنچە كېسەلمۇ يوق، بولسىمۇ، دوختۇردا ياتقانى ئېغىر ئالغاچقا، دوختۇرغا بارماستىن ئۆز ئۆزى بىلەن بىرنېمىلەر قىلىپ ساقىيىپ قالاتتى. مانا ئەمدى كۆرۈڭ، كېسەل جىق، پۇلنىڭ يوقلىقىدا نەچچە يۈز كوي پۇل جايلاپ بارمىسا دوختۇرنىڭ ئىشىكىدىنمۇ كىرگۈزمەيدۇ...

ئۇ سۈنى ئالدىرماي ئۇسۇپ، يەنە شۇنداق ئاستا ھەرىكەتلەر بىلەن كوچىغا چىقتى. شۇ پەردە تۇرۇپ يىگىتنىڭ ئىشىك ئالدىغا قارىدى. يەنىلا بىر توپ سەھرا ياشلىرى ئۇنى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلدى، رەشىق قىلدى. ئۇنىڭ بىردىنلا قېرىشقاقلىقى تۇتۇپ يىگىت يالغۇز قالغۇچە ئۆتۈپ كەتمەي ساقلاپ تۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ چىلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ يولنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ماڭغاندىن كېيىن توختاپ، كۈتۈشكە باشلىدى...

نىھايەت ئاخىرى ئۇنىڭ كۈتكىنى بولدى. سەھرا ياشلىرى تارقاپ، يىگىتنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئوتتەك يېنىپ كەتتى. ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېيىش كېرەك؟ سۆيۈرگىلىككە تەكلىپ قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى باغنىڭ ئارقىسىدىكى ئېرىقنىڭ گېپىنى چىقىرىش كېرەكمۇ؟ ئۇ شۇندىلا دەيدىغان ھېچقانداق گېپىنىڭ توقلۇقىنى، بايىتىنقى كۈتۈشلىرى ۋە خىياللىرىنىڭ ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يىگىتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە چېلەكلىرىنى قويۇپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق روھى تەييارلىق يوقىدى. شۇڭا ئۇ لەۋۋالاشقان ھالدا:

— ئۆيدىكىلەنى كۆگىلى كەپسىز- دە؟ — دېگەن سۆزنى بوغۇلغان ھالدا ئاغزىدىن چىقاردى.

— ھە، ئازنىلىققا كەلگەن، — دېدى يىگىت چاچچاق قىلىپ، —

ئۆزەڭچۇ؟ سۇغا چىققانمۇ؟

بۇ سۆز قىزغا ھار كەلدى. «ئۇ مېنى كۆزىگە ئىلمەيدىكەن...» دەپ ئويلىدى ئۇ. يىگىت قىزنىڭ سۇغا چىقىشىدىكى مەنانى قىلچە چۈشەنمىگەندى. ئۇ شۇندىلا ئۆز ھاياجانلىرىنىڭ بىھۇدىلىكىنى ھېس قىلىپ، سەل پەسكارىغا چۈشتى. دېمىسىمۇ شۇنداق ـ تە، ھەربىر سۇغا چىققان قىزنىڭ نېمىشكە چىققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتىمۇ؟ ئۇ شۇندىلا بىر ئاز تەمكىنلىشىپ:

ــ شەھەرگە كۆنۈپ قالغان ئادەم سەھرا يېرىدە زېرىكىپ قالىدىغاندۇ؟ ئەتىكى بىز كۈننى كەچ قىلماق تەس كەلسە كېرەك، سىزگە؟ ــ دېدى ئۇ تاماگەرلىك بىلەن بىشارەت بېرىپ.

ــ زېرىككىدەك ۋاقت نەدە، باراڭ ئاستىدا يېتىپ كىتاپ ئوقۇغىلى باشلىسام قانداق كەچ بولغىنىنىمۇ تۇيماي قالىمەن. ئەھۋالىڭىز قارىغاندا سىنىڭ ئىچىڭ پۇشۇپ تۇرىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

ــ بۇ يەدە شەدىكىدەك جۇپ ـ جۇپ بولۇپ يۈرىدىغان ئىش بومىسىمۇ، چوڭ بولغان يېرىمىز بوغاچقا كۆنۈپ قاپتۇق،... ــ ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەستىن شۇ گەپنى قىلىپ سالدى ـ دە، قىزىرىپ كەتتى.

ــ ئۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا ساڭا تېخى ئەتتىگەن، ــ دېدى يىگىت مەنىستىمىگەندەك خىرىلداپ كۈلۈپ.

ــ ...، ــ قىز ئەمدىلا ئاغزىنى ئۆمەللاۋاتقانىدى، ئانىسىنىڭ ھاقارەتلىك چاقىرىشى ئاڭلىنىپ، دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇ گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، يىگىتكە خوشمۇ دېمەستىن يۈرۈپ كەتتى. ئىچىدە بولسا «ئۇ مېنى تېخى كىچىك قىزۋالا كۆرىدىكەن...» دەپ ئويلىدى ئەلەم بىلەن.

*
**

گۈلئايشەم شۇ كېچىسى گاھى شېرىن، گاھى ئەلەملىك ئويلارغا

غەرق بولۇپ، ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. يىراقتىن، يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتقان رېتىملىق گۈرۈلدەش ئۇنى ئەللەيلىمەكتىدى. ئۇ يىگىتنىڭ كۈن بويى كىتاپ ئوقۇيمەن دېگىنىنى چۈشىنەلمەيتى. ئوقۇۋەرسە ئۇنىڭدىن نېمە چىقىدىغاندۇ؟ يا ئۇ ئىچ پۇشقىغا يارىغۇدەك ئاپتاپپەرەس بومىسا، ياكى قارت بومىسا ئۇنىڭدىن نىمانچە زېرىكمەيدىغان گەپكىنا؟ ئۇ بەزىدە يىگىتتىن ئاغرىنغان هالدا ئۇنىڭغا هاقارەت كەلتۈرىدىغان گۇمانى خىياللاردىمۇ بولدى... هېلىلا بىر خۇشاللىق يېتىپ كېلىدىغاندەك كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان، ئەمما ئۆتكەن تالاي مەنىسىز كۈنلەرگە ئوخشاشلا بۇ كۈنمۇ ۋە تۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتتىگەنلىك ئوت ئەكىلىش ئالۋىڭىدىن قايتقىچە ئۇ يەنىلا ئالدامچى خىيالنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۆيگە قايتىشقا بەكمۇ ئالدىرىدى. ئۇنى ئاللىقانداق خۇشاللىق كۈتۈپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى.

ئۇ چاينىمۇ هولۇققان هالدا ئالدىراپ ئىچتى ۋە باغنىڭ ئارقا بۇلۇڭىغىراق كېلىپ، پاكار پەخشى تام ئۈستىدىن ئۇ تەرەپتىكى سۈپۈرگىلىككە قارىدى. نەتىجىسىز ۋە بىمەنە كۈتۈش يەنە باشلاندى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە لىۋىنىڭ ئۈستىدە دومبىيىپ تۇرغان شاپاق يارىسى كەلدى- دە، تېزدىن يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ كىچىككىنە يۇمىلاق ئەينەكنى چىقىرىپ ئۆز ئەپتىنى «پىرىيوم»دىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. لىۋىدىكى شاپاق يارىسى هەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئىسكەتىگە ئېغىر نۇقسان يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇ يىگىتنىڭ ئاخشامقى مەسخىرىلىك ئىپادىلىرىنى مۇشۇ يارىنىڭ سەۋەبىدىن بولغانمىكىن دەپ ئويلاپ بەك ئازاپلاندى، يارىنى شۇنداق يامان سۆزلەر بىلەن قاغىدى. شۇنىڭ بىلەن قىزغىنلىقى سوۋۇپ، لەسسىدە بولۇپ قالدى. «يارام ساقايمىغۇچە ئۇنىڭغا كۆرۈنمەي تۇرساممىكىن...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى- يۇ، تەستە كېلىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بەرگىسى كەلمىگەندەك جايىدىن قىمىرلىمىدى...

يىگىت باغقا چىقمىدى. چىقىشقا ۋەدىمۇ بەرمىگەنىدى. ئۇنىڭ

كۈن بويى كىتاپ ئوقۇيمەن دېگىنى راست ئوخشايدۇ. ھېچقانداق ۋەدە ئالمىغان تۇرۇقلۇق قىز ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدى. ئۇ ئاچچىقىدا «سەنسىز ئەر تۆگەپ كېتىپتىما!» دېگەنلەرنى ئويلىدى. دە، باغنىڭ ئارقىسىغا چىقىپ سۆگەت نوتىلىرى بىلەن قاپلانغان ئېرىققا چۈشتى. ئۇ يەردە يەنە بىرەرسى ئۆتۈپ قالسىكەن، دېگەن بىمەنە خىيالنى سۈرگەچ تۈنۈگۈنكى ساراڭلىقىنى تەكرارلىدى. تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاشلا بۇ يەردە تاكى كەچلىك ئوتقا بارىدىغان چاغقىچە ئولتۇرۇپ، ئاندىن نومۇس، غەزەپ، ھەسرەت تۇيغۇلىرىدىن بېشى ئېلىشقان ھالدا قايتىپ چىقتى. ئۇ ئەتتىگەن ئاشۇ بەڭۋاش ئىستەكلەرنىڭ مەپتۇنلىقى تۈپەيلى دادىسىنىڭ بازارغا بىللە ئېلىپ بېرىش تەكلىپىنى رەت قىلغىنىغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدى.

*
**

كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتتى. يىگىت ناھىيە بازىرىدىكى ئوقۇشىنى تۈگۈتۈپ، قەشقەرگە ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتى. بۇ زامان- زاماندىن بېرى بۇ يېزىدىن چىققان بىردىن بىر كاتتا ئادەم ئىدى. ھازىرغىچە ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپتىن ھالقىپ كەتكىنى پەقەت شۇلا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز ئارزۇسى، غايىسى، خۇشاللىقى، بەختى بارىدى. قوشنىسىنىڭ قىزى ھەققىدە قىلچىلىك خىيال قىلىپمۇ باقمىغانىدى.

گۈلئايشەممۇ سەھرا قىزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ بەختى سانىلىدىغان ئەرگە تېگىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللىكىمگە ئەقىدە باغلاپ ئولتۇرۇش بىھاجەت ئىدى. كىملا بولمىسۇن ئەر بولسىلا توي قىلسىلا بولۇۋېرەتتى. كونا ئىشتىياق ئوتلىرى سەھرا كىشىلىرىدە ھەمىشە بولۇپ تۇرىدىغان كۆڭۈل جاراھەتلىرىگە ئوخشاش ئازراق قەقەچ قالدۇرۇپ قېلىۋېرەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ لېۋىدىكى شاپاق يارىسى ساقىيىپ كەتكەن، بەختىيارلىقتىنمۇ ياكى تويلۇق كىيىملىرى بىلەنمۇ ئەيتاۋۇر

خىلى ئۆزلۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزلۈشۈپ قالغىنىغا ئۆزىنىڭ ھەۋىسى كېلىپ، كۆڭلىدە: «مۇشۇ تۇرقۇمدا بىر كۆرسەڭ ئىدى،...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. گەرچە بارلىق كېلىنچەكلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ قېينىئانىسىنىڭ تاپا ـ تەنىلىرى، كوتۇلداشلىرى، ئېرىنىڭ دۇمبالاشلىرىدىن خالى بولالمىسىمۇ، يەنىلا توققۇزى تەل ئادەملەردەك خوشال ـ خۇررام ئۆتمەكتىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، پەقەت سۆگەتلىك ئېرىقتا ئولتۇرۇشقا قىستايدىغان تەلۋە ھىسسىياتلار پەسەيگەن، كېچىسى بىمەنە خىياللارنى قىلغۇدەك ۋاقتى قالمىغان، خالاس. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكى بوش چاغلىرى چوڭ ئاياللارنىڭ پىتنە سورۇنلىرى ۋە ئۇ ئارا باش بېقىشىش بىلەن ئۆتەتتى.

يىگىت بىرىنچى يازلىق تەتىلگە كەلگەندە ئۇ ئورتا ياشلىق جۇۋانلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ يىگىتنىڭ يۈرىكى ئېچىنىش ئارىلاش ۋىژىلداپ كەتتى. ئەمما جۇۋاننىڭ ئۆزى بولسا ھاياتىدىن خىلى رازىدەك قىلاتتى. بىر يەكشەنبىسى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باغلىرىدا — پەخشى تامنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇچراشتى. گۈلئايشەم بۇنداق ئۇچرۇشۇشنى بەخۋاش يىللىرىدا قانچە يىل، قانچە يەكشەنبە كۈتكەنىدى ـ ھە!

ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك تارتىنچاق قىزچاق ئەمەس، يۈزى ئېچىلغان، قاتقان ئايال ئىدى. شۇڭا ئۇ يىگىتنى ئۆزىدىن كىچىك كۆرۈپ ۋە «مەن ئېرىشكەن بەختكە سەن تېخى ئېرىشەلمەي يۈرىسەن» دېگەندەك قىلىپ مەسخىرىلىك سورىدى:

— تېخىچە ئۆيلەنمەي ژۈرەمسىز؟

— نېمە دەيدىغانسىز، — يىگىت ئادەت بويىچە ئۇنى «سەن»لەشكە ئاغزى بارماي قالغانلىقىنى سەزدى، — مەن تېخى تۆت يىل ئوقۇيمەن، ئاندىن كەم دېگەندە ئىككى يىل ئىشلەپ پۇل تېپىشىم كېرەك. شۇ چاغدا ئۆيلەنسەممۇ كېچىكمەيمەن.

— ۋاي ئانام، بىزلە ئۇ چاغقىچە نەۋرىلىك بولىمىز، — دېدى

گۈلئايشەم ماختانغىنىمۇ، مەسخىرىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ئاھاڭدا.

ئەمما يىگىت ئېچىنىش بىلەن كۈلۈمسىرىدى. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ماختانغۇدەك ھېچنېمىسى يوقىدى. بۇ ئارىدا يىگىتكە تەپسىلىي زەڭ سالغان گۈلئايشەم يىگىتنىڭ تېخىچە پورەك غۇنچىدەك ياشىرىپ تۇرغانلىقىنى، ئۈستىۋاشلىرىنىڭ تېخىمۇ پاكىز، رەتلىك، چىرايلىقلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئازراق ھەسەت قىلدى. بۇ مۆرەككەپ تۇيغۇنىڭ ئۈندىشى بىلەن مەسخىرىگىمۇ، ئۆز ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ئوخشىمايدىغان ئاھاڭدا:

— بوپتۇ، ساقىلىڭىز ئاقاغىچە ئوقۇڭ. ئاڭغىچە بىزنىڭ باللىرىمىز سىزچىلىك بولۇدۇ. بومىسا ماڭىلا كۈيوغۇل بولاسىز، — دېدى - دە، ساراڭلاردەك ھېجىيىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. يىگىت بولسا ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن ئىگە- چاقىسىز يېتىم بالىنىڭ پەرىيادىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

يىگىتنىڭ بۇ دەرگاھتا قايتا پەيدا بولۇشى گۈلئايشەمنىڭ توختام سۇدەك ھاياتىغا، بارغا شۈكرى قىلىپ ھەممىگە كۆنۈپ قالغان تۇرمۇشىغا كىچىككىنە دولقۇن — داۋالغۇش ئېلىپ كەلدى.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ «ئەر — دېسە — ئەر» دەپ تەككەن ئېرىگە «باغرى قانغان»، بەڭۋاش تۇيغۇلىرى خۇماردىن چىققان بەڭگىدەك بوشۇشۇپ، پەسكارىغا چۈشكەنىدى. مۇتلەق كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىمۇ ئەر- خوتۇنچۇلۇق ئۈچ ۋاق تاماقتەك زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ قالغان، خاھىش، ئىستەكلەرگە باغلانمىغان ھالدىكى تۇرمۇش تەقەززاسىلا ئىدى، خالاس. ئەر خوتۇن بىر- بىرىگە دۈمبىلىرىنى قىلىپ يېتىپ ئۆز ئالدىغا ئاللىكىملەرنى خىيال قىلىشقا باشلىغانىدى. بىردەملىك قىزغىنلىقنىڭ ياكى تېخىمۇ توغرىسى تۇرمۇش زۆرۈرىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇنداق ئائىلىلەرنى قۇدرەتلىك مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى قانۇنىنىڭ ئىككى ۋاراق رەسمىيىتى خۇددى تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك تۇتۇپ تۇراتتى.

گۈلئايشەم يىگىت بىلەن ئۇچراشقان كۈنى كەچتە ئېرىگە

دۈمبىسىنى قىلىپ يېتىپ ئۆزاققىچە خىيال سۈردى. خىيال! خىيال! ــ سەن ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ ئەركىسى سەن، ھېچكىم، ھەرقانداق كۈچ بىلەن سېنى چەكلىيەلمەيدۇ. شۇتاپ گۈلئايشەمنىڭ سۈرۈۋاتقىنى ناشايان خىيال بولسىمۇ قېشىدىلا ياتقان ئېرى بۇنى سېزەلمەيتى ۋە چەكلىيەلمەيتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىگىلىگىنى ئايالىنىڭ روھى- مەنىۋي دۇنياسى ئەمەس، ئۇنىڭ سېتىۋالغىنى پەقەت بىر ئايالنىڭ جىسمى. شۇڭلاشقىمۇ پەقەت جىسىملا بىرلەشكەن، روھ قوشۇلمىغان بۇ ئەر-خوتۇنلار بىمالال ئۆز خىياللىرىنى قىلماقتىدى.

گۈلئايشەمنىڭ خىيالىدا يىگىتنىڭ سىماسى پەيدا بولۇشى بىلەن ھەسەتخورلۇقتىن ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. يىگىت ئۇنىڭدىن تۆرت ياش چوڭ بولسىمۇ نېمىدۇر بىر نەرسە ئۇنى ياشارتىپ تۇرغاندەك شۇنچە ياش ۋە چىرايلىق ئىدى. گۈلئايشەم بولسا ئۈزۈۋېتىلگەن مامكاپ گۈلدەك سولۇشقا باشلىغانىدى... قورسىقى دومبۇيۇپ ئانا بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. مۇشۇنداقلا بولسا يىگىرمە ياشقا يەتمەيلا ئىككى باللىق بولاتتى. باللارنىڭ غەلۋىسى، يۈگۈر يېتىمى ئۇنىڭ قېرىشىنى تېزلىتەتتى...

*

**

دېگەندەك يىگىت يەنە بىر يازلىق تەتىلگە كەلگەندە گۈلئايشەم ئىككى باللىق بولغانىدى. ئىككى بۆشۈكتە بالا بېقىپ مۈكچىيىپ قالغان، چىرايى سولغان، ئۆزىنىمۇ تۈزەشتۈرمەس بولغانىدى. ئىككى بالا كۆكسىگە ئېسىلىپ يىرتىۋەتكەندەك كۆينىكىنىڭ ئالدى خېلى چوڭ ئېچىلىپ تۇراتتى. پۇتى يالاڭئاياغ، تىوم ۋە قارايغان پاقالچاقلىرى، كەڭ پۇشقاقلىق قىسقا شەمبىزە ئىشتاندىن چىقىپ قالغان ھالدا توپىلىق كوچىنىڭ بويىدا بەخۇدۇك بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ كۆكسىنى ئاشكارە چىقىرىپ توپا چاڭغا مىلەنگەن باللىرىنى ئىمىتكەچ خوتۇنلارنىڭ پاراڭلىرىغا قوشۇق سالاتتى. بۇلاردىن بىرەرسى ئورنىدىن تۇرىدىغان بولسا

ساغرىسىغا ياماشقان توپىنىڭ تۆكۈلىشىدىن ئەتراپ چېڭىپ كېتەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن يىگىت ئىچ ـ ئىچىدىن ئەلەملىك ئىڭرىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كۆرۈنمەس سېپىل سوقۇلغاندەك پاراڭلىشىشنىڭ ئېپى يوقىدى.

گۈلئايشەمنىڭ كۆڭلىدە بولسا يىگىتنى كۆرگەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم داۋالغۇش بولدى. ئەمما بۇ داۋالغۇش مەيىن سالقىندا كۆلدىكى سۇ يۈزى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئەلەڭلىگەندەك ئاجىز ۋە بىچارە ئىدى. كېچىسى يەنە بىر قېتىم خىيالغا پاتتى. بىراق ئىككى بالىنىڭ بەس ـ بەس بىلەن يىغلىشى ئۇنىڭ خىيال قىلىشىغىمۇ يول قويمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاغرىق ئېرىنىڭ ئىنجىقلىشىمۇ يۈرەكنى سىقاتتى. «ھادىس ئاقيەردىن» دېگەندەك ئېرى بىچارە بىر توپ ياش، ئورتا ياش ئەركەكلەر بىلەن ماي چىققاننى كۆرۈمىز دەپ بورىۋايغا كېتىپ، شۇ يەردە پالاكەتلىك بىرە نەرسىگە تېگىپ كەتكەنمۇ، ئىشقىلىپ، نېفىتچىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان بولسا كېرەك، جىدەل چىقىپ، تۆمۈر كەلتەكلەر بىلەن راسا تاياق يېگەن ئىكەن، سەل يېنىكراق تاياق يېگەنلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ كېلىشكەنىدى. بەزىلەر بۇ جىدەلنى «ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىمىز» دېيىشىپ، ساقچىغا بېرىپتىمىش، ئەمما ئۇلارنى «نېفىتچىلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇنچىلۇق قىلغانلار سىلەرمۇ؟» دەپلا تۇتۇپ سولاپ قويۇپتىكەنمىش؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرەر ئايدىن يېتىپ، ئاخىرىدا ئېشەك ياكى قويلىرىنى سېتىپ جەرىمانە تۆلەپ قۇتۇلۇشقان ئىدى. ياخشىكى، گۈلئايشەمنىڭ ئېرى ئېغىرراق بولغاچقا ئەرزگە بارالمىغانىنىڭ پايدىسىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىنجىقلىشى شۇنچىلىك ئازاپلىق ئىدىكى، بىر نەچچە كۈندىن بېرى گۈلئايشەم ئېچىنىش بىلەن ئۆرتەنگەن بولسا، ئەمدى خىياللىرىغا ھالاقەت بەرگىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەلنىڭ كونىرىشى بىلەن ئېچىنىش سۇسلايدىغان بولغاچمىكىن، ئىشقىلىپ، بۈگۈن تازىمۇ جېنىغا تەگدى. ئۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان يەكشەنبىلىك خۇشاللىقتا ــ پەخشى تام تۈۋىدە سۈپۈرگىلىككە قاراپ تۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك بىر خىل ئالدىراش

بىلەن، بۇ خوشاللىقنىڭ پاتراق كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان بوۋاقلارنى تىللىغىنىچە ئېمىتىشكە باشلىدى. ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى قانداقتۇر ئەمەلىي نەرسە بولماستىن، پەقەت جىم ـ جىت يېتىپ خىياللىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىدى.

باللارنىڭ ئاغزى بېسىلغاندىن كېيىن سامان قاچىلانغان تەكىيگە ئەمدىلا باش قويۇپ خىياللىرىنى باشلاي دېگەندە يىغا يەنە باشلاندى. ئۇنىڭ سەۋرىسى تاشتى:

— ئۇنىڭنى ئۆچە! شۇم شەقىقە، ئەبگانىڭ باللىرى!

— ھېلى باكا، زۇۋانىڭغا! — دېدى ئەر بۇ تەرەپكە تەستە ئۆرۈلۈپ، — مەن ئەبگا بوسام، سەن نېمە؟ پېتلىق، قەلەندەنىڭ قىزى!...

ئۇ ئېرىنىڭ ناتاۋانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ جاۋاپلاشمىدى. گەپتىن گەپ چىقىپ، جىدەل ئاۋۇسا ئۇيقۇنى ھارام قىلاتتى، پايدىسى نېمە! خىيالىمۇ بۇلۇدۇ. ئۇ چوڭقۇر ئۇھسىندى. مانا بۇ ئەھۋالدا قانداق خىيال؟ قانداق تەسەۋۋۇر؟ گۈلئايشەمگە دەل شۇنىسى — خىيال سۈرگىدەكمۇ پۇرسەت بولمىغىنى ئەلەم قىلدى.

كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋەردى...

*
**

ئوقۇغۇچى يىگىت يەنە بىر يازلىق تەتىلدە كېلىپ بۇنداق يېڭىلىقلارنى ئۇقتى: گۈلئايشەم ئىككى باللىنى ئۆزى ئېلىپ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، چۈنكى ھېلىقى تاياقتىن كېيىن ئېرى يېرىم جان بولۇپ قالغان ئىكەن، ئۇنى بېقىپ ئولتۇرۇش ئېغىر كەپتۇ؛ تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئۆزى بىللە ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە بارالماي قالغان ھېلىقى قىز بىر ساۋاقدىشى بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ.

گۈلئايشەمنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى ئۇنى قايغۇغا سالدى. ئاجراشمىسىمۇ بولمايدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى بۇ خېلى چويلىدا

توختايدىغان سەۋەپ ئىدى. ئادەتتە تولىمۇ ئەرزىمىگەن سەۋەپلەر بىلەنمۇ ئاچرىشىش، بالىلارنى يىتىم قىلىش بولۇپلا تۇرۇدۇغان ئىش ئىدى.

ئۇ گۈلئايشەم بىلەن تۇنچى قېتىم ئىشىك ئالدىدا ئۇچراشتى:

— قاچان كەلدىڭىز، بالىمۇي، — دېدى گۈلئايشەم چاخچاق قىلغاندەك قىلىپ. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۆزى گويا مومايغا ئايلانغان، يىگىت بولسا ئىلگىرىكى يېشىدا توختاپ قالغاندەك ئىدى. ئەمما يىگىتكە بۇ سۆز تولىمۇ ئېغىر كەلدى. بۇ گۈلئايشەمنىڭ ئۆز ئۆزىگە قىلغان مەسخىرىسى، شۇنداقلا بۇ قىسمەتنىڭ سەۋەپكارى بولغان ئاللىكىمگە قىلىنىۋاتقان تەنىدى. بۇ پەقەت يىگىتكە شۇنداق تۇيۇلدى. گۈلئايشەم بولسا ئۆزىنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق هالغا چۈشۈپ قېلىشىغا كىم، نېمە سەۋەپچى دېگەنلەرنى چۈشۈنۈش تۇگۇل ئويلاپمۇ باقمايتى، ئەلۋەتتە.

دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن ياش پەرقى ئىلگىرىكىنىڭ ئەكسى بولۇپ قالغاندەك، گۈلئايشەم باشقىلاردىن يوشۇرۇن نۇرغۇن يىللار ئارتۇق ياشىغاندەك قىلاتتى. ئاللىقانداق ئېچكى كۈچنىڭ بېسىمى بىلەن بوغۇلۇپ كەتكەن يىگىت لايىقىدا جاۋاپ بېرەلمەي ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، بېشىنى لىڭشىتىش بىلەن بۇ غەلىتە سالامنى ئىلىك ئالدى.

ئىككىنچى قېتىم ئۆز باغلىرىدا — پەخشى تامنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ كۆرۈشتى. گۈلئايشەم ئىلگىرى سورىيالمىغان ۋە ئېيتالمىغان سۆزلىرىنى هازىر قىلىۋالماقچى بولدى.

— نېمە سىز، قېرىغىچە ئوقۇۋېرەمسىز؟ خوتۇن ئېلىپ جاهاننىڭ خوۋلىقىنى كۆرەي دېمىگىنىڭىزنى قاراڭ.

— سىز قانچىلىك خوۋلۇق كۆردۈڭۈز؟

بۇنىسى راست ئىدى. توي قىلمىغان بولسا ئۇمۇ بەلكى بەڭۋاش بالا بولۇپ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈۋېرەر ئىدى. مانا ئەمدى تۇرقى بۇ!

— مەن دېگەن مەن، ئەزەلدىن شۇنداق شور پىشانە، زوۋۇلام كىچىك ئۈزۈلگەن بەدۋەخ... سىز ماڭا ئوخشىماڭ...

— توي قىلىشتىن باشقا خوشاللىق يوقمىتى؟ دۇنيا دېگەندە

ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ.
— يەنە شۇ كىتاپ ئوقۇشنى دەيدىغانسىز، ھەقىچان.
— ئۇمۇ شۇنىڭ بىرسى.
— ھەي، «بالا كىچىك، ئىشتان پوق»، دېگەندەك سىز نېمىنى بىلىسىز...
— سىز دېگەن «خوۋلۇق»نىمۇ چۈشىنىمەن. ئەمما ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ.
— چۈشىنىمەن دەمسىز؟ مانا، مانا! سىزنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمىغىدەك. شەنىڭ ئادەملىرىنى بۇزۇق كېلىدۇ، دېگىنى راسكەندە!
— بولدى قىلىڭ.. نېمە شەھەر دېگەن پۈتكۈل بۇزۇقچىلىق، يېزا تۈزۈكچۈلۈكمىكەن؟ شەھەردە باشقا ئىش يوقتەك، گۈزەل يەر يوقتەك ئەخلەتلىككىلا قارىۋالساڭلا بولمايدۇ. ئەخلەت ھەممە يەردە بولىدۇ. شەھەرنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىمۇ نۇرغۇن.
— گەپدانلىقىنى بۇنىڭ! ئەمىسە- زە، ھەممىنى كىتاپتىن بىلىپ يۈرۈۋېرىدىكەنسىز - دە؟
خېلىدىن بېرى يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتقان جۇۋاننىڭ كۆزلىرىدە ياشلىقنىڭ سىرلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ياش قورامىدىن ئېيتقاندا فىزىئولوگىيە جەھەتتىن تازا ۋايىغا يەتكەن، مەنىۋى ئىنتىلىشلىرى بىلەن جىسمانىي ئىنتىلىشلىرى تەڭ راۋاجلىنىپ يوقۇرى پەللىگە يەتكەن مەزگىلىدى. دەل مۇشۇنداق چاغدا ئۇنىڭ تۇل بولۇپ قېلىشى ئۇنى مەست ۋە مەستانىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئىلگىرى ئۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، ئۇ تەرەپتىكى سۈپۈرگىلىككە قارايدىغان چاغدا پەقەت بالىلارچە قىزىقىش، غۇۋا كۆرۈنگەن نەرسىنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈپ بېقىش، بالىلىق بىلەن ياشلىق ئارىلىقىدىكى تۇيغۇ ئۆزگۈرىشى چېگرىسىدا تېخى چۈشۈنۈكسىز بولغان ئىستەكلەرنىڭ قۇترۇتۇشىغا ئۇچۇپ كېتىش سەۋەبىدىن شۇنداق قىلغان بولسا، ئەمدى قولغا كەلگەندە تازا قەدرىنى بىلمىگەن، قولدىن كەتكەندە ئارمىنىنى قىلغان نەرسىنى يېڭىۋاشتىن قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئاڭلىق

ھەرىكەت ئىدى. ئۇ سۆز تېمىسىنى غەرەزلىك ھالدا مەقسەت تەرەپكە بۇراپ باقماقچى بولدى.

ــ چوڭ شەھەرلەرنىڭ خېنىملىرى كارامەت ئېسىل بولۇدۇغاندۇ؟

ــ ئۆزىگە يارىشا...

ــ ئۇ يەدە رەڭگا- رەڭ گۈل غۇنچىسىدەك ئۇز خېنىملىنى كۆرەپ ئۆگۈنۈپ قاغان كۆزىڭىزگە بىزدەك تېزەك بۇرايدىغانلا قېرى خوتۇنىدەك كۆرۈنەمدىكەنمىز؟

يىگىت ئۇنىڭ سۆزنى قايسى نىشانغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭدا ھەم غەزەپ، ھەم ئېچىنىش تۇيغۇلىرى تەڭلا ئويغاندى. ئارقىدىنلا قىزنىش تۇيغۇسىمۇ پەيدا بولۇپ ھەممىسى ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇ بۇ چىگىشنى يېشىپ باقماقچى، ئۆزىنىڭ زادى قايسى ئاساسي ھىسسىياتتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولدى.

ــ راستىنى ئېيتسام سىز ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئايالدەك بولۇپ قاپسىز. ئەگەر مەن يېشىڭىزنى بىلمىسەم ئىدىم، ئۆزىڭىز دېگەندەك مومايمىكىن دەپ قالاتتىم( مانا بۇ سىزنىڭ ئالدىرىغان «خوۋلۇق»ىڭىز). بىراق، مەن سىزنى بىلىمەن دە، سىز دېگەن مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ بولغان كىچىك قىزچاق ئەمەسمۇ. شۇڭا سىز ماڭا ھەرقاچان كىچىك قىزدەك، گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك كۆرۈنۈسىز.

ــ ۋىيەي، گەپچىلىكىنى! ــ دېدى گۈلئايشەم قىزىرىپ. شۇ قىزىرىشتا بىردەملىك غۇنچىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ بۈگۈن ئالاھىدە تەييارلىقى باردەك خېلى ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ چىققان ئىكەن. دەسلەپكى ئۇچرىشىشتا يىگىتنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتكەن مۆڭلۈك ۋە بىچارە ئايالغا ئوخشىمايتى، ــ راس شۇنداغما؟ گۈل ئۈزۈپ باققانمۇسىز؟ ئۈزۈپ باققىڭىز كېلەمدا؟

بۇ سۆز يىگىتنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرىۋەتتى. «قاچقانىنى قوغلا، قوغلىغاندىن قاچ» دېگەندەك ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ بۇنداق سۆزنى قىلىشى يىگىتتە يىركىنىش ئويغاتتى. ئۇ يىركىنىش ۋە خىجىللىق ئارىلاش جۇۋانغا قارىغاندى رايى قايتىپ، ھەتتا سۆزلۇشۇپ تۇرۇشقىمۇ

رەۋنىقى قالمىدى. گۈلئايشەمنىڭ ھازىرقى تۇرقى باياتىنقى بىردەملىك قىزغىنلىق ئىچىدە كۆرۈنگىنىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. قىسقىسى يىگىت ئۇنى ياراتمىدى. ئەمما ياراتمىغانلىقىنى چاندۇرۇپ سۆھبەتدىشىنىڭ غورۇرىغا تېگىشنى خوپ كۆرمەي ئۇنىڭغا تەنبىھ- نەسىھەتلەرنى قىلىش بىلەن ئۆزىدە پەيدا بولغان ئىنكاسىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇنداق بولسىمۇ گەپنى قىلىپ سېلىپ كۈتكىنىگە ئېرىشەلمەي غورۇرى ھاقارەتلەنگەن ئايال تەنە گەپلەرنى غۇتۇلدىغىنىچە پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى.

شۇ كېچىسى ھەر ئىككىسى ئۇخلىيالمىدى. ئارزۇ- ئارمانلىرى دەسسەپ چەيلەنگەن ئايال ئۆزىنىڭ شور پېشانىلىكىگە ئۈنسىز ياش تۆكۈپ، تېخىمۇ ئۈمىدسىز ۋە قاراڭغۇ بولغان كەلگۈسى ھەققىدە ئويلاندى. ئەردىن چىققان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى باللىق بولغان ئايالغا قانداق خېرىدار چىقىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شەكسىزكى، ئەمدى ئۇ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن، باللىرىنى ئۆيلۈك- ئوچاقلىق قىلغان، دادىسى بىلەن قۇرداش قېرىلارغا خوتۇن بولاتتى. بۇمۇ بۇ يەردە غەلىتە ئىش ھېسابلانمايدۇ...

يىگىتمۇ گادىرماش خىياللار بىلەن تۈننىڭ يېرىمىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ كۈندۈزدە باغدا بولغان سۆھبەتنى خىيالىدا تەكرارلاپ چىقتى. كەلگۈسىگە ئىنتىلگۈچى غايىلىك ياش بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىق گۈلئايشەملەرگە ئېچىندى. ئۇلارنىڭ بەختسىز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا غايىۋى پىلانلارنى تۈزدى. كېيىن بۇ خىياللىرىنىڭ ئەپسانىغا يېقىنراق ئىكەنلىكىنى پەملەپ، يېڭىباشتىن ئەمەلىيراق چارىلەر ئۈستىدە ئويلاندى. ئۇنى تېخىمۇ ئاۋارە قىلغىنى ياشلىقتىكى ئىستەكلەرنىڭ ۋەسۋەسىسى بولدى. تەييار ئولجىنى قولدىن بېرىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ كۈندۈزكى سۆھبەتنى تەسەۋۋۇرىدا قايتىلىغان چېغىدا ئاخىرقى قېتىمغا تۈزۈتۈش كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ جاۋابىنى ھازىرقى ئارزۇسى بويىچە قايتىدىن توغرىلاپ سۆھبەتنىڭ ئاخىرىنى غايىۋانە داۋاملاشتۇردى. ئۆزىنىڭ مۇناسىپ بولمىغان

سۆزلىرىنى قارشى تەرەپ نېمە دەپ چۈشەنگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا بەكمۇ نومۇس قىلدى. ئۇ ئاخىرى بۇزۇلغان سۆھبەتنى تۈزۈتۈشنى، مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرۇشنى ۋە يېگىتلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى قارار قىلدى...

ئەمما شۇندىن كېيىن گۈلئايشەم ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن «سەۋەنلىك»نى تۈزۈتۈش پۇرسىتى بولمىدى. تېخى ئۇ بىلمەيتتىكى، گۈلئايشەم ئۇنىڭ ھەققىدە قىز- جۇۋانلار ئارىسىغا نۇرغۇن بىمەنە گەپلەرنى تارقىتىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىمقى يازلىق تەتىل ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى.

*

**

گۈلئايشەمنىڭ كۈنلىرى سىقىلىش ئىچىدە ئۆتمەكتىدى. بىكارچىلىق جانغا تېگەتتى. شۇغۇللانغۇدەك بىرەر ئىشقا ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەيتى. بىكارچىلىقتا بولسا غەم ۋە ھەسرەت مېڭىسىنى چىرمىۋالاتتى. ئۇ بۇرۇنقىدەك كوچىلاردا تەپكۈچ ئوينىيالمايتى؛ باشقا سورۇنلارغىمۇ بارالمايتى. گەپ- چۆچەك بولۇپ قايتا ياتلىق بولۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن سەۋەپسىز تالاغا چىقمايتى. ئۆيدە قامىلىپ ئولتۇراتتى. ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆي ئۇنىڭغا تولىمۇ يات، سوغۇق كۆرۈنەتتى. بىر قېتىم ياتلىق بولۇپ قايتىپ كەلگەن قىز «چىققان قىز چىغىردىن تاشقىرى» دېگەندەك ھەرقاچان ئۆز ئۆيىگە پاتمايۋاتقاندەك بولاتتى. ئاتا- ئانىسىنىڭ مۇئامىلىسىمۇ ئۆگەيلىككىدەك تۇيۇلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنداق قىز ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن غەم ۋە تەشۋىش، باش ئاغرىقى بولۇپ، كۆزىگە سەت كۆرۈنۈشىمۇ ھەقىقەتكە يېقىنىدى.

گۈلئايشەم ھە دېسىلا ئانىسىنىڭ دوق ۋە تاپىلىرىدىن

قۇتۇلالمايتى. ئانىسى ئۇنىڭ ئېتىنى ئاتىماي، ھە، دېسىلا «زاڭگىلىق»[1] دەپ چاقىراتتى. كېچىلىرى كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ ئۇيقۇسىز يىغلاپ چىقاتتى. ئۇنىڭ خوشال يۈرىدىغان كۈنلىرى بەكمۇ ئاز بولاتتى.

جىگدىلىكتە ياكى قوناقلىقتا ئەر خەقلەر ئېسىلىۋالسا «ئېرى يوق دەپ ئانىني تېپىۋاتامدىكىن، ئېرىم بولغان بولسا خەقمۇ بوزەك قىلالمايتى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، خورلانغاندەك ئازاپلىنىپ كېتەتتى. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىچكى ئىنتىلىشلىرى ئۇنى تىز پۈكتۈردى. ئۇ گاھى - گاھىدا ئۆزىنى بىردەملىك بەزلەش، يۈگەنسىز تۇيغۇلىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈن كۆڭۈلنىڭ مەيلىگە باققانمۇ بولدى.

ئۇ دەسلەپ قېرىغا خوتۇن بولۇش تەقدىرى كۈتۈپ تۇرغىنىدىن ئاھ ئۇرغان بولسا، كېيىنچە شۇنىڭمۇ نەخلىنىپ تۇرمايۋاتقىنىدىن لەسسىدە بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ شۇ تەقدىرگە بوي ئەككەن ھالدا قايسى قېرى بويتاقنىڭ ئۆزىگە خېرىدار بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان، كەنتتىكى قېرى بويتاقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر باشتىن «رويخەت»كە تۇرغۇزۇپ نىشان تاللايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ «رويخەت»تە ئەڭ ياشلىرى ئۆزىدىن بىر ھەسسە چوڭ بولغان، قېرىلىرى نەۋرىسىنى ياتلىق قىلغان كىشىلەر باردى. ئۇ ئاللاھقا نىدا قىلىپ، قىرىق ياش ئەتراپىدىكى ئەركەكنى تىلەيتى. ئۇنىڭدىن ياشراقىغا چىشى پاتمايدىغاندەك، ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتى.

ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەلۇم بىر ئەرگە نىسبەتەن ئىشتىياق، مەپتۇنلۇق يوقىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاياللارنىڭ مۇستەقىل ياشاش ھوقۇقى ۋە ئىقتىدارى تەرەپلەردىن ئېيتقاندا كىمگىلا بولمىسۇن ئەر كىشى بولسىلا بىرسىگە ياتلىق بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق ئارزۇنىڭ بولۇشىدا

---

[1] «زاڭگىلىق» — يەرلىك شىۋە، زاڭگا — «زەڭگەر» سۆزىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. ئەر ئالماي ئولتۇرۇپ قالغان قىز - جۇۋانلارنى ھاقارەتلەپ ئاتاشقا ئىشلىتىلىدۇ: دات بېسىپ قالغان دېمەكچى، — ئا.

تىرىكچىلىكنىڭ ئېھتىياجىدىن باشقىمۇ سەۋەپ بار دېيىلسە ئۇ پەقەت ھايۋانىي جىنسىي ئىستەك ئىدى.

ئۇنىڭ كېچە- كۈندۈز ئارزۇ قىلغان غايىسى ئۈچ يىل ئۆتكەندە ئاندىن ئەمەلگە ئاشتى. ئېرى قىرىق بەش ياشلاردىكى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوتتۇرا ھال كىشىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۆزىنى خېلى بەختىيار ھېس قىلدى. بىراق، گاھى چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ بەختسىز ھېس قىلاتتى. ئۆگەي بالىلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دېگۈدەكلا بولغاچقا ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك بەرمەيتتى. ئېرى «ئۆگەيلىك قىلىۋاتىسەن» دەپ دۈمبالىسا، «بالىلىرى» تېخىمۇ بوزەك قىلاتتى. ھەمىشە ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ، دادىسىغا چېقىشتۇراتتى. ئۇنى خوشال قىلىپ تۇرغىنى تۇللۇقتىن قۇتۇلغىنى، «ئېرىڭ بارمۇ» دېسە، «بار» دېيەلەيدىغانلىقى ۋە ئەڭ تۆۋەن تەلەپتە تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئىدى.

ئۇ ئەنە شۇنداق غۇۋا كۆلەڭگۈدەك ئەرزىمەس بەختكە ئېرىشكەن، شۇنداقلا ئىلگىرى بولمىغان بىر تالاي باش ئاغرىقىغا ۋە خورلۇقلارغا مۇپتىلا بولغان كۈنلىرىدە قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئائىلىسىنى يوقلاشقا كەلدى. بۇ يىگىتنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئاتپوسكىسى ئىدى. ئۇ ھازىر قايسى بىر شەھەردە خىزمەت قىلاتتى.

گۈلئايشەم ئانىسىنىڭكىگە بارغان يەكشەنبىسى يىگىتنى ئۇچراتقان چېغىدا خۇددى ئارىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك چاخچاق ئارىلاش گەپ ئاتتى:

— زاڭكالىق ژىگىت، تېخىچە ئۆلەنمەي جۈرەمسىز؟ يا بومىسا كىشىگە ئېيتقىلى بومايدىغان يامان كېسىلىڭىز باما؟

— ئۆيلۈنۈش دېگەن قاچمايدۇ، ئەر كىشى كونىراپ قالمايدۇ.

— چاخچاقمۇ قىلدۇق، نېمىشقا ئۆلەنمەيسىز؟ قانداقمۇ ئىچىڭىز پۇشمايدۇ؟

— ئىچىم پۇشقۇدەك بوش ۋاقتىم بولمىسا، سىز دېگەن ئىشلارنى ئويلاشقا چولام بولمىسا قانداق قىلاي؟ يېزىدىكى ھەممىڭلارنىڭ ئېسى- يادى خەقنىڭ بالىلىرىدا بولامدۇ؟ يېشى ئون ئالتىدىن ئۆتكەندىلا ئۇنىڭ

قىزى، بۇنىڭ ئوغلى توغرىسىدا بېشىڭلارنى قاتۇرۇپ ئاۋارە بوپ كېتىدىكەنسىلەر. بۇ تويلاردىن سىلەرگە ئىشتانلىق تېگىشىمۇ ناتايىن، شۇنداق بولغاندىكىن، خەقنىڭ ئىشىغا باش قاتۇرماي، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى شۇنچىلىك ئويلىساڭلار پايدىسىنى كۆرمەيتىڭلارمۇ؟

گۈلئايشەم سەل ئىزا تارتىپ قالدى. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ خەق ئۆيلەنسە ياكى ئەرگە تەگسە نېمە پايدىسى، نېمە زىيىنى؟ ئۇ خىجالەتلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەرھال گەپ باشلاپ:

— راس دەيمەن، ئۇنىڭدىنمۇ موھىم ھەم ئوبدان نېمە ئىشىڭىز بادۇ؟

— نۇرغۇن ئىشلار بار، ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئائىلىنىڭ يۈكى، قايغۇسى، بالىلارنىڭ خاپىلىقى،... دېگەندەك مىڭە بۆلۈنۈپ قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلار. ياش ۋاقتىدا قىلىۋالمىسا قىلغىلى بولمايدىغان، پۇرسىتى ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىشلار... ئۆيلۈنۈش دېگەننىڭ قاچاندا بولسىمۇ ۋاقتى ئۆتۈپ، كونىراپ قالمايدۇ. ئادەم قانچە ئەقىلگە تولۇپ، پىشقاندا توي قىلسا تەنتەكلىكنى ئازراق سادىر قىلىدۇ، ئاجرىشىش خاپىلىقى ئازراق بولىدۇ. مېنىڭ غېمىمنىمۇ تولا قىلىپ كەتمەڭ، مەنمۇ تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، ئاز قالدى.

ئۆزىنىڭ تۇرمۇش پاجىئەسىدىنلا ئىسپاتىنى تاپقىلى بولىدىغان بۇ سۆزلەردىن گۈلئايشەم ئويلىنىپ قالدى. بەك ئېنىق چۈشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، بۇ سۆزلەردىكى ھەقىقەتنى خۇددى يىراقتا چاقناپ تۇرغان بىر نەرسىنى كۆرگەندەك ھېس قىلىپ يەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنىڭ يېڭىلىشىنى دەرھاللا ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەي:

— تووۋا، ياشلىقتىكى ئىشتىياقىنىمۇ بېسىپ چۈشۈدىغان قانداق ئىشتۇ ئۇ؟ — دەپ قويدى.

— سىزمۇ ئوقۇغان بولسىڭىز بىلەتتىڭىز، بىراق ھازىر سىزگە چۈشەندۈرۈشمۇ تەس. دۇنيادا توي قىلىشتىن باشقىمۇ ئادەمنى خوشال قىلىدىغان ئىشلار كۆپ.

گۈلئايشەم يەنىلا ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي،

دىمىقىنى قېقىپ قويدى. چۈنكى ئۇ ھازىر ئېرى بار ئايال بولغاچقا ئۆزىنى خېلى غالىپ ھېس قىلاتتى.

— بىلەمسىز، مېنىڭ دېگەن ھازىر سەككىز بالام با.

— ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك ئىكەنسىز، — يىگىت مېيىقىدا كۈلۈمسىرىدى. ئۇ گۈلئايشەمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغانىدى. «قېرىغا تەگسە چىرايىنى تارتىپ كېتىدۇ» دېگەن راستىمكىن، گۈلئايشەمنىڭ چىرايىمۇ بىردىنلا ئۆزگىرىپ ئورتا ياشلىق خوتۇنلاردەك سولۇشۇپ قالغانىدى. ھازىرقى ئىككىسىنىڭ تۇرقىدىن يىگىت ئۇن بەش ياش كىچىك كۆرۈنەتتى. ئەمما بۇ مەزگىلدە گۈلئايشەم ھەسەت قىلىشقىمۇ، ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشقىمۇ جۈرئىتى، رەۋىتى، ھەپسىلىسى قالمىغان، قىسقىسى رىقابەت تۇيغۇلىرىدىن خالاس بولۇپ، ھەممىدىن كۆڭلى قالغاندەك، ھېچنەرسىگە قىزىقماس ھالەتكە كەلگەنىدى. ئۇ ئەمدى تەقدىرگە پۈتۈنلەي تىز پۈككەن، مۇشۇنچىلىك تۇرمۇشقىمۇ شۈكرى قىلىشقا ئۆگەنگەن، گويا تۇرمۇش مۇشۇنداقلا بولۇدۇغاندەك، ھەم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك، باشقىچە بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەستەك، تۇرمۇشقا قارىتا ئارتۇقچە تەلىپىمۇ قالمىغانىدى.

*

**

يەنە بىر يىلى يىگىتتىن ئاتا ـ ئانىسىنى شەھەرگە تويغا چاقىرىپ خەت كەپتۇ دېگەن گەپ تارقىدى. بۇ خەۋەر ھەش ـ پەش دېگۈچىلا كەنتكە پۇر كەتتى. كەنتنىڭ ئۇ بېشىدا بىرسى توخۇ ئۆلتۈرسە كەنتنىڭ بۇ بېشىغىچە پۇر كېتىدىغان، شۇنچىلىك ئىش ئۈچۈنمۇ بىر مۇنچە غۇلغۇلا قىلىشىدىغان يېزىلىقلار ئۈچۈن بۇ خەت كارامەت يېڭىلىق ئىدى.

— ئاتا ـ ئانىسىنى باغاق يېزىپ تويغا ئېيتىدىغان ئىشنى بۈگۈن كۆردۇق...

— «سەۋزىدە خەۋە يوق گۇرۇچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك، ھەممە ئىش

پۈتكەنـدە ئانـدىن ئاتـا ـ ئانىسـىنى تويغـا ئېيتـىدىغان ئىشـنىمۇ بىۆگـۈن كۆدۈق...

ــ تووۋا دەڭلا، خەقلە، زامان ئاخىرنىڭ ئالامىتى بۇ...

ــ بالىنى كۆپ ئوقۇتقاننىڭ خاپىلىقىنى مۇشـۇ بىچارىلە تاتىدىغان بولدى...

ــ كىـم بىلىـدۇ، ئۇنىـڭ ئالمـاقچى بـولغىنى قالمـاق يـاكى خانسـۇ بوسا شۇڭا يۈرتتىكىلە كۆمىسۇن دېدىمىكىن.

ــ «بىر بالاسى بومىسا قۇرۇق ياتامدۇ تاشتا» دېگەنـدەك، شـۇنداراق بى چاتىقى بوسا كېرەك...

ــ ...

يىگىتنىــڭ ئاتــا ـ ئانىســى تولىمــۇ خىجىللىقتــا قالــدى. ھەمــمە ئىشـنىڭ سـىرتىقىنى ئېلىــپ تۇرىــدىغان يېــزىلىقلاردىن بىــر نېمىنــى يوشــۇرغىلىمۇ بولمــايتى. مانــا ئەمــدى پىچىــر ـ پىچىرنىــڭ دەســتىدىن ئۆيـدىن چىقالمـاي قېلىشـتى. مۇشـۇ دەمـدە گۈلئايشـەم راسـا شاشـىلىپ كەتتـى. ئىچـى قـارىلىق بىـلەن گەپ توشـۇپ ۋە گەپ تېپىـپ مەنىسـىزلىك ئىچىــدە بىخســىپ تۇرىــدىغان تۇرمۇشــىغا ئــازراق بولســىمۇ كۆڭۈللــۈك پائالىيەت قوشۇلغاندەك تېتىكلىشىپ كەتتى.

تۇرۇۋەرسە گەپ ـ چۆچەكنىڭ تېخىمـۇ ئەدەپ كېتىـدىغانلىقىنى ھـس قىلىشقان يىگىتنىــڭ ئاتا ـ ئانىسـى قويـدىن ئىككىنـى سېتىـپ، پۇلىنى بەلگە تۈگدى ـ دە، يولغا چىقتى...

ئــۇلار بىــر ئايغــا يــېقىن يوقۇلــۇپ، ئانــدىن قايتىــپ كەلــدى. بــۇ يەردىكىلەردىــن چـوڭ شـەھەرلەرگە بېرىـپ باققـانلار ناھـايىتى ئـاز ئىـدى. شۇڭلاشـقىمۇ چـوڭ شـەھەرگە بېرىـپ كەلگەنـلەرگە گويـا مۆڭگـۈز چىقىــپ قالىدىغانـدەك چـوڭ ـ كىچىكنىــڭ ھەممىسـى كۆرۈشـكىلى بـاراتتى. بىــر نەچـچە كـۈنگىچە ئــۆي خــالى قالمــايتى. ئۇلارمــۇ بىــر نەچــچە كــۈنگىچە يۇرتداشـلىرىنى كـۈتتى. سـەپەر جەريانىـدىكى كـۆرگەن، ئاڭلىغـانلىرىنى تەكرار ـ تەكرار ھىكايە قىلدى. يۇرتداشـلارمۇ ئۇنى ـ بۇنى كـوچىلاپ سـوراپ تۇراتتى.

— شۇنداق قىلىپ توينى قىلدىڭلاما؟
— قىلدۇق. چوڭ شەنىڭ تويىمۇ ئاجايىپ بولىدۇدىكەن. توينى ئاشخانىدا ئۆتكۈزىدىكەن... گايى قىلىقلىرى بىزگە ياقمىدى. ئەمما كېلىنىمىز ئوچۇق- يورۇق، سىلىق سىپايە قىزكەن. شۇغۇنىسى ئۇزۇن چاچ قويماي، جىن چاچ بولۇۋاپتۇ. قوزىنىڭ توكىدەك بۇدۇر- بۇدۇر. ئۇ يەردىغۇ كۆپۈنچىسى شۇندا بوغاچقا ئانچە يوچۇن بىلىنمەيدىكەن.
— توينى ئاشخانىدا قىلغىنى نىمىسى؟ ئۆيدە قىلسا بومامدىكەن؟
— ئۆلارنىڭ ئۆيلىرى ئاسمان پەلەكتە تۇسا توي ئۇزاتقىلى بولامدىغان. ئۇ ئۆيلەرنىڭ دەرىزىسىدىن قارىسا يەردىكى ماشىنىلا قوڭغازچىلىك كۆرۈنىدۇ. ئادەمنىڭ بېشى قېيىپ كېتىدۇ. كوچىلىرىنىڭ ھەممە يېرىدە بىزنىڭ بازار كۈنىدىكىدەك مىغ-مىغ ئادەم. ماشىنىنىڭ تولىلىقى... ئۆيدىن چىقىپ ئەللىك ماڭدام ماڭدىڭمۇ، بولدى، قايتىپ ئۆينى تاپالمايسەن.
— ئۇ خەقچۇ؟ ئۇ خەق ھەمىشە ئېزىپلا ژۈرەمدۇ؟
— ئۆزلىرى كۆنۈپ كېتىدىكەن.
بۇ پاراڭلار نەچچە ئاخشام داۋاملاشتى. بەزىلەر «كېلىنىڭىز مۇسۇلمانمىكەن؟» دەپ سوراشتى. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ئۇيغۇرلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ئىسمىنى سوراپ باقاتتى.
بۇ سۆھبەتلەرگە كۆپ قېتىم قاتناشقان گۈلئايشەمدە بىئاراملىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى. بۇ تۇيغۇ ھەسەت قىلىش، ھەۋەسلىنىش، ئارمان قىلىش، پۇشايمان قىلىش مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭدا يەنە بىر قېتىم شەھەرلەردە ياشاپ بېقىش ئارزۇسى ئويغىنىپ قالدى. بىراق، بۇ ئارزۇ مۇزغا ئوت تۇتاشتۇرغاندىنمۇ تەسراق ۋە بىمەنىراق ئىدى. كۆڭلى قالغان نەرسىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىش، بارغانسېرى ئارزۇسىغا يېتىش شەرتلىرىدىن مەھرۇم بولۇش ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرەتتى. مەڭگۈ مۇشۇ سەھرادا قاغجىرىغان توپىلىقتا، چاڭ- توزان ۋە ئىس پۇراپ تۇرىدىغان قاراڭغۇ ئۆيدە ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇدۇغانلىقىنى ئويلىسا

ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ ھازىرلا ئۆلۈۋالغۇسى كېلەتتى. ئۇ مانا شۇ چاغدىلا يىگىتنىڭ خوتۇن ئېلىشىنى ئويلاشقىنىمۇ چولىسى تەگمەي ئاللىقانداق خوشلۇقلار ئىچىدە مەست بولۇپ يۈرگەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدى. بىراق، بۇ چۈشۈنۈش دۇغ سۇنىڭ ئاستىدا كۆرۈنگەن تاشقا ئوخشايتى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھازىرقى تۇرمۇشىنى ئويغانسىلا ئۆتۈپ كېتىدىغان چۈش دەپ ئويلاپمىدىكىن، ئەيتاۋۇر قاچانلا بولمىسۇن ئۆزىنى كەم ئۇچرايدىغان خوشاللىق كۈتۈپ تۇرغاندەك، پەقەت ئەنە شۇ خوشاللىق قۇچىقىغا يەتكەندىلا ھاياتى رەسمىي باشلىنىدىغاندەك تۇيۇلغان بولسا كېرەك؛ ھەتتا ئۇ ھەممە زۆرۈرى شەرتلەردىن بىر بىرلەپ مەھرۇم بولغىنىغا قارىماي يىگىتتىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈرگەندەكمۇ قىلاتتى؛ ئۇ بۇنى شۇنىڭدىن ھېس قىلدىكى، يىگىتنىڭ توي قىلغانلىقى، كېلىنىنىڭ چىرايلىق ۋە مۇلايىملىقى ئۇنىڭ يۈرىكىدە رەشىقتىن ۋولقان ياسىدى. ئۇ شۇندىلا، ئىلگىرىكى جىمى بەختسىز كەچمىشى، قاباھەتلىك قىسمىتىنىڭ ئويغانسىلا ئۆتۈپ كېتىدىغان چۈش ئەمەسلىكىنى، رەھىمسىز رىياللىق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تۇردە تونۇپ يەتكەندەك، چۈشىدە تەخت چۈشىگەن بەڭگى ئويغۇنۇپلا ھەممىسى چۈش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئاھ چەككەندەك بىر خىل روھى ھالەت ئۇنى چولغاپ ئالدى. ئۇ بۇ كۆڭۈل دەردىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەتكىلى بولۇدۇغاندەك ئۇلار ھەققىدە زەھەرلىك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈردى.

— كېلىدىغان يىلى كۈزدە ئايلىنى ئېلىپ كېلىمىش، شۇ چاغدا كۆرىمىزغۇ، ئۇ نېمىسى يا قالماق، يا خانسۇ، ئىشقىلىپ بىز خەقتىن ئەمەس.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭۈل جاراھەتلىرى ساقايغاندەك ئۇ ھەقتىكى خىياللارنى قىلماس بولدى. ئۆچمەنلىك، رەشىق دېگەندەك روھنى غاجىلايدىغان تۇيغۇلارنىڭ سىقىنتىسىدىنمۇ قۇتۇلۇپ كەتتى. بۇ ساقىيىش گويا يارىلانغان ئىگىسىز يىرتقۇچنىڭ ھىچقانداق تىۋىپقا كۆرسەتمەيمۇ ساقىيىپ قالغىنىغا ئوخشايتى.

ئۇنىڭ كۆڭۈللىرى ئاۋالقىدەكلا ئوت ئېلىش، ئۇلاغ بېقىش، تاماق ئېتىش ۋە باشقا ئائىلە ئىشلىرى بىلەن ئۆتەتتى. پىتنە - پاسات سورۇنلىرىغا ۋاقتى ئاز قالغان بولۇپ، سەككىز باللىنىڭ ئانىلىقىنى قىلىش بىلەن ئالدىراشىدى. ئۇ تاڭ سەھەردىن ئەل ياتقۇغىچە ئالدىراپ بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. يۇ، شۇنچە كۆپ جاپا بەدىلىگە بۇ هاياتتىن نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلاپ باقمايتى. كۆن بويى چاۋار تېرىپ، تېزەك تېرىپ ۋە يەنە بىرنېمىلەرنى قىلىپ هېرىپ چارچىسىمۇ يا جىسمانى خوشاللىق، يا روهى شادلىققا ئېرىشەلمەيتى. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادي ئەهۋالىمۇ يۈكسەلمەيتى. ئۇنىڭدىمۇ باشقا يۇرتداشلاغا ئوخشاش روشەن نىشان، پىلان ۋە بۇ مەقسەتكە يېتىشكە تەۋرەنمەيدىغان ئەقىدە بولۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتى. گويا ئۆلمەي مىدىرلاپ يۈرگىنىگىلا گول بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى.

يەنە بىر يىلى كۈزدە كونا قوشنىسىنىڭ ئۆيى يەنە بىر قېتىم بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى. ئۇلارنىڭ ئوغلى يېڭى كېلىننى ئېلىپ كەلگەنىدى. قوشنا-خۇلۇملارنىڭ هەممىسى كۆرۈشكىلى كىردى. ئۇلار يىگىت بىلەن قىزنىڭ يېزا مۇهىتىغا تولىمۇ ماس كەلمەيدىغان تۇرقىنى كۆرۈپ، يەنە بىر مەهەل سۆز- چۆچەك قىلىشتى. ياش ئەر- خوتۇنلار ئاتا - ئانىسىنىڭ باشلىشى بىلەن ئۇرۇق- تۇققانلارنىڭ ئۆيىگە ۋە يېقىن قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە پاتىهە قىلدى. ياش ئەر- خوتۇنلار توپىلىق يوللاردا ماڭغاندا يېزىلىقلار ئارىسىدا خۇددى سەگەز ئىشتانغا تاۋاردىن سېلىنغان ياماقتەك يوچۇن بىلىنىپ تۇردى. كېلىنگە سەهرالىقلارنىڭ هەممىگە قىزىققۇچى كۆزلىرى، نەرقچىلەردەك گەپ كوچىلايدىغان مىجەزى دەسلەپتە غەلىتە تۇيۇلدى (گەرچە ئۇمۇ سەهرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يېزىسى شەهەرگە يېقىنراق بولغاچقا ئۇ دەرىجىدە قاششاق ئەمەسىدى). كېيىنچە ئۇ (ئاڭلىق بولغاچقا) توپا-چاڭ باسقان بۇ ئادەملەرنىڭ تۇپراققا ئوخشاشلا پاك ۋە ساددا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇلاردىكى ئاداۋەت، هەسەت دېگەندەك سەلبىي

تۈيغۇلارمۇ ئۇ قەدەر چوڭقۇر، كۈچلۈك بولمايتى. بالىلارنىڭ ئاچچىقىدەك بىردەمدىلا ئۆنتۈلۈپ كېتىدىغان، ئارقىدىن سادده دوستانىلىك ئورۇن ئالىدىغان ساددا دىل ئىدى. شۇڭا كېلىن ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا ئوچۇق-يورۇق، سەممىي جاۋاپ بەردى. يېزىلىقلارغا ئۇنىڭ كېسىك چاچلىرى غەلىتە تۇيۇلۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئۇنى ياخشى قىز ئىكەن، دېيىشتى. شۇڭلاشقىمۇ سەندىن مەن قالامدىم، دېگەندەك بەس-بەس بىلەن ئۆيگە چاقىرىپ مېھمان قىلىش باشلاندى. ئاۋال ئۇرۇق تۇققانلار چاقىرىشتى؛ ئاندىن قوشنا-خۇلۇملار چاقىردى؛ ئارقىدىن يىراق يېقىندىكى مۇشۇ يېزىغا نىسبەتەن باي سانىلىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ شەھەرلىكلەرگە يەتمىسىمۇ ھەر ھالدا بەك «سەھرالىق» ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويغۇلىرى كېلىپ، ياسىداق ئۆيلىرىنى كۆز-كۆز قىلىش مەخسىدىدە چاقىرىشتى. يىل بويى بىر جىڭ گۆش كۆرمەيدىغانلار(بۇنداقلار ئاساسي ئورۇندا تۇراتتى) مېھمان ئۈچۈن نېسىگە گۆش ئېلىشتى. گۈلئايشەمۇ «ئانام-دادىلارنىڭ يېقىن قوشنىسى تۇرسا، چاقىرىۋالمىساق بولامدۇ» دەپ تولا كوتۇلداپ، ئېرىنى قايىل قىلدى. ئەسلىدە ئۇ ھەممىسىدىن ئاشۇرۇپراق مېھمان قىلىشنى، ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى خېلى يامان ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى، بۇ ئارقىلىق ئۆز ئۆزىنى بەك پەس كۆرىدىغان تۇيغۇلىرىغا زەربە بېرىپ، ئازراق بولسىمۇ غورۇرىنى تىكلەشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئاران-ئاران كېتىۋاتقان ئائىلە ھارۋىسى يېقىندا چوڭقۇر كاتاڭغا چۈشۈپ كېتىپ، نورمال ئىزدىن چىققان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەمدى ئىلگىرىكى ئىقتىسادي سەۋىيەگە قايتىپ كېلەلىشىدىن ئۈمىد يوق دېيەرلىك بولۇپ قالغانىدى: ئېرى ناھىيە بازىرىدا پۇل تېپىپ كېلىمەن دەپ كېتىپ، «قانۇنسىز ئىشلىگەن»لىكى ئۈچۈن «يىغىۋېلىنغان»، ياتاق، تاماق پۇلى ۋە جەرىمانە ئۈچۈن بىر قوي بىلەن ئېشەكنى سېتىشقا توغرا كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئارزۇ قىلغىنىدەك بايۋەچچىلىكىنى كۆرسىتەلمىگەن بولسىمۇ، روزغارىدا بارىنى داستىخانغا تۆكۈپ ئۇلارنى مېھمان قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىلگىرىكى ھەسەتتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان بولۇپ،

سادده يېزىلىقلارغا خاس قاتاردىن قالماسلىق تۇيغۇسىلا ھۆكۈمران ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە يىگىتكە بولغان ئىلگىرىكى سۆيگۈسى سۈپەت ئۆزگۈرىشى ياسىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يىگىتكە نىسبەتەن ئانىلىق تۇيغۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق تۇيغۇسى، شۇنداقلا ئوغلى ئېرىشكەن شەرەپلەرگە ھەغدالىق ئىپتىخارى ئويغانغانىدى.

يىگىت خوتۇنىغا گۈلئايشەمنىڭ كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. شۇ چاغدىلا بۇ سەھرالىق جۇۋاننىڭ ئۆزىدىنمۇ ئىككى ياش كىچىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن مېھمان ئاللىقانداق ئىچكى غەزەپ بىلەن بوغۇلۇپ كەتتى ھەم ساددا دىللىق بىلەن سەھرالىق جۇۋانغا نېمىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ تۇرمۇش ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى، ئادەم دېگەننىڭ قانداق ياشىشى كېرەكلىكىنى، قانداق ئەۋزەللىكلەرگە ئېرىشىش ھوقۇقى بارلىقىنى، ئىنسانىي ھوقۇقلارنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى زوق- شوقى بىلەن چۈشەندۈرۈپ، قايناپلا كەتتى. ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى، ئادەم ئېرىشىشى كېرەك بولغان ئەۋزەللىكلەر ھەققىدە دەرس ئۆتۈپلا كەتتى. بۇ سۆزلەرنى يېرىم- ياتا چۈشەنگەن گۈلئايشەم مەيۈس كۈلۈمسىرەپ:

— سىلەگە يەتمىسەكمۇ ھەرھالدا ئۆلمەي يۈرۈپتىمىز، خۇداغا شۈكرى، — دېدى، بىر ئاز تەتۈرلۈك بىلەن.

— ئۆلمەي يۈرۈشلا كىپايىمۇ، ئادەمگە؟! — دېدى شەھەرلىك كېلىن ئاچچىقلاپ تۇرۇپ ۋە يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى...

شۇنداق قىلىپ، گەرچە پىكىرداش بولالمىغان بولسىمۇ، ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

گۈلئايشەم مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كۆپ قاتنايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ يەرگە بارسىلا شەھەرلىك دوستىنى تاپاتتى- دە، مۇڭدىشىپ كېتەتتى. گەرچە ئۇ ھەممە نېمىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن، قايتا گۈللىنىش ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم بولغان قىمارۋازغا ئوخشىسىمۇ يەنىلا ئۆزىگە يېڭى بولغان پاراڭلارغا ھېرىسمەن ئىدى. بۇ خۇددى ئۆلۈپ

كېتىشى مۇقەررەرلىشىپ قالغان كېسەلگىمۇ ئاز ـ ئازدىن سۇ ئىچكۈزۈپ تۇرۇلغىنىدەك، پايدىسىز پەرۋىشلەر قىلىپ تۇرۇلغىنىدەك بىر ئىش ئىدى.

يېڭى ئەر- خوتۇنلار يالغۇز قالغاندا ئايالى تەسىراتلىرىنى يىغىنچاقلاپ ئېرىگە :

ــ بىزنىڭ خەلقىمىز نامرات بولغىنى بىلەن ئۇلاردا ئاجايىپ بىر خىل روھ، ئىنسانغا خاس ئالىجاناپلىق بار ئىكەن. ئەمما بۇ خىسلەتلەر چەكلەنمىگەن ئۇران رودىسىغا ئوخشايدىكەن، ــ دېدى، ــ بۇلاردىكى قىزغىنلىقنى توغرا نىشانغا يېتەكلەشلا كەمكەن.

ــ ئەمما بۇ قىزغىنلىق قوراينىڭ ئوتىغىلا ئوخشايدۇ، ــ دېدى يىگىت، ــ قوراينىڭ ئوتى كۆچلۈك يالقۇن چىقىرىدۇ، بىراق، چاپسانلا ئۆچۈپ قالىدۇ. ھەتتا ئوت كۆيگەن جايدا چوغمۇ قالمايدۇ. يېتەكلەشكە كەلسەك، ــدېدى ئۇ ئالللىقانداق تەئەددى، مەسخىرە ئارىلاش ئاۋاز بىلەن، ــ يىتىم بالىنى بىرەر قوشنا، مەھەللە كوي يېتەكلەپ قويمايدىغۇ؟ ئۇلارنى كىم يېتەكلىشى مۇمكىن؟ شېرىن ئەمما ئاقمايدىغان خىيال!

ئۇ قايتىدىغان چېغىدا قىزلارنىڭ بوينىغا ئاسىدىغان زەنجىرلىك ئېلىكترونلۇق سائىتىنى گۈلئايشەمگە سوغا قىلدى. گۈلئايشەم ئۇنىڭغا ئۆزى يىل بويى يىيەلمەيدىغان قاتلىما توقاچ يوللۇق تۇتتى.

مىھمانلار كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا گويا پۈتۈن يېزا بوشاپ قالغاندەك بىلىندى. ئەڭ يېقىن قېرىندىشىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك يىغا تۇتۇپ يۈردى. پات- پاتلا ھېلىقى ئەرزان باھالىق سائەتنى قولىغا ئېلىپ قاراپ قوياتتى. بۇ ئەرزىمەس ئەرزان مال ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا دېڭىز تەكتىدىن سۈزۈۋېلىنغان ياكى كۆك قەرىدىن ئۈزۈۋېلىنغان تەڭداشسىز قىممەتلىك نەرسىدەك ھېچ يېرىگە چېقىلىشقا پېتىنالماي ياغلىققا ئوراپ كۆتۈرۈپ يۈردى. بىر نەچچە قېتىم خالى قالغان چېغىدا بوينىغا ئېسىپ بېقىپ، ئۆزىچە خىجىل بولغاندەك بولۇپ يەنە دەرھال ئېلىۋەتتى. گويا جەننەتتىكى ھۆرلەرگىلا خاس بولغان زىننەت بويۇمنى بى ئىجازەت ئېسىۋالغان گۇناھكاردەك تۇيۇلۇپ، ئاخىرى ئاسماسلىق قارارىغا كەلدى.

ئـۇنـڭچە بـۇ نەرسـە قـىـزلارغـىلا بـاپ كېلەتتـى. ئۆزىـدەك چـوڭ ئاياللارغـا ئېشـەككە شـالدۇرۇق تارتقانـدەك ياراشـمايدىغان نەرسـىدى. ۋاهـالەنكى، بـۇ «چوڭ ئايال» ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەنىدى!

گۈلئايشـەم بـۇ بويـۇن سـائىتىنى «ئۆزەمنىـڭ قىـزى ئـون ياشـقا كىرگەنـدە ئېسـىپ قـويىمەن» دېگەنـى كـۆڭلىگە پۈكـۈپ، ئانىسـىنىڭ ئۆيىدىكى ئۆزىگە تەئەللۇق ساندۇقنىڭ تەكتىكە سېلىپ قويدى.

1990 ــ يىل، 25 ــ سىنتەبىر، بىرىنچى ئارگىنالنى دوختۇرخانىدا ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىپ، ئىنىم مۇهەممەدكە يازدۇرغان

# ياشلىققا قايتىش

ئۇ شېرىن ئەسلىمىلەردىن مەست بولغاندەك مۇڭغا پېتىپ ئولتۇراتتى. قولى ئىشقا بارمايتى. ئاللىقانداق ئىستەك، ئاللىقانداق روھى ئاچلىق، قانائەتسىزلىك ئۇنى تىت- تىت قىلاتتى. ئۇ بۇ قەدەر مەنىسىز ياشاپ باقمىغان، بۇ قەدەر كېرەكسىز، ئارتۇقچە بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرى بەك يۈكسەك، ھاياتتىن تاماسى چوڭ ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئارزۇ ئارمانلىرىنىڭ يۈكسەكلىكىگە ئەمەس، ئەقەللىي ھايات زۆرۈرىيەتلىرىگىمۇ يېتىشەلمەي، تىرىشچانلىقلىرى ئاقماي، غېرىپسىنىپ يۈرەتتى. ئۆلۈشنى ئويلايتى. بىراق، ئۆلۈش ئۈچۈن ئىرادە كېرەك. ئەمما ئۇنىڭدا ئىرادە يوق. ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەرىكەتلەرگە يوق بولۇۋاتقان ئىرادە ئۆلۈشكە يەتسۇنمۇ؟ چاچلىرى ۋاقتسىز ئاقاردى. ئۆزىمۇ مۈكچۈيۈپ قالغاندەك، ھېچنېمىگە ياراقسىزدەك، بۇ ياراقسىزلىقىنى بولسا ھەممە ئادەم بىلىدىغاندەك، شۇ تۈپەيلى جىمى ئادەم مەسخىرىلىك قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ھەممىدىن خۇدۇكسىرەيدىغان، ئاۋازىمۇ ئىشەنچىسىز چىقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا نېمىدۇر بىر نەرسە ئىسيان ئېتەتتى، ئۇنى بارىغا شۈكرى قىلىشقا، تەقدىر قىسمەتلىرىنى تەن ئېلىپ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ھاياتلىق سۈپىتىدە ياشاشقا يول قويمايتى...

يېقىن ئەتراپتىن غەمكىن مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى. ساتار ياكى غىجەك ئەيتاۋۇر يىراق چۆللۈكتىن كارۋان تارتىپ كېلىۋاتقان ھارغىن ئادەمدەك يىغاسىمان ئىڭرايتى. نەي ئاللىقانداق چوڭقۇرلۇقتىن زىرىلداپ چىقاتتى. جىم - جىت ئورمان، تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلار ناۋاسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. پۈتۈن كائىنات يىغىدىن كېيىنكى ئۆكسۈشتە تىترىگەندەك دىرىلدەيتى. ھاۋامۇ بۇزۇلۇپ كەتكەندەك، يورۇقلۇق سۇسلۇشۇپ ئۆچكەندەك، ھەتتا پۈتۈن ئالەم ئاشۇ مۇزىكىغا قۇلاق سېلىپ ھەرىكەتتىن توختاپ، تىنىقمۇ چىقارماي سۈكۈتتە تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مۇزىكا ياراتقان كەيپىيات ئۇنىڭ ئەڭ نازۇك ھېسلىرىغا

ئاللىنىمىنى قوشتى؛ ئاللىنىمىنى ئىلىپ كەتتى. شۇ تاشقى مۇھىتتىكى مۇڭ ئىچكى مۇڭلىرى بىلەن پارالېللاشتى ياكى تەڭپۇڭلاشتى. بۇ ھال ئۇنى جانلاندۇردى. ھاياتنىڭ شېرىنلىكى يېڭىۋاشتىن ھېس قىلىندى. ئارزۇ- ئارمانلارنىڭ بىخى مۇشۇ سۆرۈن ساپ ھاۋالىق باھار پەسلىدەك شېئىرى كەيپىيات ئىچىدە يېڭىۋاشتىن تۇپراق ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ چېھرىدە غەمكىن — سۇسقىنا كۈلۈمسىرەش ۋىلىلدە پارلىدى. ئاغزى ئىختىيارسىز مىدىرلاپ، مۇزىكىغا قوشۇلۇپ غىڭىلدىدى. خېلى قاملاشتى. شۇنداق، خېلى قاملاشتۇردى. تېزلا ئۆگىنىۋالغۇدەك. دېمىسىمۇ ئۇ كىچىككىدىنلا بىر قاراپلا ئۆگىنىۋالىدىغان، بىر ئاڭلاپلا تۇتىۋالىدىغان زېرەك ئىدىغۇ؟ نېمىشكە ئۇ ئۆگىنەلمىگۈدەك؟ ئۇ ئۆگىنەلمەيدىغانمۇ نەرسە بولامدۇ؟ بۇ ھال ئۇنىڭغا مەدەت، ھاياتىغا مەنا بەرگەندەك بىردىنلا جانلىنىپ جۇشقۇنلۇشۇپ كەتتى. بۇ كىمنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتقان مۇزىكىدۇ؟ يېقىندىنلا ئاڭلىنىۋاتىدىغۇ؟ ئەجەبا، قوشنىلارنىڭ ئولتۇرۇشى بولسا، مېنى نېمىشكە چاقىرىشمىدىكىنە؟

راست، ئىلگىرى — ئۇ تېخى يىگىتلىك مەۋسۇمىغا يەتمىگەندىلا تەڭتۇشلىرىلا ئەمەس، چوڭ يىگىتلەر، ئوتتۇرا ياش كىشىلەرمۇ ئۇنى سورۇنلىرىغا تارتىپ ئېلىپ كېتەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق، قىلمايدىغىنى يوق، «سورۇننىڭ گۈلى» ئىدى. ئۇنىڭ تۇتىيادەك قىممەتلىك بىر «دۇتار»ى باردى، خەقنىڭ تېخى تۈزۈك ساۋادى چىقمايۋاتقاندىلا ئۇ بۇ «دۇتار»نى سۇدەك بىلىۋالغان، شېرىن سۇخەن گەپ قىلىشىنى، خەقنى ھەيران قالدۇرۇشىنى، ئۆزىگە قارىتىشىنى شۇنىڭدىن ئۆگەنگەنىدى. گەرچە بۇ «دۇتار»نىڭ نە بېشى، نە ئاخىرى بولمىسىمۇ، ئۇ بىلىدىغىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭدىن ئالغانىدى. بۇ قىممەتلىك تەۋەرۈك كىتابنىڭ باش- ئاخىرىغا قىياس يەتمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ ئىچىدىن شېئىر دەمسەن، جەڭنامە دەمسەن، نەسىھەتلەر دەمسەن، سۆيگۈ خەتلىرى دەمسەن، .. ھەرنەرسە تېپىلاتتى. ئۇ نېمەرسىكى بىلسە ھەممىنى شۇنىڭدىن ئۆگەنگەن، شۇنىڭ بىلەن

مەشھۇر بولغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا شۇ مۇھىتتا ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كىتاپ ئوقۇپ باقمىغاچقا، ھەممە ئۇنىڭ ئاغزىغىلا قارايتى. يەنە كېلىپ ئۇ ياشىغان مۇھىتتا ئۇنىڭ قولىدىكى «دىۋان»نىڭ بەك ئىناۋىتى بار، ئوقۇغانلارنىڭ ھەم، ئۇنى ئوقۇغان بىرقانچە پېشقەدەمنى ھېساپقا ئالمىغاندا پەقەت ئۇلا پىرى- ئۇستاز سانىلاتتى. كىم نىمىدىن ئىناۋەت تېپىپتۇ، بولدى، ئۇنىڭ بەسلىشىش تۇيغۇسىدىن بەغايەت ئىرىشچانلىق ھاسىل بولۇپ، شۇ ئىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالاتتى. شۇ ئىشنىڭ ئەسلىدىنلا «دىۋان»دا بولغانلىقى بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى كىشىنى چۆچۈتەتتى. تەپەككۇر قىلىشىنىڭ چوڭقۇرلىقى، ھازىر جاۋاپلىقى يېتىلگەن ئادەملەرنىمۇ تاڭ قالدۇراتتى.

ئۇ چاغلاردا راسا دەۋر سۈرگەن «ئىنقىلابى تارىخى ناخشىلار»نى بىرلا ئاڭلىسا بولدى، ئەينەن ئوقۇپ بېرەلەيتى. سۆزلىرىنىڭ زورۇر جايلىرىغا شۇنداق جىپسى كەلتۈرۈپ «ئۆزۈندە»لەردىن نەقىل قىستۇرۇپ پاراڭ قىلىدىغان بولسا شەھەر سوراۋاتقانلارنىمۇ ھەسەتتىن يېرىلغۇدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قوياتتى.

ئەمدىلىكتە ئۇ قېرىدى. راست قېرىدىمىكىنە؟ قىرىق ياشلار راسا تولغان مەزگىل بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟...

«ۋاي ئاناڭنى! چوشقىلار!... ھەممىسى شۇ...» دەپ غىڭشىلىدى ئۇ ئاللىكىمنى تىللاپ.

مۇڭلۇق كۈينىڭ ئارقىسىدىن ئاجايىپ شوخ نەغمە باشلاندى. ئۇ شۇنداق جەلپكار ئىدىكى، ئىختىيارسىز ھالدا پۇت- قول ۋە مۈرىلەر ھەرىكەتكە كېلىپ كېتەتتى. ئۇسۇل بىلمەيدىغانلارنىمۇ ئۇستا ئۇسۇلچىدەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. ئۇمۇ بۇ خىل ئەسىرلىكتىن قۇتۇلالماي، ئورنىدىن تۇردى... ئۇسۇلى ئۆزىگە ياراپ كەتتى. توۋا، ئۇ ئالاھىدە ئوينايدىكەن ئەمەسمۇ؟ ھايات نەقەدەر قىزىق! شۇنداق بولماي، ئەمىسە ئۇ دېگەن ياشلىقىدا قانداق ئىدى؟ ئۇسۇل دېگەن مانا مۇشۇلاردىن قالغان دېسىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭسىز سورۇن قىزىمايتى. شۇ شوخ يىگىت، شۇ ئۇسۇل ماھىرى مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ بىراق، يىراقتىكى

مۇزىكىغا خالى ئۆيدە تۇرۇپ ئاۋاز قوشۇش يەنىلا مەززىسىز ئىكەن. نېمىشكە ئۇ مۇنداق بولۇۋاتقان سورۇنغا چىقمايدىكەن؟ ناخشىنىڭمۇ، ئۇسۇلنىڭمۇ پىرى تۇرۇپ، سورۇن ئەھلى ئارىسىدا بىردەم غەم - قايغۇدىن يىشىلىپ كەلمىسە تەتۈرلۈك ئەمەسمۇ؟ تەكلىپ مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن دېگەن ئەمدى چوڭ ئادەم، شۇڭا ياشلار تارتىنىپ تەكلىپ قىلالمىغاندۇ. تامامەن توغرا. بىر دەم بولسىمۇ ياشلىقتىكى بەختىيار دەملەرگە، جۇشقۇنلۇققا، ھەممىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ يۈرگەن ئىللىق مۇھىتقا قايتقاننىڭ نېمە يامىنى؟

ئۇ مەستلەرچە قىزغىنلىق بىلەن چىقىپ كەتتى.

ھېچكىم ئۇنى ئىلىك ئالمىدى. ياق، ئۇنداق دېسەكمۇ بولماس، ئىشىككە يېقىنراق ئولتۇرغانلاردىن بىر نەچچىسى ئۇنىڭغا قاراپ جىم-جىت باش لىڭشىتقاندەك بولدى. «كىم بۇ ئۆزى؟»، «بۇنىڭغا نېمە بارىكىنە؟» دېگەندەك چۈشۈنۈشكىمۇ بولاتتى. بۇ ھال ئۇنىڭغا ھار كەلدى. ئېسىت، ئۇنىڭ ياشلىقى! ئۇ ئەمدى ھېچيەردە قارشى ئېلىنمايدىغان، ھېچ سورۇندا ئورنى يوق بوپتۇ- دە! ياش چاغلىرىدا باشقىچە ئىدى: ئۇ بىرەر سورۇنغا ھازىرقىدەك كىرىپ كەلسە ھەممەيلەن ئۆرە- تۆپە بولۇشۇپ كېتەتتى. بىرى ھاراق، بىرى چاي سۇناتتى. نېمەتلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈلەتتى. «خەير، مەيلى، ھازىرلا مېنىڭ سورۇننىڭ گۈلى ئىكەنلىكىم ئاشكارە بولغاندا ئۆزلىرى خىجىل بولۇپ قېلىشىدۇ! »

ئۇ ئىشىك تۈۋىدىكى كۆسىغا ئەپلەپكىنە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ھەممەيلەننى بىر قۇر كۆزۈتۈپ، ھەممىنىڭ دىققىتى ناخشا- ساز بىلەن بەنت ئىكەنلىكىنى پەملەپ، دەسلەپ پەيدا بولغان خىجىللىق، سىقىلىشتىن قۇتۇلدى ۋە ئىچىدە ناخشىغا قوشۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا ئاساسەن ناخشا ۋە ئۇسۇلدا كۆرۈلەتتى. ناخشىنى تامامەن خاتاسىز ئوقۇۋاتقىنىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، ئۆز- ئۆزىدىن ھاياجانلاندى ۋە تەدرىجى بوش ئاۋازدا ۋە كېيىن ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ ناخشىغا جۆر بولۇپ كەتتى. ھەممە ئۇنىڭغا قارىغاندەك بولدى. ھە، مانا، مېنى

بىلىپ قالاتتىڭلار! ئۆز ۋاقتىدا بىزلەر ئوقۇغان كىتاپلارنى سەن نېمىلەر چۈشۈڭدىمۇ كۆرۈشمىگەن تۇرساڭ، شۇنداق بولماي ئەمىسە!

ــ ئاكىمىزغا چاي قۇيۇڭلار، ئۇسساپ قالغانىدەك تۇرىدۇ... ــ دېدى بىرى.

ئۇ «چاي كېرەك ئەمەس» دېگەنىدەك باش چايقىدى. ئۇنىڭغا ھازىر ئىچكى پىغانلىرىنى ناخشا بىلەن تۆكۈۋېلىش تېخىمۇ موھىم ئىدى، چاينى نېمە قىلسۇن؟ قۇرۇق سۇ شالغىلا پايدا قىلىدۇ.

بىراق، بىرەيلەن چاي قۇيۇلغان پىيالىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

ــ چاي ئىچىڭ، ئاۋازىڭىز ئېچىلىپ، سازلىشىپ قالىدۇ.

ئۇ يەنە بىر قېتىم ئاھانەت چەكتى. ئۇ ئائىلىدە ئەتىۋارلىق بالا، مەكتەپتە ئەلاچى، ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولغان. يىگىرمە يېشىغىچە ئۇنىڭ تەلپى ئىجازەتسىز قالمىغانىدى. چەكلەشكە، رەت قىلىشقا ئۇچراپ باقمىغانىدى. ئەركە ئۆگەنگەن كۆڭۈل نازۇكلىشىپ كەتسە كېرەك، ئۇ چاپسانلا تە بولاتتى. مانا ئۇ ئىلاجىسىز زەھەر يۇتقانىدەك چاينى ئوتلاشقا باشلىدى. ئۇسساپقۇ كەتمىگەن، بىراق، خىجىللىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىقراق قىلىق يوق ئىدى - دە. «ۋاي، ئاناڭنى! چوشقىلار!...».

ئۇنىڭ ناخشا ئوقۇۋاتقانلارغا، ساز چېلىۋاتقانلارغا تارلىقى كەلدى. ئۇلار نائىل بولۇۋاتقان ئىززەت - ئىكرام ئۇنىڭدا ھەسەت ئوتىنى لاۋۇلدىتىۋەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ھەسەت قىلىپ باقمىغانىدى. چۈنكى ھەسەت غالىپلارغا ئالاقىسىز تۇيغۇ بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن غالىپ بولۇپ كەلگەن، شۇڭا ھەسەت قىلىش باشقىلارنىڭ ئىشىدى. بۇ يەردە مۇزىكىنىڭ مۇڭى، ناخشىنىڭ پەيزى بىلىنمەيلا قالدى. ئۆزىنىڭ ئولتۇرغان ئورنى، مەۋجۇتلىقى ھەققىدە ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەسلىكى ھار كېلىپ، مۇشۇ روھى زەربە مىسلىسىز ئېغىر يۈك بولۇپ گەجگىسىدىن باسماقتىدى. ئۇ تۇگۈلۈپ، مۈكچۈيۈپلا قالدى. نېمىشكە كىرگەنىدىمەن، مېنىڭ خىلىمدىكى نېمىلەرمۇ ئەمەسكەن، خەپ! بىر نېمە بىلمەيدىغان نېمىلەر ئوخشايدۇ بۇ! دەپ نادامەت چەكتى.

ئەمدى بولسا تېپىك يىگەن كۈچۈكتەك چىقىپ كېتىش تېخىمۇ تەس بولاتتى. چىقىپ كېتىش كېرەكمىدى، بىراق، قانداق چىقىپ كېتىش كېرەك؟ ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچنەرسە ئاڭلانمايتتى. گۈزەل مۇزىكىمۇ، ناخشىمۇ، ئالقىش سادالىرىمۇ، خۇشال چاخچاقلارمۇ ھېچنەرسە كىرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەنلا بولۇپ كەتتى. قانائەتكە ئېرىشەلمىگەن مەن -مەنلىك تۇيغۇسى ئۇنىڭغا كۆتەرگۈسىز ئېغىر دەرت، ئىچكى مالىمانچىلىق تېرىپ بەرگەنىدى.

ئۇنىڭ خىيال دەرىخى باغجانلاپ، شاخلاپ، يىلتىزلىرى چوڭقۇرلاپ ئۇنىمۇ شۇ چوڭقۇرلۇقلارغا، كۆكلەرگە بىللە ئېلىپ كەتتى.

«چۈپرەندىلەر! مەن- مەنلەر! مېنىڭ ياش چاغلىرىمدىكى تالانتىمنى بىلىشسەڭ ئىدى. ئاھ شۇ كۈنلەر قايتىلانسا، ماۋۇنىڭكىدەك چالغۇلارنى بىردەمدىلا ئۆگۈنۈۋالسام، ماڭا بىر نەرسە يادلاشتىنمۇ ئاسان ئىش يوق ئىدى- دە! ئون ئىككى مۇقام دەمدۇ، يىگىرمە تۆرت سەنەم دەمدۇ، ھەممە بولۇدىغانلىكى ناخشا - قوشاقلارنى تولۇقى بىلەن يادلىۋالسام، مانا شۇ چاغدا كۆرۈڭ، ماڭا قوي سويۇپ يىگۈزەلمىگەنلەر ئارماندا، تويىغا ئاپىرالمىغانلار ھەسرەتتە ئۆلەتتى. مەنچۇ، مەن ئۇنچىۋالا پاراستىم تۇرۇپ بۇلارغا ئېشىناتتىممۇ؟ خەلقئارا سەھنىلەر مېنى تالىشىپ، ھەربىر كۈنۈم زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولاتتى. ئۇ شەدىن بۇ شەگە ئۇچۇپلا يۈرگەن،... دەم ئېلىشقا يۇرتقا قايتىپ كەلگەن مەزگىلىمدە تويى قىلغانلار ئۆزلىرىنى ئامەتلىك سانىشاتتى، چۈنكى مېنى تويىغا قاتناشتۇرىۋالغىنى ئۇلارنىڭ بەختى - دە! مانا شۇندا رەسىملىرىنى قوشۇپ خەت ئەۋەتىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكى! بۇ قىزلارنىڭ ئىچىدە ئاق تەنلىكتىن قارا تەنلىككىچە ھەممىسى تېپىلاتتى!»

«بۇ ئەبگالارنى كۆرۈڭ، يوغۇناپ كەتكىنىنى! ئەگەر مېنىڭ قىران چاغلىرىمدا مۇشۇنچىلىك زامان، مۇشۇنچىلىك ماكان بولۇدۇغان بولسا، ئىمكانىيەتلەر تولۇق بولۇدۇغان بولسا بۇلار مېنىڭ چاپىنىمنى نەچچە يىل كۆتۈرمەمتى! ئۇ چاغلاردا بۇنداق ئىش يوق، بولمايدىغان بولسا...»

ئۇنىڭدا ياشلىقىقا قايتىش ئىستىكى ئۇتتەك ياندى...

ئۇ ئىچمىگەن بولسىمۇ مەست ئادەمدەك بولۇپ قالغاچقا قانداق چاغدا سورۇندىن قايتىپ چىققانلىقىنى بىلەلمىدى. بەلكىم ئولتۇرۇش تارقاپ ھەممەيلەن قايتقاندا بىللە ياندىمىكىن؟ ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئىشىكنى ئاچاي دەپ تۇراتتى، ئىچكىرىدىن خوتۇن كىشىنىڭ قاغاپ تىللاشلىرى، نالە- پەريادلىرى، بالىلارنىڭ قىيا- چىيالىرى ئاڭلاندى. بالىلارنىڭ يىغىسىدىن ئۇزاق ئۆتمۇشتىكى غۇۋا بىر ئەستىلىك قايتلانغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ تۇمانلاشقان، مەستلىككىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان كاللىسىدا چۈشكە ئوخشاش بىرنېمىلەر قايتىلاندى. ئۇ قورقۇپ كەتتى- دە، تامغا يۆلىنىۋالدى. يەنە شۇنداق تۈيغۇ، خىيالى بىر تۈيغۇ، قاچانلاردۇر باشتىن كەچۈرگەن كەچمىشكىمۇ، بۇرۇن بىر قېتىم چۈشىگەن چۈشكىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ: ... بىر ئايالنىڭ چىقىرىشى ئاڭلاندى،... ئايالنى بىرسى بېسىۋالدى،... بوغۇزغا ئۇستى- ئۇستىلەپ تىزىپ قويۇلغان يوتقان- كۆرپىلەر ئۆرۈلۈپ كەتتى،... ئاپلا! بىر بوۋاق، بۆشۈكتىكى بىر بوۋاق يوتقان- كۆرپىلەر ئاستىدا بېسىلىپ قالدى!...

... ئۇ بەكمۇ تەستە ئۆزىگە كەلدى. جالاقلاپ تىترەپ تۇراتتى. بېشى ھېلىمۇ سەل قېيىپ تۇراتتى. بۇ ھالدا ئۆيگە كىرىشتىن يالتايدى. ھەممىنى باشتىن ئويلاپ كۆرۈش كېرەك، ئۇ ھازىر نەدە؟ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟ نەلەردە بولدى؟... ئۇ ئۆزىنىڭ سەراسىمىلىك ھالىتىنى ئىچىدىكى كىمدىندۇر يوشۇرغاندەك، ئۇنىڭغا يول ئېيتتى: «ھەي، بىشەم خوتۇن، ئاچچىقىنى بالىلاردىن ئېلىۋاتقان ئوخشايدۇ! ھازىر ئۆيگە كىرسەم ئۇت ئۈستىگە سەكرىگەندەكلا بولۇمەن. ئاھانەت چېكىمەن. كىم بىلىدۇ، ئۇ مېنىڭ بىر ئىشىمغا شۇنداق خاپا بولۇپ كېتىۋاتامدۇ، تېخى! جېدەل كۆتەرگۈدەك ماجالىم يوق، ئۇندىن كۆرە بىر ياقلارنى ئايلىنىپ، ھاۋا يەپ، ۋاقت ئۆتكۈزۈپ كىرەي. بەلكىم ئاڭغىچە بۇ قانجۇقنىڭ پەيلى يېنىپ قالار».

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئادەم كۆپ بولمايدىغان كوچىلار بىلەن بالىلىق كۈنلىرى ئۆتكەن دەريا بويىغا كەلدى. دەرياغا يانداشتۇرۇپ چېپىلغان كۆل ۋە ئەتراپىقا قويۇلغان مەنزىرە ئورمانلىرى ھازىر

باراقسانلىشىپ كەتكەن، كۆل بولسا ئىستىراھەت بېغىنىڭ بىر بۆلىكىگە ئايلانغانىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدا قولۋاق سەيلىسى قىلىپ ئوينىشاتتى. كۆڭۈللۈك چاغ بولسا، كۆڭۈلدىكى ھەمراھىڭ بولسا قېيىق سەيلىسىمۇ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىشقا ياخشى ئىدى. بىراق، يالغۇز كىشىگە بۇ تازىمۇ ئەپلەشمىگەن ئىش. تە! «ئىھ ئەگەر مېنىڭ غالىپ ياش چاغلىرىمدا مۇشۇنچىلىك جايلار بولغان بولسا ياكى ئۆزەم مۇشۇنداق يەرلەردە ياشىغان بولسام،... ۋاھ! ۋاھ!... قانداق بىر قىزنى ‹ئۇشت!› دېسەملا ئارقامدىن كېلىدىغان قاۋۇل، كېلىشكەن چاغلىرىم بولغاندىكىن بۇنداق سەيلىلەر تازا قاملىشاتتى. دە. ئۆزەمنىڭمۇ ئەڭ موھىم ئالاھىدىلىكلىرىمدىن بىرى ئەنە شۇ قىزلارنى ئۇۋلاشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغانلىقىم ئىدى. دە!»

ئۇ دەريانىڭ كۆلگە تۇتۇشۇدىغان قولتۇقىدىكى ئورماننىڭ ئارىسىغا كىرىپ، پاكىزىرەك بىر يەرنى تېپىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە دەككە. دۈككە — ئېنىقراقى قورقۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان روھى ھالەت ھۆكۈمران ئىدى. ئايالنىڭ چالۋاقاشلىرى مېڭىسىگە كىرىۋالدى. بۇ يەردە زىددىيەتتىن ۋاقىتلىق ئۆزىنى قاچۇرغىنى بىلەن، تىل. ئاھانەت ئاڭلىماي، جېدەللەشمەي بۇ ئىش ئۆتۈپ كەتمەيتى. ئۇ بۇنى كەچمىش ۋە كەچۈرمىشلىرىدىن بىلەتتى. بۇنداق ئىش بىرىنچى قېتىم بولۇپ ئولتۇرغىنى يوق. گەرچە ئۇنىڭ نېمىگە شۇنچە چېچىلىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ جېدەل بۇ ئائىلىدە قەرەللىك ۋە قەرەلسىز پارتلاپ تۇرىدىغان ئۆچمىگەن يانارتاغدەك مەۋجۇدىيەت ئىدى. ئۇ جېدەلدىن قورقاتتى. قاچاندىن بېرى شۇنداق بولۇپ قالغىنى ئېسىدە يوق. ئىشقىلىپ ھازىر جېدەلدىن قورقاتتى. سورۇنلاردىنمۇ قورقاتتى. دوستلىرىدىن — ئىلگىرىكى دوستلىرىدىن قورقاتتى. يېڭى تونۇش. بىلىشلىرىدىنمۇ قورقاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ كۈلگەنلەردىن قورقاتتى. پىچىرلاشقانلاردىنمۇ قورقاتتى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلمايدىغاندەك، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا دۈشمەندەك، ھەممىدىنلا قورقاتتى. خىيالىدا بەزەن باتۇرلۇق پەيدا بولاتتى. يۇ، بۇلار رىياللىققا ئايلانمايتىلا ئەمەس، خىيالى ئەگەر كونكرېتراق تەپسىلاتلارغىچە بېرىپ، راستتەك

تۈيۈلۈپ كەتسە خىيالىدىنمۇ قورقۇپ كېتەتتى. چوڭ ئادەم بولۇشىغا قارىماي، كىچىك بالىدەك تارتىنچاق، هامان «تىرنىقىنى تاتىلاپ» تۇرۇدۇغان بولۇپ قېلىشى ئەنە شۇ روھى هالەتنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۆز ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ تۈيغۇسىنىڭ سۇنۇشى، ئۆز ئۆزىنى پەست كۆرۈش تۈيغۇسىنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن كېلىپ چىقىدىغان مۇقەررەر نەتىجە ئىدى!

ئەمدى بۇنى كۆرۈڭ، ئۇ تېخى بىر كۆڭۈلسىزلىكتىن ئۆزە بولمايلا يەنە ئۆيدە خاپىلىق! بۇ قانداق هايات بولدى، هە، كاساپەتنىڭ! بىر خوتۇننى ئەپلەپ باشقۇرالماسلىق ئۇنىڭ ئەرلىك غورۇرىغا تازىمۇ قاتتىق زەربە بولاتتى. بىراق، هەمىشە زەربىگىلا ئۇچراپ تۇرغان، هەممە سەپلەر بويىچە، هەممە زامان ۋە ماكاندا ئوخشاشلا پەخشى يەپ تۇرغان غورۇر ئۆيدىكى ئىشقىمۇ چىداشقا ئۈگۈنۈپ قالسا كېرەك! ئۇنىڭدا جەلىپ قىلىش كۈچىنىڭ يوقۇلىشى، ئەرلىك نوپۇزىنىڭ سۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانمىكىن؟ ياق، ياق! ئۇنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى تۈگىگىنى نېمىسى؟ ئۇ ياشلىقىدا- مەكتەپتىكى چاغلىرىدا، كېيىنىرەك «چېنىقىش»تىكى چاغلاردا ۋە كېيىن خىزمەتكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇنىڭدا شۇنداق مول جەلىپ قىلىش كۈچى بارىدىكى، ئۇنىڭغا بۇ كۈچ ئەبەدىي قورىمايدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئەجەبا شۇنچە زور زاپاس بىردىنلا تۈگەپ كەتكەن بولسا؟ يەنە كېلىپ شۇنچە بالدۇر، شۇنچە تېزلا! ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاهىدىلىكى، ئاساسىي خاسلىقى ۋە تالانتىمۇ دەل مۇشۇ جەهەتتە تۇرسا! ئاھ «دىۋان»، مېنىڭ قورالىم، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي سالماقمۇ سۆيگۈ هەققىدىكى سەهىپىلەر ئەمەسمىدى؟!

ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە ئۆتكەنكى شېرىن كەچمىشلەر كېچىشكە باشلىدى. ئەمدىلا سۆيگۈ ئۇقۇمى قەلبىنى غىدىقلاشقا باشلىغان مەزگىللەردە ئۇلار بىر توپ دوست بۇرادەرلەر مەكتەپتىن قېچىپ دەريا قىنى ئىچىدىكى سۇ ئاقمايدىغان، پەقەت كەلكۈن كەلگەندىلا سۇ چىقىدىغان، لاتقا تىنىپ قۇم ۋە بەز لايدىن لۆمشۈپ تۇرىدىغان جايدىكى سۆگەتلىكتە سۆگەت تالللىرىدىن بىر نېمىلەرنى توقۇپ، سۇغا چۆمۈلۈپ ۋە

يەنە ئاللىقانداق ئويۇنلارنى ئويناپ يۈرگەندە بىر كۈنى دوستلاردىن بىرى مەكتەپتىكى قىزلار ھەققىدە پاراڭ باشلىدى. ئۇلار تىخى كىچىك، مۇھەببەت، نىكاھ، ئەر- خوتۇنچۇلۇق مەسىلىلىرىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتى. شۇنداق بولسىمۇ، قىلىقسىز ئادەملەردىن ئاڭلىۋالغان ئەپسانە گەپلەر ئاساسىدا زورۇقۇپ بىر نېمىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قىزلارغا بېقىشىمۇ پەقەت چىرايلىق بويۇمغا بولغان قىزىقىشىلا ئوخشايتى، خالاس. ياخشى كۆرۈش، قەلبىنىڭ نازۇك تارلىرىنىڭ جىغىلداشلىرى تېخى بېشىغا كەلمىگەنىدى. ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا ھېلىقى ساۋاقداش: «مەن چوڭ بولغاندا xxگۈلنى ئالىمەن» دەپ قالدى. بۇ پەقەت ھەرقانداق چىرايلىق نەرسىگە بولۇدىغان قىزىقىشتىن ھېچ پەرقى بولمىغان بىر تۇيغۇدىن چىققان گەپ ئىدى xx گۈل بولسا مەكتەپتىكى ئەڭ چىرايلىق قىز ئىدى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا ــ ھەمىشە غالىپ بولغۇچىغا، مەكتەپتىكى داڭلىق ئوقۇغۇچىغا ھار كەلدى: «ياق، مەن ئالىمەن!» دېدى ئۇ قەتئىي قىلىپ. ھېچكىم تالىشىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇلار بىلەتتىكى، ئۇ قىلىمەن دېگىنىنى قىلاتتى. ھېلى ئۇنىڭ بىلەن تالىشىدىغان بولساڭ بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى مۇشتلۇشۇشقا ئېلىپ باراتتى. بۇ جاھىل، بەسلەشكەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىرغىچە رەت قىلىنىش قىسمىتىگە دۇچ كەلمىگەن ئەتىۋارلىق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئاخىرىغا چىققىلى بولمايتى. شۇندىن كېيىن ئۇ راستىنلا ئاشۇ قىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەنىدى. ئۇنىڭ شۆھرەتكە تۇققان بولۇپ كەتكەن نامى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى بولغانىدى. ئەمما ئۇ بارلىق قىزغىن مىجەزلىك ئادەملەرگە ئوخشاش، مەلۇم نەرسىگە قىزغىن بېرىلگىنى بىلەن قولغا كەلگەن ھامانلا بۇ ئىشنىڭ مەزىسى يوقتەك، قىممىتى تۈگىگەندەك چاپسانلا سوۋۇيتى. مانا شۇ مەن -مەنلىكتىن تۇغۇلغان تۇنجى مۇھەببىتىمۇ شۇنداق ئاخىرلاشقانىدى. شۇ چاغدا ساۋاقداشلار ئارىسىدا xxگۈل ئۇنى تاشلىۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەر تارقىلىپ، ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى. ئۆزىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن ــ يېڭىلگۈچى ئەمەس، تاشلىۋەتكەن غالىپلىقنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن ئۇ: «سىلەر

شەھەردىن ئەڭ تۇتقىلى بىلمايدىغان قىزدىن بىرنى كۆرسۇتۇڭلار، مەنمۇ تونۇمايدىغان، مېنىمۇ تونۇمايدىغان بولسۇن. مەن ئۇنى كۆز ئالدىڭلاردىلا ئىندەككە كەلتۈرۈپ، گەپلىشىۋالاي، قانداق؟» دېگەنىدى. ئۇلار چاخچاق ئارىلاشمۇ بۇنداق سىناقلارنى كۆپ قىلىشقان بولغاچقا ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلالىشىدىن گۇمان قىلىشمىدى. ئۇ بىرەر ئىشقا ئەستايىدىل ئىخلاسى بولمىغان بىلەن يادىچى ئىدى. شۇڭا ئوقۇغان كىتاپلىرى، ئاڭلىغان گەپ- سۆزلىرىدىن ھاسىل بولغان «گەپ خام ماتېرىيال ئامبىرى»غا ئىگىدى. نۇرغۇن قىزىقارلىق ھېكايە ۋە يۇمۇر- لەتىپىلەرنى يادا بىلىدىغان بولغاچقا، چىرايلىق گەپلەرنى ئۇنچىدەك تىزىپ، بۇلبۇلگويادەك سۆزلەپلا كېتەتتى. ئۇ نېمىلا دېمىسۇن ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرى بىر مەھەل ئادەمنى ئېسەنكىرىتىپ، باشقا ئىشنى ئۇنتۇلدۇرىۋېتەلەيتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تولاراق يىگىتلەر ئولتۇرۇشى، چوڭلار ئولتۇرۇشىغا چاقىرىلىپ تۇرغاچقا تەگتۇشلىرى بىلمەيدىغان جىق ئىشلارنى، ئاياللار خۇسۇسىدىمۇ كۆپ «بىلىم»لەرنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ مەكتەپتىمۇ خاھلىغان بىر قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى بىردەمدىلا ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى. ئەمما قىزلارنى ئۇمىدلەندۇرۇپ قويۇاتتى- يۇ، بىرسىگىمۇ كۆڭۈل بەرمەي ئەخمەق ئېتىپ ئوينايتى. چۈنكى، ئۇنىڭ خىيالىدا ئۇنىڭ جۈپتى باشقىچە سۈپەتلەرگە ئىگىدى. ئۇ دۇنيا بويىچە گۈزەل، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق، مىجەز - خۇلقى ئوچۇق، مۇلايىم، ئەبەدىي قىزغىنلىقنى سۇۋۇتمايدىغان ئاجايىپلا قىز ئىدى. ئۇ مۇشۇ تەسەۋۋۇرى بىلەن چوڭچىلىق قىلىپ، مەن ئالىدىغان قىز تېخى ماڭا ئۇچراشقىنى يوق، دەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ يىگىتلىك دەۋرىدىكى قىز - ئوغۇللار مۇناسىۋىتى، سۆيگۈ - مۇھەببەت جەھەتلەردە قىلىپ يۈرگەن بەڭۋاشلىقلىرىنى ھازىر ئويلىسا ئاجايىپ ئىش. شۇ شوخلۇقلارنىڭ ساھىبى مانا مۇشۇ كۆل بويىدا پۈشۈلداپ ئولتۇرغان كىشى شۇمىكىنە؟ قىسمەتنىڭ ئۇنىڭغا جۈپ قىلغىنىغۇ بايىقى جاۋىلداق خوتۇن! بۇ نەقەدەر ئېغىر زەربە- ھە! «ۋاي، ئاناڭنى! چوشقىلار!... ھەممىسى شۇ چوشقىلارنىڭ كاساپىتى!...».

كۆل بويىنىڭ ھاۋاسىغۇ بەك پەيزىكەن، بىراق، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆمۈرنى ئۆتكۈزۈشكە بولمايدىغۇ؟ يامان بولسىمۇ ئۆيگە قايتىش كېرەك. ئۇنى قانداق كۆڭۈلسىزلىك كۈتۈپ تۇرىدىكىن؟

خوتۇن ئۇنى ئويلىغىنىدەكلا جاۋىلداپ قارشى ئالدى:

— سەن قانداق ئەر كىشى؟ قانداق دادا؟ قولۇڭدىن پوق كەلمەيدۇ! خۇرجۇننى يۈدۈپ كوچىغا چىقايمۇ، ئەمدە؟ بالا دېگەننى تاپسىلا ھېساپ ئەمەس، باقالىسا ھېساپ!... — بۇ ئايالنىڭ ئەڭ چىرايلىق گەپلىرىدىن ئارىيە. بۇ گەپلەر ئارىسىدىكى ئەپسانە ھاقارەتلەرنى قايتىلاشىمۇ ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ.

— نېمە قىلاي؟ نېمە قىلاي ئەمدى؟! — ئۇ ئىلتىجاغىمۇ، سوقۇشۇشقىمۇ ئوخشىمايدىغان ئاۋازدا جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ شۇنىلا دەيتى.

خوتۇن ئۇنىڭغا «يورۇشۇڭ يوق، پۇل تېپىشنى بىلمەيسەن» دېگەندەك تەنىلەرنى قىلاتتى. توغرا، ئۇ نېمىشكە بۇنى قىلالمايدۇ؟ ئۇ قىلىمەن دېگەن ئىشنى قاچان قىلالماي قالغان؟ ئىككى قولى بىر بېشى بار ئادەملەر قىلالىغانلىكى ئىشنى ئۇ قىلماي قويمايتىغۇ؟ (ياكى ئۇ ئۆزىگە شۇنداق تەمەننا قويۇپ كەلگەنىدى) ئۇ ئىلگىرى بۇنداق نامرات ئەمەس بولۇدۇغان، بۇ جەھەتتىمۇ خەقتىن قالغان ئەمەس! ئۇنىڭ خىيالى يەنە غالىپ چاغلىرىغا، غالىپلىقنىڭ سىرلىق مەدەتكارلىقى بىلەن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، ھېچنېمىدىن تارتىنمايدىغان، ھەممىدىن مەن يۇكسەك دېگەندەك روھىي ھالەت بىلەن شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىدىغان جۇشقۇن يىللىرىغا قايتتى. چالۋاقاشلار، تىل ھاقارەتلەر يېغىۋاتقىنىغا قارىماي بېشىنى سېلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ خىيالغا كېتىشى بىلەنلا ھېچنېمە قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ قايتىدىن كۈچ توپلاپ كونا شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان چاغلىرىدىكىدەك قولىغا سۆيۈملۈك كىتاپىنى ئالدى. ئۆزىنى شەرەپلەرگە چۆمدۈرگەن كىتاپنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ ئولتۇرۇپ شېرىن خىيالغا غەرق بولدى. ئەمدى ئۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ غالىپلىقنىڭ پەيزىنى روھەن قايتا باشتىن

كەچۈرۈپ، ئۆزىگە تەسەللى ۋە مەدەت تېپىشقا باشلىدى ھەم قولىدىكى «دىۋان»دىن قايتا باش كۆتۈرۈشكە يېتەرلىك غەيرەت تېپىش ئۈمىدىدە بولدى. ئاندىن خىيالى شاخلاپ قايتا باش كۆتەرگەندىن كېيىنكى پارلاق مەنزىرىلەرنى سىزىپ چىقىشقا ۋە شۇنىڭ شادلىقىدىن مەست بولۇشقىمۇ ئۈلگۈردى. بۇ خىيالى پارلاق كېلىچەك ۋە ئۇنىڭ شاد ـ خۇراملىقىدىن خېلى كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، شۇنداقلا ئەمدى ئۆزىگە ھېچنېمە توسالغۇ بولالمايدىغاندەك بىر روھ پەيدا بولۇپ، ئەتىلا قايتىدىن سەپكە قوشۇلۇپ، سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋېلىش قارارى بېكىتىلدى...

شۇنداق، ئۇ ئىشقا كىرىشتى. تېرىپ تۆشەلگەن ئازغىنا دەسمايە بىلەن تىجارەتكە كىرىشتى. تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى چالا ساۋات ياكى ساۋاتسىزلار بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ يېڭى سەبداشلىرى ئۇنىڭ پاراڭلىرىغا ھېرىسمەن بولدى. ئۇ بۇ ئەبجىقى چىققان نەرسىلىرىگە بۇلارنىڭ ئارىسىدا بازار تاپتى. يېنىدىن ئايرىمايدىغان كىتابى بىللىدى. ھەمراھلىرىغا ئۇنى ئالەمدە بىر دېگەن مەزمۇندا تونۇشتۇردى. ھەممە ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى ياكى ھۆرمەت قىلغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ھە دېگەندىلا نوپۇزى ئەسلىگە كەلگەن كونا كاتتىدەك ھېسسىياتتا بولۇپ، يېڭى ئىخلاسمەنلىرىگە چوڭقۇر ئىشەنگىنىچە ئازغىنا مەبلىغىنى تاپشۇرۇپ قويدى. چۈنكى ئۇ تىجارەتكە خام بولغاچقا ئاۋۇلارغا قوشۇلۇۋالسا ئاخىرىدا پايدا ئۈلۈشۈپ، ئىناۋىتىنىڭ سايىسىدە ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىدىغاندەك ھېس قىلغانىدى. يېڭى شېرىكلەر تىجارەتنى ئوبدان قىلىشتى. ئۇلار پات ـ پات ئۇنىڭغا «ئىشلار جايىدا» دەپ دوكلات بېرىپ، ئۇنى خوشال قىلىپ تۇراتتى. تاماق، ياتاق ھەممىسى شۇلاردىن بولاتتى. ئۇ ئۆز نوپۇزىدىن زوقلىناتتى. «ئۇلار مېنىڭ ئىخلاسمەنلىرىم، ماڭا قارا سانىمايدۇ» دەپ ئىشەنگەچكە، تەپسىلى ھېساپ كىتاپ قىلمايتى. «ئاخىرىدا شۇلار ماڭا ئېتىۋار بىلەن پايدا ئايرىپ بېرىدۇ» دەپ ئويلايتى.

خەير، ئاخىرقى ھېساپ ـ كىتاپ سائەتلىرىمۇ كەلدى. چوڭ ھېساپ ئېچىلغاندا ئۇ ئۇقۇمۇشلۇق كىشى سۈپىتىدە ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. ئۇلار قەغەز، قەلەم ئىشلەتمەستىنلا ھېساپنى ئايرىدى. مەلۇم بولدىكى،

ئۇمۇمي ھېساپتا ئۇنىڭ دەسمايىسىنىڭ ئۈچتىن بىرى زىيان بولۇپ تۈگىگەن خۇلاسە چىقىرىلدى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ھېلىقى خالىس تۆلەنگەن ياتاق، تاماق پۇللىرى شۇنچىلىك تەپسىلىي، ئىنچىكە ھېساپلاندىكى، ئۇ ھەيران قالدى. تۇۋا ئۇلارنىڭ خاتىرىسى نەقەدەر كۈچلۈك! ھېساپ دەپتىرى تۈتمايلا ھەممە ئۈجۈر- بۈجۈرلىرىغىچە ئېسىگە تايىنىپلا قىلىشتى!

— «ھېساپ باغداتتىن يانىدۇ» دېگەن گەپ بار، ھېساپ ئىشىكەن، خاپا بولمايسىز، ئەمدى. «پايدا بىلەن زىيان بىر تۇققان». بۇ دو شۇنداق بولۇپ قالدى... — دېيىشتى ئۇلار.

ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ بىر خىل بىۋاستە سەزگۈدىن بولغان خام چوت باردى. ئۇنىڭدا زىيان بولۇدىغاندەك ئەمەسدى. ئۇنىڭ ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك قىلدى. ئۈيقۇسى كەلمىدى. پۇلنىڭ ئىشقى ئاياللارنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭلاشقىمۇ دانالار پۇلنى بىرىنچى ئېزىتقۇ، ئاياللار ئىككىنچى ئېزىتقۇ، دېگەنىكەن- دە، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئاخىرى چىدالماي باشقا تىجارەتچىلەرگە بولغان جەريانىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇلار گەرچە شېرىك بولمىسىمۇ بۇلارنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا قارىغاندا تەپسىلىراق چۈشۈنۈدىكەن، تۇۋا! ئۇلار پۇل ئىشىغا، ھېساپقا نەقەدەر سەزگۈر، نەقەدەر چېچەن- ھە! «ۋاي، ئاناڭنى! چوشقىلار! ھەممىسى شۇ چوشقىلارنىڭ كاساپىتى!...».

— «دادىسىنى ئالدىمىغان سودىگەر بولماپتۇ» دېگەن گەپ بار، سىزنى ئۇلار دەسسىتىپ كېتىپتۇ. زىيان بولغىنى يالغان، قايتا ھېساپلىشىڭ! شۇنداق ئىنساپسىز ساختىپەزلەر بىلەن شېرىك بولغاندىكىن ئۆزىڭىزگە ئاز، — دېيىشتى.

ئۇ قايتا ھېساپلىشىشتىن ئىنتايىن خىجىل بولدى. ھەممىدىن يامىنى ئۇ ئۈجۈر- بۈجۈرنى چۈشەنمەيدىغان بۇ ھېساپنى قايتا قوزغاپ، قەرزدار بولۇپ چىقىشتىن قورقاتتى.

ئۇ بۇ مەغلۇبىيەتنى تەن ئېلىشتىن تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلدى.

بۇ نەتىجە بىلەن ئۆيگە نىمە دەپ بېرىشنى بىلمەيتى. ئەمدى ئۆزىگە ھىسسىداشلىق قىلىپ سۆزلىگەنلەرنى ئاۋۋالاردىن ئوبدانراقكەن، دەپ ئويلاپ قالدى. دە، ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ، يەنە بىر زامان تىڭىرقاپ يۈردى. لېكىن ئۇ يەنىلا قىلىۋاتقان ئىشىغا نىسبەتەن بىر خىل تۇمانلىق ھاۋادەك غۇۋا چۈشەنچىدە ئىدى. شۇڭلاشقىمىكىن، بۇ قېتىمقى تىجارەت جەريانىمۇ ئاۋالقىدەك ۋە بەلكى ئاۋالقىدىنمۇ ئېچىنىشلىقراق نەتىجە بەردى. ھېساپ- كىتاپ قىلىشقاندا ئۇنى كولدۇرلىتىۋېتىشتى. ئاللىقانداق ناتوغرىلىق باردەك ھىس قىلاتتى- يۇ، ئۇلارنىڭ ساختىسىنى ئېچىپ بېرەلمەيتى. «مۇنداق، مۇنداق بولغان يادىڭىزدىمۇ؟» دەيتى ئۇلار بىر بىرلەپ ئەسكە ئېلىپ، «شۇنداق بولغاندىكىن، بۇنىڭدىن چىقتى، مۇنداق، توغرىمۇ- يا؟» بىر بىرلەپ تەستىق ئېلىپ تۇراتتى. ئۇ بولسا «شۇنداق، توغرا، ئېسىمدە بار...» دېگەندەك تەستىقلاپ تۇراتتى... بىراق، ئاخىرقى نەتىجە شۇنچە ئۇسال بولۇپ چىقتىكى، ھېچ ئىشەنگىسى كەلمەيتى. ئۇ ساۋاتسىز ھەمراللىرى تەرىپىدىن شۇنچە ئاسان، ھېچ كۈچىمەستىنلا ئاخماق ئېتىلمەكتىدى. ئۇ كۆڭلىدە نىمىدۇر بىر نەرسە توغرا بولماي ھېساپتا كەتكۈزۈپ قويىۋاتقىنىنى غۇۋا ھىس قىلىپ قالاتتى، خالاس. ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ماختىنىپ يۈرگەن بىلىمى شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئەسقاتمايۋاتقىنى چۈشىنىكسىز ئىدى. بۇ ھېساپلار ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ئىش ئىدى بولمىسا؟ ئاۋۋالارنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايتى، ئەمما ئۇلار ھازىر ئۇنى كۆزىگە ئىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇنى ساراڭ نىمىكەن دەپ ئويلىمايۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇلار ئىشقا شۇنچە ماھىر، ئاغزى سۆزگە ماھىر، ھېساپقا تېخىمۇ ماھىر ئىدى.

«ھۇ ئالدامچىلار! كاززاپلار! ئىشقىلىپ مېنى يۇناشتىڭ! بۇنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئەمدى ئۆز كۈچۈمگە تايانىمسام، خەپ!» ئۇ ئەمدى شۇنداق قارارغا كەلدى. قەتئىي نىيەتكە كەلدى. ئۇلارنىڭ كۈلۈشلىرى، پىچىرلىشىشلىرى ئۇنىڭغا ئېغىر روھى بېسىم بولاتتى. ئەمدى ئۇلارغا ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرى ياقمايدىغاندەك بىلىنەتتى. ھېلىمۇ بىكار بولۇپ

قىلىشسا ئۇنى پاراڭغا سېلىشقا ئۇرۇنۇشاتتى- يۇ، ئەمما دىققىتى ئۇنىڭدا بولمايتتى. قىلىقلىرى، تەلەپپۇزى مەسخىرىلىك بىلىنەتتى. بۇرۇنمۇ ئۇنىڭغا ئىخلاسمەنلىك قىلغانلىرى ساختىمىدىكىن؟ ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم قىزىقىپ ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتىكەنا؟ ئۇ ئەمدى ئۇلاردىن ئۇزۇل- كېسىل گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ھامان مەسخىرىلىك، خاراكتىرى كېبىرلىك، ھېچنېمىنى ياراتمايدىغان، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمەيدىغان، بىر خىل ساختا ئاقسۆڭەكلىك خاراكتىر بولۇپ بىلىنىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ مەسخىرىگە قېلىشتىن قورقۇپ، پاراڭدىن نېرى قاچىدىغان، كەم سۆز، جىمخور بولۇپ قالدى. ۋاھالەنكى، جىمخورلۇق نېرۋىنى يەيتى. جىم- جىتلىقتا شۈبھىسىزكى خىيال بېسىۋالاتتى. خىيال بولسا بارغانسېرى شاخلاپ باراتتى، بارغانسېرى بىمەنە تۈس ئالاتتى. خىيالنىڭ كەينىدىن كېتىۋەرگەندە بولسا رىياللىقتىن شۇنچە چەتنەپ، ساراڭلاردەك بىر دۇنياغا، بىر خىل چەكسىز ئوچۇقچۇلۇققا كېتىپ قالاتتى...

ھەردەم خىياللىق ــ ھازىرجاۋاپلىقنىڭ، تېز ئىنكاسنىڭ رەقىبى ئىدى. تىجارەتتە بولسا تېز ئىنكاس، زىرەكلىك كېرەك! شۇڭا ئۇ خىيالدا قانچە- قانچە قېتىم مىليونېر بولۇپ، مەن مەنلىك تۇيغۇسى ئۇچۇن روھى قانائەت تاپقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ھالدا ئېلىپ بارغان تىجارەت پائالىيىتىدىمۇ مەغلۇپ بولدى. ئۇ شۇ يوق ھېساپتىكى دەسمايىسى ۋە كىچىككىنە تىجارىتىنىڭ ھېسابىنى چىقىرالماي تازا بېشى قاتتى. زىيان تارتقىنىنى قولىدىكى پۇلنىڭ دەسلەپ ئىشقا كىرىشكەن چاغدىكىدىن ئازلاپ كەتكەنلىكىدىنلا بىلدى. ئەمما قەيەردە، نېمە سەۋەپتىن زىيان چىقىۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەيتى. ئۇ ئەمدى ئاتتىن چۈشۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشۈشكە خېلى ۋاقىت باردى. ئۇ پەقەت: «ئەمدى مەن بۇرۇنقىدەك تېز ئۆگۈنىۋېلىش ئىقتىدارىمدىن قاپتىمەن، مەيلى، باشقىلاردەك ئاستا- ئاستا ئۆگەنسەممۇ بولىدۇغۇ»، دېگەن يەرگە كەلدى. ئەمما يارىماسلىقىنى تېخىچە بويىنىغا ئالغىنى يوق.

«نەسىلگە قايتىش ھادىسىسى» دەك ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى
قېرىشقاق تىرىشچانلىق پەيدا بولۇپ، بىر مەھەل قاتتىق كۆرەش قىلدى.
ھېساپ- كىتاپ قىلىپ كۆرۈۋىدى، دەسلەپ ئۆيدىن چىققان چاغدىكى
دىر پۇلىغا ئازراق قوشۇلغانلىقى مەلۇم بولدى. «مانا دېمىدىممۇ، مەن
قىلالمايدىغان ئىش يوق» دەپ مەغرۇرلاندى ئۇ. ئۇ بۇ نەتىجىنى قولغا
كەلتۈرۈشتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئىنتايىن پىخسىقلىق بىلەن
باشقۇرۇش چارىلىرىنى بېكىتىۋالغانىدى. ئەڭ ئاددىي غىزا، ئەڭ ئاددىي
كىيىم، تاكسى ئورنىغا ئاپتوبۇس، ئاپتوبۇس ئورنىغا پىيادە يۈرۈپ، خويمۇ
قىينالغانىدى. نەتىجىنى كۆرگەندىن كېيىن بولسا ئۇنىڭدا يەنىمۇ
غەيرەت ئۇرغۇدى. كەيپى چاغ بولۇپ قالدى. بىردىنلا پىخسىق
بولۇۋالغىنى بىلەن پۇلنى تۇتۇپ تۇرالماسلىق ئۇنىڭدا غەلىتە بىر
كېسەللىك ھالەت ئىدىكى، ئۆزىمۇ ئۇقماستىن چاپسانلا پۇلنى تۈگىتىپ
قوياتتى. كاشكى ئۆزى بولسىمۇ ھوزۇرىنى كۆرسە!
غەلىبە خاتىرىلىنىۋاتقان ئاشۇ «جەڭ ئارىلىقىدىكى جىم-
جىتلىق» مەزگىلىدە بىرى ئۇنى رىستۇراندا ئويناپ كېلىدىغان بولساڭ
راسلان، كۆپچۈلۈك بۇگۈن پەيزى سۈرۈپ كەلمەكچى، دەپ تەكلىپ
قىلىۋىدى، ئۇ دەسلەپ پۇلنىڭ كۆپ چىقىم بولۇشىدىن ئەنسىرەپ
ئارىسالدى بولدى. بىراق، كېيىن خېلى پۇل تاپقانلىقى، ئەمدى پۇل
تېپىشنىڭ ئېپىنى بىلىپ قالغانلىقى كۆڭلىدىن كېچىپ، «بوپتىلا،
شۇنچە ئۇزۇن زامان جاپا چېكىپتىمەن، بارسام باراي. ئەسلىدىمغۇ، بۇنداق
سورۇنلار بىز ئۇچۇن يارالغان. ما بىر نېمىلەر بىكارلا سورۇننى
پۇچەكلەشتۈرۈپ يۈرۈشىدۇ. ھېلىمۇ بىزلە ياشلىقىمىزدىكى
شوخلۇقىمىزدىن قالغىنىمىز يوق. بىز بار سورۇندا خېلى خېلىسىغا
ئىش يوق...» دەپ ئويلىدى- دە، جابدۇنۇشقا باشلىدى. بىراق، تۇيۇقسىز
ئۇنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كېچىپ ئارىسالدى بولۇپ قالدى. شۇ كۈنىسى
چۈشتىن كېيىنكى ئىش ۋاقتىدا مەلۇم زاۋۇتتا مال زاكاز قىلىدىغان،
زاكالەت پۇلى تاپشۇرۇدۇغان ئىشى بارىدى. رىستورانغا كەتسە بۇ ئىش
قالاتتى. بۇ پوتكول تىجارەت پائالىيىتى جەريانىدا ھالقىلىق بولغان بىر

قەرنە ئىدى. بۇنى قولدىن بېرىش نەچچە ئايلاپ، ھەتتا يىللاپ بىر ئىش ئوڭ كەلمەي ئۆتۈپ كېتىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەمما ئۇ رىستورانغىمۇ قىزىپ قالغانىدى. بولۇپمۇ بۇگۈن ئۇ يەرگە بارىدىغانلار ئىچىدە بىرمۇنچە گۈزەللەرنىڭ بولۇشى ئۇنى تېخىمۇ تەخىرسىز ھالغا كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. يۇخادىن چىققۇدەك بىر ئويىنىۋالغۇسى، ئىچىنى بوشۇتۇۋالغۇسى، نەچچە ۋاقىتتىن ئۆزىگە مەسخىرىلىك باققانلارغا ئۆزىنى بىر كۆرسۈتۈپ قويغۇسى بار ئىدى. رىستوراندىن يېنىپ زاۋۇدقا بېرىشقا ئۈلگۈرگىلى بولارمۇ؟ ياق، بىر قەپەز ئويىنىۋەتكەندىن كېيىن شۇ يەردىنلا تاكسى تۇتۇپ كەتسە بولمىدىمۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن زاكالەت پۇلنى يېنىغا سېلىۋالسىلا بولغىنى. شۇنداق قىلىپ بۇ چىگىش جايىدا ھەل بولغاندەك قىلدى. ئۇ پۈتۈن پۈلدىن ئىككى باغلامنى قويۇن يانچۇغىغا سېلىۋېلىپ تاماشىغا راسلاندى. ئۇنىڭ تۈزۈكراق كىيىمىمۇ يوقكەن. ئىلگىرىلىرى بولۇدىغان بولسا ئەڭ يېڭى مودىلار ئۇنىڭ ئۈچىسىدا كۆرىنەتتى، ئەمدى، ئۇ قانداق كىيىمنى قانداق سورۇنغا كىيىشنىمۇ بىلمەيدىغان تومتاقلاردىن بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئەگەر «دىۋان»نى يېڭى زامان تېخنىلوگىيىسى بىلەن تەتقىق قىلسىغۇ بۇلارمۇ ئۇنىڭدىن چىقماي قالمايدۇ، ئەمما شۇئاندا مېنىڭ ۋاقتىم... ئۇ چامىسىنىڭ يېتىشىچە يامان ئەمەسرەك كېيىنىپ، خۇددى ئىلگىرىكى جەلپكار ھالىتىگە كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇدا كېرىلدى. ئەينەك ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەپتىگە بېقىشۇدى، چېچىنىڭ چارلاشقىنى، تېخىمۇ يامان يېرى، شالاڭلىشىپ ئاستىدىن قىزىل تېرە كۆرۈنۈپ تۇرغىنى، شالاڭ چاچ ئارىسىدىكى يالپاق، يالپاق كېپەكلەر، ... ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. «قانداق يىگىت ئىدۇق بىز ھە! چېچىمىزنىڭ قويۇقلىقىدىن تارغاق ئۆتمەيتى...» ئۇ ئەپلەپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ يولغا راۋان بولدى.

زىياپەت ئارىلاش ئويۇن ئوينالدى. بۇ يەردە بىرمۇنچە پەرىلەر بارىكەن. بۇلار مېھمانخانا مۇلازىملىرىمۇ ئەمەس، تىجارەتچى قىز- چوكانلارمۇ ئەمەس، ئىشقىلىپ ئۇلارمۇ «پۇل تاپىدىغانلار» ئىدى. ئىچىملىكلەر ئىچىلىپ، كولكە چاخچاقلار ئۇلۇنۇپ تۇراتتى. ھە دېگەندىلا ئۇ چىرايلىق

قىزلاردىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، خۇددى ئەڭ روشەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان يېرىدە ئىنتايىن سەت ئەيىبى باردەك تۈگۈلۈپلا قالدى. ئۇستىۋاشلىرى، بايا ئەينەكتە كۆرۈنگەن ئەپتى، چاچلىرى يادىغا يەتكەندە بوشۇشۇپلا كەتتى. بۇ ياقىقا كېلىشتە پەيدا بولغان جەلىپكارلىق تۇغرىسىدىكى ئىشەنچ كۆككۈم- تالقان بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. چۈنكى بۇ يەردە ھېچكىم ئۇنىڭدەك كونا بىرنېمىلەرنى كىيىگىلىك ئەمەسىدى. ئۇنىڭ يۇمۇر- لەتىپىلەرنى سۆزلەپ سورۇن ئەھلىنى كۈلدۈرۈپ، راسا كۆڭۈل- كۆكسىنى بوشۇتۇۋېلىش ھەققىدىكى ئويلىرى ئاللىقانداق زەربىدىن يېمىرىلىپ كەتكەن بولۇپ، سۇكۇت ئىچىدە ئىچەتتى، ئىچەتتى، ئىچەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ جەلپكار چاچچاقلىرىنى چۈشىنىدىغانلارمۇ باردەك قىلمايتى، بۇ يەردە بولۇۋاتقان قىزىقچىلىقمۇ باشقا تۈرلۈك ئىدى. «ۋاي ئاناڭنى چوشقىلار! ھەممە نېمىنىڭ تېپى ئۆزگىرىپ كەتكەنمۇ قانداق؟» ئەمەلىيەتتە بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلمىغاندەك، ئېتىبارىنىمۇ قاراتمايتى، «ئەمدى بىر دەم بۇ ئاكىمىزغا قۇلاق سالايلى» دېگەندەك تەكلىپ بىرىنىڭمۇ ئاغزىدىن چىقمايتى. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەممىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. قىلىقسىز يىگىتلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا قىزلارنى قۇچىقىغا تارتاتتى. قىزلار بولسا ياسىما قارشىلىق بىلەن زىل ئاۋازدا چىرقىرىشاتتى. بىرلىرى كارا OKمىكرافونىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ ناخشا تۇۋلايتى. ئۇ غېرىپسىنىش ئۇستىگە يىگىتلەرنىڭ شوخلۇقلىرىنى كۆرەلمەي، ياشلىقنى سېغىنىش ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ: «بۇ نېمىلەر پۇلغا زورلايدۇ. قىزلار پۇلنى دەپلا ئۇلارغا ساختا كۆلكىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. بىز دېگەن ئۆز ۋاتىدا قۇرۇق گېپىمىزگىلا باغلىنىۋالاتتۇق. ھەتتا نەۋجۇۋانلار بىزنى سوغاتلار بىلەن ئالداشقا ئۇرۇناتتى. بۇ كۇندىغۇ كۆڭۈلنى دەيدىغانلار يوق، ساپلا شۇ پۇل ئاچارچىلىقى...» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

جىم- جىت ئولتۇرۇپ ئىچىش، ئېغىر خىياللاردىن مېڭىسىنى چارچىتىش نەتىجىسىدە ئۇ بارا - بارا ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويىدى.

كىمدۇر ئۇنى ناخشىغا تەكلىپ قىلدى. بىر چاغدا ئۇ ناخشا ئوقۇۋاتقان ئۆزىنى كۆپچۈلۈك ئارىسىدا ئولتۇرۇپ كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. ئەر- ئايالالار قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ كۈلەتتى... قىزلارنىڭ زىل ئاۋازدا چىرقىرىشى! تونۇشلا چىرقىراش! يوتقان- كۆرپە ئۆرۈلۈپ كەتتى! ئاپلا! بالا، بالا بېسىلىپ قالدى!...

... ئۇ ئورۇنىدۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ماغدۇرسىز گەۋدىسىنى سەل كۆتۈرۈپ رۇسلىنىۋېلىپ، ياغلىقى بىلەن تەرلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى. ھېلىلا پاتقاققا پېتىپ قالغان كالا ھارۋىسىنى ئىتتىرىشكىنى ئېسىدە، مانا شۇ چارچاش! بىرى ئۇنى يېنىدىكى قىزلارغا تونۇشتۇردى:

ــ ... بۇ كىشى ئەسلىدە ناخشىنى قالتىس ئېيتاتتى. ناخشا- ئۇسۇلنىڭ پىرى، ئەيش- ئىشرەت سورۇنلىرىنىڭ گۈلى ئىدى. بۈگۈن سەل چارچاپ قاپتۇ. ئاۋازىمۇ قىسىلىپ قاپتۇ. ياش چاغلىرىدىغۇ قالتىس ئادەمكەندۇق...

ئۇ بۈگۈن ناخشىنى تازا ياخشى ئېيتالمىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ، بۇنى بايىقى پاتقاقتىن كالا ھارۋىسىنى چىقىرىشتا ھېرىپ كەتكەنلىكىگە ئارتىپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇپ تەمشىلىۋاتقاندا، ياش چاغلىرى توغرىسىدىكى تەرىپلەردىن ئېرىپ كەتتى- دە، كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا تەمشەلگەن سۆزلىرىنى يۇتۇۋېتىپ، كېيىنكى گەپنى تەستىقلاشقا ئالدىرىدى:

ــ بىزلە ياش چاغلىرىمىزدا ئاجايىپ ئىدۇقتە! قىزلار تومۇچۇقتەك تىزىمىزغا قونۇپ ئولتۇرغان...

ــ ۋايىيەي، ما قېرى ئوغرىنى! چېچىنىڭ ئاقارغىنىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكى؟... ئەينەككە قاراپ باق، ھەي، قېرى!

ــ قېرى؟ ــ بۇ گەپ ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى، ــ بىزدىكى كۆڭۈل ئون سەككىز ياشلىق يىگىتلەردىمۇ يوق،... ــ ئۇ بىردىنلا قىزىشىپ شەھۋانى سۆزلەرنى، ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىكلىكى توغرىسىدىكى بىمەنە ماختىنىشىنى باشلىۋەتتى... ئۇ خېلىدىن كېيىنلا ھېچكىم قۇلاق

سالمايۋاتقانلىقىنى، بايىقى بىردەملىك سۆھبەتداشلىرىنىڭ تۇمشۇقلىرىنى قۇلاقلىرىغا چاپلاپ دېگۇدەك پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى غۇۋۋا ھالدا ھېس قىلدى- دە، ئەلەم بىلەن توختاپ قالدى. يەنە بېشىنى ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك تۆۋەن سېلىپ، جىملا ئىچىشكە باشلىدى.

— سىلەر دېگەن بىلەن جىمخور ئادەملەرنى چۈشەنمەيسىلەر، ئۆزەم چۈشۈنۈمەن، — دېدى شوخ قىزلاردىن بىرى ئۈنىڭغا يېقىنلاشقاچ، — مانا شۇنداق ئادەملەر مۇھەببەت دېگەننى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشۈنىدىغان بولىدۇ. يېشى چوڭراق ئەرلەر يىگىتلەرگە قارىغاندا ھوزۇر — ھالاۋەتنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ. مەن مۇشۇنداقلارغا بەك ئامراق، — دېگىنىچە ئۈنىڭغا يېقىنلاشتى، ئاندىن قۇلىقىغا ئېڭىشىپ، — تاپتىمۇ، تاتلىقىم؟ دەپ پىچىرلىدى.

مانا شۇ چاغدا — قىز ئۈنىڭ قۇلىقىغا ئېڭىشكەن چاغدا — ئۈنىڭ كۆزلىرى كەڭ ئوچۇق ياقىلىق كوفتىنىڭ ئېڭىشىش بىلەن نېمىدۇر ئېغىر بېسىپ تېخىمۇ ئېچىلغان يېرىگە قاراپ قالدى. قارىدى-يۇ، يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى! ئاپپاق ئىككى «جىڭ موما» يانمۇ-يان... ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ياتقان جەزىبە! ئاق ۋە سۈزۈكلىكىدىنمۇ ئۆتە مىلىقىدە يۇمشاقلىقىنىڭ بىلىنىپ تۇرۇشى ئۈنىڭ ئەقلىنى ئوغۇرلاپ ئالدى. قىز پىچىرلاپ بولۇپلا ئۈنىڭغا چاپلىشىپ ئولتۇرۇۋالدى.

ئۇ يۇمشاق ئۇرۇلغان يوتىنى يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدە ھېس قىلدى. چوغ يېقىلغاندەك قىزىق، مەيىن سالقىندەك ھوزۇرلۇق تۇيغۇ ئۇنى ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇ ئاشۇ تۇيغۇدىن ئەللەيلىنىپ، ئىلاستىكىلىق ماتراس ئۈستىدە يوقۇرىغا قاڭقىپ يەنە لەرزان چۈشۈۋاتقاندەك، قەلبى شائىرانە ھېسقا، رىتسارلارچە قاراملىق، بىر خىل ئۈستۈن كەيپىياتقا چۆمدى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە خۇددى «ياشاش ئۈچۈن ئالغا!» دېگەن چاقىرىق گۈرۈلدەپ تۇراتتى. ئۇ بايىلا ئۈنىڭ روھى ۋە جىسمىنى تامامەن يۇتۇۋەتكەندەك بىلىنىپ كەتكەن يۇمشاق «تۆپۈلۈك»لەرنىڭ قەلبىدە قالدۇرغان لەززىتىنى دەممۇ-دەم كۆشەپ، بۇنداق دەملەرنىڭ نېمىشقا ئۇزاقراق داۋام قىلمايدىغىنىدىن ئاغرىنىپ تۇرۇۋاتقانىنىڭ

ئۈستىگە ھەس قىلىنغان يوتىلارنىڭ يۇمشاقلىقى، كۆرۈش سەزگۈسىدىن ئەمەس، تېگىش سەزگۈسىدىن مەنبەلەنگىنى ئۈچۈن تېخىمۇ كىنكرېت، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ نەقەدەر ئاق بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرەلىگەن بولسا ئىدى، ھۇشىنى يوقۇتارمىدىكىن!

بەزىدە شېرىن ئارزۇلارنىڭ كۈچلۈك تەقەززاسىدا قايتىلىنىشى ئىستەلگەن ئىشلار راستىنلا قايتىلىنىپمۇ قالىدىغان دەملەر بولىدىكەن! ئۇ بايىقى بىر نەچچە سېكونتلۇق پۇرسەتتە كۆرگەن مامۇق تۆپۈلۈكلەرگە قاراش پۇرسىتىنى يەنە تۇغدۇرۇپ، قىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىنلاشتۇردى. شۇ چاغدا قۇلىقىغا بىر ئىسسىق تىنىق ئۇرۇلۇپ، نېمىلىكىنى ئويلاپ ئۈلگۈرمەيلا:

— زېرىكمىدىڭىزمۇ؟ ئاستىلا چىقىپ كېتەيلى، مېنىڭچە سىزگىمۇ تۇغرا كېلىدۇ، شۇنداقمۇ، — دېگىنى ئاڭلاندى. ئۇ بۇ ئۇشتۇمتۇتلۇقتىن ئېسەنكىرەپ قېلىپ، ئىشىمۇ خىيالى «ئىدىرلىق»لارنى ئىزدەشكە مەركەزلىشىپ كەتكەچكە، قىزنىڭ سۆزى مەنىسىز تاۋۇشلار توپىدىن ئىبارەت بولۇپ ئاڭلاندى. قىز ئۇنىڭغا بىلىنەرلىك ئىشارەت قىلمىغان بولسا ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قىزنىڭ نېمە دېگىنىنى ئۇقالمىغان ئىدى.

ئۇ يەنە بىر مەرتە مەغرۇرلىنىشقا مۇۋەپپەق بولدى. «سىلەر پۇلنى بۇزۇپ چېچىش ھىساۋىغا قىزلارنى مايىل قىلىسىلەر. مەنچۇ؟ مانا، بىر تىيىن خەژلىگىنىممۇ يوق، كۆز نۇرۇمدا، ئوتلۇق ئىھتىراسلىرىم، ئۈنسىز ئاھىم، ئاشىقانە سېزىلمەس ھەرىكەتلىرىم بىلەن قىزلارنى تەسلىم قىلىمەن. سىلەر بىرمۇنچە چىقىمدار بولدۇڭلار، ئالاتاغىل توۋلاشقاندىن باشقا ھېچ بىر ئەمەلىي نەپكە ئېرىشەلمەي قايتىسىلەر، مەنچۇ؟ مانا مۇشۇنداق!... ئىلگىرىمۇ شۇنداق ئىدىم، ھازىرمۇ تېخى جەلىپ قىلىش كۈچۈمنى يوقاتماپتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى ھىس — تۇيغۇلار تىلىنى چۈشۈنىدىغانلار بارىكەن! بۇ قىز تۇغرا ئېيتىدۇ، پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىغىنى قىزلارنىڭ جىسمى، مۇھەببىتى ئەمەس، سەن ھاماقەتلەر مۇھەببەتنى مەندەك چۈشىنىشەتتىڭمۇ!»

ئۇلار چىم بىلەن قاپلانغان سۇنئىي دۆڭلۈكلەرنى ئايلىنىپ، بىردەم ھاۋالانغاندىن كېيىن، قىز بىردىنلا توختاپ:

ــ ئاپلا، مېنىڭ تالالا بازاردا بىر ئىشىم بارىدى، ئەمەسمۇ؟ سىز ماڭا ھەمىرا بولىسىزغۇ دەيمەن؟ بىراق تاكسىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئارقامدىراق ماڭسىڭىزلا بولىدى. يۈرۈڭ كەتتۇق. ئىشىم تۈگىگەندە مەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا، ــ دېدى بىر خىل ئىشەنچ، خوجايىنلارچە ئىشەنچلىك ئاھاڭدا.

ئەرلەر بار سورۇندا قىز- ئاياللار پۇل تۆلەشكە توغرا كەلمەيتى. بۇ ئەرلەرنىڭ رىتسارلارچە روھى بەلگىلىگەن ئادەت.

قىزنىڭ بازاردىكى «ئىشى» نەرسە سېتىۋېلىش ئىكەن. بۇ ئىش شۇنداق ئۇزۇن ئۇستىلىقى بىلەن پۈتتى. ئۇنىڭ رىتسارلارچە روھىغا زورۇر ئۇزۇقلۇقتەك خوشاللىق بەخش ئەتتى. ئاندىن قىزنىڭ قېيىق سەيلىسى قىلغۇسى، ئاندىن مۇزدەك بىرنېمە ئىچكۈسى، ئارقىدىن ئاللىقايسى چەتئەللىكلەر ئاچقان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى. گەرچە تەلەپلەر كۆپەيگەنسېرى يىگىتنىڭ قولى بىلەن يانچۇقى ئارىلىقىدىكى مۇساپە يىگىرمە بەشىنىڭ چاقىرىمغا سوزۇلۇپ كېتىۋاتسىمۇ، «ئەركەكچىلىك» كە ئېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىداشقا توغرا كېلەتتى.

ــ ۋايىيەي، تازىمۇ ھېرىپ كېتىپتىمەن، ھېلىقىلار تارقىغانمىدۇ؟ تارقىغان بولسا بىزمۇ كېتەيلى، سىز مېنى ياتىقىمغا ئاپىرىپ قويۇڭ، قانداق؟ ئاۋال رىستورانغا بېرىپ قاراپ باقايلى.

تاكسىدا كېتىشتى. رىستوران ئالدىدا تاكسىدىن چۈشۈشىگىلا قىز ئۇنىڭغا پىچىرلاپ:

ــ قاراڭ، ئاۋۇ يەردە يىگىتىم تۇرىدۇ، كۆرۈپ قالسا ئۆلتۈرۈپلاۋېتىدۇ! مەن قېشىغا باراي، سىزنى ھاردۇرۇپ قويدۇم، يەنە كۆرۈشەرمىز، بەي بەي!

ــ دېدى يېقىملىق كۈلۈپ.

ئۇ قىزنىڭ يىگىتى كۆرۈپ قېلىپ جېدەل قىلىشىدىن راستىنلا قورقۇپ كېتىپ مېڭىسى ئىشلىمەي، شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى

خەۋلىتىۋەتكەن قىزنى ئاسانلا قويىۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— ئەشىمدا قىشلاپ نەلەردە يۈرسەن، ئاناڭنى!... ماڭە چاقچاقلان! ھېلى بىكا!... — ئۈياقتىن ئەپسانە تىلىلاش ئاڭلاندى.

ئۈلار كەتتى. ئۇ تەنھا قالدى. شۇنچە ئىلمىيلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان مەدەنىي بىر ئادەمنى قويۇپ، بىر ياۋايىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى، پاسكىنا! ئۇ ئالدى كەيىنگە قارىدى. ئەلەمدىن يىغلىغۇدەك بولۇپ كەتتى. بۇ قانداق بولغىنى؟ ھېلىلا ماختىنىش تۈيغۇسى بىلەن تولۇپ تاشقان كۆڭلى ئەمدى ئىزادىن لەختە- لەختە قان بولدى. ھېلىلا روھى شادلىقنىڭ جىم- جىت كۈيىگە پەۋەس تولغان قەلبى چەكسىز كەتكەن شورلۇق دالىدەك ھوھۇلداپ، ئاچچىق شور تۈپىنى ئۈچۈرغان بوران قۇترىماقتىدى. ئۇ تەسەللى تېپىش كويىدا قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن يارىماس ئامىللارنى ئىزدەشكە ئۇرۇندى. بىراق، ئۇ يارىماس بولسا نېمىشكە يېرىم كۈن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ يۈردۈڭ؟ دېگەن سوئال ئۇنىڭغا دەككە بېرەتتى. ئۇ ھېچبىر باھانە سەۋەپ تاپالمىدى. ھازىر بولسا قاياققا مېڭىشىنى بىلمەيتى. قايانغا بارسىمۇ بەربىر، ھېچيەردىن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئەمەك تاپالمايتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆمۈر بويى بۇ يەردە تۇرۇپ بولمايدۇ- دە! كېتىش كېرەك. بىراق، قاياققا؟ كەتكۈدەك قەيەر بولماقچىدى، ياتاققا كېتىش كېرەك - تە!

ئۇ شۇندىلا يانچۇقىدا بىر تىيىنمۇ پۇل قالمىغانلىقىنى، ئەتتىگەن سېلىپ چىققان ئىككى باغلام پۇلنى تامامەن خەۋلەپ تۈگەتكەنلىكىنى بىلدى. نەچچە ئاي ئاچ - توق يۈرۈپ، ناچار مېھمانخانىلاردا يېتىپ، نەچچە رەت ئېلىشقا ئىنتىلىپ يەنە ۋاز كەچكەن كىيىم - كېچەكلەر، قانچە - قانچە ئۇزۇن مۇساپىلارنى پىيادە يۈرۈپ تېجىگەن پۇللارنى قوشقاندىمۇ ئۇنچىلىك پۇل بولمايتى. ئۇ ئاشۇ جاپالار بەدىلىگە كەلگەن پۇلىنى شۇنچە ئاسان، شۇنچە تايىنى يوق، قىلچە «يورۇقى چىقمايدىغان» ئىش ئۈچۈن بىردەمدىلا يوق قىلىۋەتكەنىدى. ئۆينى ئويلىغىنىدا بۇ ئىش تېخىمۇ ئەلەم قىلاتتى: ئۆيدىكى تىيىنلەپ خەۋلىنىدىغان پۇل، باللارنىڭ ئوماق تىللىرىدا سايراپ كېتىشلىرىگە جاۋابەن بېرىلىدىغان نەچچە ئون تىيىن

پۇل،... ئېست! بۇگۈنكى پۇلغا ئىككى يىل ئوتتۇراھال تۇرمۇش كەچۈرگىلى، نەچچە ئون يىل بالىلارنىڭ پارچە خىراجىتى ئۈچۈن بېرىپ ئۇلارنى خوشال قىلغىلى بولاتتى. بۇنىڭغا بىر يۈرۈش ئۆينىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى پۈتكۈزگىلى بولاتتى. قوشنىلار نان سورىسا ئۆتنە ھىساپلىنىدۇ؛ ئۇ بولسا نەچچە ئون مىڭ نانىنى نا تونۇش بىرىگە بىكارغىلا بېرىۋەتكەنىدى. بۇ پۇلغا كۆپ نوپۇسلۇق دېھقان ئائىلىسىنىڭ بىر يىللىق بۇغداي، قوناق، پاختا، مېۋە- چېۋە ... مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ بولسا مانا شۇ يەتتە- سەككىز ئەمگەك كۈچى بىر يىل ئىشلەپ يارىتىدىغان ئەمگەك مېۋىسىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇۋەتكەن ياكى شامالغا ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى،... شۇنىسى قىزىقكى، بۇ قەرز ئەمەس؛ دەۋا قىلىپ ئالغىلى، تۆلەتكىلى بولمايدۇ. ئوغرىمۇ ئەمەس؛ بىر كۈنلىرى تۇتۇلۇپ قالسا قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ... بۇ ئەلەمنى خەققە ئېيتىپ قوساقنى بوشاتقىلىمۇ بولمايدۇ. ھەركىم شۇنداق دېيىشى مۇمكىن: «يا ساقالغا بېقىپ ئىش تۇتۇش كېرەك، يا بولمىسا ئەركەكچىلىك، چىداش كېرەك!».

زاۋودقا بارىدىغان ۋاقت ئۆتۈپ كەتكەن، ۋاقت بولغاندىمۇ زاكالەت بېرىدىغان پۇل تامام بولغان، بانكىدىن يەنە پۇل ئېلىشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ ئوخشاشلا پۇرسەت ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان باشقا رىقابەتچىلەر «ئوغرىنى قاراقچى سوققان»دەك بۇ تىجارەتنى باپلاپ كېتەتتى. «ۋاي، ئاناڭنى! چوشقىلار!... ھەممىسى شۇ چوشقىلارنىڭ كاساپىتى!...»

ئۇ كىراغا لايىق پۇلى بولمىغاچقا پىيادە كەتتى...

ئەمدى يەنە ئىشنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. ئۆزىگە ئىنتايىن قاتتىق قول بۇ ئادەم يەنە ئۆزىنى قىيناشقا باشلىدى. ھېچكىمگە ئىشەنمىگەچكە ھېچكىم بىلەن دوستلۇق ياكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە بولمىدى. سىرتلاردىن ئىشنى تۈگۈتۈپ كەلگەندە بولسا ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ، «دىۋان»نى ئوقۇيتى ياكى بولمىسا «دىۋان» ئىچىدىكى بىرەر تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ يېڭى

تەھلىلىنى ئوقۇيتى، يېڭى تەپسىرىنى ئوقۇيتى. ئىشقىلىپ ئايلىنىپ نېرىغا كېتەلمەيتى. «دىۋان» ھەققىدىكى بۇنداق يېشىملەر، تەھلىللەر بەك كۆپتۈرمە، زورمۇ زور قالتىس مەنىلەرنىڭ يوشۇرۇن بېرىلگەنلىكى داۋاسى بىلەن ئۇلۇغلۇنۇپ يېزىلىدىغان بولغاچقا ئادەمنى چاپسانلا شېرىن خىيال قۇچىقىغا باشلاپ كېتەتتى. ھەمكەسىپلەر ئاندا- ساندا خەت ياكى تېلىگراممىا يازدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەيتى. بۇ ئىنساپسىز جامائەگە ئۈچ بولسىمۇ لېكىن ئۆزىنىڭ رولى جارى بولۇدىغان مەيدان چىققىنىغا خوش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئەستايىدىل پۈتتۈرۈپ بېرەتتى. مۇشۇ قىسقىغىنە بىرنەچچە دەقىقە ئۇ يەنە ئەتىۋارلىنىشقا نائىل بولۇپ، بەك ئۇسساپ كەتكەن كىشىنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتقاندەك، ئۇنىڭ ئۇستۇنلۈك تۇيغۇسىغا ئاراملىق بېرەتتى. ئەمما ئۇسسىغان كىشى بىر تامچە سۇغا لىۋى تېگىشى بىلەنلا ئۇسسىشى تەخىرسىزلىشىپ، نەپسى تېخىمۇ تاقىلداپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەستلىك تۇيغۇسى خۇددى تىنغان سۇنى قوچۇپ - قوچۇۋەتكەندەك بولاتتى.

بىر كۈنى ئۇنى قوشنا ياتاققا «بىردەم- يېرىم دەم بىللە ئولتۇرۇش»قا تەكلىپ قىلىشتى. ئەسلىدە ئۇ بۇنداق سورۇنلاردا مەسخىرە ئوبېكتى بولۇپ قېلىشتىن تولىمۇ قورقۇدىغان بولغاچقا چىقماسلىق نىيىتىدە بولغانىدى. بىراق، سورۇندا چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن بىر يىگىت ھەم مۇشۇ ئەتراپلاردا ھاماقەتلەرنىڭ پۇلىنى ماراپ يۈرگەن بىرنەچچە قىزنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپ كىرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ شۇنچە تۇمشۇقىغا يىگىنىگە قارىماستىن قىزلارنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمايتى، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى. بۇنداق سورۇندا ھەممىنىڭ دىققىتى موھىم مېھماندا بولاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىجارەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ سېپىدىمۇ ئۇقۇمۇشلۇقلارنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش نىيىتىدە ئۇنى كوزىر بولۇشقا چاقىرغانمىكىن؟

ئۆزئارا تونۇشتۇرۇشتىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، چەتئەلدە ئوقۇپ

كەلــگەن مـﯩھمــان ئۆزىنىــڭ بىــر ساۋاقداشــىنىڭ ئىنىســىكەن. ئــۇ ساۋاقداشــىنىڭ دۆتلـۈكىنى دەرھال يادىغا ئېلىـپ، مېيىقىـدا كۈلـدى. بـۇ ئىنىســى قانچىلىــك نىمكــەن تــاڭ؟ بەلكىــم بۇمــۇ تــايىنلىقتۇ! مانــا شۇنداق نېمىلەر بۇگۈنكى كۈندە چەتئەلدە ئوقۇپ كەلسە!... ئۇنىڭدا مۇشـۇ كەمدە ياش بولۇپ قېلىش ئىستىكى يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك پارتلىدى.

ئـۇ سورۇنغا كىـرمىگەن بولسا پـاراڭمۇ قاملاشماسكەن. بىـر ئـادەمنى گەپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن شـۇنىڭغا يېتە. قوپا سـۆھبەتداش بولغانـدىلا پـاراڭ ئېچكىرىلەپ بارىـدۇ ئەمەسـمۇ، مانـا شـۇ ئىشـقا ئـۇ تـازا ئەسـقاتتى. باشـقىلار بولسـا ئىككـى ئۇقۇمۇشـلۇقنىڭ پارىڭىغـا قـۇلاق سـېلىپلا ئولتـۇردى. ئـۇ ئـۇزۇن يىللاردىــن كېيىـن تـۇنجى قېتىـم ئـۆزىنى كۆرسـۈتۈش پۇرسـىتىگە ئىــگە بولــدى. ئــۇ گەرچە چەتــئەلگە چىقىــپ باقمىغــان بولســىمۇ دۇنيـا جۇغراپىيىســىنى ئوبدان بىلىــدىغان چىقىــپ قالــدى. چۈنكى ئـۇ ئوقۇغـان ئاشـۇ كەم تېپىلىــدىغان كىتـاپلاردا، باغـداتنىڭ، يەمەننىــڭ، يەنە تېخـى رۇم، شــور دەريانىــڭ گەپلىــرى بارىــدى ئەمەســمۇ؟ دۇنيانىــڭ ئومــۇمىي ئەھــۋالى توغرىســىدىمۇ كــۆپ بىلىــدىغان چىقتــى. گەرچە بــۇ «بىلىــم» لىرىنىــڭ ھەممىســىنى جۇغلىســا «بىــر كەتمەنــگە قــاڭ بولمايــدىغان» بولســىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى ياكى باشقا بىـرەر ئىلمـىي ئەمگەكنــى ۋۇجۇدقـا چىقـارغىلى بولمىســىمۇ، «قــۇلاق موللىســى»چە بــۇ بىلىمــلەر ھەر ھالــدا ئۇنىڭغـا چەكســىز ئـابروي ئېلىــپ كەلــدى. ئـۇ ئاشـۇ دۆلەت ھەققىدە بىرىــپ كەلگەنـدەكلا سـۆزلەيتى. بـۇ ھـال چەتئەلـدە ئوقـۇپ كەلــگەن يىگىتنــى قىزىقتــۇردى بولغــاي، ئۇنىــڭ كىملىكىنــى، نــېمە كەســىپ بىــلەن شــۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، قەيەردە ئوقۇغــانلىقىنى ســوراپ قالدى. ئۇ تەنتەنە بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

ـــ ھە، تـوغرا، تـوغرا، ئاكـام كـۆپ تەرىپىڭىزنـى قىلاتتـى،... ـــ دېدى مـﯩھمان، ـــ ئەمدى بۇ يەرلەردە تەمتىلەپ يۈرگىنىڭىز نېمىسى؟

بـۇ گەپ بىــلەن ئــۇنى يىغـا قىســتاپ، ئــۆز ئــۆزىگە ئىــچ ئــاغرىتىش تۇيغۇســـى قوزغۇلــۇپ كەتتــى. ئــۇ يىگىتنىــڭ بــۇ گېپىــدىن قــاتتىق تەســىرلىنىپ، ئــۇنى خېلــى يــاقتۇرۇپ قالــدى. «ئاكىســىغا قارىغانــدا

تۈزۈكرەك ئادەم بوپتۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. مانا، دېمەك، ئۇ شۇنچىلىك نامى بار، خېلى «ئۇمچى» بار ئادەم ئىدى، پەقەت تەقدىر كاژ كەلدى! ئەينى چاغدا ئۇنى مۇئەللىملەر قانداق ماختايتى دېسەڭچۇ! ئۇنىڭ كەلگۈسىنى ئۇلار دۇنيانىڭ يېڭى كەشپىياتلىرى بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشاتتى. مانا، ئەمدى ئۇنىڭ ئەھۋالى! «ۋاي، ئاناڭنى! چوشقىلار! ھەممىسى شۇ...».

ئۇ چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن يىگىتتىن ئوقۇغان كەسپىنى سورىدى:

— ئاتوم فىزىكىسى بويىچە ماگىستىر... — دېگەندەك قىلىۋىدى، گويا ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن موھىم بىر ئەزاسى سۇغۇرۇۋېلىنىپ بىرسىگە بېرىۋېتىلگەندەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى. «نېمە بولۇپ كەتسەڭمۇ ساڭا. ماڭا تەتقىقات ئورۇنلىرى قاراپ تۇرۇپتىمۇ؟ پۇلۇڭ بولسا، يولۇڭ بولسا ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە، بولمىسا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم بولىسەن شۇ!» دەپ ئويلىدى ئۇ قىتىغۇرلۇق بىلەن، شۇنداقلا ئۆزىگىمۇ تەسەللى بېرىش ئۈچۈن.

بۈگۈنكى سورۇندا ئىككىنچى موھىم شەخس بولۇش ئۇنىڭ روھىنى خېلى كۆتەردى. ئەسلىدىغۇ «ئىككىنچى» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا پەقەت توغرا كەلمەيتى، ئەمما نېمە ئامال؟ ھەر هالدا بۇمۇ بولۇدۇ، ھېچكىم كۆزىگە ئىلمەيدىغان ئادەملەردىن بولغانغا قارىغاندا بۇمۇ ياخشى. ئەمما، «تۈنۈگۈنكى دۆتلەر»نىڭ بۈگۈن ماگىستىرلىقتىن گەپ ئۇرۇشى ئاللىنېمىسى ئىگىلىۋېلىنغاندەك بىر خىل روھى يۈك بولۇپ قالدى. بۇ يۈك ئەمدى ئۇنى ئۇزاققىچە قىينايتى.

قىزلارمۇ ئۇنىڭ قالتىسلىقىغا زوقلانغان، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇزىنى تەستە بېسىپ، «ئالىم»لىق پەزىلىتىنى ساقلىدى. بۇنداق قىلىشىدا بىرىنچىدىن ئىشەنچسىزلىك باردى. «بەربىر بۇ قىزلار مېنى ياراتمايدۇ، ئۇلارغا يېقىن كەلدىڭمۇ، بولدى، بىرمۇنچە پۇل بىلىنمەيلا تۈگەيدۇ، نەتىجىدە بولسا ھېچقانداق مۇراد ھاسىل بولمايدۇ. بولغان تەقدىردىمۇ كىچىككىنىلا بىر ئىش بىر مۇنچە قىممەتكە توختايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ قىزلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان يېقىنچىلىقى ناھايىتى قۇرۇق سىپايىگەرچىلىك

بىلەن قىلىنىۋاتقان خۇلقلار بولسا، پۇل خەژلەپ سورۇن ئۇيۇشتۇرغان، يەنە يېڭى- يېڭى نىمەتلەر بىلەن داستىخاننى تولۇقلاپ تۇرۇۋاتقانلارغا تېخىمۇ ئوبدانراق يېقىنچىلىق قىلماقتىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى ھەم مەنىۋى زىيانىنىڭ، ھەم ئىقتىسادىي زىيانىنىڭ ئالدىنى ئالدى. دېمەك ئۇ شۇنى تونۇپ يەتتىكى، مۇشۇنداق سالاھىيەتتە ئوتتۇرىغا چىقىش — يەنى شاللاقلىقتىن، ئارتۇقچە كۆرەڭلىكتىن ساقلىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، چوڭ سۈپەت بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن راسا باپ كېلىدىغاندەك، ئابروي ئېلىپ كېلىدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئويۇن تاماشاغا، قىزلارغا بېرىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ، سالاپەتلىك ھالەتنى ساقلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە ھۆددە قىلالمايتى. ئۈگەنگەن خۇي ـ دە!

ئۇ شۇ ئاخشىمى زىددىيەتلىك ئوي- خىياللاردىن ئۇيقۇسى قېچىپ تازىمۇ قىينالدى. ئۇ گەرچە تامامەن بولدى قىلىۋەتمىگەن بولسىمۇ شۇنىڭغا جەزىم قىلدىكى، ئەيش- ئىشرەت سورۇنلىرىدا ئەمدى نەسۋىسى قالماپتۇ! ئىمكان قەدەر بۇ جەھەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ۋەدە قىلدى. چەتئەلدە ئوقۇغان يىگىت ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا كەتمىدى. گويا ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئورۇنغا شۇ يىگىت چىقىۋالغاندەك بۇ ئىش ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاپ ئارام بەرمىدى. «ھەتتەڭ، ياش چاغلىرىم ئەمدى بولۇپ قالسىچۇ!» بۇ بىمەنە ئوي ئۇنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزمۈشكە، ئاندىن خىيالى ئىشقا ئاشقان كەلگۈسىگە ئۇلىدى...

سەھەر مەھەلدە ئۇ چۈش كۆردى.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ باردى، ئىشىك ئالدىدا نۇرغۇن جامائەت ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ھەممەيلەن ئۇنىڭ بىلەن خۇددى ھەجدىن قايتقان ھاجىلار بىلەن كۆرۈشكەندەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۆيىگە سوڭدۇشۇپ كىرىشتى. ئۈچ قەۋەتلىك، نەقىشلىك پىشايۋانلىق كاتتا ئۆيىنىڭ تال بارىڭى سايە تاشلاپ تۇرغان ھاۋالىق ھويلىسىدا چۆچەكلەردىكى پەرىزاتتەك گۈزەل ئايالى ئۇنى قىزغىن، مۇلايىم تەبەسسۇمى بىلەن قارشى ئالدى. شۇنداق چىرايلىق ئۆسكەن ئوغۇل- قىزلىرى ئۇنى قۇچاغلاپ سۆيدى ۋە ئاپىسى بىلەن ئىككىسىنى خالى قالدۇرۇپ نەگىدۇر غايىپ

بولۇشتى. ئۇ زىلۋا بويلۇق گۈزەل ئايالنى يېنىككىنە كۆتۈرۈۋالدى. ئۇلار ئۈچار گىلەمدە ئولتۇرغاندەك لەرزان كۆتۈرۈلۈپ يوقۇرى قەۋەتتىكى ئۆزلىرىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردە لۆم ـ لۆم چۈشەك ئۇلارنى كۈتەتتى. ئۇ ئايالى بىلەن يېڭى توي قىلغان ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك يومىداقلىشىپ، كۈندۈزدىلا يېقىنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇناتتى. ئايالى بولسا كەچ بولسۇن، سەۋر قىلىڭ دەپ ئەركىلەتتى. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ شوخ ھەرىكەتلىرىدىن تىزىقلىق يوتقان ـ كۆرپە ئۆرۈلۈپ كەتتى. ئۇ قاتتىق چۆچۈگىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. ئويغاندى بىراق، يەنىلا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈش- ئۆڭنى ئىلغا قىلالماي، بايىقى چۆچۈشنىڭ ئەسەبىيلىكى توختىماي، چىشلىرى كاسىلدايتى، پۈتۈن ئەزايىنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى... بالا، بالا... دەپ ئەندىشىلىك پىچىرلايتى.

ئۇ بىر ھەپتە ئاغرىپ ياتتى. دوختۇر ئۇنىڭدا كېسەل بارلىقىنى مۇقىملاشتۇرالمىدى. پەقەت دەم ئېلىشقا بۇيرىدى. ئۇنىڭغا ئۆيدىن ئايرىلغىلىمۇ ئۇزۇن بولغانىدى. جىنسىي ئىستەكمۇ ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى پاراكەندە قىلىشتا خېلى ھەسسە قوشۇپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ يۇرتداشلىرىنىڭ ئۆيگە بېرىپ بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ، ئاندىن كېلىش ھەققىدىكى مەسلىھەتىگە ماقۇل بولدى.

پويېز ۋە ماشىنىدا بۇ ئۇزۇن سەپەرنى تۈگەتكىچە ئۇنىڭغا خىيالدىن باشقا مەشغۇل بولغۇدەك ئىش يوقىدى.

ئۇ كۆڭۈلسىز ئائىلىسىنى سېغىنغانىدى. بىشەم خوتۇنىمۇ خېلى ئوبداندەك، سېغىنغۇدەك يەرلىرى باردەك بىلىنىپ كەتتى. دېمەك، ھەمىشە سەت كۆرۈنۈشۈپ ئولتۇرۇشقىنىدىن پات- پات ئايرىلىش ئارقىلىق سېغىنىچ ھاسىل قىلىش پايدىلىقتەك تۇيۇلدى. ئەمدى ئۇ ئېتىقاد توغرىسىدا چوڭقۇر خىيالغا ـ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تەتقىقات خاراكتىرىدىكى تەپەككۇرغا ئۇرۇن بەردى. ئۇنىڭ ياشلىققا قايتىش ھەققىدىكى بىمەنە ئىستىكى، دۇنيادا دوست- يارەنسىز تەنھا قالغانلىقى قاتارلىقلار ئۇنىڭغا مەلۇم نەرسىگە چىن كۆڭلىدىن

بېرىلىش، مەلۇم ئەقىدىگە باغلىنىپ ياشاش، بۇ ئارقىلىق تەنھالىق، بىچارىلىك، يار- يۆلەكسىز قېلىشتەك يامان قىسمەتتىن قۇتۇلۇش نىيىتى تۇغۇلدى. بۇنىڭدا ئەگەر چىن ئەقىدە بىلەن ئاللاھتىن تىلىسە بەلكىم ياشلىقنى — جۇشقۇن، ئەقلى پارلىغان دەۋرنى قايتا باشتىن كەچۈرۈشكە ئىجازەت بولۇپمۇ قالامدۇ، تېخى!

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ «كەشپىيات»ىدىن بەكمۇ زوقلاندى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇمۇ مۇسۇلماننىڭ پۇشتى بولغاچقا بىرقانچە قىسقا سۈرىلەرنى بىلەتتى. چىن ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇشنى باشلىسا بەلكىم ئۇنىڭ كەلمەيۋاتقان ئىشلىرىدا ئىلگىرىلەش بولۇپ قالار. ئۇنىڭ ئاڭلىشىدا «چىن ئېتىقاد، چىن ئىخلاس ۋە چىن ئەقىدە بىلەن ئاللاھقا سېغىنىپ تىلىگەن تىلەك ئىجابەت بولماي قالمايدىكەن. ئەمما ھە دېگەندىلا زېرىكمەسلىك، بوشاشماسلىق، گۇمان قىلماسلىق كېرەككەن...».

ئۇ ئۆيگە كەلگەندە خوتۇنىنىڭ مۇلايىملىشىپ قالغانلىقىنى سەزدى. بەلكىم ئۇمۇ سېغىنىدىمىكىن؟ يا بولمىسا ئۇنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر نەتىجە بىلەن كەلگەنلىكى ئۇنى مۇلايىملاشتۇرۇپ قويدىمىكىن؟ ئۇلار ئىككى كۈن ئەنە شۇنداق ئىناق، سىپايە كەيپىياتتا ئۆتۈشتى.

ئۇ بېرىپ ئەتىسىلا بامداتقا مەسچىتكە چىقتى. نامازنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئوقۇۋىدى، كۆڭلى ئاللىقانداق روھى ئۈستۈنلۈك ياكى مەنىۋى بايلىق پەۋەس تولغاندەك بولۇپ قالدى. نامازدىن كېيىن جامائەت ئۆزئارا كۆرۈشۈپ، ئامانلىق تىلىشىپ، قىبلىگە قاراپ دۇئا قىلىشتى. بۇ ھال ئۇنىڭغا تولىمۇ تەسىرلىك بىلىنىپ، كۆزىگە ياش كەلگەندەك بولدى. ئۆزىنى كۆپچۈلۈكنىڭ قۇدرەتلىك توپىدا بىر ئەزاغا ئايلانغاندەك، كۆڭلى توق بولۇپ قالدى. ئېزىپ قالغان قوزا زۇلمەتلىك كېچىدە ئېچىنىشلىق مەرەپ، توقايلار، جىرالاردا نىشانسىز چېپىپ يۈرۈپ، ھارغان، ئاچقان، يالغۇزلۇقتىن يىرتقۇچلارغا يەم بولۇشتىن تازا قورققان ۋە كېيىن قوروغا — ئۆزىنىڭ پادىسىغا قايتىپ كەلگەندە قانداق شاتلانسا ئۇمۇ شۇنداق شاتلاندى، سۆيۈندى. بىر خىل ئىشەنچلىك يۆلەنچۈككە ئېرىشكەندەك كۆڭلى توق بولۇپ قالدى.

ئىلگىرى ئۇ دىنىي بىلىملەرنىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆگەنگەن بولۇپ، پارچە- پۇرات سورۇنلاردا پەتىۋا چىقىرىپ، گەپ يورغىلىتىشقا يەتكۈدەك دەسمايىگە ئىگىدى. تەبىئىيكى، ئۇ ئوقۇغان دىۋانلاردا دىنىي مۇراسىملار، دىنىي پىرىنسىپلارغا دائىر ۋاقەلەرمۇ ئۇچرايدىغان بولغاچقا بۇلاردىنمۇ بىرئاز خەۋەردار بولغىنى ئوبدان بولغانىكەن. قانداق ئېسىل كىتاب! بۇ بىرنەچچە كۈن خېلى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئۇ خۇددى مويسىپىت موللىدەك ئايالى ئۈنى ئوبدان كۈتۈپ خىزمىتىدە بولدى. «توۋا مانا مۇنداق بولسا، ۋارقىراپ - جارقىرىمىسا بىر ئوبدان ئايالكەن ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئەمما ئۈنىڭغا ئايان ئىدىكى، بۇ ئۆيدىكى تېنچلىق پەقەت جەڭ ئارىلىقىدىكى جىملىقا ئوخشايتتى.

— تاپتەك دالىيىپ سەت ياتماي، بىر ياققا يۈتۈپ تۈرسىڭىزچۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئايال بىر كۈنى. ئۇ سۈپىدا سوزۇلۇپ دۈم يېتىۋېلىپ، بالىلىرى بىلەن بىرنېمىلەرنى ئوينۇشىۋاتاتتى. پۇتىنىڭ بىرقىسمى پەگاغا چىقىپ تۇراتتى، — پۇتلىرىنى سەت دارداىتىپ يېتىشىنى بۇنىڭ!...

ئۈنىڭغا بۇ گەپ هار كەلدى. بۇ گەرچە ئىلگىرىكىدەك بىھۇدە، بىكاردىن بىكار چالۋاقاشلارغا ئوخشىمايدىغان، تولۇق باھانىگە(پۇتىنى سوزۇپ ياتقانلىقى) ئىگە بولغانىنىڭ ئۈستىگە خېلى سىلغايتىپ ئېيتىلغان بولسىمۇ، بىر نەچچە كۈنلۈك يېقىملىق مۇئامىلىگە ئۈگۈنۈپ قالغان ۋە ئەمدى ياخشى بوپ كەتسەك كېرەك، دەپ ئۈمىدلىنىپ قالغاچمىكىن، كۆتۈلمىگەن زەربىدەك قاتتىق تەگدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزى تەشنا بولغان ئىللىق ۋەزىيەتنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ بېقىش نىيىتىدە:

— زېرىككەن بولساڭ كۆزۈڭدىن يۈتەيمۇ، ئەمىسە؟ — دېدى كۈلۈمسىرەشكە يېقىنراق ئىپادە بىلەن، گويا ئۈنىڭ كېتىشىگە چىدىماي، دەرھال ئەپۇ سوراپ كېتىشىنى كۈتكەندەك تاما بىلەن.

— زېرىكسەم، زېرىكمىسەم تاپتەك يېتىۋەرمەي، بىر ئىشنىڭ پېيىدە بولۇدۇغان گەپ، سانچىمىسا ماڭمايدىغان ئىشەك بولمىغاندىكىن...

قىيا-چىيا باشلاندى. باللارنىڭ ھەممىسى مۆلدۈرلۈشۈپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭمۇ نېرۋىسى زىللىشىپ كەتكەندى. بۇ ھال بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.

— خوپ، — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن، ھەرقېتىمقىدەك بۇ قېتىممۇ جىدەلدە مەغلۇپ بولۇپ. ئۇنىڭ ئۈچۈن جاپا چەكسىمۇ ئەركىن دۇنيا ئەلۋەتتە ياخشىدى، بىراق، باللارنى دەپلا بىر قانچە كۈن ئوشۇق تۇرۇپ قالاتتى- دە، — ئەتىلا يوقىلاي. ۋاي، ئاناڭنى! چوشقىلار... — ئۇ ئاخىرقى سۆزلەرنى پىچىرلاپ ئېيتتى ئەلۋەتتە.

— يوقالسىڭىز يەنە تېپىلىپ قالارسىز، سىزنى ئوغرى ئەكەتمەيتتى!

شۇنداق قىلىپ ئۇ بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇۋېلىپ، كېيىن دەرھال ماشىنا توسقىلى چوڭ يولغا چىقىپ كەتتى...

ئۇ ماشىنىغا چىقىپ سەپەرگە رەسمىي ئاتلانغاندا بولسا ئۆزىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. يۈرىكى ئاللىقانداق جۇشقۇن ئېقىمغا تولدى. ئاپتوبۇستا ھەرخىل ئادەملەر بولاتتى. بەزىلەر كىچىك تۇرۇپلا توختاشلىق، سىپايە بولسا، بەزىلەر بىر باغ بېدىدەك ساقالنى قويۇۋېلىپمۇ ئەپسانە پاراڭلارنى قىلىپ، ئاغزىدىن پاسكىنىچىلىق ئېقىپ تۇرۇدۇغان، «چوڭ بولغىنىنى بىلمەيدىغان»لار ئىدى. دېمەك، ناتونۇش كىشىلەر، ھېچكىم- ھېچكىمنىڭ ئارقىسىدىن سۆز- چۆچەك قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ماشىنىدىن چۈشۈپ ھەركىم ئۆز مەنزىلىگە تاراپ كەتكەندە ئاللىقاچان بىر- بىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان گەپ. بۇ تەرىپى ئۇنىڭغا جاسارەت بەخش ئەتتى. خىجىللىقتا قېلىش ئەندىشىسى، تارتىنىش تۇيغۇسىدىن خالاس بولغاچقا تازا يايرىۋېلىش پۇرسىتى بولدى.

ئۇ دەسلەپ ئۆزىچە مۇڭلۇق ناخشىلارنى غىڭىلدىدى. بارا- بارا ھازىرقى زامانىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن بولغان گۈلدۈر -غالاپ ناخشىلارنى تىڭلاشتىمۇ بوش كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى كېلىپ، ئاۋازىنى قويۇۋەتتى. بۇ ناخشىلارنىڭ ياخش يېرى «تېكست»ى بولۇپ، يادلاش ئاۋارىچىلىقى بولمايتى: بىر ئېغىز سۆزدىن ئىبارەت ئىدى. «قايغۇرما جان...» ياكى «ئوماغىم سەن...» دېگەندەك بىرلا سۆز ئىدى. بۇ

سۆز بولسا باشتىن- ئاخىر تەكرارلىنىۋېرەتتى... ئارقىدىن ئۇ لەتىپە سۆزلەپ ھەمسەپەرلىرىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ھەممە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلدى. تاماقتا توختىغان جايلاردا بىرەر مەرتە باشقىلارنىڭ مېھمان قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۆزىمۇ ئىككى ئوقۇغۇچى قىز ئۈچۈن پۇل تۆلىۋېتىپ، مەرتلىكىنى نامايەن قىلدى. ئۇ قىزلار ئۇنىڭغا خېلى يېقىنچىلىق قىلغاندەك قىلغانىدى، ئۇ ھەرھالدا ئەخمىقانىراق بولسىمۇ ئۈمىدلىك خىياللارغا كېلىپ قالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ ئازادە، تېخىمۇ ئەتىۋارلىق ھېس قىلىپ، مەغرۇرلۇقى، شۆھرەتپەرەستلىك تۇيغۇسى قانائەت تاپتى. ئۇ ئەڭ ئارزۇلايدىغان ياشلىقى قايتىلانغاندەك بولدى.

«دېمەك، ھەمىشە ئۆزەمنى شوخ تۇتسام، ئەركىن پاراڭ قىلىۋەرسەم، قورۇنمىسام ئاملا دۇنيا، جامائەت ماڭا قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ تۇرغانلا گەپكەن...» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ. بۇنىڭ بىلەن خۇددى ھاياتقا مەنا بېرىشتە زورۇر بولغان ئاچقۇچقا، چىگىش، باش ئاغرىقى مەسىلىلەرنى يېشىشتىكى موھىم فورمۇلغا ئېرىشكەندەك قانائەت بىلەن ھجايدى.

ئۇ ئەمدى ئوچۇق خاراكتېرلىق، چىقىشقاق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. تونۇشلارغىمۇ، ناتونۇشلارغىمۇ ئوخشاشلا يۇمۇرلۇق جاۋاپ بېرەتتى. بۇنداق ئوچۇق خاراكتېر ھەممە ئادەمگە ياقىدىغان بولغاچقا، ھە دېگەندىلا ئۇ كىشىلەرگە ياقىدىغان كىشى بولۇپ قالدى. كالللىسى ناھايىتى سەگەك، ھازىر جاۋاپ ئىدى. شۇڭا ھەرقانداق ئادەمنىڭ سۆزىگە جاۋابەن دەرھال بىر قىزىق ئىنكاس تەييارلا تۇراتتى. مانا مۇشۇنداقلا بولۇدۇغان بولسا ئۇنى ھەممە ئادەم ياقتۇرۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ يېقىنلاشقىسى كېلىدىغان بولغاچقا، ئېنىقكى تىجارىتىمۇ قالتىس نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى مۇمكىنىدى.

ئۇ پويىزدىمۇ شۇنداق تېتىك، شوخ خاراكتېرىنى ساقلىدى. تونۇش ياكى ناتونۇش بولسۇن زورۇر تېپىلغانىدا ئۇ ھەركىمدىن ياردىمىنى ئايىمىدى. غەرەزسىز، چىن كۆڭۈلدىن قىلىنغان ياردەم ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئابروي ئېلىپ كەلدى. ياردەم قىلغۇچىلاردا ھەمىشە پەيدا بولىدىغان

قوشتەك يىنىك، كۆڭۈلنىڭ خۇددى ئىشىك- دەرىزىسى بىراقلا ئېچىۋېتىلگەن ئۆيدەك پاللىدە يورۇپ كېتىشى، بىر خىل غالىپلارچە مەغرۇر روھى ھالەت ئۇنى ئۇلۇغۋار تۈسكە كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەۋەس ئىشەنچ، تىجارەتكە، ئويۇن- تاماشىغا، كىشىلىك مۇناسىۋەت — جۈملىدىن قىزلارنى ئۇۋلاشقا- چەكسىز ئىشەنچ ئېتەك يېيىپ تۇراتتى. نىملا قىلماقچى بولسا يولۇپلا قىلالايدىغاندەك بىلىنەتتى.

پويىز تولىمۇ تولىمۇ تەرتىپسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ پۇلنى تېجەش ئۈچۈن ئاددىي ئورۇندۇققا بىلەت ئالغاچقا بۇ يەردىكى مالىمانچىلىق تېخىمۇ ئېغىرىدى. ئۇ يەر، بۇ يەردىن قىيا - چىيالار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

جىدەللىشىۋاتقانلارغا قاراپ ئۇنىڭ مۇشتى قىچىشقىلى تۇردى. ئىلگىرى ئۇ مۇشتلىشىشتىمۇ ھېچكىمدىن يېڭىلمەيتتى، گەرچە كۆپ ئۇرۇشۇپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۆزىدىن ۋىجىكرەكلەر بىلەن بىر- ئىككى قېتىم قىلغان جىدەلدە غەلىبە قىلغىنى ئېسىدە. شۇڭا ئۇ بۇ جەھەتتىمۇ ھېچكىمدىن قالمايدىغاندەك، ئۆزىنى خېلى نوچى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئوقۇغان جەڭنامىلاردا قانداق نوچىلار بولاتتى- ھە! ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تۇتۇشلىرىچۇ! ئەپسۇسكى، ھەممە غالىپلىقلىرى جەھەتتە كېيىنكى مەغلۇبىيەتلىك سىناقلار ئۇنى مۇكچەيتىۋەتكەن بىلەن، سوقۇشۇش جەھەتتە ئۇ بۇنداق سىناققا دۇچ كېلىپ باقمىغانىدى. ئۇ جەھەتتىمۇ «مودىدىن قالغان»مىدۇ؟ ياكى غالىپلىقنى ساقلاپ قالغانمىدۇ؟ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بۇندىن ئىلگىرى بۇنى سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى. چۈنكى ئۇ ئومۇمىي سەپ بويىچە يېمىرىلىۋاتقان مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرى ئۇنىڭ جۈرئىتىنى قويمىغانىدى. مانا بۈگۈن ئۇ ياشلىقتىكى شوخ، جۇشقۇن دەملىرىگە قايتقان پەيتتە بۇ سىناققا جۈرئەت قىلىش مۇمكىن، ئەلۋەتتە!

— سىز چوڭ بولغاندىكىن نەسىھەت قىلىپ، بۇلارنى ئاجرىتىۋەتسىڭىز بولمامدۇ، — دەپ يالۋۇردى بىرى ئۇنىڭغا.

ئۇ سالاپەت بىلەن، ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى.

جىدەللىشىۋاتقانلارنىڭ توپىغا بېرىپ، تەنبىھ بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىدەك بىردەم غەزەپلىك تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— تۇرە، نېرى! — دەپ ۋارقىراپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ خىيالى دۇنياسىدىن ئورۇن ئالغان قەدىمقى زامان نوچىلىرىنىڭ تۇرقىغا تەقلىت قىلىپ  هەم دىققەتنى جەلپ قىلىش، ئۆزىنىڭ چوڭلۇقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىرىنىڭ كارنىيىدىن چۆجىنى سا قاماللىغاندەك تۇتۇپ سىلكىگىنىچە بىر چەتكە ئىتتىرىۋەتتى؛ يەنە بىرىنى كېلىشتۈرۈپ بىر تەستەك سالدى، — هە، سولتەكلەر، مۇشتۇڭ قىچىشقان بولسا ماڭا كېلىشە، خامىرىڭنى بىر ئېزىۋېتەي!

— چوڭ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلايلى، ماقۇل دەڭلا، بولدى قىلىڭلا!

— بولدى قىلىڭلا، چوڭ ئادەم گەپ قىلغاندىكىن...

— جايىڭلاغا ئولتۇرۇۋېلىڭلاچۇ...

...

شۇنداق قىلىپ جىدەل جىممىدە بېسىقىپ قالدى. ئۇ غالىپلىق تۇيغۇسىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، دەرىزىدىن ئۆتۈۋاتقان مەنزىرىلەرگە قارىغاچ ناخشا باشلىدى...

— ۋېي، قېرى هېجىقىز! — دەپ توۋلىدى بىرى، ئۇلار مەنزىلگە بېرىپ ۋوگزالدىن چىقىۋاتقاندا ئارقا تەرەپتىن.

ئۇ چۆچۈپ قاراپ، سەپەر ئۈستىدە تەستەك يەپ، تەنبىھ ئاڭلىغان ياش يىگىتنىڭ هۆرپىيىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى- يۇ، بىراق چاندۇرماي، مۇشۇ سەپەر ئۈستىدە شەكىللەنگەن، مۇشۇ ياشلارنىڭ جىدىلى ئۈستىدە ئەمەلىي ئىپادىلەنگەن سالاپىتى ۋە نوپۇزىنى ساقلىغان هالدا:

— هە، نېمە گەپ؟ ئەدەپسىز! — دېدى، مېڭىشتىن توختاپ.

— ئەدەپ دېگەن مانا مۇنداق! مانا مۇنداق!... — شۇ گەپلەر بىلەنلا ئۇنىڭ باش كۆزىگە مۇش پەشۋا يېغىپلا كەتتى، — مەن تېخى سېنى جىق ئادەملىرى بارمىكىن دەپتىكەنمەن، قارىسام تىغدەك جېنىڭغا شۇنچە يوغانلىق قىپسەنا!...

ئۇ ئۆزىمۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي كالۋالىشىپلا قالغاچقا ئىنكاس قايتۇرغىدەكمۇ بولمىدى. ئارقىدىن نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە يېرىگە قارا- قويۇق دەسسىلىپ، ھېچنېمىنى سەزمەي قالدى. بۇ يەردە ساقچىلارمۇ يوقمىدىكىن، ئاجرىتىدىغانغا ئادەم چىقمىدى. ناتونۇش يەرلىكلەر تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشاتتى. بىر ھازادا ئۇ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى. بېشىنىڭ بىر يېرى ۋە بۇرنىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى، پۇتلىرى ناھايىتى ئېغىر، بىلەكلىرىمۇ كېرەككە كەلمەيلا قالغانىدى. قولىدىكى سومكىسى شۇ پاتپاراقچىلىقتا يوقالغانىدى. ئۇنى ئۇرغان لۈكچەكنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— جىدەل قىلغانلار قايسى؟! — بۇ يەردە ساقچىلار يوق ئەمەسكەن، بىراق ئۇلار كېچىكىپ قالغانىدى.

— بىرسى قېچىپ كەتتى، بىرسى مانا شۇ، — تاماشابىنلار ئۆزلىرى بىلىدىغان يىپ ئۇچىنى ئېيتىپ بەردى.

— شېرىكىڭ قايان قاچتى؟

— ئۇنى تونۇمايمەن، مېنى ئۇرۇۋاتقان ئادەم قانداقمۇ مېنىڭ شېرىكىم بولسۇن؟!

— تونۇشمىساڭ قانداق ئۇرۇشىسەن؟ تونىمىغان ئادەمنى بىكاردىنلا ئۇرغىلى بولامدۇ؟ ماڭ!

— توختاڭلا، مەن چۈشەندۈرەي،...

— ماڭ بىز بىلەن، چۈشەندۈق، بولدى!

— توختاڭلا، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىپ، ئاندىن...

رېزىنكە كالتەك تارس قىلىپلا بەلگە تەككەندە ئۇ يامپىشى چىقىپ كەتكەندەك تولغىنىشىپلا كەتتى.

— ئۇغرىنى قويۇپ توغرىنى تۇتۇش دېگەن شۇ دە! ۋۇ ئاناڭنى! چوشقىلار! ھەممىسى شۇ چوشقىلارنىڭ كاساپىتى! — ئۇ غۇدۇڭشىغىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.

قاراڭغۇ كامېرغا سولاندى. ئۇنىڭ كامېرداشلىرى «تۇرمە يوسۇنى» بويىچە يېڭى كەلداخۇننى «مېھمان» قىلىپ راسا «توپ ئوينىدى».

بىرسى بىر تەپسە ئۇ ياققا قاڭقىپ، ئۇ ياقتىكىسى بىرنى ئۇرسا بۇ ياققا دومىلاپ، ماجالىدىن كەتتى. يەنە بىر «تۇرمە يوسۇنى» ھەربىر يېڭى كەلگۈچى ئاختۇرۇلۇپ، يېنىدا پۇلى بولسا ئوتتۇرىدا بۆلۈشەتتى. بىر ئۆلۈشى پۇل ئىگىسىگە قالدۇرۇلاتتى. «نوچىلار» كۆپرەك ئالاتتى. پۇل ئىگىسىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا ئۇنىڭغا بەزىدە ئېتىبار قىلىنىپ، پۇلىنىڭ كۆپرەكى ئۆزىگە قالدۇرۇلاتتى. بەزىلىرىنىڭ باشتا ئېلىۋېلىنغان پۇلى كېيىن ئۆزئارا چىقىشىپ قېلىش، دوستلىشىشتەك ئالاھىدە ئەھۋاللاردا قايتۇرۇپمۇ بېرىلەتتى. تېخى بەزىلەرنىڭ ئۆزى «نوچىلار»غا ياراپ قالغان، ئەھۋالى ناچارراق بولسا «قۇتقۇزۇش»مۇ بېرىلەتتى. ياخشىكى ئۇ يېنىدىكى پۇللىرىنى تىزىملىتىپ ساقچىلارغا تاپشۇرىۋەتكەنىكەن، بولمىسا بۇ يەردە ئۇنى يالىڭاچلاپ قوياركەن. ھېچ بولمىغاندىمۇ پۇلىنىڭ يېرىمىدىن ئايرىلىپ قالاركەن. ئۇ تۇرمە «يوسۇنلىرى»نى بىلىۋالغىچە ھەركۈنى تاياق يېدى. ھەممىسىنىڭ تەرتىنى تۆكتى، كىم ئىشقا بۇيرىسا شۇنىڭغا خوپ دېدى. بۇ ئىشلار يەنە بىر «يېڭى مېھمان» كىرگىچە داۋاملاشتى. «يېڭى مېھمان»نى ئومۇمخور دۇمبالاشتا ئۇ رەھىمدىللىك قىلغانلىقى سەۋەپلىك يەنە قېتىم رەھىمسىزلەرچە دۇمبالاشقا ئۇچراپ، يېڭى «مېھمان»نىڭ «نېمىتى»نى ئۆزى يېۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ «يوسۇن»نى تولۇق چۈشىنىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. «ھە، دېمەك، رەھىمدىل بولساڭمۇ زىيان تارتىدىغان گەپكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ جەمىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن مودېلى ئىكەن، ئەمما بۇ يەردە ھېچ ئىش پەردىلەنمىگەن ھالدا، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك، تېخىمۇ ئېنىق بولۇدۇكەن».

ئۇ تۇرمىدىكى بىكارچىلىقتا يەنە خىيالغا پېتىپ ياشلىقىنى سېغىنىش تۇيغۇسىدا ئۆتتەك ياندى. ئۇ ئۆزىنى خېلى چاققان مۇشتلىشىمەن دەپ ئويلىغانىكەن، مەلۇم بولىدىكى، بۇ جەھەتتىمۇ چاغلىق ئىكەن. ئۇ ھېچ ئىشتا ھېچكىمدىن يېڭىلىپ باقمىغان تۇرۇپ، ئەمدىلىكتە ھېچ ئىشقا كېرەككە كەلمىگىنىگە ئىچ- ئىچىدىن ئۆكۈنمەكتىدى. ئۇنىڭ خەۋىرى بەلكىم ئۆيىگە يەتكەندۇ، ئۆيدىكىلەر نېمە

دەۋاتىدىكىن؟ يامان خەۋەر بەك تېز يېتىدۇ. ھەممە تېخى شۇنداق ئەپسانە شەكلىدە بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىپادىسىگە ئۇيغۇن ھالدا بەلكىم ئۇنى جالاپلار بىلەن تۇتۇلۇپ قاپتۇمىش دېگەن خەۋەر تارقالغاندۇ. بۇ نەقەدەر سەت ئىش! ئۇ ئىلگىرى بۇنداق ئىشلاردىن ئىزا تارتىپ يۈرمەيتى. بۇنى يىگىتلىكتىكى قازانغان غەلىبىسى ھىساپلاپ، ئاتىقى چىقىشىنى مەلۇم مەنىدە ئارزۇمۇ قىلاتتى. ئۇ تۇنجى قېتىم نومۇس ھىس قىلدى ۋە بۇنىڭدىن ھەيران قالدى.

ئۇنىڭدىن «قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنتىڭ؟ بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالدىڭ؟» دەپ سوراشقا چوللىرى تەككىچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بىھۇدە ئىككى ئاي دوزاق ئازابى تارتقاندىن كېيىن ئاندىن كىمنىڭدۇر يادىغا يېتىپ، بۇ ئىشلار تەرگەۋ قىلىنىپ، ئۇ قويۇپ بېرىلىدىغان بولدى. كىمدۇر ئۇنىڭغا پۈرتىپ، ئۆزىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئۇ بۇنىڭدىن پارا تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى، بىراق نېمە ئامال؟ ئاندىن ئۇنىڭ ياتقان ۋاقتى ئۈچۈن كۈنلىكىگە قانچە پۇل تاماق پۇلى، قانچە پۇل ياتاق پۇلى قاتارلىق چىقىملار ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي ھىساپلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چەتتىن كەپسەن، بوپتۇ، دەپ ئالاھىدە ئېتىبار قىلىپ، بىر ۋاق تاماق يەپ، يۇرتداشلار ياتىدىغان ياتاق بار مەھەللىگە يېتىۋالغۇدەك كىرا ئۈچۈن ئازراق پۇل ئاشۇرۇپ بېرىشتى.

ئۇ خۇددى قۇسۇپ چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز نەرسىدەك كوچىغا چىقىرىۋېتىلدى. ئۇ قاياققا بېرىشى كېرەك؟ ھەقىقەتەنمۇ تەس كۈنگە قالغانىدى.

بار پۇلى ئۆيگە كېتىشكە يەتمەيتى. پەقەت ئۇ شەھەرنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ئىلگىرى يۇرتداشلىرى بىلەن ياتىدىغان مېھمانخانا تەرەپكە بېرىۋالالايتى. ئەگەر ئۆيگىچە كىرا قىلىشقا پۇلى بولغان تەقدىردىمۇ ئۆيگە كېتەلمەيتى، ئەلۋەتتە. ئۇ دەسلەپكى تېرىپ- تۆشەلگەن دەسمايىسىنى، كېيىن ئۆزى تاپقانىنى قوشۇپ، بىراقلا نۆلگە چۈشۈرگەنىدى. بۇ ھالدا ئۆيگە كېتىش — بىر تۈرمىدىن يەنە بىر تۈرمىگە يۆتكىلىش بولاتتى،

خالاس!

دەسمايىسىز نېمە ئىش قىلغىلى بولار؟ ئۇنىڭ ھېچ ئىشقا كۆزى يەتمىدى. نىمكار ئىشلەشچۇ؟ ئۇ بىرەر باي سودىگەر يالىلاپ ئىشلەتسە ئىشلەشكە رازى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ كىبىر قۇرۇلمىلىرى پۈتۈنلەي ئۆرۈلگەن، كۆكۈم- تالقان بولۇپ كەتكەنىدى! ئۇ تاكسىغىمۇ، ئاپتوبۇسقىمۇ ئولتۇرمىدى، نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەستىن شەھەر ئەتراپىدىكى تۆرمە ئالدىدىن قارشى يۆنۈلۈشتىكى شەھەر ئەتراپى رايونىغا پىيادە كەتتى. قورسىقى ئاچ ئىدى. بىراق، ئۇ كۆچىنى قەيەردىن ئالدىكىن ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا گۇرسۇلدەپ قەدەم تاشلايتى. كوچىلاردىكى ئىتنىڭ قۇرۇتىدەك مىغىلدىغان ئادەملەر، ماشىنىلار، شاۋقۇن سۈرەنلەر ئاڭلانمايتى، كۆرۈنمەيتى.

خەيرىيەت، ئۇ ئاخىرى يۇرتداشلىرى ياتقان يەرگە يېتىپ كەلدى. كەلدى- يۇ، بېشى قېيىشقا باشلىدى. مېھمانخانىغا كىرگۈزمەيتى. كىرىش ئۇچۇن بىر مۇنچە پۇلنى رەنگە بېرىپ، ئاندىن بىر كۇنلۇك بىلەت كەستۈرۈش كېرەكىدى. ئۇنىڭدىكى پۇل ھېچنېمىگە يەتمەيتى.

«نېمە بولسا بولار، ئاۋال قورساقنى بىر تويغۇزۇۋالاي، ئاندىن يا تىلەمچىلىك قىلارمەن، يا ئوغۇرلۇق قىلارمەن... ھېلىمۇ بولسا بىرە ۋاخ قوساق تويغۇدەك پۇلنى قولۇمغا قايتۇرۇپتۇ، بولمىسا نېمە دېيەلەيتىم» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى. قالغان ئىشلارنى كېيىن، قوساق تويغاندا ئويلاش قارارىغا كەلدى. دەل شۇ چاغدا كەچلىك تاماققا ماڭغان يۇرتداشلىرى ئۇنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يوقۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن ھەممەيلەن خاۋاتىرلىنىپ يۈرۈشەتتى. شۇڭا ئۇنى كۆرۈپلا ئارقىمۇ - ئارقا تۈۋلاپ كەتتى. ئۇ توختىدى. كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆز قېرىنداشلىرىنى كۆرگەندەك ھاياجاندىن ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ياش مارجانلىرى دومۇلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا بولسا سوئاللار يېغىپلا كەتتى:

— نەلەردە يۈردىڭىز؟

— قامىلىپ قالمىغانسىز؟

— نېمە بولغانغا؟

—بىز ئاڭلىغان ئەپسانىلەر راست بولمىغىيدى؟

— بولدى قىلىڭلار، «بىر ھارغانغا گەپ قىلما، بىر ئاچقانغا» دەپتىكەن، ئاۋال تاماق يەيلى، ئاندىن ياتاققا كىرىپ ئارام ئالغاچ پاراڭلاشامدۇق، — دېدى بىرەيلەن كۆپچۈلۈكنى سوئالدىن توختۇتۇپ.

ئەسلى تەبىئىتىدە رەھىمدىللىك، باغرى يۇمشاقلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇدۇغان خەلق كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىگە يات بەزى ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققان ئادەمنى كۆرگەندە يەنىلا ئۆز تەبىئىتىدىكى ئاشۇ خۇسۇسىيەت رول ئوينايتى. ئۇلار پاجىئەگە يولۇققۇچىنىڭ ھېكايىسىنى تەپسىلىي ئاڭلىدى. ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغان بۇ ئادەمگە ھەممەيلەننىڭ ھېسسىداشلىقى قوزغالدى.

— سىز پۇل تاپقانغىچە ياتاق پۇلىڭىز مەندىن بولسۇن، ئاكا، — دېدى بىرى.

— قالغانلىرىمىز ۋە يەنە باشقا ئۇقمىغانلارغىمۇ ئۇقتۇرۇپ ئازراق دەسمەيە يىغىپ بېرىمىز. ئاندىن سىزمۇ تېلېگرامما يازىدىغان، ئادرىس يازىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ھەق ئېلىڭ. ئوقەتنىڭ چوڭ-كىچىكى يوق، دەپ، بۇمۇ بىر ئوقەت. ئەگەر بىرەسى بىرە داۋاغا تەرجىمانلىق قىلدۇرماقچى بولسىمۇ ھەق ئېلىڭ. كۆپچۈلۈك ئەھۋالغا قاراپ باھا كېسىپ قويىدۇ. كۆڭۈلچەكلىك بىلەن پۇل تاپقىلى بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ھېسسىداشلىقتا ئېرىشتى. تۇرالغۇغا ئېرىشتى. ياشاشنىڭ يولىنىمۇ تاپتى. ئاندىن ئۆيىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۆيدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

ئۇ تېلېگراممىنى بىر ۋاخ تاماقنىڭ پۇلىغا، كېيىنچە ئىككى ۋاخ تاماقنىڭ پۇلىغا، مال تاغارلىرىدىكى ئادرېسلارنىڭ ھەربىرىنى ھەم شۇنچىلىك پۇلغا يازىدىغان بولدى. بۇ باھالار تەدرىجى شەكىللىنىپ، ھەممە ئادەم ئاڭلىق تونۇپ، سودىلىشىپ ئولتۇرمايدىغان ھالەتكە كەلدى. ئۇنىڭ بەختىگە يارىشا بىرنەچچە پۇل دەۋاسىدا ۋاكالەتچىلىك قىلدى. بۇ ھەممىدىن ياخشى ئىش ئىدى. قىممىتىگە قاراپ مەلۇم پىرسەنتى

ئـايرىلاتتى. شـۇڭا بىرقـانچە مـىڭ سـومغىچە بـولاتتى. شـۇنداق قىلىــپ كۆپچۈلۈكنىــڭ يـاردىمى ــ ھەر خىــل ئىشـلارنى باھـانە سـەۋەپ قىلىــپ تۇرۇپ مەبلەخ جۇغلاپ بېرىشى بىـلەن تېـز ئارىـدا ئەسـلىدىكى مەبلىخىنـى تىـرىلدۈرۈۋالدى.

شـۇندىن كېيىنمـۇ شـەكىللەنگەن ئـادەت بـويىچە خىـزمىتىگە يارىشـا ھەق ئېلىــپ بۇنىــڭ بىــلەن كۈنـدىلىك چىقىمنـى قامدىـدى. مەبلىغـى بىــــلەن قىلىنىۋاتقــان تىجــارەت پايدىســـى بولســـا دىرىغـــا قوشـــۇلۇپ، دەسمايىســـى كۈنســـېرى كۆپىيىـــپ بارماقتىـــدى. گەرچە ئـــاز پۇلنىـــڭ كۆپەيمىكى بەك ئاستا بولۇدىغان بولسـىمۇ، تىيىنلەپ، سوملاپ قوشـۇلۇپ تۇرۇۋاتـاتتى. شـۇندىمۇ ئـۇ جاپـالىق تۇرمـۇش كەچۈرۈشـنى داۋاملاشـتۇردى. بەزىدە ھەتتا ئانچە بىتاقەت بولـۇپ كەتمىـگەن ئەھۋالـدا بىـرە ۋاخ تامـاقنىمۇ قىســقارتتى. ئـۇ ئـورنى كەلمىــگەن يەردە مەرتلىــك قىلغىنــى، پايدىســىز، ئالاقىســىز ئـادەملەرگە ئىلتىپـات كۆرسـۈتۈپ، ئـۆزىنى ئوخشـاتقىنى بىـلەن، ئۆزىگە شۇنداق قاتتىق ئىدى.

ئـۇ تىجـارەتچىلەر ئـۈگەتكەن: پـۇل ئىشــدا يـۈز قىلماسـلىق، كۆڭـۈل ئايىماسلىق، ھىسـاپتا قىلىنـى قىرىققـا يېـرىش پىرىنسـىپلىرىنى قـالتىس تەدبىق قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭغا پۇلنىڭ قەدرى بەكمۇ ئۆتۈلگەنىدى.

ئـــۇ بىـــر يىـــل «دۈم يېتىـــپ، دۈم قـــوپتى». بۇنىـــڭ نەتىجىســـى دەسمايىسىنى بىر قاتلىنىۋېلىش بولدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە بىـر تۈگـۈنچەك پـۇلى خىيلـى ئـاۋۇپ قالـدى. ئەمـدى ئـۇ سـېغىنغان بالىلىرىنىـڭ ئالـدىغا كەتسـىمۇ بـولاتتى. دوزاقنىــڭ بــاش نازارەتچىســىدەك خوتۇنىمـۇ ئۇنىڭغـا سـۆيۈملۈك تۇيۇلۇشـقا باشـلىغانىدى. شـۇ مەزگىلـدىلا كەتـكەن بولسـىمۇ بولغـان، بىـراق، ھەسسـىلەنگەن دەسـمايىنى شـۇ پېتـى ئـۆيگە يەتكـۈزۈش ئۈچـۈن، كىـرا ھەم سـوغا سـالاملارغا ئاتـاپ ئـايرىم ئـازراق پـۇل تاپمـاقچى، ئانـــدىن كەتمەكچـــى بولغانـــدى. پىشـــكەل ئەنە شـــۇ تويمـــاس نەپـــس خاھىشىدىن كېلىپ چىقتى.

ئۇ بىرسى تەكلىـپ قىلغـان دەۋا ئىشـىغا بەش مىـڭ سـوم پـۇل تەلەپ قىلدى. دەۋاگەر ئۇ تۈرمىدىن چىققان چاغدا «مۇراجەتنـامە» ئېلان قىلىـپ

ئۈنىڭغا ئىئانە توپلاپ بەرگەن، ئەڭ كۆپ ھىسسىداشلىق قىلغۇچىلاردىن بىرسىدى. ئۈنىڭ پۇلغا بولغان ئامراقلىقى، ئۆگىنىۋالغان «پىرىنسىپلار»نى چەكتىن ئاشقان دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرىۋېلىشى سەۋەپلىك، ئۆزگە ياخشىلىق قىلغۇچىغىمۇ تەپ تارتماستىن مۇشۇنداق باھانى ئىپتىقاندا قارشى تەرەپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى. ياخشىلىق قىلغۇچى ئۇنى دەسمايىلىك قىلىشتا توغرىدىن توغرا بەرمەستىن ئۇنىڭ بىرەر خىزمىتىنى باھانە سەۋەپ قىلىپ، ئاشۇرۇپراق ھەق بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغانىدى. شۇڭا ئۇ: «مېنى يۆلىگۈچى بولغانىدىكىن بۇ ئىشقا باھانىداپ يەنە بېرىدۇ، مەن ھېلىلا بايۋەچچىلىك قىلىپ كەتسەم ئۇ مېنى پۇل تېپىشنىڭ يولىنى تېخىچە ئۆگەنمەپسەن دەپ ئەيىپلەپ كەتمىسۇن» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇ چۈشەنمىگەنكى، ھىسسىداشلىق، مەرتلىك،... قاتارلىق ئىنسان تۇيغۇسى زامان ۋە ماكانغا باغلىق بولۇپ، بىر مەرت كىشى ھەمىشە، ھەممە يەردە مەرت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بەزىدە ئۇ «بىر تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتىدىغان» خۇسۇسىيەت كۆرسۈتۈشى مۇمكىن؛ ئادەم بەزىدە خېلى ئېغىر گەپلەرگە پىسەنت قىلمايدۇ، بەزىدە بولسا «قىلدىن قىيىق كەتسە» دەرغەزەپ بولۇدۇ... ھەممىدىن ئەقەللىي ساۋات شۇكى، پۇل ھامان تاتلىق نەرسە! بېرىۋەرگىلى «ئاپپاق غوجىنىڭ ئۆمچى» ئەمەس!

— ھۇ دىۋانە، ئەبگا! — دەپ تىللىدى ئۇ ئاقباشلىق يۇرتدىشىنى ئاياپ ئولتۇرماستىن، — سېنى ئادەم دەپ ياخشىلىق قىلسام، ئەمدى ماڭا مۇشۇنداق جاۋاپ قايتۇرۇۋاتامسەن!؟ — ئۇ ئاغزىنى شۇنداق قويىۋەتتىكى، ئەڭ ئەقەللىي ئەيپلەرمۇ قالماي ئېچىۋېتىلدى، — گېلىڭغا يېيىشكىمۇ چىدىمايدىغان پەس پىخسىق! ئىككى قۇر خەتكە پۇل ئالغىنىڭ تىلىگەندىن نىمە پەرقى؟ سەندەك يۇغۇچلۇق قىلىپ پۇل تاپقاندىن ئۆلگەن ياخشى!...

بۇ گەپلەر ئۇنى «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق» ۋەزىيەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ئەمدى ئۇ بۇ يەردىن كەتمىسە خەققە قارىغۇچىلىكىنى قويمىغانىدى. ئۇ يەنىلا «جاھاننىڭ رەپتارى»نى بىلمىگەچكە «چاچچاق

قىلىپ دەپ قويدۇم، ئۇكا، سىنىڭ ئىشىڭ ئۆزەمنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ» دېگەندەك بىر ئېغىز گەپ بىلەن ۋەزىيەتنى باشتىلا ئوڭشىۋالالمىغاچقا، گەپ كۆپىيىپ، ھاقارەتلەر ئېغىرلاپ، ھېچكىمگە چېكىنگۇدەك زېمىن قالمىغانىدى. ئۇ كېتىشى كېرەكىدى. «بۇ شە ھارام» دەپلا كېتىشى، ئەمدى ئاشۇ رەسۋاچىلىقتا شاھىد بولغان ئادەملەرنىڭ بىرەرىگىمۇ ئۇچرىشىپ قالماسلىقى كېرەكىدى.

بىر مەھەل تىجارەت قىزغىنلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنتۇلغان روھى يۈكلەر، بېشىدىكى دائىمىي قويۇق تۇمانغا ئوخشاش خامۇشلۇق يەنە كېلىپ باستى. باسقاندىمۇ ئىلگىرىكىدىن ئېغىرراق بولۇپ باستى. ھاقارەتلىك سەرگۈزەشت يۈرىكىنى تاتىلايتى. بۇ ھال خىيالىدىكى ياشلىقى بىلەن ــ غالىپ ياش چاغلىرى بىلەن تېخىمۇ روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى يىمەكتىدى.

ئىلگىرى يۈرەكنى يەيدىغان روھى يۈكنى ئۆيدىن يۈكلەپ چىقاتتى، تالاغا تاشلىنىپلا يېنىكلەيتى. ئەمدى تالادىنمۇ يۈكلىۋالدى. مۇشۇ يۈك بىلەن تېخىمۇ چوڭ «يۈك ئىسكىلاتى»غا بارسا ئۇ پۈتۈنلەي مىجىلىپ قالماسمۇ؟

نىملا دېگەن بىلەن كەتمەي ئىلاج يوقىدى. ئۇ كەتتى. ئېغىر يۈك يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇراتتى. تاپقان پۇلنى بېلىگە تۈگۈپ كەتتى. بۇ پۇل ئابرويىغا، نومۇسىغا، شان- شەرەپ تۇيغۇسىنىڭ چەيلىنىپ كېتىشى بەدىلىگە كەلگەن پۇل ئىدى. بۇمۇ بىر خىل كۆتەرگۈسىز يۈك ئىدى. ئۇ يەنە خامۇش، ھەردەمخىيال، چالا ساراڭ ھالەتكە كېلىپ قالدى. ئۇ كېتىپ باراتتى. ئۇ مەنزىلگە ياكى بۇ مەنزىلگە بارسۇن ھەممە يەردە ئۇنى خاپىلىق كۈتۈپ تۇراتتى. پويېزنىڭ تاسقىشى بىلەن قىسقا- قىسقا ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇيقۇسىمۇ، خىيالىمۇ، چۈشىمۇ بىر خىل سەھەر تۇمانىدەك بىر- بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن ئېنىقسىزلىق ئىدى. ئۇ كېتىۋاتاتتى، زۇۋان سۈرمەيتى. سۆھبەتدىشىمۇ يوق ئىدى. بولسىمۇ دېيىشكۈدەك نېمە گەپ بولسۇن؟ ئۇنىڭ كاللىسى سۆھبەتكە لايىق ئىشلىمەيتى... ئۇ بۇندىن كېيىنكى ھاياتىنى نېمە مەشغۇلات بىلەن ئۆتكۈزۈش

كېرەكلىكى توغرىسىدا كونكرېت پىلان تۈزمەكچى، ھايات يوللىرى ئۈستىدە چوڭقۇرراق ئىزدەنمەكچى بولاتتى. بىراق، خىيالىنىڭ بىرىنچى قەدىمى شۇنداق باشلىناتتىيۇ، ئىككىنچىسىدىن باشلاپلا قېيىپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدىن تاشقىرى بىر ياقلارغا ئات سېلىپ كېتەتتى. خېلى ئۇزاق ئۆتكەندە ئاندىن خىيالىنىڭ قېيىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، سىستېمىلىقراق بىر نەرسە ئويلاش ئۈچۈن باشقا قايتىپ كېلەتتى. ھاياتتا ئادەملەر يۈزى قېلىنلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئاشۇنچىلىك ئاھانەتنى كۆڭلىگە ئېلىۋالمىسىمۇ بولاتتى. بىراق، كىچىككىدىنلا شەكىللەنگەن كۈچلۈك شان- شەرەپ تۇيغۇسى تېخى تامامەن ئۆچۈپ كەتمىگەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا بۇ ئاھانەت ئۇنى باشقا ئاھانەتلەرنىمۇ ئويلاشقا — جىمى سەپلەردە مەغلۇپ بولۇشتەك شەرمەندىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئۇلانما تەسەۋۋۇر» بىلەن بىر بىرىگە چېتىپ، ئۆزىگە ھەم تەقدىرگە «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇشقا مەجبۇرلايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنداق رىياللىق ياتاتتىكى، ئۇ ناخشىچى بولالمىدى؛ ئۇسۇلچىمۇ بولالمىدى؛ سودىگەرمۇ بولالمىدى؛ تەقۋادار مۇسۇلمانمۇ بولالمىدى. ئاياللار خۇسۇسىدىكى ئېپىنى كەسىپ ياكى سۈپەت دېگىلى بولمايتتى. ئۇ ھېچنېمىگە يارىماس بىر تىرىك مۇردا ئىدى! بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ ئۇنىڭ روھىنى ئېزىپ تاشلايتتى. بۇ كۆتەرگۈسىز مەنىۋى يۈك ئۇنىڭ بۇ خىل «قاتتىق - قۇرۇقتا كۆنمىگەن» مېڭىسىگە ناتونۇش ھەم مىسلىسىز ئېغىر كېلەتتى. بىر مەھەل ئېتىقادتىن يۆلەنچۈك تاپقاندەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ بىراق سەپەر ئۈستىدە ناماز ئوقۇيالمىدى. بەلكىم بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئېتىقادقا بولغان ساداقەتسىزلىكىنىڭ جازاسىمىكىن؟ بۇنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇۋا -ئىستىغپار ئېيتىپ، بىلىدىغان سۈرىلىرىنى پىچىرلاپ ئوقۇدى. ئاندىن «سۇبھاناللاھ»، «ئەلھەمدۇلىللاھ»، «ئاللاھۇئەكبەر»نى ئوتتۇز ئۈچ قېتىمدىن ئېيتىپ كۆڭلىگە تەسكىن بەردى. شۇندىلا ئۇ بىر ئاز يېنىكلەپ قالغاندەك ئويقۇغا كەتتى...

ئويغانغاندا غەمكىنلىكى سەل كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانىدى، بۇ هال ئۇنى خېلى خوشال قىلىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇخلاش ئالدىدا ئاللاهنى ياد ئەتكەنلىكىدىن دەپ بىلدى ۋە چىن ئىخلاسى بىلەن: «مەن بىچارىنىڭ ئاللاهتىن باشقا هېچنېمەم يوقكەن» دەپ پىچىرلىدى. مەنزىل يېقىنلاشقانىدى.

ئۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ كەيپىيات ئىچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئايالى خېلى ياخشى قارشى ئالغان بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىنى ئوڭايسىز هىس قىلدى. ئۇ ئەزەلدىن «قەيەرگە بارسا شۇ يەرنى سىپىستىدىغان» ئېتى شورلۇق ئادەم بولغاچقا ئايالى ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ تۈرمىگە كىرگەن ئىشىنى پاھىشىۋازلىقتىن بولغان دەپ ئۇققان بولۇشىمۇ ئېهتىمال ئىدى. ئۇ تېپىپ كەلگەن پۇل بولسا «دىۋانىدەك تىلەپ تاپقان» پۇل، بۇنى بەلكىم پۈتۈن يۇرت ئۇققۇپ كەتسە كېرەك. مانا بۇلار ئۇنى يەنە هەممىدىن خۇدۇكسىرەيدىغان، هەممىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇدۇغان، ئۆز ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تامامەن يىمىرىلگەن ناچار كەيپىياتقا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئايالى ئۇنى تەرگەۋ قىلىپ چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىغۇ، بىردەملىك ئۆرە-تۆپە بولۇشتىن كېيىن يىنىكلەپ قالاتتى. بىراق، ئايال ئۇنىڭ پۈتكۈل سەپىرى توغرىسىدا هېچنەرسە سورىمىدى. پەقەت:

— باللارنىڭ رىسقىغا چۈشلۈق ئازراق نەتىجە بادۇ؟ — دەپلا سورىدى.

بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇ مالىيەسىنىڭ ئاخىرقى گىراپىسىدىكى رەقەمنى مەلۇم قىلدى. بۇ رەقەم ئايالنىڭ خاپىغان تەلەتىنى بىر سىكونتتا سەل-پەل ئۆزگەرتتى-يۇ، مەيىن سالقىندەك ئىتتىكلا ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ شەهۋانى ئوت بىلەن يانغان كۆزلىرىدىن ۋە ئېهتىيات بىلەن سۆركىلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. ئۆيدە باللار يوق ئىدى، بۇنداق خالىيلىق، بولۇپمۇ بىر يىلغا سوزۇلغان جۇدالىق هەر ئىككىسىگە بۇنداق هوقۇقنى بېرەتتى. ئۇ بولسا تۇغما خوتۇنپەرەست بولغاچقا گەرچە ياش بولمىسىمۇ، كەچكە تاقىتى يەتمەيدىغانلىقىنى

نامايان قىلماقتىدى.

ئايال دەسلەپ ئۇنى مۇنداقلا ئەركىلەشلەر ۋە ئەركىلىتىشلەر بىلەن بولدى قىلارمىكىن دەپ ئويلىغانىدى، بىراق ئۇنىڭ جىددىلىشىپ پۈشۈلداشلىرىدىن تەلپىنىشىنىڭ يوقۇرىلىقىنى پەملەپ، تىپچەكلەشكە باشلىدى. ئەمما ئۇنى قورقۇتىدىغان ياۋايى ئەلپاز بىلەن يۇلقۇنماستىن، ئادەتتىكىچە، ئامراقلىق ئارىلاش قارشىلىق قىلدى.

— ھاي، سەت تۇرىدۇ... كۇپ- كۈندۈزدە نېمە قىلىق بۇ؟ بولدى سەتلەشمەڭ!...

ئۇ ئېرىگە ھاي بەرگەچ چېكىنىپ بۇلۇڭ تەرەپكە، ئۇستىلەپ تىزىلغان يوتقان- كۆرپىلەرگە بېرىپ تاقالدى ۋە سا قوغلىغان چۆجىدەكلا چاڭگالغا چۈشتى...

ھەپىلىشىشلەر نەتىجىسىدە يوتقان- كۆرپىلەر ئىككىسىنىڭ ئۇستىگە ئۆرۈلۈپ چۈشتى...

شۇ دەسلەپكى بىر دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭ ئەڭ كونا خاتىرىلىرى، گويا ئەسىر ئاتلاپ كەتكەندەك ئۇزاق ئۆتمۇشتە قالغان خاتىرىلىرى، شۇنداقلا شۇ مەزمۇندىكى چۈشلىرى بىراقلا چوخچۇلۇنۇپ كەتكەندەك بولدى. بۇ خۇددى تىنىپ سۇزۇلگەن سۇنىڭ ئاستىنى قوچۇۋەتكەندەك ئىش بولدى. بۇ غەلىتە زەربىنى ئۇنىڭ مېڭىسى كۆتۈرەلمىدى. ئالدىقاندا پەردە — قورقۇنۇچلۇق تىلسىمات بىلەن نورمال ھايات ئارىسىغا تارتىلغان پەردە يىرتىلىپ كېتىپ، ئۇ تەرەپتىكى كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان مەخپىيەتنى، قورقۇنۇچلۇق كۆرۈنۈشنى، نېرۋىنى ئەڭ شىددەتلىك زەرب بىلەن غىدىقلايدىغان ئاللىنېمىنى كۆرۈپ قالغاندەك ئىش بولدى. ئۇ قورقۇپ كەتتى؛ ئۇ چۆچۈپ كەتتى؛ ئۇ قاتتىق غىدىقلىنىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي چەكچىيىپ قالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى جالاقلاپ سىلكىنىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ قەيەردە، نېمە ئىش ئۇستىدە ئىكەنلىكى، يېڭىلا سەپەردىن كەلگەنلىكى، ئائىلە، بالىلار، تىجارەت... ۋە باشقىلار ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى ياخشى سۇپەتلىك پارشۇكتا يۇيۇۋېتىلگەندەك يۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەمدى باشقا بىر دۇنياغا

مەنسۇپ بولۇپ قالغانىدى...

بۆلارنىڭ ھەممىسى بىر نەچچە دەقىقە ئىچىدە بولۇپ ئۆتتى.

— بالا، بۆشۈكتىكى بالا يېسىلىپ قالدى! — ئۇ تېزدىن تىپچەكلەپ يوتقان- كۆرپە دۆۋىسىنى ئۇستىدىن ئېلىپ تاشلاپ، توپا ئاستىدىن مىتىلداپ چىققان قۇرۇتتەك بوشلۇقتا چىقتى ھەم داۋاملىق يوتقان- كۆرپىلەرنى ئۇياق- بۇياققا تاشلاپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرايتى، — بالا قېنى؟ بۆشۈكتىكى بالا!؟

— ھوي، نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ نېمە بۆشۈك؟ نېمە بالا ئۇ؟ نېمە بولدىڭىز؟... — ئايال دەسلەپ ھەممىدىن گۇمانلانغۇچى، ھېچكىم ۋە ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدىغان غەلىتىلىكى بىلەن ئېرىنى نېمە ئويۇن ئويناۋاتىدىكىن دېگەندەك غەزەپتە تىكىلىپ قاراپ تۇردى، ئۇنىڭچە ئېرى تۇتتۇلۇپ قېلىپ تۇرمىگە چۈشۈپ قالغان ئەيىبىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىرەر ھىلە قىلىۋاتقاندەك ئىدى؛ كېيىن ئېرىنىڭ گەپ- سۆزلىرى ھېچ ئويۇنغا ئوخشىمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، يىغلامسىراپ تۇرۇپ، ئۇنى سىلكىتىشكە، ئۇنى ئېسىگە كەلتۈرۈشكە، ئاشۇ غايىبانە دۇنياسىدىن مۇشۇ رىيال دۇنياغا، غەم قايغۇغا تولغان دۇنياغا، ئۇنىڭ ئۈچۈن خورلۇق ۋە ھاقارەتكە ئايلانغان دۇنياغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولۇپ ھە دەپ جالداقلىتىشقا باشلىدى. بۇ تېتىقسىز ئەر، ھېچنېمىگە يارىمايدىغان ئەر، بىر ئائىلىنى بەختلىك قىلىشقا يارىمىغان ئەر ئەمدىلىكتە «ئۆلگەندە رەھمەتلىك» دېگەندەك قىممەتلىك بىلىنمەكتىدى.

ئۇ بولسا ئەمدى بىر قىسمىلا ھېچىيىپ ئايالىغا مەستانە يىگىتلەردەك قارايتى. ئۇنىڭ چىراي- تۇرقى، كۆزلىرىدە يالىلداپ تۇرغان ئوتتىن يىگىتلىكنىڭ ئەنگىزى كېلەتتى. ئايالى بولسا ئاغزىنى سىڭا ئاچقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ داڭ قېتىپ قالغانىدى.

— قېرىلىقىڭغا باقماي ھالىڭنى، سېنىڭ! — دېدى ئۇ ئايالىغا نەپرەتلىك ئالىيىپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، تۇرۇڭ، بالىلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، ئېگىنىڭىزنى كىيىۋېلىڭ، سەت تۇرىدۇ...

— باللار؟ نېمە باللار؟ ماڭا نېمە؟ ئۆزەم بالا مەن! ئانىجان، ئەمدى مەن بازاردا قاڭقىپ كېلەي، ياپ-ياش يىگىتنىڭ ئۆيدە سولۇنۇپ ئولتۇرۇشى قانداق گەپ؟ — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا ماڭدى.

ئايالىغا ئۇنىڭ ھېچبىر ھەرىكىتى نورمال كۆرۈنمىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپلا قالغانىدى. ئەر بولسا چىقىپ كەتتى.

ئۇ شۇ پېتى قايتىپ كەلمىدى. نەچچە ئون يىل كۆڭلى ئۆسمەي، دوزاقتا تۇرغاندەك تۇرغان بۇ ئائىلىگە قايتقۇسى كەلمىدىمىكىن؟ ياكى ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن؟ ئىشقىلىپ ئانچە ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بازاردا چىرايلىق قىزلارنى قوغلاپ يۈرىدىغانلىقى، بىرلىرى بىلەن چېلىشىپ باقماقچى بولسا، بىرلىرى بىلەن مۇشتلۇشۇپ باقماقچى بولۇدۇغانلىقى، كەپسىز باللاردەك ماشىنىلارنىڭ كەينىگە ئېسىلىپ، پالاقلاپ يىقىلىپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەردىن ئايالنىڭ بېشى قايدى. چوڭ باللىرىنى يېتىلەپ سابىق ئائىلە باشلىقىنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىشتى.

ئۇ خوتۇن-باللىرىنىڭ ئۆيگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان تەكلىپىگە ھەيران بولۇپ چەكچىيىپ قارىدى ۋە رەت قىلدى. ئايالنى قەتئىي تونۇمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەسەم ئىچتى، غەزەپ بىلەن ھۆرپىيىپ گەپ قىلىشىنىمۇ يول قويمىدى. ئەمما باللىرىغا ئىللىق مۇئامىلە قىلدى. بىللە ئويناشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆزىنىڭ قايسىدۇر بىر ئەسكى تاملىقتا ئاجايىپ ئويۇنچۇقلىرى بارلىقى بىلەن ماختاندى ۋە ئەگەر خاھلىسا پەقەت ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دوستلۇق ئىزھار قىلدى. ئەمما ئۇلار جاۋابەن ئېچىنىشلىق يىغلىشىپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ھاياتىدا مەنا قالمىغان، ياشاشتا ئاساسلىنىدىغان ھېچبىر تۈۋرىكى يوقىدى. گەرچە ئېتىقادنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ خۇدانى ئالدىغان، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئالدىغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭدىكى ئېتىقادمۇ باشقا ئىشلىرىغا ئوخشاش ساختا، چىن ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلمىغاچقا خۇدامۇ ئۇنى تاشلىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ دۇنيادا ئىگىسىز ئىتقىلا

ئوخشاپ قالغانىدى. ئۆيدىمۇ، تالادىمۇ قەدرى تۆكۈلگەن، ھەممە ئادەم سەتلەيدىغان، قولى قىچىشقانلىكى ئادەملەر دۇمبالاپ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدىغان ۋە ئالالىقەيەردە پەيدا بولغان ئاچچىقىنى ئۇنىڭدىن چىقىرىۋالىدىغان بولغانىدى. بۈگۈنكى دۇنيادا ياشاشقا سالاھىيىتى توشمايدىغان بۇ ئىنسان ئەمدى ئۆزىگە يارىشا غەلىتە بىر دۇنيانى تاپقانىدى. ئۇ ئەمدى نېمىگىدۇر خوشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. نېمىدىنىدۇر سۆيۈنەتتى. نېمىگىدۇر قايناپ كېتەتتى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە نېمىگە ئەرزىمەن دەپ ئويلاپ كۆرمەستىن ئۆزىچە ماختىنىپ ۋە بۇ ماختىنىشلىرىغا ئۆتكەن كەچمىشلىرى ئىچىدىن شەرەپلىك پاكىتلارنىمۇ تېپىپ ئۈلگۈرەتتى. ئوقۇغان جەڭنامىلىرى، مەسنەۋىلىرى، مەسەللىرى،... بىلەن «خەقنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى». ئاللىقانداق تۇرمۇش پاراغەتلىرى ئۈچۈن كۆيۈپ- پىشىپ پالاقشىيتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان كۈلكىلىك بىر نېمە ئىدى...

ئۇنىڭ ئۆز ئۆزىنى كونترول قىلغۇدەكمۇ ئەقلى ھوشى بولمىغاچقا، ئايالىنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ باشقا ئەرگە تېگىش نىيىتىگە كەلدى. بۇنداقتا ئەمدى ئۇنىڭ ئائىلىسى — ئاتا- بوۋىسىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆيىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتاتتى. خوتۇنى يېڭى ئېرى بىلەن ئۇنىڭ ئەجداتلىرىدىن كېلىۋاتقان ئۇۋۇسىغا تامامەن ئىگە بولاتتى، ئۇ بولسا بۇنداق ئىگىدارچىلىقتىن تامامەن مەھرۇم بولۇپ، ئۈزۈل - كېسىل سەرگەردانغا، تولۇق مەنىسى بىلەن ماكانسىزغا ئايلىناتتى. بالىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن نومۇسى كېلىدىغان ھالغا كېلىپ، ئۇنىڭ فامىلىسىنى ئىشلەتمەسلىكىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. بۇ كېيىنكى — ئەمما قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىغىلا كېلىپ قالغان بالا -قازا ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمايتى. بۇنى ئويلىغۇچىلىكىمۇ يوقىدى.

ئۇ ياشلىققا قايتقانىدى. قىزلار بىلەن قوغلۇشۇپ، «ياشلىقتىكى بەڭۋاشلىق»لار بىلەن خوشال ھالدا ۋاقتىنى چاغ ئۆتكۈزەتتى.

ئـائـلـه... ئۇنـىـڭ ئـائـىـلـىسـى نـېمـه بولـۇپ كېـتـەر؟... بـالـىـلار... ئۇنـىـڭ بالـىـلـىرى ــ كېيىنكى ئەۋلادى... ؟
ئېسـىـت، شور پـېشانـىـلـىكـنـى بـىـلـمەس بولۇپ قالغان شور پـېشانه!

1996 ـ يىل، 15 ـ يانۋار، ئاتۇش.

Title: Sigh
Author: Sadayi
Catigory: Noveletes
Subject: About Uyghur Soul
Language: Uyghur
Publisher: East Turkistan Freedom Press
Date: 2015
URL: www.eynek.biz
Contact: webmaster@eynek.biz